
قەھرىمان تۆمۈر تەۋەككۈل

# تەقدىر-قىسمەت



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



قەھرىمان تۆمۈر تەۋەككۈل

# تەقدىر قىسمەت

(رومان)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خېلىل مۇھەممەت
مەسئۇل كورروكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

# تەقدىر ـ قىسمەت

(رومان)

ئاپتورى: قەھرىمان تۆمۈر تەۋەككۈل

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى666 №، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880 mm × 1230 mm ، 1/32 ، باسما تاۋىقى:14.75
2015 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2015 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

ISBN 978 – 7 – 5631– 2826 – 6
باھاسى: 55.00 يۈەن

NIEDERSÄCHS



قەھرىمان تۆمۈر تۆۋەككۈل



ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

# ئاپتور ھەققىدە

قەھرىمان تۆمۈر تەۋەككۇل 1972 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيە ئارال يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغاندىن كېيىن، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىدا ئوقۇغان. 1990 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، ھازىرغا قەدەر ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيە چاغراق يېزىسى، ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى، كۇچا ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى، كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان. ھازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

قەھرىمان تۆمۈرنىڭ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا «دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى رولى توغرىسىدا»، «نۇر قەسىدىسى»، «ئۇلار كىمنىڭ بالىسى؟»، «گۈزەللىك دەرىخىنىڭ بىر شېخى ــ ھايا»، «پەلەك شاھىنىڭ يېڭى ھېكايىسى»، «تاڭ قەترى»، «بىچارىلەر»، «نان»، «تەشۋىش»، «سېھىرلىك چۈش»، «كونا غالتەك»، «سائىل»، «قاۋاق بەندىسى»، «كۆكۈل كىرى»، «قايتا كېپەنلەنگەن ئادەم» قاتارلىق 100 نەچچە پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل ژانىردىكى ئەسىرى ۋە 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. «دېھقاننىڭ بايرىمى»، «ئاياللار نىداسى، ئەرلەر جۇلاسى»، «بىز نېمىشقا ئالدىراش بولۇپ كېتىمىز» قاتارلىق 25 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش پىروگراممىسىنىڭ نوپۇزلۇق مۇنبەر، شەنبىلىك ئالاھىدە پىروگراممىسى سەھىپىسىدە ئاڭلىتىلىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلغان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چىن ۋەقەلىك ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقتا يات بولغان نىكاھ-ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ سۇسلىشىشى قاتارلىق ناچار ئادەت ۋە تۇرمۇش نۇقسانلىرىنى كۆچلۈك قامچىلاپ، كىشىلەرنى ئەدەپ-ئەخلاقتا ئۆندەپ، نىكاھ-ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەشكە ئۈندەيدۇ ھەمدە ئۇلارنى دۇرۇس ياشاشقا دالالەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ «رەڭدار تۇرمۇش» ناملىق كىتابى 2009-يىلى 10-ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن، «كېيۈر سۇناي» ناملىق كىتابى 2012-يىلى 2- ئايدا شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، يېقىنقى مەزگىلدە يەنە «نۇر قەسىدىسى» (راست ئىشلار خاتىرىسى)، «تەربىيەنامە»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (ئۇنسۇ قىسمى)»، «كۆلەڭگە» (رومان) قاتارلىق كىتابلىرىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى. «تەقدىر-قىسمەت» ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ يەنە بىر مەھسۇلىدۇر.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# كىرىش سۆز

بۇ روماندا سالى ئەپەندى، ئايزۆھرە خانىم ۋە ئۇلارنىڭ سەمى، سەمەر قاتارلىق ئىككى پەرزەنتىدىن تەركىب تاپقان بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن زىبىدىخان ئانا، ئوسمان، سامساق مۇدىر قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى رەڭگارەڭ تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق، بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ نىكاھ، ئائىلە ئىشلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلىرى، قىممەت قارىشى، دۇنيا قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىدىكى پەرقلەر؛ ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كونا ئۆرپ-ئادەت ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئېلىپ كېلىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلىرى؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى يېزىلاردىكى زور ئۆزگىرىش، تەرەققىيات، يۈكسىلىشلەر، خەلق تۇرمۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەر، كىشىلەرنىڭ ئىلغارلىق ۋە مەدەنىيەتكە بولغان ئىنتىلىشلىرى ئەدەبىي تىل ئارقىلىق جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، قالاق، كونا ئادەت-يوسۇنلار قامچىلىنىپ، كىشىلەرنى ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچ - ئاداۋەتتىن يىراق تۇرۇپ، ئىجىل-ئىناق ياشاشقا دالالەت قىلىنغان.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئەسلىمە ........................................ 1

ئىككىنچى باب كۆڭۈلسىزلىك ........................................ 105

ئۈچىنچى باب ئۈچ تالاق ........................................ 133

تۆتىنچى باب قايتا نىكاھ ........................................ 197

بەشىنچى باب قەسەم ........................................ 226

ئالتىنچى باب جازا ........................................ 282

يەتتىنچى باب كۈنداشلىق ........................................ 314

سەككىزىنچى باب خىجالەت ........................................ 349

توققۇزىنچى باب قازا ........................................ 379

ئونىنچى باب غايىب بولۇش ........................................ 434

خاتىمە ........................................ 463

## بىرىنچى باب

# ئەسلىمە

## 1

بىپايان كەڭ ساي شۇنچىلىك دىمىق بولۇپ، تاشلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھارارەت تەپتى كىشىگە يەر يالقۇنجاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. سايىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن مەھەللىگە قاراپ سوزۇلغان يېلان باغرى يولدا بىر ئېشەك ھارۋىسى پىت مېڭىشىدا مىسلداپ كېتىۋاتاتتى. ھارۋا چاقىنىڭ تاشلارغا سوقۇلۇشىدىن ھارۋا ئوقىدىن چىقىۋاتقان ئەلەملىك ئىڭراشتىن باشقا شەپە يوق بولۇپ، ھارۋىدا سۇنايىلىنىپ ياتقان يوغان گەۋدە خۇددى چالا ئۆلۈك قىلىنغان پاقلاندەك تولگۈلگىنىچە دەممۇدەم خىرقىراپ خورەك تارتاتتى.

جانىۋار يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى. تېزەك قۇرۇندىسىنى پۈۋلەپ، يەرنى تېپچەكلىگىنىچە تۇمشۇقىنى ئاسمانغا قىلىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىۋاتقان پەيتتە دۈمبىسىگە تەگكەن قاتتىق زەربىدىن چۆچۈپ كەتتى. سىلكىنىشتىن ئۇيقۇسى بۇزۇلغان سالى كۆزىنى يېرىم ئېچىپ ئەتراپقا نەزەر سالغىنىدا، تېخىچە سايدىن چىقىپ بولالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، ھارۋىنىڭ يان ياغىچىغا قىستۇرۇپ قويغان يوغان تاياقنى

سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئېشەكنى زەردە بىلەن ساۋىغاچ:
— ۋۇ بىغەرەز، ئۆزىنى بىلمەي تېزەك پۇراپ تۇرغىنىنى، نەۋاق يولغا چىققىلى...، — دېدى.
ئېشەك كەينى پۇتى بىلەن هارۋا شوتىسىغا بىرقانچىنى تېپچەكلىگەن بولسىمۇ، دۈمبىسىگە تەگكەن قايتۇرما زەربىنىڭ تەسىرىدىن قەدىمىنى بىرئاز تېزلەتتى. 20 — 30 قەدەمچە سوكۇلدىدى-يۇ، يەنە ئۆز رىتىمىغا چۈشتى...
گۇگۇمغا يېقىن ئۆيىگە يېتىپ كەلگەن سالى ئېشەكنى هارۋىدىن چىقىرىپ پېشايۋان تۈۋرۈكىگە باغلىغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى بىر قۇر قېقىشتۇرۇپ، يەرگە سۆرۈلۈپ قالغان شىمىنىڭ پۇچقىقىنى يوتىسىغىچە تۈردى. هارۋىنى دولىسىچە ئىتتىرىپ ئۇون قەدەمچە نېرىدىكى قىغ دۆۋىسىنىڭ يېنىغا ئۆرىچە توختىتىپ، هارۋىدىكى شاخ - شۇمبىلارنى چۈشۈردى. ئېشەكنى ئېغىلغا قويۇپ بېرىپ، قالىقتىكى[1] شال پاخىلىدىن بىر باغلام تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن، باغلارنى ئارىلىدى. باغ چىتلاقلىرىنىڭ ۋە ئۆرۈك شاخلىرىنىڭ ساپساقلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى. يەرگە تۆكۈلگەن ئۆرۈكلەردىن چاپىنىنىڭ پېشىنى توشقۇزۇپ ئاۋايلىغىنىچە ئۆيىگە كىردى. تاپسىغىچە ئۇزارتىپ سېلىنغان كاڭنىڭ سۇپىسىدا قىرىچلاپ ئولتۇردى، ئۆرۈكلەرنى سۇپىغا سېلىنغان كونا ئەدىيال ئۈستىگە تۆككەندىن كېيىن، بىر ئىرغىپلا تاپىسىدا يانپاشلاندى. شىلدىرلىغان ئاۋازدىن تېنى چۈرقىغاندەك بولۇپ، شىم يانچۇقىدىن قېپى ئېزىلىپ كەتكەن سەرەڭگىنى ئېلىپ، توغرا تام ئۈستىدىكى جىنچىراغنى ياندۇردى. خىرە يورۇقلۇق ئىچىدە ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا سەپسالدى. كاڭ ئۈستىگە سېلىنغان جۇلىقى چىقىپ كەتكەن كونا كىگىزنىڭ ئاراشلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ياغاچ يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە، ئۇياقتىن-بۇياققا دىگىلداپ يۈگۈرۈپ يۈرۈشكەن

[1] قالىق — شېۋە سۆزى بولۇپ، «چەللە، لاپاس» دېگەن مەنىدە.

چاشقانلارغا نەپرەت بىلەن قاراپ، ئەلەملىك ئۇھ تارتتى. بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ يۆتەل قىستىدى. قاتتىق يۆتەلگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ چاشقانلارنىڭ شىپىرلىغان ئاۋازى ئۆلغايدى. چاشقانلار بىردىنلا پۇتلىرىن بەدەنلىرىنى چىرماپ، تېننى غاجىلاپ ئەلەم سالىدىغاندەك قورقۇنچلۇق بىر سېزىم بىلەن ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، كىيىملىرىنى قېقىشتۇردى.

«ھۇ لەنىتىلەر، شۇنچە كەڭرى جاھانغا پاتمىغاندەك مەن بىچارىنىڭ مۇشۇ بىر پارچە ياتار كىگىزىنىمۇ بوش قويۇشمىدىڭ. قارغىش تەگكۈر چاشقانلار...»

سالى ئوچاق بېشىغا كېلىپ، توغرا تام بىلەن ئوچاق ئارىلىقىغا قويۇلغان كونا ئىشكاپتىن يوغان ياغاچ تاۋاقنى ئالدى. تاۋاقنى چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن، ئۆرۈكلەرنى سېلىپ يۇيۇپ پاكىزلىدى. ئوچاق بېشىدىلا ئۆرە تۇرۇپ ئۆرۈكلەردىن تويغۇچە يېدى. زەردى تېشىپ، ئاشقازىنى بىئاراملاشقاندىلا، توغرا تام ئۈستىدىكى تەڭنىنى ئېلىپ، تەڭنە ئۈستىگە يېپىپ قويغان سۇپىرىنى ئاۋايلاپ قايرىدى. ئالىقان چوڭلۇقىدىكى بىر پارچە قاتتىق نان كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈندى. چىرايلىرىغا كۆلكە يۈگۈرۈپ كۆڭۈل قەپىسىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يېلىنجىدى.

«قاتتىق ناننى ئاشقازاندىكى زەردابنى تارتىپ، ئىچىشىشنى توختىتىدۇ...»

سالى ئىلگىرىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئاشقازىنىنىڭ ئىچىشىشىپ ئاغرىشىدىن قۇتۇلغانىدى. ئۇ ئوچاق كۈلۈگىدا ئولتۇرۇپ ناننى ئاۋايلاپ غاجىلاشقا كىرىشتى. يېقىلغىنىغا ئىككى ھەپتىچە بولغان پېتىر نان شۇنچىلىك قاتتىق ئىدىكى، بوشراق كۈچىگەنگە چىش ئۆتمەيتتى. «قارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئېگەكلەنگەن سالى ئازاب ئىچىدە ئاچچىق تولغاندى. بېشىغا توقماق بىلەن قاتتىق ئۇرۇلغاندەك قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. يەرگە چۈشكەن قاتتىق نان پارچىسى

ئىچىدە سۇنغان چىشى قان ئارىلاش تۇراتتى. سالى قان ئارىلاش سۇنۇق چىشقا بىرمەھەل تىكىلدى. قاتتىق ئاغرىق ئۇنىڭ مېڭىسىگىچە چىققانىدى. سالى ئاغرىق ئازابىدىن چىشنى چىڭ چىشلىدى-دە، كۆزىنى يۇمغىنىچە تورۇسقا تىكىلدى. بىرھازادىن كېيىن كۆزىنى شۇنداق ئېچىپلا ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. شال پاخاللىرى بىلەن يېپىلغان ئۆينىڭ تورۇسلىرىدا ئۆمۈچۈكلەر كەڭ تور يېيىپ بەھۇزۇر ياتاتتى.

«‹ئاسماندا تور، يەردە قاپقان› دېگەندەك، ماۋۇ بىغەرەزلەر ئىككى ھەپتە بولمىغىنىمغا ئۆينى بېشىغا كىيىشىپتۇ ئەمەسمۇ. ھەممىسى سامساقنىڭ ئىشى. ئەگەر ئۇ مېنى سايدىكى ئاشۇ تاش يەرگە ئەمگەككە تۇتۇپ بەرمىگەن بولسا، بۇ كاساپەتلەر شۇنچە يايراپ، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشەلمەيتتى...»

— ھەممىنى قىلغان ئاشۇ سامساق.

ئۇ كۆڭلىدە سامساق مۇدىرغا قاتتىق نەپرەتلەنگەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭ پۇت-قول، ئېغىزمانلىرى تېلىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۆيئىچىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى، سالى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى، سىرتقا چىقىپ ھېلىلا يولدىن تېرىپ كەلگەن ئوتۇنلاردىن بىر قولتۇق ئېلىپ كىرىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان رىزىنكە تاسمىدىن تۆتلىك كېسىپ ئوت تۇتاشتۇردى. ئانچە قۇرۇپ كەتمىگەن شاخ-شۇمبىلارنىڭ پۇسۇلداپ ئوت ئالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قەغەز پارچىسى بىلەن ئوتنى ئۇلغايتتى. چاراسلىغان ئاۋاز بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئىس-تۈتەك سالىنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىشتۇراتتى. ئوت ئاستا -ئاستا ئۇلغايدى،گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن ئۆيئىچى بىردىنلا ئىللىپ كەتكەندەك بولدى. سايدىكى كەچ كۈزنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقىدا بىرقانچە كۈن تېگى-تېگىدىن مۇزلىغان تەن، ئەتىيازدا ئىللىق ھارارەت تەپتىدىن ئاستا-ئاستا ئېرىگەن مۇزدەك تەدرىجىي بوشىشىپ ئىللىشقا باشلىدى. سالىنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى تەسۋىرلىگۈسىز شېرىن سېزىم بىلەن ئىنكاسسىز ھالەتكە كەلدى. ئۇ ئولتۇرغان جايىغىلا ئۆزىنى تاشلاپ، تامغا چاپلاشقىنىچە سۇنايلىنىپ

ياتتى. خىرىلداپ چىققان خورەك ئاۋازى پەيدىنپەي ئۇلغىيىشقا باشلىدى...

سالىنىڭ تىنچلىقى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. باش توخۇ بىلەن مۇزلاپ ئويغاندى، جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق ئۆيدە ئۆزىنى گويا سايدا توڭەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئوچاقتىكى ئوت ئاللىبۇرۇن ئۆچكەنىدى. سەرەڭگىنى ياندۇرۇپ ئۆز نىشانىنى ئىلغا قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئاۋايلاپ بېرىپ كاڭغا چىقتى-دە، توپا پۇراپ تۇرىدىغان كونا كىگىز ئۈستىدە تۈگۈلگىنىچە، كونا يوتقانغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى. يوتقاندىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. سالى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىگە پاناھ بولۇپ مۇشۇ بىر كېچىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگۈدەك بىر ئىللىق ئائىلىسىنىڭ بولۇشىنى نەقەدەر ئۈمىد قىلدى. ئىلگىرىكى ئىللىق ئائىلىسىنى ئەسلىگىنىدە ئۆزىنى تولىمۇ بىچارە، غېرىب ھېس قىلىپ ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى. جىسمى قېتىپ قالغاندەك، قايسىدۇر بىر قاراڭغۇ نۇقتىغا تىكىلگىنىچە، ھايات كەچمىشلىرىنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىگە غەرق بولدى...

## 2

سالى بالىلىقىنىمۇ مۇشۇ مەھەللىدە، مۇشۇ قورۇدا ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قوشنا مەھەللىگە قايرىلىدىغان يول بويىغا جايلاشقان بولۇپ، يول بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئەترەتنىڭ ماخوسى ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا سالى ھازىرقىدەك جاپا تارتمىغان: قىشتا سوغۇق، يازدا تومۇز كۆرمىگەن، پۇچىلانمىغان، ئاچلىق ئازابى تارتمىغان، يالغۇزچىلىقتىن يىتىمسىرىمىغانىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئۆينىڭ ھازىرقىدەك ئەبجىقى چىقىپ كەتمىگەن، مەھەللىمۇ ئىنتايىن ئاۋات مەھەللە ئىدى. ئەتىگەندە كەنت باشلىقىنىڭ توۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي دولقۇنغا ماڭغان ئەزالارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى

مەھەللىنى بىر ئالاتتى. ئۇ كۆڭلىدە سالىنىڭ تۇرمۇشى باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. ئاتىسى ساۋۇت مەمەت كوممۇنانىڭ بوغالتىرى بولۇپ، دولقۇنغا ماڭغانلار بىلەن تەڭ ئۆيدىن چىقىپ كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ دولقۇندىن كېيىنكى ئەتىگەنلىك تاماقتا تەييارلانغان تاماقلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئاشخانا ۋە ناۋايخانىلارنى ئارىلايتتى، ئىسكىلاتنىڭ بىخەتەرلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرەتتى. ئەزالار دولقۇندىن يانغاندىن كېيىن، ئاشپەزلەرنىڭ ئەزالارغا تاماق تەقسىملەش ئەھۋالىنى نازارەت قىلاتتى. ئۈچ ۋاق تاماق ئادەتتە ئۇنىڭ چۈشۈرۈپ بەرگەن تىزىملىكى بويىچە تەقسىم قىلىناتتى، تاماق تىزىملىكىنى چۈشۈرۈشتە بەكمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ، ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن باللارنىڭ نورمىسىنى پەرقلەندۈرگەن ئاساستا باراۋەر تەقسىم قىلاتتى.

ساۋۇت مەمەت بويى ئېگىز كەلگەن، سېمىز، قاڭشارلىق، قاشلىرى قويۇق ھەم تووم، ئاقپىشما ئادەم بولۇپ، قارا ھەم يوغان بىر جۈپ كۆزىدىن ھەمىشە خۇشاللىق يېغىپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ خۇش چاقچاق، ئوچۇق - يورۇق مىجەزى ۋە باشقىلارغا زەررىچىلىك يامانلىق قىلىشنى ئويلىمايدىغان پاك نىيەت، سەمىمي، راستچىللىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن بولۇپ، يۇرتتىكىلەر ئۇنى ئەتىۋارلاپ ساۋۇتخان دەپ چاقىرىشاتتى. سالى يالغۇز ئوغۇل بولغاچ ئائىلىدە ھەممىدىن بەك ئەتىۋارلىناتتى. ھەممەيلەن ئۇنى خۇددى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايتتى، ھېچقانداق ئىشقا سالمايتتى. ئانىسى مەرەمخانمۇ ئۇنى ئەركىلىتىپ «سالەم»، «باغرىم» دەپ ئىچ-ئىچىدىن كۆيەتتى، سالىنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغانىدى.

سالى مەكتەپ قارىسىنى ئالغاندىن باشلاپلا، ئاتىسى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىز-ئېرىقلارنى ئارىلايدىغان، كوممۇنا ئەزالىرىغا تەييارلىنىدىغان تاماقلارنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولدى. شۇنداق بولغاچقا بۇ يۇرتتىكى چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ئۇنى تونۇيتتى. ئاشخانا، ئىسكىلاتتىكىلەر ئۇنى كۆرگەندە ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ،

كەلسىلە كىچىك بوغالتىرىمىز، دېگىنىچە ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەركىلىتىپ كېتىشەتتى. باشقىلار بىر كۈن كەچكىچە ئىشلەپ ئەتىگەندە ئىككى چۆمۈچ ئۇماچ، چۈشتە بىر زاغرا، كەچتە بىر قاچا سۈيۇقئاشقا ئاران ئېگە بولسا، سالى ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپمۇ تويغىچە غىزالىنىپ، نانلاردىن بوخچىسى توشقىچە ئالالايتتى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سالمايتتى. «ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن، كۆپرەك يېسە كۈچ- قۇۋۋەتكە تولىدۇ» دېيىشەتتى ئۇلار. سالى ئارام كۈنلىرىدە مەھەللىدىكى باللارنى ئەگەشتۈرۈپ مەھەللىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يايلاقتا «مۆكۈشمەك»، «چالما جېڭى»، «ۋالىلەي»...دېگەندەك ئويۇنلارنى ئوينايتتى. يايلاق مەھەللىدىن بەش چاقىرىمچە يىراقلىقتا بولۇپ، يايلاقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە، سۈپسۈزۈك سۇلىرى تېشىپ ئاقىدىغان بەش مېتىرچە كەڭلىكتىكى ئۆستەڭ، ئۆستەڭدىن ئەللىك مېتىرچە نېرىسىدا خەلق ئەسكەرلىرى مەشىق قىلىدىغان دۆڭلۈك، دۆڭلۈكنىڭ يېنىدا مەھەللىگە تۇتىشىدىغان يول، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يىگىرمە مېتىرچە كەڭلىكتىكى ئورمان بەلبېغىدا قاتار تىكىلگەن سۆگەتلەر بار ئىدى، يايلاقتا ئادەم بويى ئېگىزلىكتە شىۋاقلار ئۆسەتتى. بۇ بىپايان دالا باللار ئۈچۈن كۆڭۈللۈك پائالىيەت مەيدانى ئىدى. سالىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ ياخشى بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنى ئىززەت بىلەن كۆتەتتى...

سالى ئەنە شۇنداق ئاسايىشلىق ئىچىدە ئەقىل ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ بەخىرامان چوڭ بولدى. باشلانغۇچنى تاماملىغاندىن كېيىن، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۇقىرىلاپ ئوقۇشقا باردى. ئۆي بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى ئاتلىق ئىككى-ئۈچ سائەتلىك يول بولغاچقا ئاتىسى ئۇنى مەكتەپ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

# 3

كەچ كۈزنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى، سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرغان مەرەمخان يول بويىدىكى ئورمان بەلبېغى بىلەن ئۆيىنىڭ ئارقا تېمى ئارىسىدىكى ئورەككە يوشۇرۇپ قويغان ئاشلىقنى يوقلاش ئۈچۈن قورۇدىن چىقتى، ئورەك ئورنىغا يىراقتىن نەزەر سالغاندىن كېيىن، ئەتراپنى كۆزىتىپ باقماق بولۇپ، ئاۋۋال يولغا چىقتى. يىراقتىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى ئايان بولۇۋىدى، ئۆزىنى دەرھال دالدىغا ئالدى. بىر-ھازادىن كېيىن، مۈرىسىگە ئارا ئارتىۋالغان بىر كىشى يېتىپ كەلدى. دىققاقىنا كەلگەن بۇ كىشى بىرىنچى كىچىك ئەترەت ئەزاسى قاسىم ئىدى. قاسىم تولىمۇ ياۋاش ئادەم بولۇپ، كىم ئىشقا بۇيرىسا باش تارتماي قىلاتتى، بىراق ئاچ-سەلەڭ يۈرگەچكىمۇ ئىشنى ئىنتايىن ئاستا پۈتكۈزەتتى-يۇ، قىلغان ھەربىر ئىشى كىشىنى سۆيۈندۈرگۈدەك ئوبدان ئىدى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ بىر ئىشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمەيدىغان مىجەزىگە ماس ھالدا ئۇنىڭغا «گالۋاڭ» دېگەن لەقەمنى سىڭدۈرۈپ چاقىرىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن، قاسىممۇ بۇ لەقەمگە كۆنۈپ قالغانىدى.

مەرەمخان كېلىۋاتقان كىشىنىڭ قاسىم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، تام ياقىلاپ ئۆيگە كىردى.

— ئاتىسى! قاسىم گالۋاڭ ئىشقا مېڭىپتۇ.

— ۋاي-ۋۇي، ماڭسا ماڭمامدۇ. ئەتىگەندە ماڭىدۇ، كەچتە قايتىپ كېلىدۇ. شۇ ئەمەسمۇ !

— ئو ھۇش، چاقچاقتا ئايلاندۇرۇپ ئادەمنى مازاق قىلمىسىلا. مەن شۇ، گالۋاڭنى تاماقتا تۇۋلاپ قويارمىزمىكىن، دېگەن ئوي بىلەن شۇ...

— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن. توغرا، ئىنتايىن توغرا ئويلاپسىلەر. دەرھال تۇۋلاڭلار، بىر ئاياق ئۇماچ ئىچىپ تويۇنۇۋالسۇن بۇ بىچارە. بويتاقچىلىقتا سۇ بىلەن ناشتا قىلىدى ھەقىچان، — ساۋۇتخان ئايالىنىڭ گېپىنى تۇگىمەستىنلا جىددىي تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى ۋە تۆردىن پەگاھقا قاراپ سىلجىدى.

— قاسىم... قاسىماخۇن... ھوي قاسىماخۇن...

مەرەمخان قاسىمنى تووۋلىغاچ، ئەتراپقا ئەنسىزلىك ئىچىدە قاراپ چىقتى. ھەممە ئىشنىڭ جايىدىلىقىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن، كەينىگە ئۆرۈلگىنىچە ھاڭقىراپ تۇرغان قاسىمغا قول ئىشارىتى قىلدى ۋە قايتىلاپ تووۋلىدى:

— ساۋۇت ئاكىلىرى چاقىرىدۇ،— مەرەمخان يېقىنلاپ كەلگەن قاسىمنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا سەپسىلىپ چىققاندىن كېيىن، «يۇرسىلە» دېگىنىچە ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى.

قاسىم مەرەمخاننىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى-دە، قولىدىكى ئارىنى ئىشىك يېنىدىكى ئىدىشكە يۆلەپ قويغاندىن كېيىن، ساۋۇتخان بىلەن قىزغىن سالاملاشتى:

— ساۋۇتكا تىنچلىقمۇ، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟

— ھەئە ئوبدان. ئۆزۈڭچۇ ؟ ئوبدان تۇردىڭمۇ ؟

— خۇداغا شۈكۈر، يامان ئەمەس.

— بۇنچە سەھەردە نەگە ماڭدىڭ؟ — دېدى ساۋۇتخان قاسىمنىڭ ياداڭغۇ چىرايىغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— ئۆي بەك سوغۇق، يېرىم كېچىدە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كەتكەنىچە ئۇخلىيالمىدىم. خامانغا بېرىپ كونا سامانغا ئوت يېقىپ بىردەم- يېرىمدەم بولسىمۇ ئىسسىنىۋالاي دەپ مېڭىشىم، — قاسىم ئۆينىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغىچە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ئىككىلەنمەستىنلا ئوچاق كۈلۈڭگىغا كېلىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

— سەن ئولتۇرۇپ تۇر، مەن سىرتقا چىقىپلا كىرەي، — ساۋۇتخان سىرتقا چىقىپ ئەتراپنى كۆزىتىپ كىرگەندىن كېيىن، جەننىڭ يېنىدىكى بوشلۇققا جۇۋا بىلەن ئوراپ يوشۇرۇپ قويغان ئوتتۇرا كورا ئۇماچنى ئېلىپ قاسىمنىڭ ئالدىغا قويدى، — قېنى تېز ئىچ، مەرەمخان

سىرتتا قاراپ تۇرسۇن. «بەشنى سۈپۈرۈپ، ئالتىنى كولاش»[1] گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئۆي ئاربلاپ ئاختۇرۇش قىلىپ ئوزۇق - تۈلۈك ئىزدەيدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

ئۇ كۈنلەردە بۇ مەھەللىدە ھەممە ئادەم كوممۇنانىڭ داش قازىنىدا ئوپچە تاماق يەپ، ئۆيدە ئايرىم قازان ئاسمىغاچقا، كىمكى موردىن تۈتۈن چىقىرىپ، قازان قايناتسا تازىلاش گۇرۇپپىسىنىڭ سوئال-سورىقىغا قالاتتى. يوشۇرۇپ قويغان ئاشلىقنى تاپشۇرمىغىچە ئۇلاردىن قۇتۇلالمايتتى. قاسىم بۇنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ تاماقنى تېز سۈرئەت بىلەن پىپىشكە تۈتۈندى.

ئۇماچنى ئىچىپ قاچىنى بىكارلىغان قاسىم، يەنە بارمۇ دېگەندەك ساۋۇتخانغا مەنىلىك تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى گويا نۇرى ئۆچكەن يۇلتۇزدەك پىلدىرلايتتى. ياداپ كەتكەن چىرايى شۇنچىلىك سارغۇچ ئىدىكى، كۆرگەنلا كىشىنىڭ باغرى ئېزىلەتتى. ساۋۇتخاننىڭ بۇ بىچارە بەندىگە ئىچى ئاغرىدى. قەلبى گويا بىر تۇغقان قېرىندىشىنى ھازىرلا ئاخىرەتكە ئۇزىتىپ قويىدىغاندەك ئېغىر ئازابلاندى.

— مەرەمخان، ھوي مەرەمخان، قاسىمغا ئاۋۇ نانلىرىڭدىن ئېلىپ بەر، ئۆيگە ئاپىرىپ ئاچلىقتا ئۇيقۇسى قاچقان مەزگىللەردە تويۇنۇپ بىر-ئىككى كېچىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋالسۇن.

مەرەمخان ئىچكىرىكى ئۆيدىن كۆل ئاربلاش يېرىم پىشقان ئىككى

[1] ئەينى يىللاردا مەزكۇر يۇرتتا دېھقانلار ئائىلىسىگە يوشۇرۇۋالغان ئاشلىقنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن، «دېھقانلار ئۆيى ۋە ھويلا-ئارانلىرىنى سۈپۈرۈپ - تازىلاش ئەترىتى» دېگەن نامدا بىر ئەترەت قۇرۇلغان بولۇپ، ئەترەتتىكىلەر كىمنىڭ ئۆيىدە «يوشۇرۇپ قويغان زاپاس ئاشلىق بار» دەپ گۇمانىي قاراشتا بولسا، شۇ ئۆينىڭ ئىگىسىگە «بۈگۈن سىلىنىڭ ئۆيىنى سۈپۈرۈش نۆۋىتى كەلدى» دەپ ئۇقتۇرىدىغان، دېھقانلارمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆيىنى ئېچىپ بېرىدىغان، ئەترەت ئەزالىرى ئۆينىڭ ھەممە يەرلىرىنى (ئېغىل، ئامبار، ئىشكاپ، بەنچاڭ ئاستى قاتارلىق جايلارنى) ئاختۇرۇپ، ئاشلىق بايقالسا مۇسادىرە قىلىپ ئەترەتنىڭ ئىسكىلاتىغا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ، دېھقانلار بۇ ئەترەتنىڭ نامىنى زاغرا تىلى بىلەن «بەشنى سۈپۈرۈپ، ئالتىنى كولاش ئەترىتى»، قىسقارتىپ «سۈپۈرۈپ تازىلاش ئەترىتى» دەپ ئاتاشقانىكەن.

زاغرىنى ئېلىپ چىقتى، زاغرىنى قاسىمغا سۇنۇپ تۇرۇپ دېدى:

— مانا ئالسىلا، تېزرەك تىقىشتۇرسىلا، ھازىرلا بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، مۇۋاپىق پەيتىنى تاپقاندا ئاندىن ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىپ يېسىلە.

— رەھمەت سىلەرگە، تويۇنۇپ غىزا يەپ باقمىغىلى نەچچە كۈنلەر بوپتىكەن، — قاسىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى، — رەھمەت.

قاسىم ساۋۇتخان ئائىلىسىدىن خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك خامانغا يېتىپ كەلدى، خاماندىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىسىدىكى ئېرىق بويىدىكى يۇلغۇن تۈۋىگە كېلىپ، زاغرىنى قويىنىدىن چىقىرىپ، بىر پەس قاراپ تۇردى. «ھەرنىمە بولسا بىرقانچە ۋاق تويۇنۇۋالىدىغان بولدۇم» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ زاغرىنى يۇلغۇن تۈۋىدىكى سامانغا كۆمۈپ قويۇپ، خامانغا يېنىپ كەلدى. كونا ساماننى يىغىپ ئوت ياقتى ۋە گۈلخان يېنىدا ئارىغا بېشىنى قويۇپ سۇنايلىنىپ ياتتى.

ئاسماندا يۇلتۇزلار بۆرىدىن ئۇركۈپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىۋاتقان قوي پادىلىرىدەك تاراپ، غايىب بولاتتى. قاسىم ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان ئاينىڭ خىرە يورۇقىغا تىكىلدى. شۇ تاپتا ئاي ئۇنىڭغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتقاندەك، قاراشلىرىدىن بىزارلىق ھېس قىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

«تووۋا ! شۇنچە گۈزەل ئاي يۈزىدىمۇ داغ بار..» دەپ ئويلىدى قاسىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، قورسىقىنى يېنىك سىلىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك تويۇنۇپ تاماق يەپ باقمىغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغانىدى. ئالدىنقى قېتىم ئەترەت باشلىقىنىڭ ئۆي سۈۋىشىغا ياردەملەشكەندە بىر قېتىم تويغىچە يوبىدان ئىچەلىگەنلىكىنى، ماخوچى، ئىسكىلاتچى ياكى ئەترەت باشلىقىنىڭ ئۆيىدە بىرەر ئىشقا ياردەملەشكەندىلا يوشۇرۇنچە ئېتىپ بەرگەن تاماقلاردىن تويغۇچە يېيەلەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ قولىدا

ئانچە ـ مۇنچە ئەمىلى بار يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئۆيىدە ئەمگەك قىلىشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئېلىپ، ئىختىيارسىز كۈلدى.

ھايال ئۆتمەي مەھەللە تەرەپتىن بىر توپ كىشىلەر يېتىپ كېلىشىپ، تەقسىمات بويىچە ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. قاسىمغۇ ئۆزىگە بۆلۈنگەن بۆلىنى سورۇش بىلەن بەند ئىدى.

— بۇياققا كېلىڭلار.

ئىش بېشىنىڭ ئەندىشىلىك ئاۋازىدىن ھەممەيلەن داڭ قېلىشتى. ئەتراپتىكىلەر قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، ئېرىق تەرەپكە قاراپ چېپىشتى. قاسىمنىڭ كۆڭلى بىرەر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك ئېغىپ كەتتى. چاتاقنىڭ چوڭى چىققانلىقىنى پەملەپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىرىدى. پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ، بەدەنلىرى تىكەنلەشكەندەك بىر سېزىم بىلەن، تىلى بوغۇزىغا كەپلەشكەندەك نەپىسى بوغۇلدى.

— قاسىم، ھوي قاسىم گالۋاڭ بۇياققا كېلە، — سىدىق قاسىمغا يېقىنلاپ كەلدى. قالغانلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، — ئېيتە بۇ كىمنىڭ ئىشى؟ — سىدىق قاسىمغا تىكىلىپ تۇراتتى. قاسىم بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ سىدىقنىڭ قولىدىكى بايىلا ئۆزى يوشۇرۇپ قويغان ئىككى دانە زاغرىغا قارىدى، — ئېيتە، بۇنى نەدىن تاپتىڭ؟

— سىدىق مۇدىر، مەن بۇنى بىلمەيدىكەنمەن، بۇ زاغرىنى يا مەن تىقىپ قويمىسام.

— نېمە؟ شۇنداق دېسەملا ھەممىدىن قۇتۇلىمەن، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ تېخى؟! راستىڭنى ئېيت، بولمىسا چوڭ بالاغا قالىسەن، — سىدىقنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بولۇپ، كەڭ پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قوشماق سىزىقلىرى پۈرۈلگەن، سېرىققا مايىل ئۆڭگى قارىدىغان ئىدى. زاڭاق گۆشلىرى توختىماي لىپىلدايتتى، — ياخشىلىقچە ئېيتامسەن ياكى مەن ئېيتقۇزىمەنمۇ؟!

سىدىق كەنتىنىڭ «سۈپۈرۈپ تازىلاش» ئەترىتىنىڭ ئاتامىنى بولۇپ،

بۈگـۈن ئـۇ بىرىنچـى ئەترەتنىـڭ شـال خـامىنى ئـىلىش ئەھـۋالىنى تەكشۈرۈش، ھەيـدەكچىلىك قىلىـش ئۈچـۈن سـەھەردىلا خامانغا يېتىـپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن قىزىل پاچاق ئادەم بولـۇپ، باشـقىلارنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىققانىنى كۆرگەن ھامـان، باسـتۇرۇپ كىرىـپ قـازاننى دۈم كۆمتـۈرۈپ، ئـۆي ئـاختۇرۇپ ئـوگـتەي - تـوگـتەي قىلـىۋېتەتتى. مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ، «سىدىق گوپپاڭ» دېيىشەتتى.

سىدىق بىر كـۈنى سـەھەردە ئـىشقا كېتىۋېتىـپ يـالغۇز جـان نۇرخـان موماينىڭ مورىسىدىن چىقىۋاتقان تۈتۈننى كۆرۈپ قېلىـپ، ئـادەم باشـلاپ بېرىـپ ئاختۇرۇپ، موماينىڭ ئۆيىدىكى بىر تال دانىنىمۇ قالدۇرماي يىغىپ كەتكەن، بۇنىڭلىق بىلەن بولـدى قىلماي مومـاينى يەنە تىقىـپ قويغـان ئاشلىقنى چىقار، دەپ قاتتىق قىينىغانىدى. بۇ ئىشلارنى قاسىم ئۆز كـۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇ چاغدا بىچارە مومـاي يـۇم - يـۇم يىغـلاپ، يىلىنىـپ كەتكەن بولسىمۇ سىدىق قىلچە رەھىم قىلمىغانىدى. نۇرخـان مومـاي شـۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقانىدى.

— قېنى ئېيتمامسەن؟

قاسـىم سـىدىقنىڭ قوپـال ئاۋازىـدىن قـاتتىق چۆچـۈپ، خىيالـدىن ئويغاندى ۋە ئىككى قەدەمچە كەينىگە داجىدى.

— مەن... مەن... مەن بىلمەيمەن، — قاسىمنىڭ كۆز ئالدىدا ساۋۇتخانىنىڭ سەمىمىي، ئوچۇق-يورۇق، ئەمما مىسكىن چىرايى غىل - پال ئۆتكەندەك بولدى، — بىلمەيمەن دېدىمغۇ، بىلمەيمەن.

— نېمە؟! سەن خامانغا ھەممىدىن بالدۇر كەلـگەن تۇرۇقلۇق بىلمىسەڭ، زادى كىم بىلىدۇ؟ زۇۋان سۈرمىگىنىڭنى بىر كۆرەي...

قاسىم كەنت ماخوسىغا ئېلىپ كېلىنىپ ئات ئېغىلىنىڭ بۇلۇڭىـدىكى ئوقۇرغـا زەنجىـر بىـلەن كىشەنلەندى. ئىككـى نەپەر خەلـق ئەسـكىرى كۆزەتچىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

# 4

ئەتىراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن بولۇپ، پاقىلارنىڭ توختىماي كۇرۇلداشلىرى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئەسىر بولۇش ئالدىدىكى زېمىننىڭ جىمجىتلىقىغا سۈر پەيدا قىلاتتى. مەھەللە تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئىتلارنىڭ ناگان-ناگاندا قاۋاشلىرى، تۈن پەردىسىدىكى بۇ سىرلىق زېمىنغا ھاياتلىق پۇشتىكىنى چېلىۋاتاتتى. كەنت ئىشخانىسىدا سىدىق باشچىلىقىدىكى سۈپۈرۈپ تازىلاش ئەترىتىنىڭ بەش نەپەر خادىمى نېمىلەرنىدۇر كۇسۇرلىشاتتى. قاسىمنى يالاپ كەلگەن ئىككى نەپەر خەلق ئەسكىرىنىڭ «دوكلات» دېگەن سۆزى بىلەن سىدىقتىن باشقىلار ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ قاتار تۇرۇشتى. ئىشىككە ئۇدۇل قىلىپ قويۇلغان ئۈستەلدە، قەغەزگە قەلىمىنى تىرەپ ئولتۇرغان سىدىق ئىشىككە مىختەك تىكىلىپ قارايتتى.

— ھە، رۇخسەت.

خەلق ئەسكەرلىرى قاسىمنى ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، سىدىقنىڭ باش ئىشارىتى بىلەن قاسىمنى ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە مەھكەم باغلىدى.

— ئەمدى راستىڭنى ئېيت، نانىنى نەدىن ئالدىڭ؟ — سىدىق گۇپپاڭ قاسىمغا ئۆچمەنلىك نەزىرىدە قاراپ چىققاندىن كېيىن، زەردە بىلەن تووۋلاپ شۇنداق دېدى، — يەنە ئەزمىلىك قىلىپ راستىڭنى ئېيتمىساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن.

قاسىم ئۈندىمىدى. قاپىلىمىسى ئۆڭۈپ كەتكەن كونا قاما تۇماقنىڭ رەتسىز تۈكلىرى ئارىسىدىن قايسىدۇر بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرى گويا ياۋۇز مۈشۈكنىڭ ھۇجۇمىدىن ھالسىزلىنىپ كەتكەن چاشقاننىڭ كۆزلىرىدەك پىلدىرلايتتى.

ئۇدا بىرقانچە رەت تەكرار سوراقتىن ھېچقانداق بىر جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن سىدىق گۇپپاڭ قاتتىق غەزەپلەنگەندى، ئۇ ئورنىدىن

تۇرۇپ گىدىيىپ ماڭغىنىچە قاسىمنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان قاسىمغا قاراپ يەنە سورىدى:

— قېنى دە، نانىنى ساڭا كىم بەردى؟ نانىنى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭلا باشقىسىنى سۈرۈشتۈرمەيمىز.

— نانىنىڭ ئىشىنى بىلمەيمەن دېدىمغۇ، بىلمەيمەن، — دېدى قاسىم غەزەپ بىلەن.

— بىلمەيمەن؟ بىلمىگىنىڭنى بىر كۆرەي. قاتتىق ساۋاڭلار ئۇنى! — چاپارمەنلەر قاسىمنى دۇمبالاشقا كىرىشتى.

قاسىم كەينى-كەينىدىن شىددەت بىلەن تېگىۋاتقان مۇشت-تېپىكلەر زەربىسىدىن ئاچچىق ئىڭرىدى، تولغاندى، ئەمما بىر تىنىق ئېغىز ئاچمىدى. سىدىق تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتى:

— يالىڭاچلاپ، قامچا بىلەن ئۇرۇڭلار!

چاپارمەنلەر قاسىمنىڭ ئىچ كىيىمىدىن باشقىسىنى سالدۇرغاندىن كېيىن، تۈۋرۈككە قايتىلاپ باغلىدى.

— ئۇرۇڭلار، ئېغىز ئاچقۇچە ئۇرۇڭلار!

قاتتىق ئۇرۇلغان قامچا زەربىسىدىن قاسىمنىڭ سېمىز بەدىنىگە لىپپىدە كېلىپ قالغان ئاق پاخپۇن كۆڭلىكى تىتىلدى. بەدەنلىرىدىن سىرغىپ چىققان قاندا قىپقىزىل بويالدى.

ئۆز نەزىرىدە ئىككى مۇشت بىلەن ھەممىنى ئىقرار قىلدىغان بۇ خامۇشنىڭ بۇنچىۋالا چىداملىقىنى كۆرگەن سىدىقنىڭ غەزىپى تېخىمۇ تاشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قاسىمنىڭ ئەت گۆشلىرىنى تىتىپ شىلىۋالسىمۇ دەردى چىقمايدىغاندەك قىلاتتى.

«سەن گالۋاڭنى ئىقرار قىلدۇرالمىسام، ئەل-يۇرت ئالدىدا ماڭا سەت بولىدۇ. قېنى قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىڭنى بىر كۆرەي...»

بۇ خىيال سىدىقنى تېخىمۇ ئەسەبىيلىككە باشلاپ، قاسىمنى تېخىمۇ قاتتىق قىيناشقا ئۈندەيتتى.

— تۇز سۇيى تۆكۈڭلار!

هايت ـ هۇيت دېگۈچە تۇز سۇيى تەل بولدى. چاپارمەنلەر سىدىقنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن شاكىرابلاشتۇرغان تۇز سۇيىنى قاسىمنىڭ قان چىقىۋاتقان بەدەنلىرىگە ئاز ـ ئازدىن قۇيۇشتى. قاسىمنىڭ بەدەنلىرى ئېچىشاتتى. بىرھازا قاتتىق ئىڭراشتىن كېيىن، بەدەنلىرى بۇ خىل خورلۇققا كۆنگەن چېغى، چىرقىراشتىن توختاپ قالدى، لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىگىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇردى ۋە ئېچىدە، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، بۇ سىرنى ھەرگىز ئېيتماسلىق ھەققىدە قەسەم ئىچتى.

ئېغىر ياتقۇغىچە قاتتىق سوراق قىلىپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن سىدىق، چاپارمەنلىرىنىڭ چىرايىدىكى، شۇنداقلا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقنى ھېس قىلىپ، سوراقنى ئەتە سەھەردە داۋاملاشتۇرۇشنى تاپىن تاپتى. ماموت پەش بىلەن راخمان كولدۈنى قاسىمغا قاراشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قالغانلارنى ئۆيلىرىگە قايتىشقا بۇيرۇدى.

ماموت پەشنىڭ فامىلىسى زايىت بولۇپ، ئۇ سۇپۇرۇپ تازىلاش ئەترىتى خىزمىتىگە قويۇلغان بىر يىلچە ۋاقىت ئىچىدە ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلارغا ئېغىزىدىن كىرىپ، كۆتىدىن چىقىپ دېگۈدەك ئاكتىپ پوزىتسىيەدە قاتنىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ئىتتىك مىجەزى «ھە» دەپ بولغۇچە، «ھۇ» دەپ ئۇلگۇرىدىغان، «تۇت» دەپ بولغۇچە چىشلەيدىغان دەرىجىدە ئىتتىكلىشىپ كەتكەنىدى. جامائەت ماموتنىڭ بۇ خىل مىجەزىگە قاراپ ئۇنىڭ زايىت دېگەن فامىلىسىنى «پەش» كە ئۆزگەرتكەنىدى. ماموت بۇ لەقەمگە بىرمەھەل تېرىكىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاتامىنى سىدىقنىڭ بىرقانچە يەردە «ماموت پەش» دەپ چاقىرىشىدىن كېيىن، تەدرىجىي كۆنۈپ كەتكەنىدى. ماموتنىڭ بوي ـ بەستى ئانچە چوڭ بولمىغىنى بىلەن پۇت ـ قوللىرى يوغان ئىدى. بۇگۈن ئۇ بېشىغا سالۋا تۇماق، ئۇچىسىغا قارا چىپەرقۇت تون، پۇتىغا ھەربىيچە سېرىق پاختىلىق چۇخەي كىيىۋالغان بولۇپ، بېلىنى كۆك رەڭلىك كاجى بەلباغ بىلەن مەھكەم باغلىغانىدى.

ئەتۇر ياندۇرۇپ يۆگەلگەن سىم بۇرۇتى كىچىك يۈزىنى تېخىمۇ ۋەجىك كۆرسىتەتتى.

مامۇت قاسىمنىڭ سوغۇقتىن كۆكەرگەن يۈزلىرىگە، لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ دەقىقىلىك ئويلىنىشتىن كېيىن، ھەمراھى راخمان كولدۇنى سىرتقا چاقىرىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— قارا ئۇنىڭغا، مۇشۇ تۇرقىدا يېرىم كېچىگە بارماي جان بېرىدىغاندەك قىلىدۇ، ناۋادا ئۆلۈپ كەتسە خەلققە جاۋاب بەرمەكمۇ تەس. شۇڭا، قولىنى يېشىۋېتەيلى، كىيىملىرىنى كىيىۋالسۇن، ئاندىن ئاشپەزگە ئازراق شورىگۈرۈچ ئەتكۈزۈپ بېرەيلى، ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىدى، ئازراق خەيرخاھلىق قىلساق، تېززەك ئېغىز ئېچىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

راخمان بوي-بەستى ئېگىز، قامەتلىك، كۈچلۈك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەترەتنىڭ يوگۇر-يېتىم ئىشلىرىدىن باشقا ئىشلارغا جىق باش قاتۇرۇپ كەتمەيدىغان، ئۆز خىيالىدا بىركىمگە يامانلىق ياكى ياخشىلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان، پەقەت ئەترەتتىكىلەر نېمىگە بۇيرىسا شۇنى بېجىرىدىغان ئادەم ئىدى. «كولدۇ» دېگەن لەقەم ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان بولۇپ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى كىچىكىدىنلا ئاتا مىراس لەقىمى بىلەن چاقىرىپ ئادەتلەنگەچكە، ئەڭتۇشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ فامىلىسىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى.

— بولىدۇ. سەن نېمە دېسەڭ شۇ، — دېدى راخمان بېشىدىن ھەربىيچە قۇلاقچىسىنى ئېلىپ قېقىشتۇرغاچ.

— ئۇنداقتا سەن قاسىمنى بوشات، كىيىملىرىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، ئىشىكنى تاقاپ چىق، مەن ھېلىم ئاشپەزنى چاقىراي، بىز ئاشخانىدا كۆرۈشەيلى، — مامۇت پەش كەينىگە بۇرۇلۇپ ھېلىمنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

ھېلىمنىڭ ئۆيى كەنتتىن 500 مېتىرچە نېرىدىكى تۆگمەننىڭ يېنىدا ئىدى. ھېلىمنىڭ ئاتىسى سۈپۈرگە ئاخۇن كەنتنىڭ ئاشۇ تۈگمىنىگە قارايتتى. ھېلىم سۈپۈرگە ئاخۇننىڭ بېقىۋالغان بالىسى بولۇپ، ئۆز ئاتا -

ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. يېشى ئوتتۇزدىن ھالقىغان بولسىمۇ تېخىچە ئۆيلەنمىگەچ، بۇ ئۆيدە ئاتا ـ بالا يالغۇز ياشايتتى.

ئىككىز ـ پەس، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا خېلى تەستە قورۇ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن مامۇت پەش، «ئىت بولۇپ قالسا چىشلەپ سالمىسۇن» دېگەن ئوي بىلەن ئىشىك ئالدىدىن 20 مېتىرچە يىراقلىقتا تۇرۇپ كۇچەپ توۋلىدى:

ــ ھېلىم... ھوي ھېلىم... سۇپۇرگە ئاكا...، ــ ئۆيئىچىدىن ھېچقانداق شەپە چىقمىغاندىن كېيىن، قورۇ ئىچىگە كىرىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى ۋە ئىشىكنى كۇچەپ ئۇرغىنىچە بوغۇق ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، قايتا توۋلىدى، ــ ھېلىم... ھەي ھېلىم...سۇپۇرگە ئاخۇن... ھەي سۇپۇرگە...

شىرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغان ھېلىم، غودۇڭشىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى:

ــ بۇنچە كېچىدە ئىشىك تەپكەن كىم؟

ــ كىم بولاتتى، ئاكاڭ. ئاچە ئىشىكنى، تېز بول كەنتكە ماڭ، جىددىي ئىش بار.

ھېلىم مامۇت پەشنى ئاۋازىدىن تونۇدى.

ــ مانا... مانا ھازىر...

سۇتتەك ئايدىڭ كېچە. ئۆستەڭ بويلاپ تىكىلگەن سۆگەت كۆچىتىنىڭ يېنىدىن ئېلىنغان تار يولدا مامۇت پەش بىلەن ھېلىم ئىككىيلەن خۇددى بىراۋنىڭ ھازىسى ئۈچۈن كېتىۋاتقاندەك گەپ ـ سۆزسىز كېتىپ باراتتى. مامۇت پەشنىڭ كەينىدىن ئۈچ تارتىپ ھۆپۈلدەپ كېلىۋاتقان ھېلىم، بىر نەرسىنىڭ پالاقشىغان ئاۋازىدىن يۈرەكزادە بولدى، يۈگۈرگىنىچە مامۇت پەشنى سوقۇۋەتتى.

ــ ھۇ ساراڭ، نېمىگە قاچىسەن؟

ــ ئا.. ئاۋۇ تەرەپتىن بىر نەرسىنىڭ شەپىسى كېلىۋاتىدۇ.

ــ شەپە، نېمە شەپە ئۇ؟ ناھايىتى ياۋا ئۆردەكلەر بىزدىن ئۈركىدى شۇ.

— ياۋا ئۆردەك، ھې... ھې... ھې، — ھېلىم مىيىقىدا كۈلدى.

ئۇلار كەنت قورۇسىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، ئالدىدا بىر سايە پەيدا بولدى. ئۇ راخمان ئىدى.

— تېز، تېزرەك بولۇڭلار، — جىددىيلەشكەنلىكتىن راخماننىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى، — تېز... تېز... تېزرەك.

— تىلىڭنى چاينىماي ئاستا سۆزلىمەمسەن، — دېدى راخمان قوپال ئاۋازدا، — نېمىگە بۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ كەتتىڭ، قېنى ئېيتە، نېمە ئىش بولدى زادى ؟

— قاسىم، ئۇ...ئۇ...

— ھە، قاسىمغا نېمە بولدى، ئۇ ئۆلدىمۇ؟ — ماموت پەشنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر قورقۇنچلۇق سېزىم ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. ناۋادا شۇنداق بولسا ماڭا بۇ يۇرت ھارام، دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — تېز يۈرەيلى، — ماموت يۈگۈرگىنىچە كەنت ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. لىم تۈۋرۈكنىڭ بىر مېتىرچە ئورنى قىپقىزىل قانغا بويالغان بولۇپ، قاسىم كۆپكۆك زەي چىقىپ تۇرغان داق يەردە خىرىلدىغىنىچە ياتاتتى، — تېز...تېز بولۇڭلار، ئاشخانا ئۆيگە يۆتكەيلى.

ئۇچەيلەن قاسىمنى يۆلەشتۈرۈپ، ئاشخانا ئۆيگە ئېلىپ كىردى، كاڭ ئۈستىگە ياتقۇزغاندىن كېيىن يوتقان بىلەن مەھكەم ئورىدى.

— ھېلىم، تېز بول، ئوچاققا ئوت ياق، راخمان سەن دەرھال خۇدابەردى دوختۇرنى چاقىرىپ كەل، — دېدى ماموت جىددىي تەلەپپۇزدا. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پېشانىسىدىن مونچاق-مونچاق تەر تامچىلىرى تەپچىيتتى، — ئەھۋال خەتەرلىك، ھەرىكىتىڭلار چاققان بولسۇن...

بىرھازادىن كېيىن، يېتىپ كەلگەن كەنت يالاڭ ئاياغ دوختۇرى خۇدابەردى ھوشسىز ياتقان قاسىمنىڭ پېشانىسىنى ئالقىنى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن، دورا سومكىسىدىن تىڭشىغۇچنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈرەك رىتىمىنى تىڭشاپ كۆردى.

خۇدابەردىنىڭ چىراي ئىپادىسىگە ئەتەي قاراپ تۇرغان ماموت پەش

ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشتىن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدى-دە، راخمان كولدۇغا قاراپ توۋلىدى:

— دەرھال سىدىق زىدۇينى چاقىرىپ كەل، — ماموت پەشنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىك، قورقۇنچ ۋە تەشۋىشنىڭ ئالامەتلىرى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. خۇدابەردى ئۆزىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ تۇرغان ماموتنىڭ چىراي ئىپادىلىرىدىكى بۇ ئالامەتلەردىن قاسىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە بىتاقەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، قولىقىدىن ئۆلچىگۈچنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، — قىزىتمىسى ئۆرلەپ قاپتۇ. مۇزدەك تەرلىگىنىگە قارىغاندا، ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتكەن چېغى، تېزدىن قايناق سۇ، لۆڭگە، داس تەييارلاڭلار، — دېدى.

ماموت بىلەن ھېلىم ئالاقزادىلىك ئىچىدە تېزدىن ھەرىكەتكە ئاتلاندى. دەقىقە ئىچىدە لازىمەتلىكلەرنى تەل قىلدى. قاسىمنىڭ پېشانىسىگە لۆڭگە قويۇپ، قىزىتما ياندۇرۇش دورىسى ئىچۈرۈلدى.

قاسىم بىرھازادىن كېيىن كۆزىنى قىيا ئاچتى. بېشىدا قاراپ تۇرغان خۇدابەردىنى كۆرۈپ كۆزىگە لۆممىدە ياش ئالدى...

قاسىمنىڭ قىزىتمىسى يەنىلا يۇقىرى ئىدى. خۇدابەردى ئىسپىرتقا چىلانغان داكا بىلەن قاسىمنىڭ بويۇن، قولتۇق ۋە دۈمبىلىرىنى سۈرتۈپ قىزىتمىنى تۆۋەنلەتمەك بولۇپ، قاسىمنىڭ جىلىتكىسىنى يەشتى-يۇ، چۆچۈپ كەتتى. نەزىرى قاسىمنىڭ قان بىلەن رەڭگى ئۆزگەرگەن تىتما كۆڭلەكنىڭ يىرتىقلىرىدىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېغىر زەخمىگە چۈشكىنىدە، يۈرىكىدە بىلىپ بولماس جۇدالىق پىغانى ئۆرلىدى، ساقىيىشىدىن چوڭ ئۈمىدىنىڭ يوقلۇقىنى خىيال قىلىپ، قەلبى ھەسرەتكە تولدى، كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئىختىيارسىز سىرغىدى. قاسىمنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىملىغىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

— غەيرەتلىك بولۇڭ، چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز.

قاسىم قان-ياشلىق كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ خۇدابەردىگە قاراپ سۈس كۈلدى-دە، ئارقىدىنلا كۆزىنى يۇمدى...

سەھەرگە يېقىن يېتىپ كەلگەن سىدىق، قاسىمنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى يېزىلىق شىپاخانىغا يۆتكەشنى ئويلىدى-يۇ، يەنە بەدىنىدىكى تاياق ئىزلىرىنى باشقىلارغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي گاڭگىرىدى.

— قانداقلىكى بولمىسۇن بىر ئامال قىلىپ، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قال، — دېدى ئۇ خۇدابەردىگە، — تېززەك ئامالىنى قىل.

خۇدابەردى بارلىق ئاماللارنى قوللاندى. بىراق، ئېغىر تاياق زەربىسىدىن ئىچكى ئەزالىرى قاتتىق زەخىملەنگەن، مۇزدەك سوغۇق قان-قېنىغا ئۆتۈپ كەتكەن قاسىم بىرئازمۇ ياخشى بولالمىدى. ئەكسىچە، ھالى پەسلەپ كەتتى.

ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەرنىڭ قارامتۇل سۇبھىسى كۆتۈرۈلۈپ، كەڭ ئۈيۈق ئەمەدىلا ئاقىرىشقا باشلىغاندا، كەنت تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئەلەملىك يىغا ئاۋازى، بامدات ناماز ئۈچۈن مەسچىتكە يىغىلىپ، نامازغا تەرەددۇت قىلىۋاتقان جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى. جامائەت كەنت قورۇسىغا يېتىپ كەلگەندە، ھېلىم بىلەن خۇدابەردى ئاشخانا ئالدىدا ھازا ئېچىپ ئولتۇرغان بولۇپ، خۇدابەردى خۇددى ئۆز ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھۆركىرەپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ قاسىمنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ۋە جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئېچىنىشلىق ھالىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى.

## 5

قاسىمنىڭ دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن تولغان ھويلىسى ئادەم دېگىزىغا ئايلاندى. كىشىلەر ئارىسىدا قاسىم توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر «تېخى ئۆلۈشكۈن ساپساقلا تۇراتتى، نېمە سەۋەبتىن قازا قىلغاندۇ؟...» دېگەندەك گۇمان ئارىلاش غۇلغۇلا ئەۋج ئالدى. سوۋاق لايلىرى چۈشۈپ ئۇيەر - بۇيەرلەردىن تۆشۈك ئېچىلىپ قالغان، زەي

يۇرتقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان، كونا تاتما ئۆيدە، مېيىتنى يۇيۇپ ئاخىرەتلىكىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان ئاۋۇت داموللا سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بىئاراملاندى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىرەر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك ئېغىپ تۇراتتى. گەرچە قاسىمنىڭ سىدىق گۇپپاڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يىلىكىنى شورايدىغان بىرەھىمدىللەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، بۇ ئىشقا كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغانلار يوق ئىدى. ناۋادا، بار دېيىلگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى قاسىمغا ئوخشاش بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاسىمنىڭ مېيىتىنى سىدىق گۇپپاڭ ۋە سامساق مۇدىرنىڭ رۇخسىتىسىز، بۇ قورۇغا يۆتكەپ كېلىپ سۆيگە ئالغان ئادەممۇ ئۆزى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ مېيىتنىڭ سۆيگە كىرگۈچىلەرگە، تەن جاراھىتى توغرىسىدا ھېچكىمگە بېشارەت بەرمەسلىك، بىر تىنىقمۇ تىنماسلىقنى قاتتىق جېكىلىدى. مېيىتنى سۇغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، كېپەنلەپ تاۋۇتقا قويدى ھەمدە ئۆزىگە ئىنتائەتمەنلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغان جامائەتنىڭ مىسكىن چىرايىدىن، ئۆزىدىن بىرەر نەرسىنى تەلەپ قىلىۋاتقاندەك ئۈتۈنۈشلۈك ھارارەتنى سەزگەندەك بولۇپ، جامائەتكە قىسقىچە ۋەز - نەسىھەت قىلدى:

«يولداشلار، يارانلىرىم... ياراتقۇچى ئىگەمدىن بىسوراق قىلىپ تەۋرىمەستۇر، يۇرتدىشىمىز قاسىم تولىمۇ ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، كىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى راۋا كۆرىدىغان، مىسكىن بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە بىرەر كىم بىلەن سەن - پەن دېيىشىپ باقمىغان. ياراتقۇچىنىڭ ئۇنى يېنىغا تارتقۇسى كېلىپ قالغان چېغى، تۇيۇقسىز قوزغالغان كېسەل ئۇنىڭ ھاياتىنى ۋاقىتسىز خازان قىلدى. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆسەك سۆز قىلىش ئاللا راۋا كۆرمەيدىغان چوڭ گۇناھتۇر. شۇڭا، ئۆزىمىزگە قاراڭغۇ بولغان گۇمانىي سۆزلەرنى قالايمىقان دەپ يۈرمەيلى. مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ھەممىمىز ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلايلى، ئامىن!...»

كۆپ ئىچىلگەن ھاراقنىڭ تەسىرىدىن بىتاپ بولۇپ، ئۆيدىن چىقماي ياتقان سامساق مۇدىر چۈشكە يېقىن ئورنىدىن تۇردى. كەنتكە ئاياغ باسمىغىنىغا بىر ھەپتىچە بولۇپ قالغانلىقىنى ئەسكە ئالدى ۋە كەنتكە بىرىپ كېلىش نىيىتى بىلەن ئۈستىباشلىرىنى تۈزەشتۈردى. ئەمدىلا بوسۇغا ئاتلىۋىدى، ئايالى ھەپىزە پەيدا بولدى:

— تووۋا...تووۋا، قانداق جاھان بولۇپ كەتتى، تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ساپساق تۇرغان ئادەم بوگۈن يوق، — ھەپىزەنىڭ كەيپىياتى جىددىي بولۇپ، دېگەنلىرىدىن بىرەر شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى.

— ھە، نېمە ئىش بوپتۇ ؟ — دېدى سامساق مۇدىر ئايالىغا قاراپ.

— نېمە ئىش بولاتتى، ئۈستۈنكى مەھەللىدىكى قاسىم گالۋاڭ ئۆلۈپتۇ. كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كەنت ئاشخانىسىدا جان ئۈزگەنمىش.

— نېمە ؟! كەنتنىڭ ئاشخانىسىدا؟!

سامساق مۇدىرنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ھەيرانلىقتا تولغان كۆزلىرى چەكچەيدى. بەدەنلىرى قىزىۋاتقاندەك، كۆڭلى تىنىمسىز ئارامسىزلىنىپ يۈرەك رىتىمى تېزلىشىۋاتقاندەك بولۇپ، ئىچى تىتىلدىدى. شۇ دەقىقىدە كېچىچە كۆرگەن چۈشى ئېسىگە كېلىۋىدى، بەدەنلىرى تىكەنلەشكەندەك بولدى. قاسىمنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان گۇمانىي تۇيغۇسى ھەسسىلەپ كۈچەيدى.

ئاسمانني بۇلۇت قاپلىغان بولۇپ، ئاق-قارا رەڭدىكى ئارىلىشىپ كەتكەن بۇلۇتلار ئاسماننىڭ ھەممىلا يېرىدە چېپىپ يۈرەتتى. قۇياشمۇ خۇددى بۇلۇتلار توپى بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىشىۋاتقاندەك بىردە پارقىراپ چىقسا، بىردە بۇلۇتلار ئارىسىغا شۇڭغۇيتتى.

— ھەپىزخان، ھوي ھەپىزخان، قېنى سۇيۇڭ؟ — سامساق مۇدىر ئادىتى بويىچە، ھۇجرا ئۆيدىن چىقىپلا ئايالىنى تووۋلىۋەتكەندىن كېيىن، كارىدوردىن ئۆتۈپ، پېشايۋانغا ئۇدۇللاپ ياسالغان تال بارانىڭ ئاستىغا ئەمدىلا ئۆتۈشىگە، بىرىنىڭ: «ۋايجان!» دەپ ئەنسىز چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

سامساق مۇدىر يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ھويلا سىرتىغا چىقىۋىدى، كۆز ئالدىدا زاھىر بولغىنى، دەرۋازا تۈۋىدىكى جىگدە كۆتىكىگە يانپاشلانغىنىچە پۇتىنى چاڭگالىغا ئالغان قاسىم بولدى. سامساق مۇدىر قارا كۆرپىلىك بۆرە ئىتىنىڭ رەھىمسىز ھالىتىدىن ئىشىنىڭ تېگىگە يەتتى. كەتمەن دەستىسى چوڭلۇقىدىكى، ئىككى مىتىرچە سۆگەت بادرىسىنى سۇغۇرۇپ ئالدى-دە، تېخىچە ھۆرپىيىپ تۇرغان ئىتقا قاراپ چالۋاقىغىنىچە يۈگۈردى:

— يوقال! ئاناڭنى غالجىر مۇناپىق، — سامساق مۇدىرنىڭ ۋارقىرىشىدىن چۆچۈگەن ئىت، ئۇنىڭ يان تەرىپىدىن شىپپىدە قىلىپ ھويلا ئىچىگە يۈگۈردى ۋە نەچچە ئون قەدەم سوكۇلداپلا يەنە توختىدى-دە، چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە ھۆرپىيىپ تۇردى، بۇ ھال سامساق مۇدىرنىڭ ئوغىسىنى نەچچە ھەسسە قايناتقانىدى، ئۇ ئىتقا ئېتىلىپ كەلگىنىچە قولىدىكى كالتەكنى زەربە بىلەن چۆرىدى.

— ۋايجان!...

سامساق مۇدىرنىڭ كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ، ئارقىدىن قىزىللىققا تىقىلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. يېنىدا ئايالى ھەپىزە خىرقىراپ ياتاتتى. سامساق مۇدىر ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. ئەسلىدە يولدىشى ئۈچۈن سۇ تەييارلاپ ھويلىغا چىققان ھەپىزە، ئۇنىڭ سىرتقا ماڭغىنىنى كۆرۈپ ئارقىسىدىن بىللە چىققان ھەمدە سامساقنىڭ ئىتنى زەخمىلەندۈرۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى توسۇۋېلىش ئۈچۈن يېنىغا بارغانىدى. بىراق، سامساق مۇدىرنىڭ چاقماق تېزلىكىدىكى ھەرىكىتى ھەپىزەنى ھەش-پەش دېگۈچە يەرگە يىقىتتى. زەردە بىلەن ئۇرۇلغان كالتەك، ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن چەتكە ئالغان ئىتنىڭ ھالقىپ، ئەمدىلا يېنىغا ئاياغ باسقان ئايالى ھەپىزەگە تەگكەنىدى. ھەپىزەنىڭ پېشانىسى يېرىلغان بولۇپ، يېرىقتىن توختىماي قان چىقىۋاتاتتى. سامساق مۇدىر ئايالىنى يۆلىمەك بولۇپ ئەمدىلا ئېڭىشىشىگە، ئۇقتەك ئېتىلىپ كەلگەن ئىت ئۇنىڭ يانپىشىدىن قاماللاپ ئالدى.

— ۋاي...جان...

سامساق مۇدىر چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن بولۇپ، توختىماي ھاسىرايتتى، ئەتراپقا ئەندىكىشلىك قارايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يولدا ئەمەس، بەلكى ئۆيدە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىنلا كۆڭلى خاتىرجەملەندى. كۆز ئالدىدا سۆيۈملۈك ئايالى ھەپىزە تۇراتتى.

— دادىسى، ئۆزلىرىگە نېمە بولدى؟ — ھەپىزە يولدىشىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، — مەن لۆڭگە ئەپكىرەي، يۈزلىرىنى سۈرتۈۋالسىلا...

سامساق مۇدىر قاباھەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغىنىچە قايتا ئۇخلىيالمىغان، ھېلىتىن بىرى چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىرەر كېلىشمەسلىك بولىدىغاندەك كۆڭۈل غەشچىلىكىدە تۇرغانىدى.

«چۈشۈمدە كۆرگىنىم مۇشۇ ئىشمۇ نېمە...، — سامساق مۇدىر قاسىمنىڭ كەنت ئاشخانىسىدا قازا قىلغىنىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلدى،— كەنت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بىر مۆمىن بەندىنىڭ كەنتتە قازا قىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئۇ يا كەنتنى باقمىسا، ئۆز ئۆيىدە قازا قىلماي، نېمە دەپ كەنتتە...»

سامساق مۇدىر ئەنە شۇنداق ھەيرانلىق ۋە گاڭگىراش ئىلكىدە، موتوسىكلىتىنى ئوت ئالدۇرۇپ كەنتكە قاراپ يول ئالدى.

كەنت ئىشخانىسى ئالدىدا مۈگدەپ ئولتۇرغان ھېلىم ئاشپەز دەرۋازىنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازىدىن كۆزىنى ئاچتى، ئىرەنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى-دە، پايپاسلىغىنىچە سامساق مۇدىرنىڭ ئالدىغا كەلدى، قول قوۋۇشتۇرغىنىچە ئېگىلىپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— سا..سام... سامساق مۇدىر، كەلدىلىمۇ؟

— ھەئە، — دېدى سامساق ھېلىم ئاشپەزنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە تەئەججۈپ بىلەن قاراپ، — كۈن چۈشتىن ئۆتكەندىمۇ ئىشكلىنى

ئەتمەي نېمىش قىلىۋاتىسىلەر بۇ يەردە ؟!

— شۇ...شۇ... سىدىق... سىدىق زىندۇينىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئىشلەك... ئىشككە قاراپ.

— ئىشككە قاراپ؟ نېمىگە ئەمدى، ئىشكنى بىرى ئوغرىلاپ كېتەمدىكىنا؟

تام ۋە ياغاچلىرى كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن، بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان زەيكەش ئىشخانا سوراق مەيدانىغا ئايلانغان بولۇپ، ساۋۇتخان ئاغزى-بۇرنى قانغا بويالغان ھالدا ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لىم تۈۋرۈك يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قولى جەگە ياغاچقا ئورنىتىلغان تۆمۈر زەنجىرگە باغلانغان بولۇپ، ماموت پەش، راخمان كولدۇ، خۇدابەردى دوختۇرلار قاسىمنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى، «ساۋۇتكام...ساۋۇتكام» دېگەن چۈشىنىكسىز سۆزلىرىنىڭ شاھىتلىرى سۈپىتىدە ئىشىك تەرەپتىكى رامنى بويلاپ قويۇلغان ياغاچ ئۈستىدە ئولتۇرۇشاتتى. سىدىق گۇپپاڭ ساۋۇتخاننى سوراق قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

قاسىمنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى سۆزلىرىنى، ئۇنىڭ ئىقرارنامىسى، دەپ بىلگەن سىدىق گۇپپاڭ قاسىمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ساۋۇتخان قورۇسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ساۋۇتخاننى كەنتكە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، سوراقنى باشلىۋەتكىنىگە ئالاھازەل بىر ئاش پىشىمچە بولۇپ قالغانىدى.

ئىككىلىك چوڭلۇقتىكى تاسما قامچىنى ساۋۇتخاننىڭ كۆزىگە شىلتىپ تۇرۇپ ھەيۋە بىلەن سوراق قىلىۋاتقان سىدىق گۇپپاڭ، تەلەتى سۆرۈن كىرىپ كەلگەن سامساق مۇدىرنىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرىغا قاراپ داڭ قاتتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— بۇ نېمە ئىش. كۇپكوندۇزدە ئېغىز-بۇرۇن يېرىشقۇدەك زادى نېمە ئىش بولغانىدى. ئاڭلىسام قاسىم قازا قىپتۇ، بۇ راستمۇ ؟

— راست مۇدىر، — سىدىق گۇپپاڭ سامساق مۇدىرغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ شۇنداق دېدى ۋە يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن مۇدىرنىڭ قۇلىقىغا

يىچىرلاپ تۇرۇپ داۋام ئەتتى، — قاسىم ئاش - ئوزۇق يوشۇرۇشقا چىتىلىپ قالدى، سوراق جەريانىدا كونا كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ...، شۇڭا... شۇڭا، — سىدىقنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئىچىدىن چىقمايتتى، ئىشنىڭ تېگى-ماھىيىتىنى بىلىپ بولغان سامساق مۇدىر ئۇنىڭ ئاخىرقى چۈشەندۈرۈشلىرىنى كۈتمەستىن سورىدى:

— نامىزنى چۈشۈرۈپ بولدۇڭلىمۇ ؟

— شۇنداق، سەھەر قاراڭغۇلۇقتا جان ئۈزگەنىدى، ئۆزلىرىگە ئادەم ماڭدۇرساق، ساقسىز بولۇپ قالغانلىقلىرىنى خەۋەر قىلدى، بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزلىرىنى مالال قىلىپ يۈرمەيلى، دەپ مەسلىھەت قىلىشىپ بامداتقا ئۇلگۇرتۇپ يەرلىكىدە قويدۇق، ھى...ھى..ھى..

— ئۇنداقتا، ساۋۇتخانغا نېمە بوپتۇ؟

— ئاشلىق يوشۇرۇپتۇ مۇدىر، ئاشلىق يوشۇرۇپتۇ، — سىدىق گۇپپاڭ ئېگىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ۋە سۇس ھىجايغىنىچە سامساق مۇدىرنى ئۇستەلگە باشلىدى، — قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە مۇدىر، — ھى...ھى...ھى...

— ئاشلىق يوشۇرۇپتۇ ؟! بۇنى كىمدىن بىلدىڭلار ؟!

— قاسىم گالۋاڭدىن. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ساۋۇتخاننىڭ ئىسمىنى ئۈچ قېتىم تىلغا ئالدى...

سامساق مۇدىر سىدىق گۇپپاڭنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي بىلگەندىن كېيىن، ساۋۇتخانغا مەنىلىك ھەم مەسخىرىلىك تىكىلدى.

— بۇنىڭ ھەممىسى تۆھمەت. قېنى كىم گۇۋاھ ؟ ئاشلىق يوشۇرغىنىمنى كىم كۆرۈپتۇ ؟ قېنى كىم ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؟ — ساۋۇتخان سامساق مۇدىرغا يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە نەپرەت بىلەن تىكىلدى، — سىلەر يېڭىلىشىۋاتىسىلەر.

سامساق مۇدىرنىڭ نەزىرى سىدىققا ئاغدۇرۇلۇۋىدى، ئۇ تۇرالماي قالدى، شۇئان زۇۋان سۈردى:

— قىلچە يالغىنى يوق. بۇنىڭغا بىز ۋە خۇدابەردى گۇۋاھ، — سىدىق

ئىشىك يېنىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان خۇدابەردىگە قادىلىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — بىزنى تۆھمەت قىلدى دېگەندە، خۇدابەردىنىڭ گېپىنى قانداق چۈشەنگۈلۈك، ئۇمۇ قاسىمنىڭ ئىقرارىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان تۇرسا.

شۇ تاپتا خۇدابەردىنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىگىمۇ ئېنىق بولمىغان بىر چىگىش خىيال: «قاسىمنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا، ساۋۇتخاننىڭ ئىسمىنى ئۈچ قېتىم تىلغا ئالغىنى راست. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى ئاشلىق يوشۇرغان دېيىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. ساۋۇتخاننىڭ قاسىم ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرى كۆپ، بەلكىم ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن كۆپ شەپقەت ياغدۇرغان، باشپاناھ بولغان بۇ زاتى-نىجاتكارىنى ئاخىرقى قېتىم ياد ئېتىپ، ئاخىرقى تىنىقىدا بىر كۆرۈۋېلىش ئىستىكى بىلەن ئىسمىنى تىلغا ئالغان بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا ئۇ ئۆزىگە نان بەرگەن ئادەمنىڭ ساۋۇتخان ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىماقچى بولسا ئاخىرقى تىنىقىدا ئەمەس، بەلكى دەسلەپتىكى تاياق زەربىسىدىلا ئىقرار قىلغان بولاتتى. ئۇ چاغدا ئازابلانمىغان، جۇملىدىن هاياتىدىن ئايرىلمىغان بولاتتى. يەنە كېلىپ قاسىم گەرچە باشقىلاردەك، كىشىلەرگە غەزەپلىنىش ۋە نەپرەتلىنىشنى، ئۈچ-ئاداۋەت تۇتۇشنى بىلمىسىمۇ، كىشىلىك ئەخلاق، ۋىجدان، غۇرۇرنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈچىلىكى، ياخشى-يامانىنى پەرقلەندۈرگۈچىلىكى بار ئادەم. ئۇنىڭ ئاخىرقى تىنىقىدا ئۆز ۋىجدان، ئەقىدىسىگە خىلاپ هالدا ئىقرار قىلىشى مۇمكىنمۇ...» دېگەنلەر ئىدى.

خۇدابەردى ئەنە شۇنداق چىگىش خىياللار قاينىمىدا، سىدىق گۇپپاڭنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان شەپقەتسىز كۆزىگە يەر تېگىدىن قارىدى. شۇ ئەسنادا سىرتتا غوۋغا كۆتۈرۈلدى. بۇ هېلىم بىلەن مەرەمخاننىڭ ئاۋازى بولۇپ، تۇتۇپ كېتىلگىنىگە خېلى بىرمەھەل بولۇپ قالغان بولسىمۇ خەۋىرى بولمىغان قەدىناسىدىن ئەنسىرەپ يېتىپ كەلگەن مەرەمخان كەينى قورۇسىغا ئەمدىلا ئاياغ بېسىشى هېلىمنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، ئورۇنسىز قارشىلىققا رەددىيە بەرگەنىدى.

— ...

— مېنى كىرگۈزۈۋەت، غالچا...

— كىرگۈزمەيمەن، رۇخسەتسىز كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ.

— كىرگۈزمەيمەن؟! ئۇخلاپ چۈشۈڭ، ساۋۇتخاننىڭ قېنىنى ئىچىشمەكچىمىدىڭ تويمىغۇرلار.

مەرەمخان ئانا بىلەن ھېلىم ئاشپەز تالاش-تارتىش قىلاتتى. مەرەمخان ئانا ئىشخانا تەرەپكە ماڭاتتى، ھېلىم مەرەمخان ئانىنى قورۇدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولاتتى. شۇ ئەسنادا سامساق مۇدىر كەنت ئاشخانىسىدىن چىقىپ كەلدى.

— بولدى كىرگىلى قوي، — دېدى سامساق مۇدىر مەرەمخانغا كاندەك يېپىشۋالغان ھېلىمنى گەجگىسىدىن تارتىپ، — ئۆتە بۇياققا، كىرگىلى قويمىغانلىق بىلەن ئىش ھەل بولامتى-يە،— ھېلىم يېلى چىققان توپتەك بوشاپ قالدى. سامساق مۇدىر ھېلىمغا نەپرەتلىك تىكىلگەندىن كېيىن، نەزىرىنى مەرەمخان ئانىغا ئاغدۇردى-دە، ھىجايغىنىچە، — قېنى ئىچكىرىگە ئۆتسىلە، — دېدى.

يولدىشىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرگەن مەرەمخان ئانا زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. شۇتاپ سىدىقنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغۇسى، نەچچە كاچات سالغۇسى كەلدى-يۇ، يەنە قاسىم پاجىئەسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ جىمىپ قالدى. مىشىلداپ يىغلىغىنىچە ئىلتىجا قىلدى:

— ساۋۇتخان گۇناھسىز، ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار، قويۇپ بېرىڭلار.

— پەقەت ئاشلىقنى نەگە يوشۇرۇپ قويغانلىقنى ئېيتسىپ بەرسىلا قويۇپ بېرىلىدۇ، — دەيتتى سىدىق.

— ھەممە بىساتنى ئېلىپ كەتسەڭلارمۇ، ساۋۇتخاننى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار، — مەرەمخان ئانا ھۆڭگىرەپ يىغلايتتى، — ساۋۇتخان ئامان قالىدىغانلىكى ئىش بولسا ھەممىنى ئېلىپ كېتىڭلار، ھەممىنى...

ساۋۇتخاننىڭ ئاشلىق ئورىسىدىكى بۇغداي، شال، قوناق بولۇپ جەمئىي سەككىز تاغار ئاشلىق، بىرەر تال دانىنمۇ قالدۇرماي پاك - پاكىز

ئېلىپ كېتىلدى.

ئىلگىرى ئاش-ئوزۇقتىن غەم قىلماي، كوپېراتسىيەنىڭ بەرگەن نورمىلىۇق ئېشىغا تىقىپ قويغان زاپاس ئاشلىقنى قوشۇمچە قىلىپ، يىلىكى توق ئۆتۈپ كەلگەن بالىلارمۇ، ئەمدىلىكتە چۆمۈچ بىلەن كەملەپ بەرگەن تاماقتا يە ئاچقا، يە توققا ھېساب بولماي ئەلەڭ-سەلەڭ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۆيدىكى ئالتە جان ئادەم داش قازاننىڭ ئېشىغىلا قاراشلىق بولۇپ قالغانىدى.

«تويۇنۇپ بوغۇز يەپ كۆنگەن ئات، بوغۇزدىن تارتىلسا بېشى ساڭگىلاپتۇ» دېگەندەك، سالى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە يامانلىششقا قاراپ يۈزلەندى. بولۇپمۇ سالىنىڭ چوڭ ھەدىسىنىڭ تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈشى بۇ ئائىلىدىكىلەرنى گاڭگىرىتىپلا قويغانىدى. ساۋۇتخان نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بېشى قاتتى. مەرەمخان بولسا قىزى ماھىرەنىڭ كۈندىن-كۈنگە سارغىيىپ كېتىۋاتقان يادىڭغۇ، خۇنۇڭ چىرايىغا قاراپ كۆنبويى مىشىلداپ چىقاتتى.

ماھىرەنىڭ يېزا دوختۇرخانىسىدا ياتقىنىغا توپتوغرا 25 كۈن بولغانىدى. ئۇنىڭ سەھەر سوبھىدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشى دوختۇرخانا ئىچىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. مەرەمخان ئانىنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقىنىچە:

— قۇتقۇزۇڭلار!... قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىشى يانىدىكى ياتاقتا بىمارلارنى تەكشۈرۈۋاتقان سېستىرالارنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، دوختۇرلار ماھىرەنىڭ يۈرەك رىتىمى ۋە قان بېسىمىنى ئۆلچەپ كۆرگەندىن كېيىن، ئەھۋالىنىڭ جىددىيلىكىنى ئېيتتى ۋە بىمارنى دەرھال ئايرىم كېسەلخانىغا يۆتكەپ قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ساۋۇتخان بىلەن مەرەمخان ئانا كېسەلخانىنىڭ ئىشىكىگە بويۇندىغىنىچە كۆز يېشى قىلاتتى.

— دوختۇر، بالىنىڭ ئەھۋالى، — ساۋۇتخان نەچچە سائەتتىن كېيىن كېسەلخانىدىن سىرتقا چىققان دوختۇردىن قىزىنىڭ ئەھۋالىنى

سوراپ ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشىغا، دوختۇر:

ــ ئەنسىرىمەڭ تاغا، بىز بار ئامالىلارنى قوللىنىپ بالىنىڭ خەتەردىن ئۆتۈپ كېتىشىگە كۈچەيمىز، ھازىرقى ھالىتى ئاساسەن تۇراقلىق، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

نەچچە سائەت نەچچە كۈندەك بىلىنەتتى. مەرەمخان ئانىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغىسى كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىيتتى.

كۈتۈش ئىنسان ھاياتىدىكى سەۋر-تاقەت ئەڭ مۇجەسسەملەنگەن مىنۇتلار يىغىندىسى، ئۇنىڭ ھەربىر دەقىقىسى ئەڭ شېرىن ياكى ئەڭ قاباھەتلىك خىياللار خاتىرىسى بىلەن تولغان بولۇپ، ۋىسال سۆيگۈسىگە تەشنا بولغۇچىلارنىڭ ئۆز مەبۇدىسىنى ساقلاش يولىدىكى كۈتۈش شېرىن ئەسلىمىلەر بىلەن تولغان بولسا، ئەزرائىل چاڭگىلىدا جان تالىشىۋاتقان بىراۋنىڭ قايتا يورۇقلۇققا ئېرىشىشىگە تەشنا بولغاندىكى كۈتۈش قاباھەتلىك ۋە قورقۇنچلۇقتۇر.

ساۋۇتخان ئەر-ئايال سۆيۈملۈك پەرزەنتى ماھىرەنىڭ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىشنى بىر سوتكىدىن ئارتۇقراق كۈتكەن بولۇپ، مۇشۇ دەقىقىدىكى بىر سوتكا ئۇلار ئۈچۈن بىر يىلدىنمۇ ئارتۇق بىلىنگەنىدى.

ــ قىزىڭىز ھوشىغا كەلدى، ــ دوختۇرنىڭ بۇ سۆزى ساۋۇتخانغا غايىبتىن كەلگەندەك بىلىنىپ كەتتى، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ھېلىتىن ئۆزىگە قىزىنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىك خەۋىرى بېرىپ قويۇپ، تېخى نەچچە قەدەملا ماڭغان دوختۇرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى-دە:

ــ دوختۇر ئېپىتىڭە، قىزىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ــ دەپ قايتىلاپ سورىدى.

ــ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتىمغۇ. خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، بىراق... ــ دوختۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، ــ قالدى گەپنى سەل تۇرۇپ دېيىشەيلى. مەن يەنە ئوپېراتسىيەگە كىرىمەن، تەييارلىق قىلمىسام بولمايدۇ.

«بىراق؟!...»، ساۋۇتخاننىڭ ۋىللىدە يورۇغان كۆڭلى يەنە قاراڭغۇلاشتى. «خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى» دەپ ئارقىدىن يەنە «بىراق...» دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېچىگە يۇتقىنى نېمىسى؟ قارىغاندا ماھىرەنىڭ كېسىلى يېنىك ئەمەس، ئەمما مەن بۇ ئەھۋالنى مەرەمخانغا بىلدۈرمەسلىكىم، ئۇنى بىردەم - يېرىمدەم بولسىمۇ خاتىرجەم قىلىشىم كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇ...

— ھازىر دوختۇر بىلەن پاراڭلاشقاندەك قىلىشىدىڭىز، نېمە دەيدۇ؟ — ساۋۇتخان ئايالىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى. دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سەل دۇدۇقلىدى:

— ھە، دوختۇر...دوختۇر شۇ بالىنىڭ ئەھۋالى ياخشى، خەتەردىن ئۆتۈپ كەتتى دەيدۇ، — ساۋۇتخان ئايالىنىڭ قولىدىكى تاماق قاچىسىغا قول سوزۇپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — قولۇڭلار تېلىپ كەتكەندۇ، ئەكېلىڭلار قاچىنى مەن ئالاي.

— بولدى، مەن تۇتۇپ تۇراي. ئۆزلىرى دوختۇردىن بالىغا تاماق بەرسەك بولىدىغان - بولمايدىغىنىنى سوراپ كەلسىلە.

— ماقۇل.

ساۋۇتخان ماھىرەنىڭ مەسئۇل دوختۇرى ئولتۇرغان ئىشخانا ئالدىغا كېلىپ تۇرۇشىغا مەسئۇل دوختۇر سىرتقا چىقىپ كەلدى ۋە ساۋۇتخاندىن:

— تاغا، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ماھىرەگە تاماق بەرسەك بولامدۇ - يوق؟ بىلىپ باقاي دەپ كەلگەن، — دەپ جاۋاب بەردى ساۋۇتخان.

— سەل تۇرۇپ بىمارنى ئەسلىدىكى ياتاققا يۆتكەيمىز، تاماقنى شۇ چاغدا بېرەيلى، ئەمما سۇيۇق - سەلەڭ بولسۇن. مەسىلەن، شورپا، چۆپلەرنى نېپىز يېيىلىپ، ئىنچىكە كېسىلگەن سۇيۇقئاش دېگەندەك، — دوختۇر ساۋۇتخاننىڭ دولىسىغا يېنىك ئۇرۇپ قويدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ، — شۇنداق قىلساق قانداق تاغا؟ — دېدى.

— ماقۇل، ماقۇل دوختۇر، رەھمەت، مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، — ساۋۇتخان ئىككىلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، ئارقىچىلاپ نەچچە قەدەم ماڭدى-يۇ، يەنە كۆڭلىگە كەچكەن بىر ئىش بىلەن ئورنىدا شىپپىدە توختاپ، دوختۇردىن ئالدىراپ سورىدى، — بالىغا شورپا بەرسەك بولامدۇ دوختۇر؟

— ھەئە، بالىدىكى ئاساسلىق دەرد ئۆپكىدە، بەدىنىنىڭ ئاجىزلىقىدىن، قۇۋۋىتىنىڭ كەملىكىدىن بولغان دەرد، بۇ خىل كېسەلنى يەرلىك تىلدا «نامراتلىق كېسىلى» دەيمىز ئاتايمىز. مۇمكىن بولسا قانچە ئوبدان غىزالانسا شۇنچە ياخشى، بىر نۇقتىغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، تاماقنىڭ مىقدارىنى بىر قېتىمدىلا ئاشۇرۇۋەتمەي، ئاز-ئازدىن پات - پات بېرەيلى...

دوختۇر خېلى كۆپ گەپلەرنى دەپ، ئېزىپ ئىچكۈرگەندىن كېيىن كېتىپ قالدى. ساۋۇتخان دوختۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىدە قالغىنى بويىچە مەرەمخانغا سۆزلەپ بەردى.

ماھىرە ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە دوختۇرخانىدىن ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىندى. ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى دوختۇرخانىدا خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغاندەك بولسىمۇ، ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ نەچچە كۈن بولا - بولمايلا يەنە كۈچىيىپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇ، ھەر يۆتىلىشىدە ئاغزىدىن قان ياندۇراتتى. توختىماي ھاسىراپ-ھۆمۈدەيتتى. مەرەمخان ئانا قىزىنى باغرىغا بېسىپ كۈنبويى دېگۈدەك يىغلاپلا چىقاتتى. ساۋۇتخان ئايالىنىڭ يىغىسىغا پەقەتلا چىداپ بولالمىدى. ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەكلىكى نەرسىلەرنى سېتىپ قىزى ئۈچۈن يېمەكلىك ۋە دورا-دەرمەك سېتىۋالدى، قولىقى ئاڭلىغانلىكى تېۋىپلارنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلدى. بىراق، بۇ ھال ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى...

بارلىق ئامالالار بىلەن كۆپ كۈچىگەن بولسىمۇ، قىزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئاجىز كەلگەن ساۋۇتخان ئەر - ئايال ئېغىر ئەلەم ۋە ئازاب-

ئوقۇبەت ئىچىدە قىزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تاماملىدى...

ئەينى مەزگىلدە ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تازا ئاڭقىرالمىغان سالى، ئاتىسىنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىدىن ئەجەبلىنىپ قالغان، كېيىن ئانىسى مەرھەمخاننىڭ ئاغزىدىن بۇ كۈلپەتلەرنى ئاڭلىغىنىدا سىدىق گۇپپاڭ، مامۇت پەش، راخمان كولدۇ دېگەنلەرگە غەزەپلەنگەن، «ھەممە ئوخشاش بىر ئادەم تۇرۇپمۇ نېمىشقا بىر ـ بىرىگە شۇنچە قىلىپ كېتىدىغاندۇ ؟ ئادەم بالىسىمۇ شۇنچە ئەسكى تۆرىلىپ قالغان بارمۇ؟...» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالغانىدى. بىراق ئۇ، ئاتىسىنىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تېگى-تەكتىدىن چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. شۇنداق ئىكەن، شۇ قېتىمقى سۈپۈرۈپ تازىلاش دولقۇنىنىڭ، ئائىلىسىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن تۈگىمەس ئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى قانداقمۇ خىيال قىلالىسۇن دەيسىز؟!

## 6

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. سالى خېلى بويي تارتىپ يىگىتلىك مۇقامىغا يېتىپ قالغان بولۇپ، قائىدە-يوسۇن، ئىلىم ـ ئېرپانلاردىمۇ كۆپ ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، ياخشى-ياماننى ئوبدان پەرق ئەتكۈچىلىكى بار بولۇپ قالغانىدى. ھەئە، سالى ھازىر تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تاماملىغان بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ياشلىق بوسۇغىسىغا ئاللىبۇرۇن قەدەم باسقان، گويا پىشقان ئادەملەردەك يېتۈك تەپەككۇرغا ئىگە بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنلۈك دەرس تولىمۇ ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتكەن سالى، سىنىپ مەسئۇلىنىڭ «قايتساڭلار بولىدۇ» دېيىشى بىلەن سىنىپتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى-دە، ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. زاۋالغا يېقىن ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. پېشايۋان ئاستىدىكى شىرداق سېلىنغان سۇپا ئۈستىدە، قىرلاپ قويۇلغان تەكيىگە جەينەكلىگىنىچە ھۆمۈدەپ ئولتۇرغان ئاتىسى

ساۋۇتخاننى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئالدىغا باردى.

— ئاتا، كۈن ئولتۇرغاندىمۇ سىرتتا يېتىپسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ ئاتىسىغا تىكىلىپ. ئاتىسىنىڭ تاتارغان سولغۇن چىرايىغا قاراپ سالىنىڭ ئىچى سىيرىلدى. «بىچارە ئاتام بالا كۆيۈكى تارتىپ كەتتى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگىنىچە، تىزىچىلاپ سۇپا ئۈستىگە چىقتى. ئۆزىنى ئاتا باغرىغا ئاتتى. كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا:

— جېنىم ئاتا، تولىمۇ ئازاب چەكتىلە، كەمىنىلىرى بىر ئوغۇل زاتى تۇرۇقلۇق سىلىدىن خەۋەر ئالالمىدىم، — دەپ ھەسرەتلىك مۈڭلاندى.

— ئۇنداق دېمە ئوغلۇم، سەن ھازىر ئوقۇغۇچى. ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ تىرىشىپ ياخشى ئوقۇش. سېنىڭ ئىلىم- مەرىپەت، ئەدەپ - ئەخلاق جەھەتتە كامال تېپىشىڭنىڭ ئۆزىلا مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەختتۇر، — ساۋۇتخان ئوغلىنىڭ مايسىدەك يۇمران يۈزىنى يوغان، ئەمما جانسىز ھەم تىترەڭگۈ قوللىرى بىلەن ئالقانلاپ سىلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېۋىدى، سالىنىڭ ۋۇجۇدىدا يېقىملىق ھەم ھارارەتلىك بىر سېزىم پەيدا بولدى. بۇ ھەرقانداق بىر تەسەللى ۋە ۋەز-نەسىھەتلەردىن پەيدا بولىدىغان قەلب ئۆزگىرىشىدىن نەچچە ئون ھەسسە كۈچلۈك بىر سېزىم بولۇپ، تاشنى يارىدۇ دېگۈچىلىكى بار ئىدى. سالىنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىرى سىرغىدى.

— كۆز يېشى قىلما. دىدارلىشىش خۇشاللىنىشقا تېگىشلىك خاسىيەتلىك ئىشتۇر، يەنە كېلىپ سەن دېگەن بىر ئەركەك. بىزدە، «يىغا ئەرگە ياراشماس» دېگەن گەپ بار، ئوغۇل بالىنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلسە ئوغۇل بالىغا ئوخشىماي قالىدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن مەسئۇلىيەتچان، جاسارەتلىك بولۇشى، ئىرادە، نىشان بويىچە ئۇلۇغۋار مەقسەتلەرنى روياپقا چىقىرىش يولىدا ئىزدىنىشى، ھە دېسىلا كۆزىگە ياش زورلاپ، ئازغىنا مۇشكۇلاتتىن خۇدىنى يوقىتىپ قويماسلىقى، ئەل-ئاۋام ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ھەرقانداق ئىشقا مەردانىلىك بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالىشى، باشقىلار ئۈچۈن ھىممەت كۆرسىتەلىشى كېرەكتۇر...

ساۋۇتخاننىڭ سۆزلىرى سالىنىڭ گۆدەك قەلبىنى يورۇتتى. كۆڭلى يامغۇردىن كېيىنكى قۇياشتەك ۋىللىدە ئېچىلىپ كەتتى. غىل-پال قىزىرىشتىن كېيىن، يۈزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

— چۈشەندىم. ئەسلىدە يىغلىماقچى ئەمەس ئىدىم، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. نېمىشقىكىن-تاڭ، كۆز ياشلىرىم چىقىپ كەتتى، — دېدى سالى ئاتىسىنىڭ مىسكىن چىرايىغا سىنچىلاپ قارىغاچ.

ساۋۇتخان خېلىلا ياداپ قالغان بولۇپ، يۈز گۆشلىرى شىراپ، قاڭشىرى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى قوۋۇزى چۆككەن، قامەتلىك بوي-بەستىمۇ كىچىككىنە بولۇپ قالغان، تاتىراڭغۇ ھەم يىرىك قوللىرىدىكى كۆپكۆك تومۇرلار كۆپۈشۈپ چىققاندى.

سالى ئاتىسىنىڭ قولىنى يېنىش - يېنىشلاپ سىلىدى. شۇ تەرىقىدە كۆڭۈل ئېكرانىدا ئانىسى سۆزلەپ بەرگەن ئاشۇ مۇدھىش خاتىرىلەر قايتا نامايان بولۇۋىدى، كۆڭلى يەنە مەيۈسلەندى.

«لەنتىلەر ھەممىسى سەنلەرنىڭ زۇلۇمىدىن بولغان. خۇدا ھامىنى بىر كۈنى سەنلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىدۇ.»

— نېمىنى خىيال قىلىپ كەتتىڭ؟ — دېدى ساۋۇتخان ئوغلىنىڭ غەمكىن چىرايى، بىر نۇقتىغا تىكىلگەن نەپرەتلىك كۆزلىرىگە قاراپ.

— ھېچنېمىنى، — سالى ھودۇقنىنچە خىيالىنى يىغىپ ئاتىسىغا مەنىلىك تىكىلدى.

— ئۇنداقتا ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، — دېدى ساۋۇتخان سۇس كۈلۈپ ۋە ئوغلىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ داۋام ئەتتى، — ئوقۇشنى غەلبىلىك تاماملاپ كەلگەنسەن؟

— غەلبىلىك تاماملىدىم ئاتا، يەنە تېخى يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئىمتىھانىنىمۇ بېرىپ قويدۇم.

— يارايسەن ئوغلۇم، يۇقىرىلاپ ئوقۇشقا تىرىشلاتقىنىڭ بەكمۇ ئوبدان بوپتۇ. بىلىم خورىماس بايلىقتۇر، ئۇ ئىنسانغا مەڭگۈلۈك ھەمراھ. بىلىمنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. بىلىملىك كىشى ھېچقانداق بىر

جەمئىيەتتە خارلانمايدۇ، ئالتۇندەك جۇلاسى بىلەن ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، مەڭگۈلۈك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ ئىشنى بەكمۇ توغرا قىپسەن، ئوغلۇم.

ساۋۇتخان ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولدى. ئالدىنقى قېتىم ئۇ مەكتەپكە ئوغلىنى يوقلاپ بارغىنىدا، سالىنىڭ: «ئاتا، ئەمدى مەھەللىگە قايتىپ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، سېنىڭ يۈكۈڭنى يەڭگىللىتەي» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ،كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولۇپ كەتكەن، خېلى كۆپ چۈشەندۈرۈپمۇ ئۇنى قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن، ئوبدانراق ئويلىنىپ ئاندىن بىر قارارغا كېلىشنى تاپىلاپ يېنىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۈچ ئايچە ۋاقىتتىن بېرى ساۋۇتخاننىڭ كۆڭلى ئوغلىنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇشقا رايى بارمىغانلىق تۈپەيلى غەش بولۇپ كېلىۋاتاتتى، مانا بۈگۈن ئوغلىنىڭ بىمەنە خىياللىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆز نەسىھەتىگە كۆنگەنلىكىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى.

«ئاتا سۆزى مۇقەددەس، ئۇنى ئاڭلىماق، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماق ۋاجىپتۇر...»

ساۋۇتخاننىڭ كۆڭلى ۋىللىدە يورۇپ، قەلبى چوغ بولۇپ ياندى. ئىختىيارسىز پىسىڭىدە كۈلۈپ سالدى.

سالى ئاتىسىدىن ئانىسى بىلەن ھەدىسىنىڭ ئەتىگەنىدە دولقۇنغا چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن، مەھەللە دوقمۇشىدىكى ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، مەھەللە ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان كەنتكە تۇتاش يىلان باغرى يولغا قارىدى.

مەھەللىنىڭ ئاساسلىق ئېتىزلىقلىرى مۇشۇ يولنى مەركەز قىلىپ، جەنۇبتىن شەرققە سوزۇلۇپ قوشنا مەھەللىگە تۇتىشاتتى. بۇ يولنى باسماي تۇرۇپ سالىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يولدا ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. سالى غەرب تەرەپتىكى چەكسىز

يايلاقتا نەزەر سالدى. يايلاقنىڭ كۆز يەتكۈسىز ئۇ تەرىپىدە مەھەللىنى ئەگىپ ئېقىۋاتقان ئانا دەريا بار ئىدى. سالى كىچىكىدە چۆمۈلۈپ ئوينىغان، بۇ يۇرتنىڭ ھەربىر كىشى ئۈچۈن تولىمۇ تونۇش ۋە ئۆز ئانىسىدەك باغرى كەڭ، سۆيۈملۈك ـــ بۇ تۇپراقتا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىپ كەلگەن ئەزىم دەريانىڭ چەكسىز باغرىغا تويماي قارىدى. ئاستا ـ ئاستا پېتىۋاتقان كەچكى قۇياش دەريا ئوتتۇرىسىدا توختاپ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇۋاتقاندەك دەممۇدەم پەسلەۋاتاتتى، قۇياش بىردىنلا سۇدا ئېرىپ سوزۇلۇۋاتقاندەك كۆرۈندى، سۇ يۈزى قىپقىزىل چوغدەك تۇسكە كىرىپ تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل مەنزىرە نامايان بولدى. پەيدىنپەي قارىيىشقا باشلىغان چەكسىز ئۇپۇق ئۈستەڭ لېۋىنى سۇ ئالۋۇنىدا قالغاندەك ھاياجانلىق مەنزىرە بىلەن جىلۋىلەندۇردى. ئەتراپ ئاستا ـ ئاستا قويۇقلىشىۋاتقان قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆمۈلۈپ، كۆزدىن ئانچە يىراق بولمىغان مەنزىرىلەرمۇ پەرق ئەتكۈسىز ھالەتكە كىردى. مەھەللە تەرەپتىن قوي پادىلىرىنىڭ مەرىگەن، ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان، ئات، ئېشەكلەرنىڭ كىشنەپ ھاڭراشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

سالى ھويلىغا كىرىپلا، «يولدا ھېچكىمنىڭ كۆرۈنمىگەنلىكى» نى ئېيتتى ۋە ئاتىسىنى يۆلەشتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئوتتۇن ئەكىرىپ كاڭلىق ئوچاقتا ئوت ياقتى.

مەرەمخان بىلەن مايئۇر ئېغىر ياتقۇغا يېقىن قايتىپ كەلدى. مەرەمخان سالىنى كۆرۈپ ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى:

ـــ جېنىم بالام ! سالەم، ياخشى تۇردۇڭمۇ ئوغلۇم؟ ـــ ئانىنىڭ مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشكەن ياش سالىنىڭ يۈزىگە چۈشكەندە، سالىنىڭ يۈرەك باغرى گوياكى كۈچلۈك بىر نۇر تەپتىدە چوغلىنىپ يېنىۋاتقادەك، پۈتۈن بەدەنلىرى تېگى ـ تېگىدىن ئېلىنىپ، مۇسكۇللىرى ئاجراۋاتقاندەك بىر خىل شېرىن ھەم لەززەتلىك سېزىم ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئالدى.

ـــ ئانا، مەن سىلەرنى جاپادا قويدۇم! ـــ دېدى سالى ئانىسىنىڭ

ئاتەشتەك ئوتلۇق باغرىغا ئۆزىنى مەھكەم باغلاپ.

ئانا - بالا بىرھازا مۇڭ زارە قىلىشقاندىن كېيىن، كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ كېلىۋاتقان سىغىنىش پىغانى پەسكويغا چۈشكەندەك يېنىكلەندى. سالى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ، سالىمىنى ئىلىك ئېلىشنى تەقازالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ھەدىسى ماينۇرغا ئۆزىنى ئاتتى:

— ھەدە، جاپا چەكتىڭ، ئەسلى مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى سەن قىلدىڭ، — دېدى سالى ھەدىسىنىڭ چاك - چاك يېرىلغان قوللىرىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا.

سالى ھەدىسىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سەپسالدى. ئۇنىڭ چىرايى گويا مەرھۇم ھەدىسى ماھىرەنى كېيىپلا چۈشكەندەك ئىدى. ماھىرە سالىدىن ئون ياش چوڭ بولۇپ، سالى بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى، يەنى ئالتىنچىسى ئىدى.

ماھىرە بىلەن سالىنىڭ ئايرىلىقىدىكى تۆت پەرزەنتتىن ئىككىسى چاچراپ كەتكەن. ماينۇردىن چوڭ ھەدىسى بۈۋىمەريەم ئالدىنقى يىلى ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن، ھازىر بۇ ئۆيدە ساۋۇتخان ئەر - ئايالغا سالى بىلەن ماينۇر ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى. شۇ دەقىقىدە سالىنىڭ كۆز ئالدىدا بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن ۋاقىتسىز ۋىدالاشقان چوڭ ھەدىسى ماھىرەنىڭ سىيماسى ئەكس ئەتتى.

سالى كىچىكىدىن ھەدىسى ماھىرەنىڭ ھامىيلىقىدا ئويناپ چوڭ بولغانىدى. ھەدىسى تولىمۇ خۇش چاقچاق، كۆيۈمچان بولۇپ، سالىنىڭ ھەرقانداق بىر تەلىپىنى رەت قىلماي، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق ئاتا قىلىپ كەلگەنىدى. سالىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ سىرداش، ئەڭ يېقىن ئادىمىمۇ يەنىلا شۇ ھەدىسى بولۇپ، ھەدىسى يېنىدىلا بولسا ھېچنېمىدىن غەم يېمەيتتى، زېرىكىشلىك ھېس قىلمايتتى...

ئاشۇ ئىشلار سالىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغاچقىمۇ، ھەدىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئاغرىق ئازابىدىن ئەلەملىك ئىڭرىغان مىنۇتلىرىنى دائىم خىيال قىلاتتى. مانا ھازىرمۇ ئاشۇ دەقىقىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەنە شۇ دەقىقىدە سالى ھەدىسىنىڭ:

«ئۇكام، بىز ۋاقتىسىز ئايرىلىدىغان بولدۇق» دېگەن سۆزىگە، ھەدىسىنىڭ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان جانسىز بىلەكلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ھەدە، سەن چوقۇم ساقىيىپ كېتىسەن، بىز يەنە يايلاقتا ئوينىغىلى بارىمىز، ئېگىز دۆڭگە چىقىپ بار ئاۋازىمىز بىلەن قانغۇچە توۋلايمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن، ماھىرەمۇ تاتلىققىنا بىرنى كۈلۈپ سالىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ھەدىسىنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا يوشۇرۇنغان چوڭقۇر مەنىدىن قىلچىمۇ چۈشىنىش ھاسىل قىلالمىغان سالى، ئىشنىڭ تېگىگە تولىمۇ كېچىكىپ يەتكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ھەدىسىنىڭ ئاشۇ تاتلىققىنا سۆيۈشى ئادەتتىكى ئەركىلەتمە سۆيۈش بولماستىن، قېرىنداشلىق مېھرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ۋىدالىشىش، قىيالماسلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن شۇ دەقىقىدە ئىچ - ئىچىدىن قاتتىق ئازابلاندى. سالى ئېغىر خورسىنىش ئىچىدە پېشانىسىنى سىلىدى. ئۇنىڭ ئويىچە، پېشانىسىدە قېرىنداشلىق سۆيگۈ ئىزنالىرى ھېلىھەم مەۋجۇت ئىدى. ئۇ ئۇستازى ئاۋۇت دامولليىنىڭ: «ئادەمنىڭ ئۆلۈمى غايىب. رىزقى قاچان، قەيەردە تۈگىسە شۇ چاغدا باقىي ئالەمگە ئۇزايدۇ» دېگەنلىرىنى ئەسكە ئالدى، سۈكۈت ئىچىدە ئۇزاقتىن-ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ھەدىسىنىڭ ۋاقىتسىز خازان بولغان ھاياتىغا چوڭقۇر ئۇھسىندى.

«ئارمانلىرىنىڭ روياپقا چىقىشتىن تۈگۈل، ھايات بوسۇغۇسىدىن ئەمدىلا ئاتلاپ، ياشلىقىڭنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە قەدەم باسقىنىڭدا رىزقىڭنىڭ مۇشۇ چەت، ھەممە يەردىن نامراتلىق بۇسى چىقىپ تۇرىدىغان، يوللىرى ئوڭغۇل-دوڭغۇل، ئېگىز - پەس، كونا خارابە ماكاندا، يەنە كېلىپ ئاچارچىلىق ئىچىدە ئاخىرلىشىشى تولىمۇ ئادالەتسىزلىك بولدىغۇ...»

سالى ھەدىسىنىڭ ئاخىرقى تىنىقىدا قىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرىنى قىلچە چۈشەنمەستىن، كۆپرەك مۇڭدىشىپ، كۆپرەك ھەمراھ بولۇپ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېيتىشىلىشى تۈگۈل، پەرۋاسىزلارچە ئويۇن ئۈچۈن

سىرتلاردا چىپىپ يۈرگىنىنى خىيال قىلغىنىدا، كۆڭلى ئېغىر ھەسرەت ۋە نادامەت ئىلكىدە قاتتىق پۇچىلاندى. ئەمدىلا دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ھەدىسىنىڭ، بىر ئۆمۈر ئارزۇلىغان ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە ئۇلاشماستىنلا بىر كۈلكە بىلەن تېپىلىپ تۇنجۇققان ئادەمدەك بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئارمانلىرىنى تاشلاپ كېتىپ قىلىشى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ھار كەلگەنىدى.

سالى يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە ھەدىسىنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىرقانچە قېتىم ئايال ئوقۇتقۇچىلار دەرسكە كىرگەنىدە ھەدىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانلىق سەۋەب، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەنقىدىگىمۇ ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭ غەم-غۇسسىسىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي مەرەمخاننىڭ كەچلىك تاماق ئۈچۈن سەۋزە ۋە چامغۇر كۆكى سېلىپ تەييارلىغان يوبىدان ئېشى داستىخانغا ھازىر بولدى. ئاش گەرچە قورساق تويغۇدەك بولمىسىمۇ، ئىلگىرىكى چۆمۈچ بىلەن كەملەپ بەرگەنىدىن خېلىلا كۆپ ھەم تەملىك ئىدى. ھازىر بۇ يۇرتتا كوپىراتسىيە ئەزالىرىغا ئايلىق نورمىنى بىر قېتىمدىلا تەقسىم قىلىپ، ئائىلىدە ئېتىپ يېيىش يولغا قويۇلغىنىغىمۇ ئىككى يىلچە بولۇپ قالغانىدى. تاماق ئۈستىدە سالى ھەدىسى ماھىرە توغرۇلۇق يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقىدەك ئاشلىق ئۆيگە تارقىتىلغان بولسا، ھەدەم ئۆلۈپ كەتمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. ھەممىسى ئاشۇ سىدىق گۇپپاڭنىڭ ئەسكىلىكىدىن بولدى، — دېدى سالى كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا قولىدىكى ھېجىر چىنىنى داستىخان ئۈستىگە قويۇۋېتىپ .

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قايتا تىلغا ئالما،— دېدى مەرەمخان ئانا ساۋۇتخانغا كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويغاندىن كېيىن.

ساۋۇتخان قولىدىكى ياغاچ ئاياقنى تۇتقىنىچە غەمكىن ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئازاب ئىچىدە ئېغىر پۇچىلانغان يۈرىكى جانسىز ھەم

رىتىمسىز سوقۇپ، نەپسى بوغۇلۇۋاتقاندەك، ئىچ باغرىنى بىرى مۇجۇپ چالغىتىۋاتقاندەك كۆڭلى بىئارام بولغاندى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى قولىدىكى بىر تاۋاق ئاشقا تىكىلگىنىدە، كۆز نۇرى تېخىمۇ خىرەلىشىپ گىرەمسەنلەشتى. ئۇجمە ياغىچىدا نەپىس قىرىلغان ئايىاق ئىچىدىن قاسمىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى كۆرۈنۈپ، نالە-پەريادى ئاڭلىنىۋاتقاندەك سېزىم بولدى. ساۋۇتخان ئېغىر ئۇھ تارتتى.

«ھەممىگە مەن سەۋەبچى. ئاشۇ ئىككى زاغرىنى ساڭا بەرمىگەن بولسام، سەن ئۇ كۆنگە قالمايتتىڭ، ئۆلۈپ كەتمەيتتىڭ... بۇ ئالەمدىن تولىمۇ بالدۇر كەتتىڭ. ياراتقۇچى ئاللا ھەممىگە قادىر، سېنىڭ جېنىڭغا زامىن بولغان مۇناپىقلار گەرچە ھايات بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە مۇناسىپ ھالدا قانۇننىڭ تېگىشلىك جازاسىغا تارتىلدى. ئۇلار خەلقئالەم ئالدىدا، تەشكىل ئالدىدا جىنايەتكار، ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ھىممەتلىرى ئالدىدا خىيانەتكاردۇر. ئۇلار ئاللا ئاتا قىلغان كۈچ-قۇدرەت، ئەقىل-پاراسەتنى خەلققە پايدىلىق بولغان ساۋابلىق ئىشلارغا ئەمەس، خەلقنىڭ قان-تەرىنى شورايدىغان رەزىل ئىشلارغا سەرپ قىلغانلىقى، تەشكىلنىڭ پەرمانىدىن ھالقىپ، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىپ، يۇرتنى ئاستىن-ئۈستىن قىلغانلىقى ئۈچۈن جاجىسىنى يېدى. خەلقنى قاقشاتقانلار مەڭگۈ ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ...»

## 7

— شەھەرگە كىرىپ ھەدەمنى يوقلاپ چىقاي دەيمەن، — دېدى سالى جايىنامازنى قولتۇقلىغىنىچە پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدىن چۈشۈۋاتقان ئاتىسى ساۋۇتخانغا قول قوۋۇشتۇرۇپ ئەدەپ بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن.

— بولىدۇ بالام، بارساڭ بېرىپ كەل، مەن ساڭا ئادەم قوشاي، ئاتلىق ئاپىرىپ ئەپكەلسۇن. ھەدەڭگە سالىمىمىزنى يەتكۈز...

بۇۋىمەريەم ئالدىنقى يىلى كۈزدە مەھەللە ئاقساقاللىرىنىڭ ئەلچىلىكى بىلەن، ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق مەرھۇم قادىر موللاۋىنىڭ ئوغلى قۇربان داموللا ھاجىمغا ياتلىق قىلىنغانىدى. قۇربان داموللا قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەسىدە ئوقۇغان ئوقۇمۇشلۇق زات بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىدى.

سالى توي قىلغىنىغا بىر يىلچە بولغان بولسىمۇ كۆرۈشۈپ باقمىغان ھەدىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن تولىمۇ تەقەززا بولۇپ، ئەمدىلا بامدات نامازدىن چۈشكەن ئاتىسىغا ئۆز ئويىنى ئۇدۇللا ئېيتقانىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، مەھەللىدىكى بىرەيلەننىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاتلىق يولغا چىقىپ، چۈشكە يېقىن ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى دەڭگە ئاتنى قاڭتۇرغاندىن كېيىن، شەھەر مەركىزىگە قاراپ ماڭدى.

غەربتىن جەنۇبقا سوزۇلغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياپپېشىل سۆگەت دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرغان بولۇپ، سۆگەتلىكنى بويلاپ ئېلىنغان ئېرىقتا زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. سۆگەتلىكنىڭ يېنىدىكى ئىككى مېتىرچە بوشلۇقنى لىنىيە قىلىپ سېلىنغان ئاشپۇزۇل، دۇكان-سارايلار ئېگىزلىكى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلارلىق بولۇپ، يوللاردا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر خېلىلا كۆپ ئىدى. شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېگىز ياداڭلىقنى بويلاپ سېلىنغان ئولتۇراق ئۆيلەر كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

سالى يول باشچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككى چاقىرىمچە مېڭىپ، رەستىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقان ھەشەمەتلىك قورۇ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

— يېتىپ كەلدۇق. مەن قايتاي، ئىككى كۈندىن كېيىن، پېشىن ۋاقتى بىلەن سىزنى مۇشۇ قورۇ ئالدىدا ساقلايمەن، — دېدى يول باشچى سالىنىڭ دولىسىغا يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ.

تاملىرى ئېگىز قىلىپ قورشالغان قورۇ دەرۋازىسى تولىمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكى قىيا ئوچۇق بولۇپ، قورۇنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدە پېشايۋان تاملىرىغا ئويغۇر مىمارچىلىق سەنئىتىنىڭ مۇجەسسەملىرى چۈشۈرۈلگەن ئىككى قەۋەتلىك ھەيۋەتلىك ئىمارەت كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. سالىنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ كەتتى. دەقىقىلىك ئىككىلىنىشتىن كېيىن، يان ئىشىكنى چىڭ تۇتقىنىچە ئاستا ئىتتەردى.

«پاھ ! نېمىدېگەن ھەيۋەت، نېمىدېگەن قالتىس ئىمارەتلەر بۇ !»

سالى ھويلىغا قەدەم باستى-يۇ، گويا باشقا بىر زېمىنغا دەسسەپ قالغاندەك شۈبھىلەندى. ئۇ بۇنداق كاتتا ئىمارەتنى ئوڭدا تۈگۈل چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەتراپىتىكى ھەربىر گىياھ، تۇپراقمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك سىرلىق تۇيۇلاتتى. ھۇپپىدە ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. پاكىز ۋە ئازادە ھويلىنىڭ كۈنچىقىشتىن-كۈنپېتىشقىچە ئايلاندۇرۇپ ياسالغان پېشايۋان تولىمۇ ھەشەمەتلىك بولۇپ، تۈۋرۈك ۋە تورۇسلىرى ئىنچىكە نەقىشلەنگەنىدى. پېشايۋاننىڭ ئاستىدىكى سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان شىرداق ۋە گىلەملەر قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مېھمان، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى ؟

قاتتىق ھودۇققان سالى دەقىقە ئىچىدە خىيالىنى يىغىپ كەينىگە ئۆرۈلدى.

— ھەدە ! بۇ مەن.

— ئۇكام... جېنىم ئۇكام، — بۈۋىمەريەمنىڭ ۋۇجۇدىدا سېغىنىش ئىلكىدىكى ئوتلۇق بىر ھارارەت ۋىللىدە يالقۇنجىدى، — جېنىم ئۇكام، خويمۇ سېغىندىم سىنى، — ئۇلار بىر-بىرىنى مەھكەم قۇچاقلىدى، — سىلەرنى بەكلا سېغىندىم، — بۈۋىمەريەمنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلەتتى، — ئاتاملار ئوبدان تۇردىمۇ ئىنىم، ماينۇرچۇ، ئۇمۇ ئوبدان تۇرغاندۇ ؟

— ياخشى هەدە، ھەممەيلەن ئوبدان تۇردۇق، ئۇلار ساڭا سالام ئېيتتى.
— رەھمەت، ساڭا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئىنىم، قېنى ئۆيگە كىر، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.
بۇۋىمەريەم ئىنىسىنى مېھمانلىق ئۆيگە باشلاپ كىردى. داستىخان سېلىپ چاي كەلتۈردى. ئاتا-ئانىسى، يۇرت، ئەھلىمەھەللە توغرىسىدا ئەمدىلا ئېغىز ئېچىپ تۇرۇشى، بىرىنىڭ تونۇلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— بۇۋىمەرى، ۋوي بۇۋىمەرى، قېنى سەن؟!
— مانا مەن ئانا، — ھاشىرخانىنىڭ قوپال ئاۋازى بۇۋىمەريەمنى چۆچۈتكەنىدى. ئۇ ئورنىدىن ئالدىراپ- تېنەپ تۇردى-دە، سىرتقا قاراپ چاپتى، — مانا مەن ئانا، مېھمانلىقتا.
— ھە، چۈشلۈك تاماقنى راسلىماي، مېھمانخانىدا نېمە قىلىۋاتىسەن؟— ھاشىرخانىنىڭ چوڭ-چوڭ كۆزلىرى چەكچەيگەنىدى، — ھاجىمنىڭ ھۇجرىسىمۇ يېرىم سۈپۈرۈلۈپتۇ، — زادى قىلمىسا بولمايدىغان نېمە جىددىي ئىشىڭ بار ئىدى مېھمانخانىدا ؟
— ئىنىم سالىجان كەپتىكەن، شۇڭا...
ھاشىرخانىنىڭ سەتلا ئالىيىشى، بۇۋىمەريەمنىڭ گېپى ئىچىدە قالدى.
— نەدىكى ئىنىڭ ئۇ ؟! ئىلگىرى ئەجەب ئاڭلىماپتىكەنمىنا ؟...،— بۇۋىمەريەم نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە كوتۇلداپ مېھمانخانىغا ماڭغان ھاشىرخانغا ئەگەشتى. ھاشىرخان سالىغا سوغۇق نەزىرىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن، كىنايىلىك بىر تەلەپپۇزدا داۋام ئەتتى، — سالىجان دېگىنىڭ مۇشۇمۇ ؟! ئىنىم دېگىن.
— شۇنداق ئانا. مېنىڭ مۇشۇ بىرلا ئىنىم بار.
— چۈشلۈك تاماقنى تېزرەك تەييار قىل. مەن دۇكان-سارايلارنى ئارىلاپ كېلەي، — ھاشىرخان ئۆزىگە ئېھتىرام بىلەن پۈكلىنىپ تۇرغان سالىغا كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويغاندىن كېيىن، دىمىقىنى قاقتى-دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى، — تاماقنى تېز پىشۇر. ھاياللىشمايلا قايتىپ كېلىمەن.

— ماقۇل ئانا.

تۆت موچە كېلىدىغان بۇ قورۇدا قۇربان داموللىنىڭ ئۆگەي ئانىسى ھاشىرخان ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى، بۇۋىمەريەم ۋە داموللا ھاجىمنىڭ شاگىرتلىرى بولۇپ ئون نەچچە ئادەم تۇراتتى. ئون نەچچە ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇش، ھويلا - ئارامنىڭ، كەلدى- كەتتىنىڭ — قورۇدىكى پارچە-پۇرات ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇۋىمەريەمنىڭ يەلكىسىگە يۈكلەنگەنىدى. داموللىنىڭ رەستىدە بىر تۇماقچىلىق دۇكىنى، بىر موزدۇزلۇق دۇكىنى بار بولۇپ، كىرىمىمۇ ياخشى ئىدى. ھاشىرخان ئۆتۈپ كەتكەن ئازازۇل ئايال بولۇپ، كۆزىنى چەكچەيتىپ، ھومىيىپ قاراشلىرىدىن ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنەتتى. ئاغزىنىڭ يامانلىقىغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى. شۇ سەۋەب بۇۋىمەريەم بىرەرسى بىلەن ئۇچۇق-يورۇق پاراڭلىشىشقىمۇ پېتىنالمىغانتى. بولۇپمۇ قۇربان داموللا ئەتىيازدا ئۆمۈر ھەج سەپىرىگە كەتكەندىن بۇيان بۇمەريەمنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ تەسكە قالغانىدى. ئىلگىرى داموللىدىن ئەيمىنىپ بولسىمۇ ئانچە - مۇنچە سىپاكويلۇق قىلىدىغان ھاشىرخان داموللا ئۆيى تاپسىدىن ئاتلىغان شۇ كۈندىن ئېتىبارەن بۇۋىمەريەمگە باشقىچە قارايدىغان، ئېغىر تىل- ئاھانەت قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى.

ئىككى كۈن جەريانىدا ھەدىسىنىڭ بۇ ئۆيدىكى دەردى - بالاسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن سالى ئىچ-ئىچىدىن ئازابلاندى. قايتىش ئالدىدا پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ، ھەدىسى بىلەن ئامان-ئېسەنلىك تىلىشىۋاتاتتى، ھاشىرخان كىرىپ كەلدى:

— ئوھوي كېلىنچەك، قالتىس ئوخشاپ كەتتىلىغۇ مۇشۇ كۈنىدە. كۈن چۈشتىن قايرىلاي دەپ قالغاندىمۇ تېخىچە تاماققا تۇتۇش قىلماي، قىيامەت قايىم بولغاندەك ئولتۇرۇپ كەتكەنلىرىنى كۆرمەمدىغان. قۇرۇق گەپكە قورساق تويامتى-يە...

زەھەردىن ئۆتكۈر گەپلەر بۇۋىمەريەمنىڭ جان-جىنىدىن ئۆتكەنىدى. ئۇ ئۆز دەردىنى كۆزىگە زورلاپ، ئىنىسىغا قىيالماسلىق

نەزىرى بىلەن ئاخىرقى رەت قارىدى ۋە:
— خوش ئىنىم، ئوقۇشۇڭنى ياخشى ئوقۇ، — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى...
يول بويى خىيال بىلەن ماڭغان سالى ھەدىسى بۇۋىمەرىيەمنىڭ غەم بىلەن تولغان تولىمۇ مىسكىن، بۇدرۇق چىرايىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ھەدىسىنىڭ ئېگەك سۆڭەكلىرى پولتايغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، قارىداپ كەتكەن چىرايى كۆز قارىچۇقىدا قېتىپ قالغاندەك خىيالىدىن زادى نېرى كەتمىدى. ئۇ شۇنچە تىرىشىپمۇ ھەدىسىنىڭ بۇرۇنقى سۈتتەك سۈزۈك، سەدەپتەك ئاپئاق ھەم يۇمران يۈزلىرىنى، تولۇن ئايدەك تولغان چېھرى، كۈلكە بۇلدۇقلاپ تۇرىدىغان خۇشپىچىم چىرايىنى ئەسكە ئالالمىدى. كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولۇپ، ئىچ-ئىچىدىن يىغا تۇتتى.
— ھەدە، جېنىم ھەدە...

# 8

ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى، سالى بۇ ئىككى ئاي جەريانىدا ئۆينىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىغا ياردەملەشكەندىن باشقا، ئاتىسىنىڭ ئورنىدا كەنتنىڭ تۈرلۈك ئالۋان -ياساق، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا چاپتى. سالى ئەمدىلا ئون بەشنىڭ قارىسىنى ئالغان يۇمران نوتا، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى، بولۇپمۇ ھاشار-ئەمگەكلىرى بۇنداق يۇمران نوتىلار ئۈچۈن بالدۇر ئىدى، ئەمما سالى ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس، ھەرقانداق ئېغىر ئىش بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كارايىتى چاغلىق بولۇپ، چىشىنى چىڭ چىشلەپ چىدىسىلا ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇنداق، سالى ئاتىسىنىڭ يۈكىنى ئانچىكى بولسىمۇ يېنىكلەتكەنلىكىدىن بەكلا خۇش ئىدى. شۇڭىمۇ، كوپىراتسىيەنىڭ ئۆزىگە بۆلۈنگەن تۈرلۈك ئەمگەكلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، كۈندىلىك ۋەزىپىلەرنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنلاپ كەلگەنىدى.

يازلىق يىغىم ئاخىرلىشىپ، كۈزلۈك تېرىم ئىشلىرى ئەۋجىگە چىققان، دېھقانلارنىڭ ساپال قوشنى زەرب بىلەن سۆرەپ مېڭىشقان كالىلارنىڭ پۇشۇلدىشىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشا سادالىرى پەلەككە يەتكەن ئالدىراش كۈنلەرنىڭ بىرى، سالى ئۈچۈن يىڭى خەۋەر يېتىپ كەلدى. سالىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش ياساپ، ھاياتلىق يولىنىڭ يىڭى مەنزىلىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان، شۇنداقلا بۇ ئائىلىنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن بۇ خەۋەر — سالىنىڭ «ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» گە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى بولۇپ، خەۋەر ساۋۇتخانغا يېتىپ بارغىنىدا بېشى كۆككە يەتتى. ئۆز ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىدىن چەكسىز مىنەتدار بولغان ساۋۇتخان، ئوغلىنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى تېزلا پۈتكۈزدى ۋە مەرەمخانغا ئوبدان بىر ۋاق تاماق تەييارلاشنى تاپىلىغاندىن كېيىن، قورۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تەك ئاستىدىكى كات ئۈستىگە داستىخان تەييارلاشقا باشلىدى. داستىخانغا يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئالما، شاپتۇل، ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇز ۋە قىتىق، قايماقلارنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇردى. ئاشۇ دەقىقىلەر ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلماستىنلا، سالى بىلەن مايىنۇر ئېتىزدىن قايتىپ كەلدى.

— ھە كېلىڭلار، سىلەرنىلا ساقلاپ قالغاندۇق، — دېدى ساۋۇتخان ھويلىغا قەدەم بېسىپلا داڭ قاتقان ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىۋېتىپ. ئۇ سالىنىڭ يەلكىسىدىكى كەتمەننى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ ئەتتى، — يۈرە ئوغلۇم، داستىخانغا بارايلى.

— ئانا، بەكلا كايىپ كېتىپسەنغۇ، بۈگۈن ئالاھىدە بىر كۈنمۇ قانداق؟ — دېدى مايىنۇر ئەمدىلا بوسۇغا ئاتلاپ ھويلىغا چىققان ئانىسىنىڭ قولىدىكى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پولۇغا قول ئۇزاتقاچ، — ئەكەل مەن ئالاي.

— شۇنداق، ھازىرلا بىلىپ قالىسەن، — مەرەمخان لېگەننى مايىنۇرغا بېرىپ، يەنە ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كەتتى ۋە ھايال قىلماي بىر لېگەن گۆشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، داستىخانغا قويغاندىن كېيىن، بالىلارنى ئېغىز تېگىشكە بۇيرۇدى.

— ئاتا، بۇ...

سالى ئاتىسىغا نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى-يۇ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كەپقالغان گەپلىرىنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك قىلاتتى. ئالدىنقى كۈنى ئۇ ئاتىسىغا «ئوقۇشقا بارماي ئائىلە يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش» قارارىنى ئېيتقىنىدا، ئاتىسى بىرھازا كايىپ، ئارقىدىن ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش قىلغانىدى. شۇ تاپتا سالى يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى-يۇ، يەنە ئاتىسىنىڭ تۈنۈگۈنكى: «ئادەم پەقەت قورساق تويغۇزۇش غېمىدىلا ياشىسا، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغىنىنىڭ ھېچقانداق مەنىسى بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتقانلار ئاز ئەمەس. ئادەم قارا قورساق بولسا ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەس، رەھىم-شەپقەتكە دىل بەرمەس، كىشىلەر ئۇچۇن زەررىچىلىك ساخاۋەت قولىنى سۇنماس بولۇپ كېتىدۇ. نادانلىق مىللەتنى ھالاك قىلىدۇ. قارا كۈچ بىلەن زامان سورايدىغان جاھان ئاللىبۇرۇن كەلمەسكە كەتتى. پەقەت بىلىملا ئادەمنى نۇرلاندۇرىدۇ...» دېگەنلىرى خىيالىدىن كېچىپ ئۇندىمىگەنىدى.

ئالدىنقى كۈنى ساۋۇتخان ئوغلى بىلەن يۇقىرىلاپ ئوقۇش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشقىنىدا، سالىنىڭ ئوقۇشىدىن خەۋەر كەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ «پالتا چۈشكىچە، كۆتەك ئارام ئاپتۇ» دېگەنىدەك، ئۇقتۇرۇش كەلگۈچە ئويلىغىنىنى دەپ باقمامدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ سالى بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمىغانىدى. بىراق، بۈگۈن ئىش ئەكسىچە، سالىنىڭ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش ئۇقتۇرۇشىمۇ كېلىپ بولدى، ئەمدى ئۆزىنىڭ دېگىنى دېگەن...

ساۋۇتخان شۇنداق ئويلايتتى. ھەرقانداق جاپا چەكسىمۇ ئوغلىنى ئوقۇتۇشنى مەقسەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، ئوغلىنىڭ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش ئۇقتۇرۇشىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا تىنمىدى. ناۋادا، سالى ئوقۇشقا بارماي ساڭا ياردەملىشىمەن، دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسىدى،

خەۋەر يېتىپ كەلگەن هامان سالىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىتىزغا چاپقان بولاتتى...
— هە، قىنى، نېمەتلەرگە بېقىڭلار. ئاله ئوغلۇم، — سالىنىڭ چىرايى غەمكىن ئىدى. ساۋۇتخان ئوغلىنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ بىر پەستىن كېيىن داۋام ئەتتى، — بىزدىن غەم قىلما. ئاناڭ ئىككىمىز سېنى بېقىپ بۇ ياشقا كىرگۈزدۇق، توغرا، بۇ جەرياندا كۆپ رىيازەتلەرنى چەكتۇق. بىراق، سەنمۇ بىزنىڭ كۆتكىنىمىز بويىچە مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ، ئۈمىدىمىزنى يەردە قويمىدىڭ. سېنى بېقىپ چوڭ قىلىشىمىز قانداقتۇر ئۆزىمىزنىڭ جىسمانىي كۈچىگە ياردەمچى يېتىشتۈرۈش بولماستىن، خەلققە يارامىلىق ئادەم يېتىلدۈرۈشتۇر...
— گېپىڭچە ئۇقتۇرۇش كەپتۇ ـ دە ؟
— شۇنداق. ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇيدىكەنسەن.
— دارىلمۇئەللىمىن ؟
— هەئە، ئوقۇشۇڭنى تاماملىساڭ ئەپەندىمچىلىك قىلىدىغان گەپ.
— بىراق...
— نېمە بىراق، يەنە مەندىن غەم يەۋاتامىدىغانسەن ؟
— سەن بەكلا ياشىنىپ قالدىڭ. سالامەتلىكىڭمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئاتا.
— سەن بۇنىڭدىن غەم يېمە. مۇھىمى، مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، خەلققە ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش. ئەپەندىچىلىك هەممە ئادەمنى رازى قىلىدىغان، كىشىلەرگە ئىلىم بېرىپ، دىلىنى يورۇتىدىغان ئۇلۇغ كەسىپ. ئاڭلىشىمچە، يۈسۈپ خاس هاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق مەرىپەت پېشىۋالىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ بىلىم جەۋھەرلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتەك بۈيۈك خىزمەت — ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە ئاتىغانىكەن. مەنمۇ سېنىڭ ئەجدادلار ئىزىنى بېسىپ دادىل ئالغا ئىلگىرىلىشىڭنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. بۇ، ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ سەندىن كۈتكەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز. ئاناڭ ئىككىمىز سېنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنى ئەمەلدە كۆرسىتەلەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمىز.

— ئاتام توغرا ئېيتىدۇ ئىنىم، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا مانا مەن بار، — ماينۇر ئاتىسىنىڭ گېپىگە قوشۇمچە قىلدى، — ئوغۇل بالا تۇرۇپ ئازغىنا قىيىنچىلىقنى دەپ چوڭ ئىشلاردىن ۋاز كەچسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ئۆيدىكى ئىشلاردىن غەم يېمە، مەن يېتىشىپ كېتەلەيمەن.

— بىراق، مەن... مەن...

— شۇنداق ئوغلۇم. گەپىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بىر پىيالە چاينىڭ ئىچىدە. قېنى بىر ئوتلام ئىچىۋەت، — ئانا ئەتكەنچايدىن بىر پىيالە قۇيۇپ ئوغلىغا سۇندى، — قېنى، ئال ئوغلۇم. ئاتاڭنىڭ دېگىنى ئائىلىمىزنىڭ ئومۇملۇقى، ھەممىمىزنىڭ يۈرەك سۆزى، — مەرەمخان ئانا ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى، — مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن بالام...

ئانىنىڭ دېگەنلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. ئادەمنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىدىغان بۇنداق تەسىرلىك، چىن ئىبارىلەر قەلب تۆرىگە ئۇسۇپ كىرمەي قالسۇنمۇ؟ سالىنىڭ قەلبى ھاياجانغا تولدى، مەڭزىنى بويلاپ ئاققان ئىككى تامچە ياش پىيالە گىرۋىكىگە چۈشۈپ، تۆۋەنگە قاراپ سىرغىدى-دە، چاي ئۇستىدە ئاستا-ئاستا تاراپ تەدرىجى سىڭىشىپ كەتتى.

## 9

مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى يول ئاچىلىغا بامدات بىلەن يېتىپ كېلىپ، چىڭقىچۇشتىن ئۆتكۈچە يېزا بازىرىغا سوزۇلغان توپىلىق يولغا قاراپ ئولتۇرغان مەرەمخان، يىراقتىن كېلىۋاتقان ئېشەك ھارۋىسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا ھارۋا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

مەرەمخاننىڭ نەچچە سائەتلەپ تەلمۈرگىنى، قەدىناسى ساۋۇتخاننىڭ يولى بولۇپ، ئوغلى سالى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ، سۈبھىدە يولغا چىققان ساۋۇتخان ئەر - ئايال مەھەللە دوقمۇشىدىكى مۇشۇ يول ئاغزىدا خوشلاشقان، ساۋۇتخان ئوغلىنى يېزا بازىرىغا ئاپىرىپ،

ۋىلايەتكە ماڭىدىغان قاتناشقا سىلىپ قويماقچى، مەرەمخان ئۆيگە قايتىپ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا قارىماقچى بولۇشقانىدى، ئەمما، مەرەمخاننىڭ ئۆيگە قايتىشقا رايى يەقەتلا ئۇنىمغاچ، يول دوقمۇشىدا ساۋۇتخاننىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان، تەقەززا بولۇپ تۇرغان شۇ دەقىقە ساۋۇتخاننىڭ قارىسى كۆرۈنگەنىدى.

— نېمىدە يولغا سالدىلا بالىنى؟ — دېدى مەرەمخان ساۋۇتخاننىڭ مەمنۇن چىرايىدىن ئىشنىڭ ئوڭغا تارتقانلىقىنى پەم ئېتىپ.

— نېمىدە بولاتتى، كونىلار: «نىيىتىڭ دۇرۇس بولسا، ھەممە ئىشىڭ جايىدا بولۇر» دەپتىكەن. يېزىغا بېرىپ تۇرۇشۇمغىلا بىر كونىكا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن يولغا سالدىم، — ساۋۇتخان مەرەمخانغا قاش-كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ داۋام ئەتتى، — قېنى خانىش كونىكىغا مەرھەمەت قىلسىلا.

— كونىكا دەپ كەتكىنىنى. پىت مىڭىشىدا مىسىلداپ، بىر سائەتلىك يولنى يېرىم كۈندە باسىدىغان قوتۇر ئېشەكلىرىنى ئاشۇ شەيتاننىڭ قويۇنىغا ئوخشىتىپ قالدىلىمۇ. ئالجىپ قالمىغانلا-ھە، — دېدى مەرەمخان ساۋۇتخاننىڭ دولىسىغا بوشقىنا بىرنى ئۇرۇپ قىزلارغا خاس ناز بىلەن.

— راستىمۇ؟

— راست بولمامدىغان، — دېدى مەرەمخان ھارۋا لەڭگىرىسىغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، — قېنى بىر چاپتۇرۇپ باقسىلا كونىكىلىرىنى...

ئاتا-بالا ئىككىيلەن يېزا بازىرىغا يېتىپ كېلىپ، شەھەرگە ئۆتۈشىدىغان يول ئاغزىدا قاتناش كۈتۈپ تۇرغاندا، يېزىنىڭ كۈنپېتىش تەرەپتىكى ساي يولىدىن قويۇندەك يۈرۈپ كەلگەن قارا ماشىنا كۆرۈندى.

«توسۇپ باقسام توختاپ قالارمۇ ياكى شوپۇر كايىپ كېتەرمۇ؟... مەيلى نېمىلا بولسۇن بىر سىناپ كۆرەي...» ساۋۇتخاننىڭ يۈرەكلىرى ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. ئۇ، دېلىغۇللۇق ئىچىدە قول پۇلاڭلاتقىنىچە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ماشىنا تەرەپكە قاراپ ئىختىيارسىز يۈگۈردى. يىراقتىنلا

قاتتىق تورمۇزلانغان ماشىنا چىرقىرغان ئاۋاز بىلەن سىلكىنىپ توختىدى. سۈركىلىش تۈپەيلى كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزاڭ ئاسمان-پەلەك كۆتۈرۈلگەندى.

— ئالجىپ قالدىلىمۇ، ئۆلگىلىرى كەلگەن بولسا سوغا سەكرىۋالسىلا بولمىدىمۇ، ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگۈچە.

شوپۇرنىڭ زەردە بىلەن كايىشلىرىدىن ھوشىنى يىغقان ساۋۇتخان، ئۆزىدىن بىر قەدەمچە نېرىدا توختىغان ماشىنىغا قاراپ قاتتىق كۈلدى:

— مانا ئاخىر توختاتتىم. سالى ئوغلۇم ئەمدى مەكتەپكە بارالايدىغان بولدۇڭ...

ساۋۇتخان شوپۇرغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاندىن كېيىن، ئىككى يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئوغلىنى مەنزىلىگە ساق-سالامەت يەتكۈزۈپ قويۇشنى قايتا-قايتا تاپىلىدى. سالى بىلەن ئاخىرقى رەت قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ماشىنىنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن، ئەھۋالنى مەرەمخانغا تېزرەك يەتكۈزۈش مەقسىتىدە ئۇدۇل بۇياققا قاراپ چاپقانىدى.

— مانا، ئوغلىمىز بىز چىقىپ باقمىغان نەرسىگە چىقتى. بىز ئوقۇيالمىغان مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭدى، — دېدى ساۋۇتخان ھاياجان بىلەن سالىنى يولغا سېلىش جەريانلىرىنى مەرەمخانغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە. ئاتا-بوۋىلىرىمىز كۆرمىگەننى بىز كۆردۇق، بىز كۆرمىگەننى باللار كۆرىدۇ. كىم بىلىدۇ تاڭلا-ئاخشامدۇ ئۇلار ئاسماندا ئۇچامدۇ تېخى.

— توغرا! ئۇچىدۇ...ئۇچىدۇ، — كۈلكىدىن ساۋۇتخاننىڭ كۆز چاناقلىرى پۈرۈم-پۈرۈم قورۇقلار بىلەن تولۇلۇپ، مەڭزىگە قىزىللىق تەپتى، — تېخى بىزمۇ...بىزمۇ...ھە...

— نېمە ھە! تىللىرىنى قارلىغاچ چوقۇۋالغاندەك چاينىماي، گاچ-گاچ دېمەمدىلا گەپلىرىنى.

— راستما؟!
— راست بولمايچۇ.
— دېدىم ئەمىسە.
— دەۋەرسىلە، قۇلىقىم سىلىدە.
— دېمەكچىمەنكــى، ئۆيگىمــۇ ئــاز قالــدۇق. بىزمــۇ ئۇچــساقمىكىن دەيمىنا، — ساۋۇتخاننىڭ نۇرسىــز كــۆزلىرى بىــردىنلا يــورۇپ، ئويىنــاقلاپ كەتتــى. مەرەمخاننىــڭ يەر تېگىــدىن لاپپــىدە قارىــشى بىــلەن كــۆڭلى شــۇرىدە ئېرىــپ كېتىۋاتقانــدەك بىــر سىــزىم بىــشىدىن كىرىــپ تاپىنىــدا توختىدى، — ئايروپىلان ساقتۇ ؟
— باكلىرىدا ماي بارمىكىن غوجام، — دېــدى مەرەمخــان قــاش كــۆزلىرىنى ئوينىتىپ.
ئەر-ئايال بىر-بىرىگە قاراپ قاتتىق كۈلۈشتى...

# 10

سالى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىــپ ئىككىنچــى يىلــى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ۋە چــوڭ ئــالاقە بــاغلاش، چــوڭ تەنقىــدلەرنىڭ تەســىرىدىن، ئوقۇتقــۇچى-ئوقۇغــۇچىلار ئــالاقە باغلاشــقا چىقىــپ كېتىــپ، مەكتەپلەردىكــى نورمــال ئوقــۇش توختــاپ قالــدى. ســالىمۇ «ئىــسيانكار» لار قوشــۇنىغا قوشــۇلدى. «ئىــسيانكار» لار قوشــۇنى ئىــت ئىگىــسىنى چىــشلىگەندەك مەكتەپتىكــى تــالانتلىق، كــۆزگە كــۆرۈنگەن ئوقۇتقــۇچىلارنى ئەدەپلەيــدىغان قوشــۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ كونبويى باشقىلارنىڭ مەسىلىسىنى بېكىتىش، ئوتتۇرىغــا تارتىپ چىقىپ ئەيىبلەش ئىشلىرى ئوقۇغۇچىلارنىــڭ بىلىــم ئىگىلىــشىگە زور توسالغۇ بولدى. بولۇپمۇ ســالىغا ئوخــشاش بىلىــم تەشــنالىرى ئۈچــۈن تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى . بىراق، جاھانغا باقماي ئىلاج يوق ئىدى.

1966 ـ يىلى، سىنتەبىرنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، سالى بىر ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇقتۇرۇشتا ۋىلايەتكە قاراشلىق توققۇز ناھىيەدىن پايتەخت بېيجىڭغا ئالاقە باغلاشقا بارىدىغان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ئىسمىلىكى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بەش يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ئىچىدە سالىنىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى. سالى ئاتىسى بىلەن مەسلىھەت قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، دىدارلىشىش پۇرسىتى بولمىغاچ، ئاتىسىغا بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى. ئۆمەك ئەزالىرى سالى خەۋەر تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنى، نەچچە ئون ماش رەڭ ھەربىي ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، داغدۇغىلىق ھالدا يولغا چىقتى. نەچچە يۈز چاقىرىم يولنى بېسىپ، ئوت يۈرتى تۇرپانغا كېلىپ توختىدى. تۇرپاندا ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. رەھبەرلەر ئۇلارغا مۇھىم يوليورۇق بەردى، تەربىيە ئىشلىدى. ئۆمەك ئەزالىرى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە پويىزغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن داخىيەنگە قاراپ پىيادە يولغا چىقتى. باش توخۇ بىلەن پويىزغا ئولتۇرۇپ پايتەخت بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

پويىزنىڭ كۈچلۈك گۈدۈكى سالىنى سەگىتتى. نەچچە ئون سائەتلەپ پىيادە يۈرۈش، بىر كېچە ـ كۈندۈز پويىزدا ئولتۇرۇش ئۇنى خېلىلا چارچاتقانىدى. پويىز كۆز يەتكۈسىز تاقىر سايلىقلارنى، ئېدىرلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۇژغۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريانى بويلاپ، توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. سالىنىڭ كۆز ئالدىدىكى چەكسىز بوشلۇقتا ياپيېشىل ئورمانلار بىلەن قاپلانغان گۈزەل دالىلار، تاغلار، ئېگىز قەد كۆتۈرگەن ئىمارەتلەر نامايان بولماقتا ئىدى...

سالى ئۆز ھاياجىنىنى پەقەتلا باسالمىدى. چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلارنى، چەكسىز چۆللۈكلەر، يېشىل يايلاقلارنى، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئۇزۇن تونېللارنى، خىۋاگخې

دەرياسىنىڭ كۆز يەتكۈسىز ئۇزۇن كۆۋرۈكلىرىنى بىسىپ ئۆتۈپ پايتەختكە بېرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق بېغىشلىغانىدى. گەرچە ئۇ يۇرتىدا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلارنى كۆرگەن ۋە يوخادىن چىققۇچە چۆمۈلگەن بولسىمۇ، خۇاڭخې دەريا ئېقىنلىرىدەك زور ۋە سۈرلۈك ئېقىنلارنى كۆرمىگەن؛ يۇرتىدىكى قاقاسلىق ۋە يېشىللىقلارغا يالاڭ ئاياغ دەسسەپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭدەك بىپايان چەكسىز چۆللۈكلەرنى، يېشىللىقتا يوركەنگەن گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ باقمىغان؛ يۇرتىدىكى ئەينى چاغلاردىكى ئۇرۇش تەييارلىقلىرى ئۈچۈن كولاپ قويغان ئاكوپلارغا كىرىپ باققان، ئېتىز-ئېرىق، يوللارغا، دەريا-ئۆستەڭلەرگە سېلىنغان كۆۋرۈكلەرنى كۆرۈپ باققان بولسىمۇ، بۇنىڭدەك ھەيۋەتلىك ئۇزۇن كۆۋرۈكلەرنى، تونېللارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

پويىز بەش كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، بېيجىڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ۋەكىللەر بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قىزىلتاغ ئېغىزىغا جايلاشقان ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئورۇنلاشتى.

ئۆمەكنىڭ بېيجىڭغا يېتىپ كەلگىنىگىمۇ ھەش-پەش دېگۈچە بىر ئايچە بولدى، بۇ جەرياندا مەكتەپنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى گۇرۇپپىلار بويىچە نۆۋەتلىشىپ ئايلىنىپ چىققاندىن باشقا، ھېچ يەرگە چىقىپ باقمىدى. ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا باشقۇرۇش تولۇمۇ قاتتىق ئىدى. يەنە كېلىپ يۇرتىنىڭ نېنى ۋە تامىقىغا بولغان زارىقىشمۇ كۈچىيىپ باراتتى...كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سالىنىڭ كۆڭۈل غەشلىكى ئۇلغايماقتا، بولۇپمۇ ئاتا-ئانىسى، يۇرتىغا بولغان سېغىنىشى ئېشىپ بارماقتا ئىدى. سالى بەزىدە مەكتەپتىكى ئۇستازلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇزىنى بىر ئۆمۈر مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ئەۋلاد تەربىيەلەشنى يۈكسەك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت دەپ تونۇپ كەلگەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىلىم تەشنالىرىنىڭ ئىلىم-ئېرپان بۇلىقىنى تۇگىمەس ئابىدە، زەمزەم-كەۋسەرلەر بىلەن تويۇندۇرۇش يولىدا تىنماي كۈرەش قىلىۋاتقان جاپاكەش باغۋەنلەرنىڭ تۇيۇقسىزلا «جەمئىيەت داشقىلى»

دېگەن قالپاق بىلەن كۆرەشكە تارتىلىشى، ئۇنىڭ ئىدىيەسىدىن پەقەتلا ئۆتمەيتتى. ئۇ، بۇ ئىشلارنى گويا بىر قاباھەتلىك چۈشتەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، «ھەقىقەت گوياكى بىر ئاپتاپ، ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قاراڭغۇلۇق يورۇپ، مۇدھىش سوغۇق تارايدۇ» دېگەنلەر ئىدى. كۆز ئالدىدىكى نادانلىقنى ئويلىغىنىدا تېنى شۈركۈنۈپ، كۆڭلى غەشلىككە تولاتتى.

بىر كۈنى سەھەردە يېتىپ كەلگەن خەۋەر ئالاقە باغلاش ئۆمىكى ئەزالىرىنى ئىنتايىن خۇش قىلىۋەتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى قۇچاقلىغىنىچە چۇقان سېلىشىپ تەنتەنە قىلىشتى.

چۈشتىن كېيىن ئۆمەك ئەزالىرى تيەنئەنمېن مەيدانىغا سەپ بويىچە قاتار تىزىلىشقانىدى. ئالاھازەل يېرىم سائەتتىن كېيىن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا پەيدا بولدى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. رەئىس تيەنئەنمېن راۋىقىدا تۇرۇپ ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئاممىسىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە سۆز قىلىپ مۇھىم يوليورۇق بەردى.

قىرۋۇ چۈشۈكى ئەمدىلا باشلانغىنىغا قارىماي ھاۋا سوۋۇشقا باشلىغانىدى. ئۆمەك ئەزالىرى بېيجىڭدا ئالاقە كۈنىنى كۈتۈپ بۇنچە ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى خىيال قىلمىغاچ، قېلىن يېپىنچىلارنى ئېلىۋالمىغانىدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ئۆمەك ئەزالىرى رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن تەنتەنە ئىچىدە يۈز كۆرۈشكەن كۈنىنىڭ 3-كۈنى كېچىچە قار يېغىپ، ھەممە يەرنى ئاپئاق لىباسقا ئورىدى. جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال ھاۋا كىلىماتىنى تېخىمۇ سوۋۇتۇۋەتكەن بولۇپ، بۇنداق ناچار كىلىمات كىشىگە يېقىمسىز تۇيغۇ بېرەتتى. ئۆمەك ئەزالىرى ئىچىدە يۇرتقا قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. ئۆمەك رەھبەرلىرىمۇ ئۆمەكنىڭ شىنجاڭغا قايتىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، كۈنبويى يۇقىرى-تۆۋەن قاتراپ يۈرەتتى. بىرقانچە كۈن جاپالىق ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆمەكنىڭ قايتىش خىزمىتى ئاخىرقى

باسقۇچقا كىردى. ئۆمەك رەھبەرلىرى ئۆمەك ئەزالىرىغا سەپەر تەييارلىقىنى جىددىي ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇردى...

پويىز كۈچلۈك گۈدۈك ئۇرۇپ ئاستا قوزغالغاندا، سالىنىڭ كۆڭلىدە گويا قىممەتلىك بىر نەرسىنى تېپىۋېلىپ، ئارقىدىنلا يىتتۈرۈپ قويغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان خىيالىي، ئەمما ئازابلىق بىر سېزىم پەيدا بولۇپ، پەيدىنپەي كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئەڭ چوڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى رەئىس ماۋ زېدۇڭنى بىۋاستە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغانلىقى بولسا، ئەڭ چوڭ كۆڭۈل غەشلىكى، ئۆمۈر تارىخىدىكى مانا مۇشۇنداق خۇشال مىنۇتلارنىڭ ئارقىسىغا يەنە قانداق قىسمەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىدىن ئىبارەت تەشۋىش ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۇنبويى تەنقىد قىلىنىۋاتقان نەچچە ئونلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ، ئىلىم-ئېرپان ئۇستازلىرىنىڭ مەغرۇر سىيماسى ئىدى...

قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرى ئاخىرلىشىپ باھار كەلدى. باھارنىڭ ئىللىق ئاپتىپىدا ئېرىگەن قار-مۇزلار ئېرىق-ئۆستەڭلەردە ئېقىن ياساپ ئاقماقتا، ئەگىز سۇيىدە كۆكەرگەن دالالاردىكى دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەر ھاياتىي كۈچكە تولۇپ بىخلانماقتا ئىدى. دالالار خېلىلا كۆكىرىپ قالغان بولۇپ، بىپايان تەبىئەت باشقىچە بىر تۈسكە كىرىپ قالغانىدى.

باھار تەنتەنىسى قىلىشىپ بەس-بەستە سايرىشىۋاتقان قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ھەممە يەردە ئاڭلىنىپ تۇرغان شۇ كۈنلەرنىڭ بىرى، يۇقىرىنىڭ مەكتەپلەردە «دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن مەكتەپتە نورمال ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى جاكارلاندى. ئۇشتۇمتۇت يېتىپ كەلگەن خۇش خەۋەر بىر يىللىق ئوقۇش ھاياتى تەنقىد قىلىش بىلەن ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىق ئىدى. پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئوقۇتۇش تۈزۈمى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن يېڭى بىر باشلىنىشتىن دېرەك بېرەتتى. بىكارچىلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆپ

ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە توغرا كېلەتتى. ئوقۇتۇش تۈزۈمىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى قاتارىدا سالىغىمۇ يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بىر يىلدىن ئارتۇق مەھرۇم قىلىنغان ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ھارماي-تالماي ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە توغرا كېلەتتى...

قارا قىشنىڭ جۇدۇنلۇق كۈنلىرىنىڭ بىرى، كەچقۇرۇن سالى دەرستىن چۈشۈپلا ياتاققا قايتىپ، مەشكە ئوت يېقىۋاتاتتى، بىرى:

— سالى، سىزنى مەكتەپ مۇدىرى چاقىرىۋاتىدۇ، مەيداندا ساقلاپ قالدى، — دېدى.

— بىلدىم، ھازىرلا چىقىمەن، — سالى مەشكە ئوت يېقىپ بولغاندىن كېيىن، ئىس-تەتەكنى چىقىپ كەتسۇن دېگەن غەرەزدە، رامنىڭ بىر قانىتىنى قىيا ئېچىپ قويدى، ئاندىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مەيدانغا چىقىپ كەلدى.

— ئىشخانىغا كىرەيلى، — دېدى مۇدىر سالىنى كۆرۈپ.

ئاران نەچچە كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان، ئەسلىھەلىرى ئاددىي ئىشخانىدا بىر دانە ئىش ئۈستىلى ۋە بىر دانە ماتېرىيال ئىشكاپىلا بار بولۇپ، ئۈستەل ئۈستىدە ئۈچ بۇلۇڭ، مېتىر ۋە بىرقانچە پارچە ئوقۇشلۇق كىتابلار بار ئىدى. ئىشخانا تار بولغىنى بىلەن پاكىز ئىدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى مۇدىر سالىنى ئىش ئۈستىلى ئالدىدىكى يەنە بىر ئورۇندۇققا تەكلىپ ئېتىپ، — يېقىندا ئاپتونوم رايوندىن يوليورۇق كەلدى. ۋىلايەت بويىچە بېيجىڭغا ئالاقە باغلاشقا تەشكىللەيدىكەنمىز. رەھبەرلىك ئويلىشىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن سىزنى ئەۋەتىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. سىز بىلەن بىللە بارىدىغانلار ئىچىدە يەنە ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىمۇ بار، ئەلۋەتتە. شۇڭا، سىزنىڭ بۇ ئىشقا نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيەدە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ باقماق بولۇپ چاقىرتقان. سىزچە باشقا مەسىلە يوقتۇ ؟

— رەھبەرلىك شۇنداق ئويلىغان بولسا مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق. تەلىپىم: يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال ئۆيگە بېرىپ ئاتا-ئانام بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ كەلسەم .

— بولىدۇ، ئەتە سەھەردىلا يولغا چىقىڭ، قالدى ئىشلارنى سىنىپ مەسئۇلىغا مەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي...

سالى ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىدە، ئاتىسى ساۋۇتخان كاڭنىڭ تۆرىدە تولگۇلۇپ ياتاتتى. مەرەمخان ئانا ساۋۇتخاننىڭ بېشىدا بولۇپ، ئوغلىنى كۆرۈپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى:

— سالەم، باغرىم بالام. ھەرنېمە بولسا ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىڭ، — ئانا ئوغلىغا ئۆزىنى تاشلاپ مىشىلدىدى، — ئاتا...ئاتاڭ ئۇ.

— ئانا، ئاتامغا نېمە بولدى؟ — سالى ئانىسىنى كاڭنىڭ تاپىسىدا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئاتىسىغا يېقىنلاشتى، — ئاتا...ئاتا...

ساۋۇتخان كۆزىنى يېرىم ئېچىپ، ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى. نۇرسىز كۆزلىرىگە كۆلكە يوگۇرتكىنىچە ئېغىز ئاچتى:

— كەلدىڭمۇ ئوغلۇم، — ساۋۇتخاننىڭ ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ ئىدى، — ئوبدان تۇرغانسەن ؟

— ئوبدان ئاتا، ئۆزۈڭچۇ ؟ نەرىڭ ئاغرىيدۇ؟ — سالى ئاتىسىنىڭ ئۆسكىلەڭ ساقاللىرى بىلەن تېخىمۇ يادىڭغۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان مەڭزىلىرىنى توختىماي سىلايتتى، — كۆپ رىيازەت چەكتىڭ ئاتا. مەن ساڭا قارىيالمىدىم، مېنى كەچۈر.

— ئۇنداق دېمە ئوغلۇم، — ساۋۇتخاننىڭ كۆز چاناقلىرىدا ھاياجان ياشلىرى جىلۋىلەندى، — تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىمەن. ھە راست، ئوقۇشۇڭ قانداقراق بالام؟

— ئوقۇشۇم ياخشى ئاتا. مەكتەپ مېنى يەنە بىر قېتىم ئالاقە باغلاش ئۆمىكىگە ئايرىپتۇ. بىر ئايچە ۋاقىتتىن بېرى سىلەرنى يوقلاپ كېلەلمىگەچكە، رەھبەرلىكتىن رۇخسەت ئېلىپ كېلىشىم، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن يولغا چىقىدىكەنمىز.

— مەركەزگە بارىدىكەنسەن ـ دە، ئوغلۇم.

— شۇنداق ئاتا، رەئىس ماۋ زېدوڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىدىكەنمىز. بۇ قېتىم ۋىلايەت بويىچە 16 كىشىلىك ئۆمەك تەشكىللىنىدىكەن.

مەكتىپىمىزدىن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى بولۇپ ئۈچىمىز بارىدىكەنمىز.

— ياخشى، بۇنداق ئوبدان پۇرسەتنى قەدىرلە ئوغلۇم. تەشكىلنىڭ ساڭا قىلغان غەمخورلۇقىنى ھەرگىز ئۇنتۇما، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش يولىدا قەتئىي كۈرەش قىل...

سالى ئاشقا ئۇن ئېلىش ئۈچۈن قازناققا ماڭغان مەرەمخان ئانىنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ چىقتى، ئانىسىدىن ئاتىسىنىڭ زادى نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— مەنمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. دوختۇرلارمۇ بىردەم يۈرەكتە مەسىلە بار دەيدۇ، بىردەم بۆرەك دەيدۇ، يەنە بىردەم باشقا بىر كېسەلنىڭ گېپىنى قىلىدۇ...

سالى ئانىسىدىن ئاتىسىنىڭ بىر ئايدىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى، قۇلىقى ئاڭلىغانلىكى دورىنى قىلىپ باققان ۋە بىر قىسىم سەۋەبلەرنى قىلدۇرغان بولسىمۇ، ياخشىلىنىش بولمىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولدى ۋە ئاللىقانداق خىياللار ئىلكىدە ئازابلاندى.

«ئاتامنىڭ ئىسسىق يۈزىنى كۆرەلمەيدىغان ئىش بولامدۇ نېمە؟ ناۋادا سەپەردىن كېلىپ بولغۇچە...، — سالى ئۆز خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاجىز ئىدى، — ئەھۋالنى تەشكىلگە ئېيتىپ، بۇ قېتىمقى سەپەردىن ۋاز كېچىشىم كېرەك...»

سالى ئۆز ئويىنى ئانىسىغا ئېيتتى. بىراق، مەرەمخان ئانا ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارشى ئىدى:

— ئاتاڭنى ساقايسۇن دېسەڭ، ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە تەشكىل تاپشۇرغان خىزمەتنى بەجانىدىل ئورۇنلا، — دېيتتى ئانا قەتئىي تەلەپپۇزدا.

— بىراق، — سالى سەل ئىككىلىنىشتىن كېيىن داۋام قىلدى، — مۇشۇ ھالەتتە ئۆيدىن قانداقمۇ ئايرىلالايمەن ئانا؟ ئادەم مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئەسقاتمىغان بالىنى نېمە دەپ باقىدۇ؟ بولدى، مەن ئەمدى مەكتەپكە قايتمايمەن، ئاتامغا قارايمەن.

— ئوغلۇم، — مەرەمخان ئانا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. كۆز ياشلىرى تاشقىن بولدى، — بۇنداق قىلىشىڭغا ئاتاڭ ھەرگىز قوشۇلمايدۇ. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ: ناۋادا بۇ گېپىڭنى ئاتاڭ ئاڭلىسا، ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، بالام.

ئانا ـ بالا كۆز يېشى قىلىشىۋاتقان شۇ دەقىقە ھويلا ئىشىكىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندى، ئۇلار دەرھال ئۆيدىن چىقتى. سالى ئەمدىلا ھويلىغا ئاياغ باسقان ھەدىسى مايىنۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى:

— ھەدە، — دېدى ئۇ مايىنۇرنىڭ قولىدىن ئارىنى ئېلىۋېتىپ، — قىشتىمۇ بىكار قويمايدىكەنغۇ بۇلار.

مايىنۇر ئىنىسىنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋابەن كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئىش قىلمىساق گۆش يېيەلمەيدۇ، يىللىق دارامەت يېيىلغان گۆشىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ ئەمەسمۇ، ئەمما، ئىش ئانچە ئېغىر ئەمەس. قىغ چىقاردۇق شۇ.

— شۇنداقتىمۇ ھاۋا سوغۇق تۇرسا.

سالى ئارىنى ئېغىلنىڭ قالىقىغا تاشلاپ تۇرۇشى، مايىنۇر گەپنى باشقا ياققا بۇراپ سۆز ئالدى:

— مەكتەپتە ئوقۇماي قايتىپ كەپسەنغۇ ؟ ئارام كۈنى بولمىسا ـ يا.

— ھەئە، مەكتەپ مۇدىرى رۇخسەت قىلدى.

— مەكتەپ مۇدىرى؟ تولا چوڭچىلىق قىلما، بىر كۈنلۈك رۇخسەتكىمۇ مۇدىر ئارىلىشىدىغان ئىش بارمىكەن، سېنىپ مۇدىرىڭدىن سوراپ كەلگىنىڭنى كىم بىلمەيدۇ. سەنزە مېنى مەكتەپ تۈزۈمىنى بىلمەيدىغانلاردىن چاغلاپ قاپسەن ـ دە ؟

شۇ ئارىدا بالىلارنىڭ قىزغىن بەس ـ مۇنازىرىسىدىن سۆيۈنۈپ تۇرغان مەرەمخان ئانا ئېغىز ئاچتى:

— سوغۇقتا تۇرۇۋەرمەي ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشىڭلار. گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا، سالىجان بۇ قېتىم يەنە بېيجىڭغا سەپەر قىلىدىكەن، مەكتەپ

مۇدىرى ئۆيىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ كەلسۇن دەپ بۇگۈن بىر كۈنلۈك رۇخسەت قىپتىكەن.

— مەكتەپ مۇدىرى رۇخسەت بەردى، دىگىنىڭ بىكار گەپ ئەمەسكەن-دە! ياغ پۇراتقىنىڭمۇ بۇ-ھە!؟

مەرەمخان ئانا ئاشقا ئۇن يۇغۇرماق بولۇۋىدى، ماينۇر ئۇنىمىدى:

— ئەكەل مەن يۇغۇراي.

— ئۇنداقتا مەن ئوچاققا ئوت ياقاي، — مەرەمخان ئانا ئوچاقتىكى كۆزى يۇمۇلغان كالا تىزىكىنى لاخشىگىر بىلەن قىسىپ ئوچاقنىڭ ماڭلاي تەرىپىگىرەك يىغقاندىن كېيىن، ئۈستىگە شاخ-شۇمبىلارنى رەتلەپ تىزدى-دە، تىزەك چوغۇندىسىنى كۈچەپ پۈۋلەشكە باشلىدى. ئوچاق ماڭلىيىدىن پۇرقۇپ چىققان ئىس بۇرنىغا كىرىۋىدى، يۆتىلىپ كەتتى.

— ئانا، بۇياققا ئۆتە، مەن تۇتاشتۇراي، — دىدى سالى.

— ماقۇل، سەن ئوت قالاپ بەر، مەن ئوتياشلارنى ئادالاي.

ئۇلار تاماققا تۇتۇنغاچ يەنە سالى توغرۇلۇق ئىغىز ئىچىشتى.

— قاچانراق يولغا چىقىدىكەنسىلەر ؟— دەپ سورىدى ماينۇر.

سالى ئۇندىمەيتتى. ماينۇر ئانىسىغا قارىغانىدى، مەرەمخان ئانا ئىغىر بىر ئۇھ تارتىپ نەچچە دەقىقە جىم تۇرغاندىن كېيىن سۆز ئالدى:

— ئىنىڭ بارمايمەن دەيدۇ.

— بارمايمەن، نىمىشقا ئەمدى؟ ئاتام ئۇقتىمۇ؟ ئاتام نىمە دىدى؟

— ئاتاڭ نىمە دەيتتى قىزىم، تەشكىل نىمە ئىشنى بۇيرۇسا شۇ ئىشقا ماڭ دەيدۇ.

— كونىلار: «ئاتاڭ رازى خۇدا رازى» دەپتىكەن، ئاتام شۇنداق دىگەن بولسا چوقۇم بار، بولمىسا بىر ئۆمۈر پۇشايماندا قالىسەن.

— بىراق، — سالى ئەمدىلا ئىغىز ئىچىشى مەرەمخان ئانا سۆز ئالدى:

— نىمىگە بىراق، ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئەمەس، ياخشى تەرىپىنى ئويلا. ئاتاڭنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىسەن. ئاتاڭ مەن بىلسەم

تەشـكىلنىڭ ئىـشىنى بىـر مىنـۇت ئارقىغـا سـۈرگەن ئـادەم ئەمەس، دېگىنىمىزگە كۆن.

ــــ شـۇنداق قىـل. كۆڭلـۈڭنى ھەممىمىـز چۈشـىنىمىز. بىـزچە بولـسا رايىڭغا باقاتتۇق، ئەمما ئاتامنىڭ مىـجەز-خـاراكتېرى تۇقتىـسىدىن يەنىـلا بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمىز، ــــ دېدى مايىنۇر.

تاماق بىردەمدىلا تەييار بولدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى داستىخانغا جەم بولۇپ غىزالانـدى. ساۋۇتخان غىـزادىن كېيىن، ئـۇزاقتىن-ئـۇزاق دۇئـا-تىلاۋەت قىلدى، ئاخىرىدا ئوغلىنىڭ سەپىرىگە ئاقيول تىلىدى ۋە سالىنى بالدۇرراق ئارام ئېلىشقا دالالەت قىلدى.

سالى ئاتىسىغا بىر كېچە ھەمـراھ بولغانـدىن كېيىن، ئەتىسى كـۈن چۈشـتىن قايرىلغانـدا ئائىلىـسىدىكىلەر بىـلەن كـۆزى قىيمىغـان ھالـدا خوشلاشتى.

ــــ خوش ئاتا، ئانا، ھەدە، ئەزىز تېنىڭلار ئامان بولغاي.

ــــ خوش ئوغلۇم، دېگەنلىرىمنى ھەرگىز ئەستىن ساقىت قىلما.

ــــ خوش ئىنىم، ئاتامنىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا.

ــــ....

مەرەمخان ئانىنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان بولغانىدى. ئۇ، ئوغلىنى تاكى مەھەللە دوقمۇشىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. مايىنۇرمۇ ئۇلار بىـلەن بىللە بولـۇپ، ئانىـسىنى يۆلىۋالغانــدى. ئـۇلار ئـاخىرقى قېـتىم خوشلىـشىش پەيتىدە مەرەمخان ئانا ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى:

ــــ ئامان بول ئوغلۇم، تىرىشىپ ئوقۇ، يارامىلىق ئادەم بولـۇپ، ئۈمىـدىمىزنى ئاقلا، ــــ دېدى ئانا كۆزىنى ياشلاپ تۇرۇپ.

ــــ شۇنداق قىلىمەن ئانا.

سـالى ئانىـسى ۋە ھەدىـسى بىـلەن ئـاخىرقى قېـتىم قۇچاقلىـشىپ خوشلاشتى. يولبويى تۈرلۈك خىياللارنى قىلدى. ئۇنىڭچە: ئاتىسىدىن بىـر مىنـۇت ئايرىلىـشقا رايـى بارمىـسىمۇ، يەنە ئاتـا-ئانىـسى ۋە تەشـكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ناۋادا ئاتىـسىنىڭ

كۆتكىنىگە كەلمىسە، نەسىھەتنى بەجا قىلمىسا، ئاتىسى ئۇنىڭدىن مەڭگۇ ئاغرىنىدۇ، ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئۇنىڭدىن خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. سالى ئاتىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ دېگىنىنى قىلىدىغان، يىراقنى كۆرەر، قەتئىي پىكىرلىك تەقۋادار ئادەم. پەرزەنتلىرىگە دائىم، ئادەم بوگۈنىنىلا ئويلاپ، ئەتىسى بىلەن كارى بولمىسا بولمايدۇ. تۈن ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، ھامان تاڭ ئېتىپ جاھان يورۇيدۇ، دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. شۇنداق، ۋاقىتنى يەنە ئارقىغا سۈرۈشنىڭ، جاھىللىق قىلىپ كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىشنىڭ قىلچە ئورنى يوق. ئاتىسى ئۇنىڭ بېيجىڭغا بېرىشنى لايىق كۆرگەنىكەن، ئۇ قەتئىي قوبۇل قىلىپ، سەپەرگە ئاتلىنىشى كېرەك...

بۇ قېتىمقى بېيجىڭ سەپىرى مۈشكۈل بولدى. ئۆمەك ئەزالىرى ئۈرۈمچىگە ھەربىي ماشىنا بىلەن تىنچ-ئامان يېتىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما، بېيجىڭغا يولغا چىقىدىغان پەيتتە قاتتىق بوران چىقىپ تۆمۈريول قاتنىشى توسالغۇغا ئۇچرىغاچقا، كېيىنكى سەپەرگە ۋاقتىدا ئاتلىنالمىدى. ئۆمەك ئەزالىرى بورانغا باش ئېگىپ، بېكىنىپ ئولتۇرۇشنى خالىمايتتى.

— پىداكارلىق روھىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاتلىنايلى. يولىمىزنى ھېچقانداق مۈشكۈلات توسۇپ قالالمايدۇ. مۇستەھكەم ئىرادىمىزلا بولىدىكەن، بېيجىڭغا بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە بېرىپ، رەئىس ماۋ زېدوڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ كېلىمىز... ئۆمەك رەھبەرلىرىنىڭ چاقىرىقى ھەممەيلەنگە كۈچ-قۇۋۋەت بولدى.

ئۆمەك ئەزالىرى ئۈرۈمچىدىن پىيادە يولغا چىقىپ، داخىيەنگە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالغاندا، ئوسمان ئىسىملىك بىر ساۋاقداش ئۇشتۇمتۇت قاتتىق ئاغرىپ قالدى. ئۆمەك رەھبەرلىرى داخىيەندىكى ئالاقىدار ئورۇن رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئوسماننى دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئوسماننى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، پويىز بىلەن پىچانغا يېتىپ كېلىپ بېيجىڭغا ماڭغان ئوقۇغۇچىلار ئۆمىكىگە قوشۇلدى.

ئۆمەك ئەزالىرى پىچانىدىن قومۇلغىچە بولغان مۇساپىنى پىيادە باستى. پىچانغا يېتىپ كەلگەنىدىن كېيىن ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ، يەنە شىڭشىڭشا سەپىرىگە ئاتلاندى. شىڭشىڭشىيا سەپىرىمۇ پىيادە بولۇپ، ئۆمەك ئەزالىرى مىڭبىر مۇشەققەتتە شىڭشىڭشىياغا يېتىپ كەلدى. شىڭشىڭشادىن پويىزغا ئولتۇرۇپ لەنجۇۋغا كېلىپ پويىز ئالماشتى. لەنجۇۋدىن يولغا چىقىپ شىئەن، باۋجى، لويالڭ، جىڭجۇ، شىجياجۇاڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، كېيىنكى يىلى باش ئەتىيازدا پايتەخت بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار پايتەختكە يېتىپ بارغۇچە توپتوغرا 42 كۈن ۋاقىت كەتتى. يولبويى ئىناقلىق رىشتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى.

ئۆمەك پايتەختكە يېتىپ بېرىپ 4-كۈنى جوۋ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ رادىيو نۇتقى ئېلان قىلىندى. رادىيو نۇتقىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«پوتكول مەملىكەت ئىچىدىكى ئالاقە باغلاش پائالىيىتى قەتئىي ئاخىرلاشسۇن، بۇ پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. يۇرتقا قايتىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا پويىز بېلىتى ھەقسىز تارقىتىلىدۇ...»

زۇڭلىنىڭ بۇيرۇقى پوتكول مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا رادىيو كانىيى ئارقىلىق تارقىتىلىپ، 20 كۈندىن كېيىن، سالى گۇرۇپپىسىدىكى ئالاقە باغلاش ئۆمىكى يۇرتقا قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى...

سالىنىڭ كۆڭۈل ئەندىشىسى ئاخىر رېئاللىق بولۇپ چىقتى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بارغاندا ئاتا-ئانىسى ئۇنى قارا تۇيىراق ئاستىدا كۈتۈپ تۇرغانىدى. ھەدىسى ماينۇرنىڭ نالە-زارى يۈرەك باغرىنى پارە-پارە قىلىۋەتتى...

※ ※ ※

مەرەمخان ئانىنىڭ ئۆلۈمى سالىغا تولىمۇ ھار كەلگەن بولۇپ، تۇيۇقسىز ئۆلۈمنىڭ تېگى-ماھىيىتىگە يېتەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەدىسى ماينۇرنىڭ: «ئاتام سەن كېتىپ ئون كۈنچە بولغان بىر كۈنى سەھەردە جان ئۈزدى. ئاتام باقىي ئالەمگە ئۈزىغان شۇ كۈندىن ئېتىبارەن

ئانامنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. ئۇ بىرەر كىمگە گەپ-سۆزمۇ قىلمايتتى، غىزاغىمۇ ئىشتىھاسى بوش بولۇپ، كۈنبويى ئاتامنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ كۆز يېشى قىلاتتى. ئاردىن ئون بەش كۈنچە ئۆتكەن بىر كۈنى ئۇ مېنى بازارغا بېرىپ تارغاق، يىپ-يىڭنە، باش ياغلىقى، ئەينەك قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئەكىلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇيرۇتقان نەرسىلەرنىڭ سانى ئانچە ئازمۇ ئەمەس ئىدى. بۇنچىۋالا نەرسىلەرنى نېمىگە ئىشلىتىدىغاندۇ، دېگەننى ئويلاپتىمەن-يۇ، سوراپ ئولتۇرماستىنلا، بولدىلا نېمىلا بولمىسۇن ئەكىلىپ بېرەي، كۆڭلى تارتقان نەرسىلىرىنى كۆرۈپ كەيپىياتى ياخشىلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەننى ئويلاپ بازارغا چاپتىم. كۈن قارايغاندا بازاردىن يېنىپ كەلسەم، ئانام كاڭنىڭ بۇلۇڭىدا يانپاشلىنىپ يېتىپتىكەن، نەرسە-كېرەكلەرنى قولىغا ئېلىپ شۇنچىلىك مەمنۇن بولۇپ كەتتى. مەنمۇ خۇش بولدۇم، ئەمما، — مايىنۇر ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالماي ھېقىقداپ كەتتى، يىغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى، — ئەتىسى سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام ئانام ئاللىبۇرۇن كېتىپ قاپتۇ...» دەپ بايان قىلغان ئەسلىمىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ كۆيۈك دەردى تارتىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى...

ھايات شۇنداق — تۆرەلمەك، ياشىماق، ئۆلمەك ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە داۋاملىشىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم ۋە جانلىقنىڭ بۇ قانۇنىيەتتىن چەتلەپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. دەرھەقىقەت، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋالغىلى بولمايدۇ، تىرىكلەر يەنىلا ئۆز ھەلەكچىلىكى يولىدا ئىزدىنىپ، كۈرەش قىلىشى، ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەت يارىتىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشى كېرەك. سالى مانا مۇشۇ نىشان ئۈچۈن داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە، ئۆز خىزمىتىگە پۇختا بولۇپ تىرىشىپ ئىشلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى، ياخشى ئوقۇپ ئانا-ئانىسىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ روھىغا خۇشاللىق بېغىشلاش ئىدى...

## 11

سالى ئاخىرقى بىر يىللىق ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملىغاندىن كېيىن، قايتا تەلىم-تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن تېتىر يېزىسىغا تەقسىم قىلىندى.

تېتىر يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتا — تەڭرىتېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي تەرىپى قىش-ياز ئاقىرىپ تۇرىدىغان مۇز چوققىلار بىلەن، شەرق تەرىپى بوزئۈچى چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى قۇمساغۇ دەرياسى بىلەن چېگرالىناتتى. قۇمساغۇ دەرياسىنىڭ ئۇ چېتى پايانسىز كەتكەن بوستانلىق بولۇپ، بۇ جاي سالىنىڭ ئانا يۇرتى ئارائۆستەڭگە قاراشلىق مەھەللىلەر ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك. يۇرت خەلقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. سالى يېزا مەركىزىدىن ئون نەچچە چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى بىر كەنتتە قايتا تەربىيە خىزمىتىگە چۈشۈپ، دېھقانلار بىلەن ئېتىز-ئېرىقتا، ئۆگىنىش، ئىش-ئەمگەكتە بىللە بولدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە جۇرۇپ ئىسىملىك بىر قىرغىز چارۋىچى بىلەن تونۇشۇپ قالدى.

جۇرۇپ بەستلىك، خۇش پىچىم كىشى بولۇپ، بۇ يۇرتقا نىسبەتەن ئاقساقال ھېسابلىناتتى. گەپ-سۆزى ئاشكارا، كۆڭلى تۈز بولغاچ باشقىلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ قالاتتى. سالى جۇرۇپ ئاقساقال بىلەن بۇ مەھەللىگە چېنىقىشقا چۈشكەن 3-كۈنى ئېتىزلىقتا ئىشقا كېتىۋېتىپ تۇنجى رەت يۈز كۆرۈشكەن، شۇ كۈنى ئۇلار بىرەر سائەتچە بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن پىكىرلىشىپ ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقان، ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى بىر تۇغقانلاردەك بولۇپ قېلىشقانىدى. سالى كۆپ ھاللاردا جۇرۇپنىڭ

داستىخىنىغا داخىل بولۇپ قالاتتى. جۇرۇپىنىڭ ئايالى تۇرسۇنئايخان بوي-بەستى يوغان ئايال بولۇپ، كۆنبويى قاپىقى ئېچىلمايتتى. ئۇنىڭ يا خۇشال بولغىنىنى، يا خاپا بولغىنىنى بىلمەك تەس بولۇپ، سالى ھەر قېتىم داستىخاندا پەيدا بولغىنىدا يىنىك ئۇھسىنىپلا قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا سالىنىڭ كۆڭلى بىر قىسملا بولۇپ قالاتتى-دە، قاچىنى تېزلا بىكارلاپ رەھمەت-ھەشقاللىسىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتەتتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سالى ئىشتىن يېنىپ ياتىقىدا كۈندىلىك خاتىرىسىنى يېزىپ ئولتۇراتتى، سىرتتىن جۇرۇپ كىرىپ كەلدى. جۇرۇپىنىڭ قولىدا بوغۇزلانغۇسىدىكى قانلار قاتمىغان بىرقانچە توشقان تۇراتتى.

— ھە، سالى ئۇكام، بىرقانچە ھەپتە بولۇپ قالدى، قاراڭنى كۆرسەتمەيسەنغۇ، — دېدى جۇرۇپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول سوزۇپ كەلگەن سالىغا قاراپ نارازىلىق تەلەپپۇزىدا.

— يېقىنىنىڭياقى سەل ئالدىراش. ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىمۇ ئەۋجىپ قالغاچ، ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ بولالمىدىم.

— مۇنداق دېگىنە، مەن تېخى بىزدىن رەنجىپ قالغان چېغى، دەپ ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ يۈرۈپتىمەن، — جۇرۇپىنىڭ يۈزلىرىدە كۈلكە تەبەسسۇم قىلاتتى، — يۈر، بىر دوستۇمغا مېھمانغا بارىدىغانغا ۋەدە بېرىپ قويغان، شۇ يەرگە بېرىپ، قانغۇچە ئىچىپ، ھارغىچە مۇڭدىشايلى.

— مەن...مەن، — سالى جۇرۇپىنىڭ لاپپىدە قارىشىدىن قىلماقچى بولغان گېپىنى بوغۇزىغا يۇتۇپ، ئۈن-تىنسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئۇلار قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان مەھەللە يولىدىن ئۆتۈپ، مەھەللىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىكى ھەشەمەتلىك بىر قورۇغا كىرىپ كەلدى. قورۇ ئىچىدە بىرقانچە كىشى پايپېتەك بولۇشماقتا ئىدى. ئۇلار قوش قاناتلىق مېھمانخانا ئىشىكىگە يېقىنلاپ بېرىشىغا، كىمدۇر بىرىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سىدىق ئاكا، ھوي سىدىق ئاكا، ئۆيگە مېھمان كەلدى.

— ھە، مېھانلار، تىنچلىقمۇ؟ — مېھمانخانا ئۆيىدىن چىقىپ كەلگەن

يوغـان بـىر گەۋدە ئۇلارغـا يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن، سـالىنىڭ پۈتـۈن ئەزايى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. يۈرىكىگە پىچاق ئۇرۇلغانـدەك، ئىچ-ئىچىـدىن تەشۋىـشلىك ئـاچچىق بىـر سـىرىم ئۇرغـۇپ چىقتـى. كۆڭـۈل ئەينىكىدە قانداقتۇر بىر قاباھەتلىك سىرىم ئەكس ئەتتى. ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىـشەنمىگەندەك، كـۆزلىرىنى بىرقـانچە رەت چىمىلـدىتىپ، ئالدىـدىكى ناھايىتى تونۇش بولغـان بـۇ گەۋدىـگە تىكىلگـىنىچە داڭ قېتـىپ تـۇرۇپ قالـدى. «ئۇنىڭمىـدۇ يـاكى چۈشـۈممۇ؟ بـۇ راسـتىلا سـىدىققۇ، قـانخور سىدىق...»، ـــ قېنى ئۆيگە مەرھەمەت.

ـــ بۇياق كەنتىمىزگە قايتا تەربىيەگە چۈشكەن زىيالىي ئىنىمىز سالى بولىدۇ.

جۇرۇپ ساھىبخانا بىلەن قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، سـالىنى تونۇشـتۇرۇپ شـۇنداق دېۋىـدى، سـاھىبخانا نەزىرىنـى سـالىغا يۆتكـىدى. كۆرۈشمەك بولۇپ سالىنىڭ ئالدىغا كەلدى-يۇ، قولىنى يېرىم ئـۇزاتقىنىچە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى.

ـــ سىز... سـىز... ساۋۇتخانىنىڭ، ـــ سـىدىق گېپىنىـڭ ئـاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چىرايىغا كـۈلكە يۈگـۈرتتى-دە، ـــ ھە، قېنـى، خـوش كەپسىز. ئىچكىرىگە ئۆتەيلى، ـــ دېگىنىچە سالىنى ئۆيگە تەكلىپ ئەتتى.

داستىخان سېلىندى. داستىخاندا كېيىك، ئوغلاق، قـوي گۆشـلىرى، توخـۇ شورپىـسى، تۇخـۇم، قېتىـق-قايمـاق، مېـۋە-چېۋىلەرنىـڭ ھەمـمە تۈرلىرىـدىن تارتىلغـان بولـۇپ، مېھمـانلار ئۈيـاق-بۇيـاقتىن پاراڭلىـشىپ ئولتـۇرغىچە بولغـان ئارىلىقتـا، جـۇرۇپ ئالغـاچ كەلـگەن توشـقاننىڭ گۆشلىرىمۇ قورۇما قىلىپ كەلتۈرۈلدى.

ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كەلگەن ئون نەچچە مېھمان ئـازادە ياسـداق ئۆينىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى كەڭرى كاڭنىـڭ ئۈسـتىدە ئولتۇرۇشـقان بولـۇپ، ھەممىـسى مۇشـۇ يـۇرتتىكى تۆتىنىـڭ بىـرى سـانىلىدىغان كاتتىلاردىن ئىدى.

ـــ قېنـى مېھمانلار، داسـتىخىنىمىز ئـاددىي بولـسىمۇ كـۆپكە تـاۋاپ

قىلىپ، نېمەتلەرگە ئېغىز تېگىشسىلە، — دېدى سىدىق داستىخانغا تارتىلغان پاقلان گۆشىدىن راسلانغان تونۇر كاۋىپىنى پارچىلاۋېتىپ.

بىرئازدىن كېيىن ھېجىر كومزەككە قاچىلانغان ھاراق كەلتۈرۈلدى. ساقىيلىقنى سىدىق ئۆزى قىلدى. ھېجىر چىنىگە قۇيۇلغان شاراب نۆۋەت بىلەن ئايلىنىپ، سالىغا كەلگەندە سىدىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

شاراب ئىچتۇق دوستلار ئارا، كومزەكلەپ ھېجىر بىلەن،
شادلىنار دىل خۇش كەيپتە، دېگەن زور ئۈمىد بىلەن.
يول بىر، بىراق رىزقى بۆلەك، ھەركىم ئۆز نېسىۋى بىلەن،
شۇ سەۋەب، تۇتتۇق شاراب ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن،
ئۈمىدىم بىرلا: نېزىقىماي ئېقىلىك مەيگە ئىززەت ھەم ئېكرام بىلەن.
....

سورۇندا قىزغىن ئالقىش ياڭرىدى. سالى ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن ھاراق ئىچىپ باقمىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ سىدىقتا ئۆزرىخالىق ئېيتتى، سالا قىلدىغانلار كۆپەيگىلى تۇردى. شۇ ئارىدا سىدىق يەنە گەپ قاتتى:

— ھەرقانچە سالا قىلساڭلارمۇ بەرىبىر. ئەڭ تەسىر قىلىدىغىنى يەنىلا قوشاق. مەن رۇبائىيدىن يەنە بىرنى ئوقۇپ بېرەي، بولامدۇ ؟

ھەممەيلەن سىدىقنى قوللاشتى. سىدىق قولىدىكى ھېجىرنى سالىغا قايتىلاپ سۇنۇۋىدى، سالى رەت قىلدى. سىدىق مەسخىرىلىك ھىجايدى-دە، گېلىنى بىر-ئىككى نۆۋەت قىرىپ قويۇپ سۆز ئالدى:

ئۆزىنگىزنى شىر چاغلاپ كەپقالدىڭىز بۇياققا،
نېزىقايسىز شارابقا، ئاتماي تۇرۇپ تاماققا.
ئىززەت قىلماق ئەلمىساق، ئىچىلىك ھۆرمەت شارابى،
قوبۇل ئەتمەك ئىززەتنى ئەرەنلىكنىڭ نىشانى،
گەر بولغاندا ئەكسىچە باردۇر ئۇنىڭ پىغانى.

كۆلكە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. سورۇن ئەھلىنىڭ دىققەت-ئېتىبارى سالىغا مەركەزلەشكەنىدى. سالى سورۇندىكى بىرقانچەيلەننىڭ توختىماي دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا، نائىلاج شارابنى قولىغا ئالدى، ئىككىلىنىش ئىلكىدە نەچچە دەقىقە سۈكۈتكە پاتقاندىن كېيىن، چىنىنى قوش قوللاپ كۆتۈردى-دە، شارابنى بىردەمدىلا سۈمۈرۈپ تۈگەتتى. ھېجرىنى بىكار قىلىپ، سىدىققا تەڭلىدى. سالىنىڭ كۆزلىرى ئەلەڭشىگەندەك قىلاتتى. يۈزلىرى بويىنىغىچە قىزارغان بولۇپ، ئوت بولۇپ ياناتتى.

ھاراق بىرقانچە نۆۋەت ئايلانغاندىن كېيىن، نەغمە-ناۋا باشلاندى. كاتىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تام بويلاپ سېلىنغان شىرداق ئۈستىدە ئون بەشچە قىز-چوكان رەتلىك ئولتۇرۇشۇپ، ئۈزارتىلىپ سېلىنغان داستىخاندىكى نېمەتلەرگە ئېغىز تەگمەكتە ئىدى.

— ھە قېنى، بىكارلىققا يەپ-ئىچىپ ئولتۇرۇشماي، ئۈسسۇل- پۈسسۇلغا چۈشمەمدۇق، — دېدى سىدىق قولىدىكى چىنىنى داستىخانغا قويۇۋېتىپ، — گۈلسارەم، ئۆزىڭىز بىر باشلىمامسىز.

پەگاھتا ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بىر چوكان دىككىدە ئورنىدىن تۇردى-دە، ئەتراپقا تەكشى كۆز تاشلىغىنىچە سورۇنغا چۈشتى. مېھمانلارغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇزىكا رىتىمىغا تەڭكەش قىلدى. ئۇلانما مۇزىكا ئەۋجىگە چىققان بىر پەيتتە مېھمانلار ئالدىدىن تۇرنىلار پەي قېقىپ كۆككە شۇڭغىغانغا ئوخشاش نەپىس ھەرىكەت بىلەن لەرزان ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كاڭ قىرغىقىدا ئولتۇرغان بۇسارەمنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ ئەتتى. بۇسارەم ئېھتىرام بىلەن چوكانغا ئۆزرىخاھلىق بىلدۈردى-يۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەكلىپىدىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى. قورۇنغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. بىرقانچىنى پىرقىراپ مېھمانلارغا يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن سالىغا باقتى. قىزنىڭ قول ھەرىكىتى شۇنچىلىك نەپىس ۋە چاققان ئىدىكى، گاھ شاختىن-شاخقا قونۇپ گۈل بەرگىدىن شىرنە يىغىۋاتقان بال ھەرىلىرىنىڭ توختىماي

قانات قېقىشىغا ئوخشىسا، گاھ قۇشلارنىڭ سامادىكى لەرزان پەرۋازىغا ئوخشايتتى. قىز سالىغا بىرمەھەل بېقىپ ئويىنغاندىن كېيىن، ئۇنى ئېھتىرام بىلەن ئۇسسۇلغا تارتتى. قىزنىڭ نەپىس ھەرىكەتلىرىدىن ئۆزىنى تارتسا كېرەك، دەسلەپ سالى قىزنىڭ ئېھتىرامىغا چوڭقۇر سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ ئوتتۇرىغا چۈشمىگەنىدى. بىراق، سورۇن ئەھلىنىڭ دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا، ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

بۇسارەم بىلەن سالىنىڭ ھەرىكەتلىرى تېزلا ماسلىشىپ كەتتى. سالىمۇ قىزنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ قەدەملىرىنى چەبدەسلىك بىلەن يۆتكەيتتى...ئۇلارنىڭ مۇزىكا رىتىمىغا ماسلاشقان چەبدەس ھەرىكەتلىرى پۈتكۈل سورۇن ئەھلىنىڭ دىققىتىنى رام قىلغانىدى. سورۇن تاكى ئېغىر ياتقۇغىچە داۋام ئەتتى. مېھمانلارنىڭ بىر قىسمى قايتىشنى ئىلتىجا قىلىشقان بولسىمۇ، خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان سىدىق ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئىنچىل رەت قىلىپ كەلگەنىدى. جۇرۇپ ئاكا ئاخىر ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— ئەتە يەنە شۇ ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئىشى تۇرۇپتۇ، شۇڭا سورۇننى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرساق قانداق ؟

ھەممەيلەن گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا قاراپ قوزغىلىشتى....سالى مەھەللە دوقمۇشىدىكى ئاچا يولدا سورۇندىن بىللە قايتقان ھەمراھلىرى بىلەن خوشلىشىپ، كەنت قورۇسىغا قەدەم باستى. بوغالتىر ئىشخانىسىدىن يىنىپ تۇرغان سۇس چىراغ يورۇقىدىن باشقا ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. ئاينىڭ سۇس يورۇقىدا ھاسىل بولغان دەرەخلەرنىڭ قارا كۆلەڭگىسى بەھەيۋەت قارا مەخلۇققا ئوخشاپ كەتكەن بولۇپ، ئادەم تېنى شۈركۈنەتتى. سالى ياتاق ئىشىكىنى ئاچقان بولسىمۇ، يەنىلا سىرتتا تۇردى. سۇس نۇر يېغىپ تۇرغان كۆك قەرىگە باقتى.

كۆپكۆك ئاسماندا چاقناپ تۇرغان ئاندا-ساندا يۇلتۇزلار ئالتۇن رەڭ تۇس ئالغان ئورغاق شەكلىدىكى ئاي يۈزىنىڭ بىر قىسمى كۆكۈچ قارامتۇل رەڭگە كىرگەن بولۇپ، سىياھ تۆكۈلگەندەك كۆرۈنەتتى. ئەتراپ

شۇنچىلىك تىمتاس، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ۋە پاقىلارنىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ كورۇلداشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى.

ساي تەرەپتىن كېلىۋاتقان كەچ كۈزنىڭ مەيىن شامىلى ئادەمگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى، ئەمما تېمپېراتۇرا خېلىلا تۆۋەنلەپ قالغاچ، سىرتتا ئۇزاق تۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. سالى كۆز ئالدىدىكى چەكسىز بوشلۇقتا قاراپ نەچچە سائەت ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى خىيالەن ئەسلەپ ئۆتتى. بۇسارەم بىلەن ئوينىغان ئۇسسۇللىرى يادىغا كېلىۋىدى، يۈرىكى تېپچەكلىگەندەك، قەلبىدە بولسا «بۇسارەم» دېگەن ئىسىم تەكرارلىنىۋاتقاندەك سېزىم ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتتى.

«كاساپەت، ئۇسسۇل دېگەننىگە راۋرۇس پەيزى بارئىكەن دېسە. بوشراق تۇرسام يۈگەپ قويغۇسى بار تېخى...»

سالى ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. سوغۇق دەستىدىن بەدەنلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ياتاققا كىرىپ كەتتى. ئۇيقۇغا كۆز يۇمماق بولدى-يۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. شۇ دەقىقە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەكس ئەتكىنى، ئاۋۋال سىدىقنىڭ قوپال ئاۋازى، ئاندىن ھەر خىل پەدىگە چېلىنىۋاتقان داپ، تەمبۇر، دۇتار قاتارلىق سازلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئىدى...

## 12

كۈزلۈك يىغىم ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئىش-ئەمگەك ھەلەكچىلىكى پەسەيمىگەنىدى. بولۇپمۇ شال خامىنى ئېلىش، ئېتىزلارغا قىغ يۆتكەش، كۆچەتلەرنى كۆمۈش، بۇغدايىنى كۈزلۈك سۇغىرىش دېگەندەك ئىشلار ھەممە ئادەمنى پاتىپاراقچىلىققا سالغانىدى. ئەمما، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىش-ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىشنى بىرىكتۈرۈپ ئادەتلىنىپ كەلگەن يۇرت ئەھلى ئۈچۈن بۇنداق ھارغىنلىق ھېچقانداق بىر ئىش ئەمەستەك

ئىدى. كۆلىدۆزلىرى ئېتىز-تىرگەنلەردە ئىش قايىنىسا، ئاخشاملىرى پېرە - مەشرەپلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. بۈگۈن جۇرۇپىنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسى باشقىچىلا قىزىپ كەتكەنىدى. قورۇنىڭ ئىچى-سىرتى پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سۇ سېپىلگەن، باغلار رەتلىنىپ يېڭىچە تۇسكە كىرگەن بولۇپ، ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ، نەپىس سىرلانغان ياغاچ پەنجىرە بىلەن ئورالغان تۆت مېتىر كەڭلىكتىكى نەقىشلىك، ياغاچ ئويمىلىق ساندۇق پەرمان نۇسخىسىدا يېپىلغان پېشايۋاننىڭ دەرۋازا تەرەپتىكى تېمىغا ياندىشتۇرۇپ ياسالغان، ئۈستىگە خوتەن گىلىمى سېلىنغان كەڭرى سۇپىدا بىرقانچە ئاياللار داستىخان ھازىرلىقى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ھويلىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە سېلىنغان ئاشخانىدا بىرقانچە چوكان تاماق تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولسا، باغ تەرەپ تال قالىق (ئۈزۈم بارىگى) ئاستىدىكى تونۇر بېشىدا بىرقانچە يىگىت تونۇرنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەش ۋە پىشۇرماقچى بولغان پاقلانغا خورۇچ سۈركەش، كاۋاپ قىيمىلىرىنى تەييارلاش، قىيما ئۆتكۈزۈش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. قارىماققا كاتتا بىر توينىڭ تەييارلىقىدەك ھەشەمەت بىلەن تۇجۇپىلەپ قىلىنىۋاتقان بۇ تەييارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىككى ھەپتە ئىلگىرى سىدىق قورۇسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپ چېپىنىڭ ياندۇرۇقى ئىدى.

بۇ مەھەللىدە قەدىمدىنلا ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن بىر قائىدە بولۇپ، ئەھلىمەھەللە بۇ خىل قائىدىگە كىچىكىدىن چوڭىغىچە كۆنۈك ئىدى. كۆزلۈك يىغىم باشلىنىشى بىلەن مەھەللىلەردە ئۆز كەنتىنى بىرلىك قىلغان بۇنداق مەشرەپلەر ئايدا بىرقانچە قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. ھەركىم ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن «تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەنگە رىئايە قىلىشىپ قۇربىنىڭ يېتىشىچە داستىخان سېلىشاتتى. بىر قىسىملار يۇرت كاتتىلىرى ۋە غېرىب-غۇرۋالارغا ئاددىيغىنا بىر ۋاق تاماق تەييارلىغاندىن باشقا، ئەلنەغمىچىلەرنى تەل قىلىپ، جامائەت ئۇسسۇل ئويناپ، پوتا تۇتۇپ

كۆڭۈل ئاچقۇدەك ئازادە سورۇن هازىرلىسىلا بولاتتى. مەشرەپ چىيى هەركىمنىڭ ئىختىيارلىقىدا تاپشۇرۇپ ئېلىنغاچقا قول-ئىلكىدە يوقلارغا مەجبۇرلانمايتتى. هېچكىممۇ ئۇلاردىن ئاغرىنىپ يۈرمەيتتى. سىدىق بىلەن جۇرۇپ يۇرت كاتتىلىرىدىن بولغاچقا ئۇلارنىڭ سالغان داستىخىنى باشقىلاردىن پەۋقۇلئاددە پەرقلىنەتتى ھەم قول-ئىلكىدە يوقلار بۇ سورۇنغا داخىل بولۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغانلىقتىن، يىغىلىدىغانلار باشقا سورۇنلارنىڭكىدەك ئىختىيارىي بولماستىن، تەكلىپ بىلەن كېلىدىغان ئالاھىدە مېھمانلاردىن ئىدى.

كۈنچىقىش بىلەن تەڭ بۇسارەمنى ئېلىپ جۇرۇپنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كەلگەن گۈلساربخان بۇسارەمنى بۇيرۇپ يۇرۇپ چۈشكىچە هېرىپ-ئېچىپ تۇرسۇنئايخاننىڭ ئىشلىرىغا قاراشتى. داستىخان تەييارلىقلىرى پۈتكەندىن كېيىن، بىردەم-يېرىمدەم دېمىنى ئالماقچى بولۇپ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۆزىنى شىرداق ئۈستىگە سېلىنغان يېكەندازغا تاشلاپ، ئەمدىلا كۆز يۇمۇۋىدى، تۇرسۇنئايخان كىرىپ كەلدى.

— هوي، بولدى قوزغالمىسىلا، ئارام ئالغاچ پاراڭلىشايلى، — دېدى تۇرسۇنئايخان ئۆزىنى كۆرۈپ كات ئۈستىدىن پەسكە چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتقان گۈلساربخانغا ئەدەپ بىلەن مۇلايىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار يانمۇيان يېتىشىپ ئەھۋاللاشتى.

— بۇسارەمنىڭ ئىشىنى قانداق ئويلىشىۋاتىدىلا ؟

— ئۇنى بىر دېسىلە تۇرسۇنئايخان، بۇ جۇۋاينىمەك نەچچە يىلنىڭياقى يىراق-يېقىندىن بولۇپ بەش-ئالتە يەردىن لايىق كېلىۋىدى، شۇنداق يالۋۇرسامۇ ئېغىز ئاچماي، تولۇمدەك دۇمشىيىپ تۇرۇۋالدى. كەلگەن لايىقمۇ يۈز دېسە يۈزى، پۇل-مال دېسە دەپىن-دۇنياسى، تۇتسا سېپى بار ئوبدان كىشىلەر ئىدى. ئەمدىلىكتە سالى دېگەن يالاڭتۆش بۇ مەھەللىدە پەيدا بولۇۋىدى، تۇرالمايلا قالدى. ئۆزلىرىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، بىزنىڭ قورۇدىكى مەشرەپتە ئادەم تېپىلمىغاندەك سالىنى ئۇسسۇلغا

تارتىپ، تازا بىر ئوينىغۇدى، ھەممىنىڭ ئاغزىدا، «بۇسارى بىلەن سالى چىقىشىپ قاپتۇمىشىيەي، ئۇلار توي قىلارمىشىيەي» دېگەندەك مىش-مىش گەپلەر پەيدا بولدى. شۇنىڭدىن بېرى يۈزۈمنى قويغۇدەك يەر تاپالماي يۈرۈۋاتىمەن قارىسىلا.

— بۇمۇ ئوبدان گەپ بوپتىغۇ. ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلغۇلۇق، قىز چوڭ بولسا ئەرگە بەرگۈلۈك-تە. سالىمۇ يامان ئەمەس بالىدەك قىلىدۇ. ئاڭلىسام چېنىقىش ۋاقتى توشسىلا ئەپەندىم بولغۇدەك.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق، — گۈلساربخان كۆزىنى تۇرسۇنئايخاندىن قاچۇرۇپ تەكچىدىكى گۈل تەشتىكىگە قادالدى.

— نېمىگە ئىككىلىنىدىلا گۈلساربخان، «پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرماپتۇ» دېگەن گەپ بار. ناۋادا بۇسارىنىڭ رايىغا باقمىسىلا دەردىنى تارتىدىغان ئىش چىقىپ قالمىسۇن يەنە.

— مەنمىغۇ سىلى ئويلىغاندەك خىيال قىلغان. بىراق، شۇ سىدىق ئاخۇن زادىلا يېقىن يولاتماي تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئىش توغرۇلۇق بۇسارىنى خېلى ئەدەپلىدى بولمىسا.

— نېمىشقا ئەمدى ؟! باللار ئۆز بەختىنى تاپسا نەرى يامان.

— سىلى بىلمەيلا. بىز ئىلگىرى سالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىر يۇرتتا تۇرغان. ئۇ چاغلاردا سىدىق ئاخۇن ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن سالى ئائىلىسى ئوچۇن كېلىشمەسلىك كەلتۈرگەنىدى. شۇ سەۋەب بۇ ئىشقا رايى بارمايۋاتىدۇ، — گۈلساربخان بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن داۋام ئەتتى، — سالى بۇسارىنىڭ تېگىنى بىلمەيدۇ. ناۋادا ئۇ بۇسارىنىڭ سىدىقنىڭ قىيىنسىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولسا، توي قىلماق تۇگۇل بۇسارىنىڭ قارىسىنى كۆرسىمۇ قېچىشى تۇرغانلا گەپ دېسىلە.

— ئۇنچىۋالا قىلغۇدەك قانچىلىك چوڭ ئىش ئىدى ئۇ، — دېدى تۇرسۇنئايخان گۈلساربخاننىڭ پەرىشانلىق قاپلىغان مەيۇس چىرايىغا بېقىپ.

گۈلساربخان ئېغىر بىر ئۇھسىنغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام ئەتتى. ئۇ

سۆزلىگەنسېرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ سالدى.
— بولدى قىلسىلا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن بەندە بولغاچ، ياشلىقتا كەم ئەقىللىك قىلىپ خاتالىق سادىر قىلىشتىن مۇستەسنا بولالمايدىكەن، قېرىغاندا قىلمىشىغا مىڭبىر تۇۋا قىلسىمۇ ئورنىغا كەلمەيدىغان گەپكەن. ئۆز سەۋەنلىكلىرىمىزگە ئۆكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، ياشلارغا كۆپرەك تەربىيە ـ نەسىھەت قىلساق كۆڭلىمىزگىمۇ تەسەللى بولىدىغان گەپ. سالىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرسەك بەلكىم توغرا چۈشىنىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس...
شۇ ئەسنادا بۇسارەمنىڭ تووۇلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ئانا! مېھمانلار كەلگەندەك قىلىدۇ، سىلى قەيەردە؟
گۈلسارىخان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، تۇرسۇنئايخانغا، ئەمدى قانداق قىلساق بولار، دېگەن نەزەردە قارىدى.
— سىلى چىقىۋەرسىلە، قالغان ئىشنى مەن توغرىلاي،— دېدى تۇرسۇنئايخان يېيكەنداز ئۈستىگە ياستۇقلارنى قويۇۋېتىپ.
گۈلسارىخان مېھمانخانىدىن چىقىپ، كارىدور ئىشىكى ئالدىدا بۇسارەم بىلەن ئۇچراشتى.
بۇسارەم بۈگۈن ئۆزى ئەڭ ياقتۇرۇپ كىيىدىغان يۇلغۇن چېچىكى رەڭگىدىكى چىت كۆڭلەك، ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك شەنبىزە كەنجىسىنى كىيىۋالغان بولۇپ، چېچىنى قىرىق ئۆرۈمە قىلىپ، جىگدە يېلىمىدا قاتۇرۇپ تارىۋالغان، تېقىمىنى بويلاپ تۇرىدىغان قاپقارا چاچلىرى بىلەن چىمەن گۈللۈك قىزىل دوپپىسى قوشۇلۇپ تېخىمۇ زىلۋا ۋە گۈزەل كۆرۈنەتتى.
قىز ئانىسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا خۇددى كىچىك بالىلاردەك سەكرەپ كېلىپ، ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى:
— نەلەردە بولدىڭىز؟ بەكمۇ ئەنسىرەپ كەتتىم.
— ئەنسىرەيدىغانغا مەن يا كىچىك بالا بولمىسام، قارا سېنىڭ تەنتەكلىكىڭنى. تۇرسۇنئاي ئاپاڭ بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم مۇڭداشقاچ ئارام ئېلىۋالدىم شۇ، —

دېدى گۈلسارىخان قىزىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ نەزىرى قىزىنىڭ پېشانىسىدىكى ئەمدىلا قېتىشقان يارا ئىزىغا چۈشۈۋىدى، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ ئازابلىق ئىڭرىغاندەك بولدى. كۆز ئالدىدا نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى سىدىق ئاخۇننىڭ بۇسارىگە زەردە بىلەن ۋارقىراپ - كايىشلىرى، گەپكە كىرگۈزەلمەي قامچا بىلەن ساۋاشلىرى غىل - پال نامايان بولدى.

شۇ كۈنى ئۇستۇنكى مەھەللىدىن قول - ئىلكىدە بار بىرەيلەن بۇسارەمنى كېلىن قىلىۋېلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ سىدىق ئائىلىسىگە داستىخان ئەكەلگەنىدى. كۈيئوغۇل بولغۇچىمۇ خېلى دۇرۇس بالا بولغاچقا، سىدىق ئاخۇن بىر يولىدىلا رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئەلچىلەرنىڭ داستىخىنىنى قوبۇل قىلدى. بىراق، ياندىكى ئۆيدە ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان بۇسارەم ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈشىگىلا، ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىققىنىچە ئاتىسىغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ: «ئەلچىلەرنىڭ داستىخىنىنى قايتۇرۇۋېتىش» نى ئېيتتى. ئەل - يۇرت ئالدىدىكى يۈز - ئابرۇيغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان سىدىق قىزىنىڭ يىلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلىپ قويمىدى.

— مەھەللىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، قىز بالا دېگەن باشتىكى تۇماق بىلەن قاتتىق بىرنى ئۇرغاندا يىقىلىپ چۈشمىگۈدەكلا بولسا ياتلىق قىلىنىدىغان گەپ. قارا تۇرقۇڭغا، سەن بىلەن تەڭ دېمەتلىكلەر ھازىر ئالدى ئىككى - ئۈچ، كەينى بىر بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ بولدى. نەچچە يىلدىن بېرى سېنىڭ رايىڭغا بېقىپ كۆپ قېتىم ئەلچىلەرنى ياندۇردۇم. بوپتۇ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قالغان، كۆڭلى سۇنۇق، دەپ ئەنئەنىنى بۇزۇپ، ئۆزىنىڭ تاللىغىنى بولسىمۇ ھۆرمەت قىلاي، دەپ شۇ كەمگىچە تاقەت قىلدىم. بىراق، سەن دېگەن تەرەپلەردىن سادا كەلمىدى. بىر ئۆمۈر قېرى قىز بولۇپ ئۆتمەكچىمىدىڭ. قېنى دەپباقە، ئۇنىمۇ ياراتمىساڭ، بۇنىمۇ ياراتمىساڭ، زادى كىم بىلەن توي قىلىسەن؟...

سىدىقنىڭ بىرھازا كايىشلىرىدىن كېيىن، بۇسارەم مىڭبىر تەسلىكتە ئېغىز ئېچىپ، ئۆزىنىڭ سالى بىلەن ئۆي تۇتقىنىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقىنىدا سىدىقنىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچتى.

سىدىق سالىنى ئۆز قورۇسىدىكى مەشرەپتە تۇنجى كۆرۈشىدىلا تونۇغانىدى. شۇ كۈنى ئۇ، سالىنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگىنىنى بىلىپ يېقىش ئۈچۈن، ھاراق قۇيۇۋېتىپ سالىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان قوشاقلارنى توقۇغان، بۇسارەم بىلەن سالى ئىككىسى ئۇسسۇلغا چۈشكەندە، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتكەنىدى. بۇسارىنىڭ ئاغزىدىن سالىنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن، سىدىقنىڭ پەيمانى قىرىق گەز ئۆرلەپ، پېشايۋان ئاستىدىكى قامچىنى ئالدى-دە: «نىمە...نىمە دەۋاتىسەن. مېنىڭ ئالدىمدا ئىككىنچى سالىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدىغان بولساڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىۋېتىمەن» دېگىنىچە بۇسارەمنى ساۋاشقا باشلىدى. بۇسارەم قامچىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، سىدىققا تىكىلىپلا قاراپ تۇردى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان سىدىق: «ۋۇ دۆيۇز. يەنە چېكەتكىدەك قارايسەنغۇ؟» دېگىنىچە بۇسارىنىڭ باش قىسمىغا قامچا بىلەن بىرنى سالدى. ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەن گۈلسارىخان يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە سىدىقنىڭ قولىدىكى قامچىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يالۋۇردى. گۈلسارىخانىنىڭ يالۋۇرۇشىدىنمۇ ياكى بۇسارەمنىڭ پېشانىسىدىن تەپچىرەپ چىققان قانىنىڭ سۈرىدىنمۇ، سىدىق قولىدىكى قامچىنى قويىۋېتىپ، ئۆز-ئۆزىگە كايىغىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن، سىدىق ئايالىغا بۇسارەمگە تەربىيە ئىشلەشنى تاپىلىغان بولسىمۇ، نەتىجىسى بولمىدى. يىگىت تەرەپ تويلۇقنى بېكىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تەكرار ئەلچى كىرگۈزمەكتە ئىدى. سىدىقنىڭ كۆڭلى زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئاخىر يەنە ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇسارەم بىلەن تەپسىلىي پاراڭلاشتى. ئىشنىڭ نەتىجىسى «ئاتام ئېيتقان ھېلىقى» بولۇپ، گۈلسارىخانىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇشلىرى،

بۇسارەمنىڭ ئۆتۈنۈشى سىدىقنىڭ رايىنى ياندۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمدى تويلۇقنى ياندۇرماقتىن باشقا يول قالمىغانىدى. بۇ ئىشتا ھەممىدىن بەك جىگىغا توختىغىنى، گۈلسارىخاننىڭ ئاكىسى تۇردى ئاخۇننىڭ سىدىق ئۈچۈن قىلغانلىرىنى تىلغا ئېلىپ يالۋۇرۇش، ئۆتۈنۈشلىرى ئىدى. مەرھۇمنىڭ سىدىق ئۈچۈن قىلغانلىرى بىر ئۆمۈر تۆلەپ، ئادا قىلىپ بولالمايدىغان ياخشىلىقلار ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا سىدىق ئۆز قىلمىشى بەدىلىگە قانۇن بويىچە بەش يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئەنە شۇ چاغدا گۈلسارىخان ئاكىسىغا يېلىنىپ- يالۋۇرۇپ، سىدىقنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئۆتۈنگەن. تۇردى ئاخۇن يۇقىرى-تۆۋەن چېپىپ، سىدىقنى مۇددەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن كېپىللىك بىلەن تۈرمىدىن قايتۇرۇپ چىققان ۋە بۇ يۇرتقا قايتۇرۇپ كېلىپ، يەر، ئۆي-زېمىن ھەل قىلىپ بەرگەن. كېيىنچە تېخى ئۇنى كەنت مۇدىرلىق مەرتىۋىسىگىمۇ ئىگە قىلغانىدى. سىدىق مەرھۇم قېيىنئاغىسىنىڭ يۈز-ئابرۇيى بىلەن كەنت مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە نائىل بولغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئوبدان يەكۈنلەپ، ئەس-ھېسسىياتىدا خەلق مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن، خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەنىدى. ئالدىنقى يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىشتىن ئاۋۋال خىزمىتىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى.... سىدىق تۈرمىدىن چىقىپ ئىككىنچى يىلى، بۇسارىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىر قېتىملىق ئوغلاق بەيگىسى سەپىرىدە پىگلو ئاستىدا قېلىپ قازا قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇسارەم ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن قالغان مال-دۇنيا سىدىق ئائىلىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەنىدى.

ئەنە شۇنداق بىر قاتار ئىشلار سىدىقنى پەيلىدىن يېنىشقا ئۈندىگەچكە، ئەتىگەندە گۈلسارىخاننى بىرقانچە ئاياللار بىللە ئەلچىلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، داستىخاننى ياندۇرۇشقا بۇيرۇغانىدى.

خەۋەر كۈتۈپ يولدا ساقلاپ تۇرغان بۇسارەم گۈلسارىخاننىڭ قارىسىنى

كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ بېرىپ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقان، گويا كىچىك باللاردەك تاقىلدىغىنىچە قىن-قىنىغا پاتماي خۇشاللىقىنى تەنتەنە قىلغاندى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەندىشىسى تاراپ، قەلبى يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن، ئانىسىدىن جۇرۇپنىڭ ئۆيدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپكە ياردەملەشكىلى بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىيىملىرىنى كىيىپ، چىرايلىق تارانغانىدى.

«ناۋادا ئارىغا كىرىۋالمىغان بولسام، قانچە قىلاتتى بىچارە بالىنى. ئەر كىشى دېگەن شۇنداقمۇ رەھىمسىز بولامدۇ ؟... بالا دېگەن ئۆز پۇشتىدىن بولمىسا بىكار ئىكەن. بۇسارىغۇ ئۆز دادىسىدەك شۇنچە چوڭ بىلىدۇ بۇ ئادەمنى...»

گۈلسارىخان بۇسارەمنىڭ پېشانىسىدىكى يارا ئاغزىنى ئالىقانلىرى بىلەن بىرقانچە رەت يېنىك سىلىدى.

— يۈر قىزىم، سورۇنغا بارايلى، — گۈلسارىخان بۇسارەمنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە تۆرگە چىقتى-دە، مەشرەپ ئەھلى ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى...

جۇرۇپ هويلىسىدىكى مەشرەپمۇ تۈن نىسپىگىچە داۋاملاشتى. مەشرەپتە ناغرا، سۇناي، داپ، چاڭ قاتارلىق چالغۇلار تەڭكەش قىلىنىپ چېلىنغان بولۇپ، بىرىنچى بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكىنى بۇسارەم بولدى. بۇسارەم بۇ دورەممۇ سالىنى ئۇسسۇلغا تارتتى. سالىمۇ ئالدىنقى قېتىمقىدەك تارتىنىشىپ ئولتۇرماستىن، خۇددى بىرىنىڭ ئۇسسۇلغا تارتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك، بۇسارەمنىڭ شۇنداقلا تەكلىپ قىلىشى بىلەن لىككىدە ئورنىدىن تۇردى-دە، بارماقلىرىنى قارسىلدىتىپ ئۇسسۇلغا كىرىشىپلا كەتتى ۋە كەينى-كەينىدىن بىرقانچە مەيدان تەكرار ئوينىدى.

بۈگۈن بۇسارەمنىڭ كۆڭلى ئالەمچە شادلاندى. ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك، ئەتىگەندە ئاتىسىنىڭ ئۆز رايىغا بېقىپ ئەلچىلەرنىڭ داستىخىنىنى قايتۇرۇشى، ئەمدىلىكتە بولسا غايىۋانە كۆز تاشلىغان

ئاشىقى سالى بىلەن قانغۇچە ئوينىغان نەچچە دورەم ئۇسسۇل ۋە پوتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق ئاتا قىلغانىدى...

كېچە. كۆپكۆك ئاسماندا شۇڭغۇپ ئۈزۈۋاتقان تولۇن ئاينىڭ يورۇقى ئۆيئىچىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇسارەم ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قازناق ئۆيگە چىقتى، سەرەڭگە يېقىپ رام تەكچىسىگە قويۇلغان جىنچىراغنى تەكچىگە يانداپ قويۇلغان شىرە ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن، شىرە تارتمىسىدىن قەغەز-قەلەمنى ئالدى-دە، دەقىقە ئويلىنىشتىن كېيىن يېزىشقا كىرىشتى...

بۇسارەم كۆڭۈل ھېسلىرىنى قەغەز يۈزىگە پۈكۈۋاتقان شۇ دەقىقىلەردە كەنت قورۇسى چېتىدىكى ماكچىيىپ كەتكەن كونا كەپىدىمۇ چىراغ يورۇقلۇق ئىدى. ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن چۈشۈۋاتقان كىرسىن چىرىغىنىڭ خىرە يورۇقى تۈۋن نىسپىگە تارالغانىدى. تاشلاندۇق ئاشخانىنى تۈزەشتۈرۈپ ياتاق قىلىنغان، قىيسىيىپ كەتكەن بۇ كونا تاتما ئۆي سالىنىڭ ياتىقى ئىدى.

سالى مەشرەپتىن يېنىپ ياتىقىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ خېلى بىرھازاغىچە كۆز يۇممىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە سىدىققا بولغان كۈچلۈك نەپرەت ۋە قانداقتۇر بىر تەشۋىشلىك سېزىم ئەگىيتتى. ئۇ سىدىق بىلەن تۇنجى رەت ئۇچراشقان دەقىقىلەردىكى سىدىقنىڭ ئۆزىگە قىلغان ھۆرمەتسىزلىكلىرىنى، بۇسارەم بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشكەن مىنۇتلاردىكى نەپرەتلىك قاراشلىرىنى ئويلىغىنىدا قەلبىدە غەزەپ تاشقىنى پەيدا بولۇپ، مۇشتۇملىرى ئىختىيارسىز تۈگۈلدى. رەھمەتلىك ئاتىسى ساۋۇتخان ۋە ھەدىسى ماھىرەنىڭ ئازابلىق كەچمىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ئىچ -ئىچىدىن ئازابلاندى، كۆز چاناقلىرىدا ياشلار ئەگىدى. ئۇ سىدىقتىن قانلىق قىساس ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى-يۇ، تۇرسۇنئايخاننىڭ دېگەنلىرى يادىغا كېلىپ، تەشۋىشلەنگەندەك بولدى.

جۇرۇپنىڭ ئۆيىدىكى مەشرەپتە بۇسارەم يەنىلا تۇنجى بولۇپ

ئۇسسۇلغا چۈشكەن، ھايال قىلمايلا سالىنى ئۇسسۇلغا تارتقانىدى. بۇ ھال مەشرەپ تۈگىگىچە تۈت دورەم داۋام ئەتكەن بولۇپ، سالى ئاخىرقى قېتىملىق ئۇسسۇلدىن چۈشۈپ ئورنىغا قايتىۋاتقان پەيتتە تۇرسۇنئايخان ئۇنى چاقىرغانىدى:

— ئۇكام سالى، بۇياققا كەل، — تۇرسۇنئايخان سىرتقا قاراپ ماڭدى. سالى بىرەر جىددىي ئىش بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچكۈزگەچ تۇرسۇنئايخانغا ئەگىشىپ ھويلا سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— ھەدە، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— ياق، ساڭا دەيدىغان مۇھىم بىر گېپىم بار ئىدى.

— مۇھىم گەپ؟

— شۇنداق، — تۇرسۇنئايخان ھويلىدىن ئۇن قەدەمچە يىراقلىقتىكى قېرى ئۈجمە تۈۋىگە كەلگەندە قەدىمىنى توختاتتى ۋە نېمە دەركىن، دېگەندەك ئاغزىغا قاراپ تۇرغان سالىغا قاراپ پىسسىڭدە بىرنى كۈلدى. «تــوۋا، بــۇ ئاپالمۇ كۈلۈشنى بىلىدىكىنە؟!»، سالى تۇرسۇنئايخاننىڭ كۈلكىسىدىن تەئەججۈپلەنگەنىدى.

— مۇنداق بىر ئىش بار ئىدى، — دەپ سۆزىنى داۋام ئەتتى تۇرسۇنئايخان، — خېلى ۋاقىتتىن بېرى ساڭا ئېيتاي دەپ ئويلىغان بولسامۇ، مۇۋاپىق پۇرسەت تاپالماي كەلگەنىدىم. ئەمدى دېمىسەم بولمىدى، — سالى تېخىمۇ ھەيران قالدى. گويا ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان بىر سىرنى بىلمەي قالغاندەك، ئاشۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقاندەك بىر تۈيغۇ كۆڭۈل بېغىنى كەزمەكتە، ئارامىنى بۇزماقتا ئىدى. تۇرسۇنئايخان گېلىنى قايتىلاپ قىرىپ قويغاندىن كېيىن ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ سۆزىنى باشلىدى،— بۇسارەم بىلەن يېقىن ئۆتۈۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن ئۇكام. بۇسارەم ياخشى قىز. ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق، بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش تولىمۇ زۆرۈركى، ئۇ سىدىق بىلەن گۈلسارىنىڭ بېقىۋالغان قىزى...، — تۇرسۇنئايخان بۇسارەمنىڭ ھايات

كەچمىشلىرىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، سالىغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ تۇرۇپ داۋام ئەتتى، — بۇسارەم سىزنى ياخشى كۆرىدىكەن. ناۋادا شۇنداق بىر خىيالغا كەلگەن بولساڭ جۈرۈپ ئىككىمىز سىزنى قوللايمىز، ئۇكام. ھازىر سىدىقنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقانلار ئاز ئەمەس، شۇڭا بۇ ئىشنى بەك ئارقىغا سۆرەپ كەتمىسەڭ.

— مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ ھەدە. مەن... مەن شۇ.

— ئۇسسۇلنى رەسمىيەت يۈزىسىدىن مۇنداقلا ئويناپ قويغان دېمەكچىمۇ سەن؟ يېڭىلىشتىڭ. كۆڭۈل سىرلىرىڭنى سەن يوشۇرغان بىلەن، كۆزۈڭ يوشۇرۇپ قالالمايدۇ، ھەرىكىتىڭ يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. سېنىڭ سىدىققا ئۈچ-ئاداۋەت ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىڭنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولمايدۇ-دە. بۇ ئىشقا سىدىقمۇ قارشى تۇرغانىكەن، بىراق، بۇسارىنىڭ كۆز ياشلىرى، يالۋۇرۇشلىرى، چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ئۇمۇ ئېرىپ قالغانىدەك، شۇڭا مەن...

— بۇسارەم بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق ئىش يوق ھەدە، — سالى تۇرسۇنئايخاننىڭ سۆزى ئاخىرلاشماستىنلا ئېغىز ئاچقانىدى. ئۇ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ بىرقانچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن قەدىمىنى توختاتتى ۋە ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى، — ھەدە، ئۇ كىم بىلەن توي قىلسا بولۇۋېرىدۇ .

ئىشنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ مۈرەككەپ ئىكەنلىكىنى يەم ئەتكەن تۇرسۇنئايخان، سالىنىڭ يېنىغا تېزلا يېتىپ باردى ۋە ئەۋزەيلەپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى:

— ئۇكام سالى، كۆڭلۈڭدىكىنى چۈشىنىمەن. ئەمما، چوڭلارنىڭ ئىشنى دەپ ئۆزۈڭنى ئازابلىغىنىڭنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. سىدىق ئاخۇن بىلەن سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقا كەلسەك، ئۇ دېگەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلار، شۇ ۋاقىتلاردا سىدىق ئاخۇننىڭ ئورنىدا سەن بولساڭمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتىڭ. بۇ سەۋەبلىكلەرنى پۈتۈنلەي سىدىق ئاخۇنغا ئارتىپ قويۇشمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇ شۇ دەۋرنىڭ ئىشى

بالام. يەنە كىلىپ بۇسارەمدە ھېچقانداق گۇناھ يوق. ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ ئەمەسمۇ. سىدىق ئاخۇنمۇ ئۆز قىلمىشىغا كۆپ پۇشايمان يېگەن ئادەم. دەسلەپتە ئۇمۇ بۇسارەمنىڭ سەن بىلەن توي قىلىش ئارزۇسىنى ئاڭلىغىنىدا قەتئىي قارشى تۇرغان، بىراق، بىچارە قىزنىڭ ساڭا بولغان غايىۋانە ئاشىقلىقىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتقانىكەن. ئۇ تەرىپىگە قارىسا بىچارە قىزنىڭ نالىسى، بۇ تەرەپكە قارىسا سېنىڭ ئۆزىنى كەچۈرمەيدىغانلىقىڭدىن ئىبارەت ئازابلىق كەچمىش. قانداق قىلىش كېرەك؟ سىدىق ئاخۇن ئاخىر ئۆز ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ بۇسارەمنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلغان گەپ. ئەمدىكى گەپ سەندە. سېنىڭ ئائىلە ئەھۋالىڭ بىزگە ئايان، ناۋادا توي قىلىشقا قۇربىڭ يەتمىسە، جۇرۇپ ئىككىمىز بار. بىز ساڭا كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىمىز. بۇسارەم مۇشۇ مەھەللىگە نىسبەتەن ياخشى چوڭ بولغان قىز. سىدىق ئاخۇنىڭمۇ بۇ يۇرتتا ھۆرمىتى چوڭ. ئۇنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئەگەر سەنلا قوشۇلساڭ تويۇڭلارنى تېزلا قىلىپ قويىمىز...ئەمدىكى گەپنىڭ ھەممىسى سەندە قالدى بالام، قېنى، ئۆزۈڭ ئوبدان بىر ئويلىنىپ قارار چىقىرارسەن...

قانداق قىلىش كېرەك ؟ سالى ئۆزىنى بىر قېتىم ئوبدانلا دەڭسەپ كۆردى. ئۇ تۇرسۇنئايخاننىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلالماقچى بولدى-يۇ، يەنە بوغۇزىغا كەلگەننى يۇتۇۋەتتى.

— كېيىن...كېيىنچە بىر گەپ بولسۇن. مەنمۇ ئوبدانراق بىر ئويلىنىپ كۆرەي، — دېدى سالى ئۆزىگە ئانىلىق مېھىر بىلەن قاراپ تۇرغان تۇرسۇنئايخانغا دۇدۇقلىغىنىچە.

تۇرسۇنئايخاننىڭ سۆزلىرىنىڭمۇ خېلى ئاساسى بار ئىدى. سىدىق ئائىلىسىنىڭ بۇ يۇرتتا ئىناۋىتى ئۇستۇن بولۇپ، مەھەللىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. سالام-سەھەت قىلىپ، بار مەسلىھەت ئىش قىلاتتى، گېپىنى يىرمايتتى. سالىنىڭ كۆز ئالدىدىكى سىدىقمۇ ئىلگىرىكىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ئىلگىرىكى رەھىمسىز،

شەپكىسىنى ئال دېسە بېشىنى كېسىپ كېلىدىغان ئالىجوقا سىدىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغاندەك ئىدى. شۇنداق، كۆرۈنۈشتە كىشىگە سۇرلۇك تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ كىشى ئەمدىلىكتە گەپ-سۆزلىرى ئورۇنلۇق، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل بىر كىشىگە ئايلانغاندەك قىلاتتى. مەھەللىدىكى توي - تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردىن قالمايتتى. نەگىلا بارسا قىينىچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قىلاتتى. مانا تېخى بىر ئاي ئىلگىرى، كەنتنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئىسكىلاتىنى مەكتەپكە ئۆزگەرتىش تەكلىپى بىلەن، كەنت سېكرېتارىنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا سالىمۇ كەنت مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىدا بولۇپ، ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشقا چىچاڭشىپ كەتكەن كەنت مۇدىرىنىڭ ئالدىدا ئوغۇل بالىدارچىلىقىنى كۆرسىتىپ قويغانىدى. سىدىقنىڭ ئېيتقانلىرى سالىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى:

«ئىسكىلاتنى سىنىپقا ئۆزگەرتىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك، دەپتەر، قەلەم قاتارلىق ئوقۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي. ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى سىلى يۇقىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەل قىلسىلا. كەنتىمىزدىكى ئەمگەك كۈچى قاتارىغا ئۆتۈپ قالغان تۇرۇقلۇق ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان، ھەتتا ئۆز ئىسمىنى يازالمايدىغان ياشلارنى تەربىيەلەپ ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىتەيلى...»

سالى شۇ چاغدا سىدىقنىڭ كەسكىن ئەلپازى ۋە ئوتتەك قىزغىنلىقىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولغانىدى.

سالىنىڭ كۆز ئالدىدا بۇسارەمنىڭ خۇشخۇي چىرايى پەيدا بولدى. سالى كۆلۈپلا تۇرىدىغان بۇ قىز بىلەن ئۇچراشقان تۇنجى دەقىقىلەردىن باشلاپلا، قەلبىدە تاتلىق بىر سېزىم پەيدا بولۇپ، قىزنىڭ تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان خۇشخۇي چىرايى، شوخ، لەرزان ئۇسسۇلى ۋە تاتلىققىنا قىلىقلىرىنى دائىم خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەس ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدىن قايتىپ كەلگەن، ھارغىن كۆڭلىرىدىكى يالغۇزچىلىق پەيتلىرىدە قىزنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۆزىگە غايىۋانە ھەمراھ بولاتتى. شۇ قېتىمقى مەشرەپتىن كېيىنكى

ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار ئېتىزلاردا، يوللاردا بىرقانچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالغان، گەرچە ئۆزئارا ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلاشمىغان بولسىمۇ، چوڭقۇر سالاملار بىلەن ئوتلۇق كۆزلىرىدە مەنىلىك ئۇچرىشىش مەمنۇنلۇقلىرىنى ئىزھار قىلىشقانىدى. شۇ دەقىقىلەردە بۇسارەمنىڭ ئاپئاق يۈزلىرىگە قىزىللىق يېيىلغان بولۇپ، سالىغا يەر تېگىدىن ۋىلىققىنە كۈلۈپ باققانىدى. سالىمۇ يۈرىكىنىڭ ئىختىيارسىز ئېغىپ كېتىۋاتقىنىنى سەزگەنىدى.

دېرىزە قاپقىقىنىڭ تاراقشىغان يېقىمسىز ئاۋازى سالىنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ئۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ سىرتقا چىقتى. كەچ كۈزنىڭ بورىنى دەرەخ شاخلىرىنى توختىماي ئىرغىتىپ غازاڭلارنى زەربە بىلەن ئۇياقتىن- بۇياققا توختىماي ئۇچۇراتتى. سالى دېرىزە قاپقىقىنى يېپىپ مۇقىملىغاندىن كېيىن، ئەتراپىنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇرغان تولۇن ئايغا بىرھازا باقتى.

«ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار. تەبىئەت دۇنياسىدا نۇقسانسىز شەيئىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق، ئاشۇ نۇقسانلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق سەۋەبلىرى، قانۇنىيىتى بار. ئىنسان ئۇچۇن ئېيتقاندا، نۇقسانلارنىڭ بولۇشى ئەقىلگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، قىلمىشىنىڭ چەكتىن ئېشىشى ئەقىلگە، ئىنسان ئەخلاقىغا زىتتۇر. بۇنداق بىمەنە قىلمىش، ئۆز يارالمىشىنى ئۇنتۇغانلىق، ئادىمىيلىكىدىن چەتلەپ هايۋانىي سۈپەتكە مۇپتىلا بولغانلىقىنىڭ جۇملىسى. ئىنسان قىلمىشىنىڭ تاسادىپىي ۋە بىلەلمەسلىكىنى كەچۈرگىلى بولسىمۇ، بىلىپ تۇرۇپ ئويناشقانلىقىنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ... ئۆز كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سالغان، بىراۋنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇپ تۇرۇپمۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەت بىلەن پىسەنتسىز، پەرۋاسىز ياشىغان ئادەمنىمۇ دۇرۇس ئادەم دېگىلى بولمىسا كېرەك. بۇنداق قىلىش، بىراۋ ئۆلۈپتۇ دېسە، داقا-دۇمباق چېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن بىلەن باراۋەردۇر. ھەي! ئادەم نېمىدېگەن بىچارە مەخلۇق-ھە! ئۇنىڭ بىچارىلىكى دەل ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمىغان ۋاقتى بولسا كېرەك...»

# 13

كەنت مۇدىرىنىڭ قوپال ئاۋازى سالىنى سەگىتتى. ئىشىك يوچۇقلىرى ۋە دېرىزىلەردىن چۈشكەن قۇياش نۇرى ئۆيئىچىنى ئوبدانلا يورۇتقانىدى.

— شۇ كەمگىچىمۇ ئۇخلىغان بارمۇ، بوله ئىتتىك. ھەممە ئادەم ئېتىز-ئېرىق، خاماندا پايپېتەك بولۇۋاتسا، غېمىڭدە يوق ياتقىنىڭنى قارا. نەرىڭ زىيالىيغا ئوخشىسۇن سېنىڭ...

سالى ياتاقتىن چىققاندا، كەنت مۇدىرى يولبويىدىكى قاپاق تېرەككە قاڭتۇرۇپ قويۇلغان ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى يېشىۋاتاتتى.

سالى تېز-تېز قەدەملىرى بىلەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك يېتىپ كەلدى-دە، بەدەنلىرى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ئاتقا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. كەنت مۇدىرىنىڭ ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان بۇ تورۇق ئېتىنىڭ بۇنداق بىچارە ھالىتى سالىنى تاڭ قالدۇرغانىدى:

«ئادەتتە باشقىلارنىڭ تۇتۇپ بېقىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدىغان جانىۋارنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان. بىرەر جىددىي ئەھۋال بولدىمۇ نېمە...»

— ۋۇي، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن. ھەممىسى سېنى دەپ بولۇۋاتقان ئىش. تېز ئاتقا مىن، گۇڭشېغا بارىمىز، — كەنت مۇدىرى ئاتنىڭ يۈگىنىنى سىلكىپ تارتىپ، يول ياقىسىدىكى پەسكەي جايغا دېۋەتتى، — قېنى تېز بول.

«نېمە ئىش بولغاندۇ ؟ يەنە باشقا بىر گۇڭشېغا تەكشىلىپ چېنىقىدىغان ئىشمىدۇ؟» سالىنىڭ ئۆيىدا ھەر خىل خىياللار ئىدى. «ياق، ئۇنداق يېرى بولغىنىدا مۇدىر گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغان، مەنمۇ كۆدە-كۆرپەمنى ئېلىپ يولغا چىققان بولاتتىم. بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالمىسا بولاتتىغۇ!...»

سالى شۇلارنى خىيال قىلىۋاتقىنىدا كەنت مۇدىرى ئېغىز ئاچتى:

— ئەمدى قانداقمۇ قىلارسەن ئۇكام ؟
— نېمىنى دەيدىلا ؟
— تولا خۇپسەنلىك قىلما، — كەنت مۇدىرىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچقاندى. ئۇ ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇرىغاندىن كېيىن تووۇلدى، — بۇسارەم بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغانىدىڭ؟
— بۇسارەم بىلەن؟
— بۇسارەم بىلەن بولماي، يەنە كىم بىلەن بولاتتى، — ئاتىنىڭ سۈرئىتى بارغانچە ئېشىپ كەتكەچ، ئاۋازنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى. كەنت مۇدىرى بار ئاۋازى بىلەن تووۇلاپ سۆزلىدى، — شۇ بۇسارەم بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭنى سوراۋاتىمەن.
— شۇ باشقا ئىش ئەمەس، بىرقانچە قېتىم يول ۋە ئېتىز-تىرگەندە، مەشرەپلەردە كۆرۈشكەن، — سالىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. «مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئۇسسۇل ئوينىشقان، باشقا ئالاھىدە ئىش يوق» دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇراپ.
— ئوچۇقىنى ئېيتمىساڭ مەيلى، قالغان گەپنى گۇڭشېغا بارغاندا ئاڭلارسەن.
ئارىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. ئاتىنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى ئاياغ تىۋىشىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى.
«بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى. بۇسارەم بىلەن ھېچقانداق بىر غەيرىي ئىش بولمىغان تۇرسا. بىرەرسى يالغان-ياۋىداق گەپ كۆتۈرۈپ گۇڭشېغا باردىمۇ نېمە...»

سالىنىڭ ئويلىغانلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇلار گۇڭشې خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگىنىدە، ئىشخانا تېمىغا ياندىشتۇرۇپ قويۇلغان ياغاچ كارىۋات ئۈستىدە چات كىرىپ ئولتۇرغان، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى سېمىزغىنا كەلگەن دوگىلەك بىر كىشى ئورنىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن سوغۇق نەزەردە سالاملاشقاندىن

كېيىن، شىرە ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئالدىن ئوراپ تەييارلاپ قويغان بىر تال موخوركىسىنى تۇتاشتۇرۇپ كەينى-كەينىدىن ئۈلاپ بىرقانچىنى شورىغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— سالى دېگەن يىگىت مۇشۇمۇ ؟

— شۇنداق.

— گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا ئېيتاي: بۇسارەم بىلەن يۈرۈۋاتقىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ ئارىلىقتا نېمە ئىشلار بولۇندى؟ نەق گەپنى ئېيتقىن.

سالىنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ، نەپسى تېزلەشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا گوياكى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھكارلاردەك ئۆزىنى قاچۇرۇش، پەس كۆرۈش ئىستىكى ئېشىپ بارماقتا، يۈزلىرى ئوتتەك قىزىپ، تىلى كالۋالاشماقتا، بەدەنلىرى تەرگە چۆمۈلمەكتە ئىدى.

— بۇسارەم بىلەن تۇنجى رەت مەشرەپتە تونۇشقان. شۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە يەردە — مەشرەپ سورۇنلىرىدا، ئەمگەك مەيدانى ۋە يول ئۈستىدە كۆرۈشكەن، ھەممە ئەھۋال شۇ، ئارىمىزدا ھېچقانداق بىر ئىش يوق، — سالى گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ يەرگە قارىدى.

— مۇنداق دېگىن، ئۇنداق بولسا باشقىلار ساڭا ئۇۋال قىپتۇ-دە. گېپىڭچە ئاراڭلاردا ھېچقانداق ئىش يوق...

— شۇنداق، ئارىمىزدا ھېچقانداق غەيرىي ئىش يوق، — دېدى سالى دۇدۇقلىغىنىچە خەلق ئىشلىرى كادىرىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— سالى ئۆزى ياۋاش بالا، ئېپادىسىمۇ ياخشى...، — كەنت مۇدىرى ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشىغا خەلق ئىشلىرى كادىرى گەپنىڭ بېلىگە تەپتى:

— بولدى... بولدى، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئېپادىسىنىڭ قانداقلىقى مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى بۇسارەم بىلەن بولغان ئىشلىرى. باشقىلارنىڭ بۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە يازغان يازما ماتېرىيالى بار. يەنە كېلىپ بۇسارەم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نارازىلىقى كۈچلۈك. قانداق ئىشنىڭ يۈز بەرگىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئايان، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ھەر ئىش

چېغىدا، يارىشقىدا بولغان بولسا ياخشى بولاتتى، يۈزى ئېچىلمىغان بىر قىزنىي شۇنچە ئۈزۈن ۋاقىت سۆرەپ يۈرۈش، قىز ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، يەنە كېلىپ ئەھلىمەھەللە ئۈچۈنمۇ تەسىرى ياخشى ئەمەستە. يۇرتىمىزدا ئەلمىساقتىن ئوغۇل ئۆيلەپ، قىز چىقىرىشتا ئاتا ـ ئانىنىڭ تاپقىنىغا رازىلىق بىلدۈرىدىغان قائىدە ـ يوسۇن بار. ناۋادا باشقا ئىشلىرى يوق دېيىلسە مەھەللىدىكى گەپ ـ سۆز نەدىن تارالدى. بۇسارەم نېمە ۋەجىدىن سالىدىن باشقا ئادەم بىلەن توي قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ؟...

ئاخىرقى گەپلەر سالىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا تۇرسۇنئايخاننىڭ بۇسارەم ئائىلىسىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەن گەپلىرى، ئۆزىنىڭ مەشرەپتىن يېنىپ، ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ خىيال بىلەن تۈنىنى تاڭغا ئۇلاشلىرى، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە ئاي ئىچىدە بۇسارەمنى تولا خىيال قىلىدىغان، ھەتتا چۈشىدىمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالغانلىقى، كېيىنچە بۇسارەمگە ئىختىيارسىز ئاشىق ـ بىقارارلىقىنى ئېيتىپ، بىرقانچە قېتىم تۈن نىسپىدە مەھەللىنىڭ چېتىدىكى كونا خاماندا، يوغان قاپاق تېرەك تۈۋىدە تولۇن ئاينىڭ سۈكۈتكە چۆمگەن مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلغاچ ئۆز كەچمىشلىرى ۋە كەلگۈسى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئۈستىدە قانغىچە مۇڭداشقانلىقلىرى... بىر قېتىم بۇسارەم بىلەن خاماندىن قايتىشىدا سىدىق بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغانلىقلىرى ئىدى. شۇ چاغدا سىدىق يەنە بىرقانچە كىشىلەر بىلەن بىللە ئىدى. بەلكىم شۇلار بىر نېمە دېگەن بولسا... سالىنىڭ خىيالىدا يەنە قايسىبىر كۈنى كېچىدىكى ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەر ئىدى.

ئۇ كۈنى سالى ئەمگەكتىن قايتىپ ياتىقىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى، يەتتە ـ سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا يۈگۈرگىنىچە ياتاققا كىرىپ كەلدى ـ دە، بىر پارچە خەتنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. خەت بۇسارەمدىن كەلگەن بولۇپ، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

*«سالام خەت*

*سالى، بىز تونۇشقىلىمۇ خېلى ئايلار بولۇپ قالدى، بۇ جەرياندا مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردىڭىز. خىيال قىلسام سىز مېنىڭ هاياتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغاندەك قىلىسىز. مۇشۇ مىنۇتلاردا سىزدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر هېس قىلىۋاتىمەن. ئاڭلىسام يېقىندا بۇ يۇرتتىن ئايرىلىدىكەنسىز. شۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئۆزۈمنى زادىلا باسالمىدىم. كۆڭلۈمدە سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم باردەك، ئەمما ئېيتىشقا جۈرئەت يوق. ئايال كىشىنىڭ ئاجىزلىقى دەل مۇشۇ بولسا كېرەك. ئۆز كۆڭلىمىزدىكىنى باشقىلارغا ئېيتالمىغانلىقنى ئاز دەپ، ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن بىرىگىمۇ ئېيتالماي پۈچىلىنىپ ياشايدىكەنمىز، هەتتا بىر ئۆمۈر هەسرەت بىلەن ئۆتىدىكەنمىز. بىراق، مەن ئۇنداق قىلىشنى راۋا كۆرمىدىم. مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىشىنى هەرگىز قولدىن بەرمەيمەن. سىزنىڭ مېنى سۆيگۈ دېڭىزىغا غەرق قىلىپ قويۇپ، پەرۋاسىز هالدا كېتىپ قېلىشىڭىزغا قاراپ تۇرالمايمەن. قىسقىسى، سىزدىن ئايرىلالمايمەن. بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن سىزنى كونا جايدا ساقلايمەن. مېنى نائۈمىدتە قويمىغايسىز.*

*— بۇسارەم»*

سالى خەتنى قايتىلاپ ئوقۇغاندىن كېيىن پەم بىلەن قاتلاپ كۆڭلەك يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن يانچۇق سىرتىدىن ئالدىرىماي بىر سىلاپ چىقتى. چاپىنىنى يېپىنچاقلىدى ـ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ئۇلار خاماندا كۆرۈشتى، پاراڭلاشتى، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشتى...

— مېنى كەچۈرۈڭ، بۇسارەم. مەن سىز بىلەن توي قىلالمايمەن، — سالى بۇسارەمگە ئاخىرقى رەت باقتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياشلار ئەگىيتتى، — مەن... مەن كۆپ ئويلاندىم. ئۆتمۈشتىكى قاباهەتلىك مىنۇتلارنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدىم. هەر قېتىم سىزنى خىيال قىلغىنىمدا،

ئاتام ۋە ھەدەم كۆڭلۈمدىن كەچتى. مېنى كەچۈرۈڭ بۇسارەم.

— بۇ...مەن...، — بۇسارەمنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلدى.

سالى ئۆز سۆيگۈسىنى دېگىنىدە بۇسارەم بىلەن توي قىلىشنى ئويلاشسىمۇ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قەلب ئالىمىدە تىنىمسىز يېلىنجاۋاتقان، قاباھەتلىك ئەسلىمىلەر خىيالىدىن كەچكىنىدە، جۇدىنى ئۆرلەپ، ئىچ-ئىچىدىن ھەسرەتلىنەتتى، سىدىقتا بولغان نەپرىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، قىساس ئېلىش ئىستىكى يۇقىرى ئۆرلەيتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ سۆيگۈ قاينىمىدا ئېزىقىشىغا يول قويمايتتى.

— مەن كۆپ ئويلاندىم بۇسارەم، — بۇسارەمنىڭ ياشلار ئەگىپ قالغان خۇمار كۆزلىرى سالىغا قادىلىۋىدى، سالى دەرھال يەرگە باقتى. چۈنكى، بۇسارەم سالىغا قادالغان شۇ دەقىقىدە سالىنىڭ كۆڭۈل بېغىدا شۇ كۈنى كېچىچە سوراپ چىققان خىياللىرى ئىدى. «بۇسارەمنى نىكاھىمغا ئالسام، بارلىق دەرد-ئەلەم، قان قىساسىمنى شۇنىڭدىن چىقارسامچۇ ؟ — ياق، بۇنداق قىلىش ئوغۇل بالىدارچىلىققا دۇرۇس ئەمەس، ئادىمىيلىككىمۇ يات. سۆيگۈنى قىساس ئوتى بىلەن پۇچىلاشنىڭ ئۆزى ئىنسانىيلىققا يات. ئۇ مېنى ياخشى كۆرگەن، ماڭا ئەقىدە باغلىغانىكەن، ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە ھۆرمەت قىلىشىم كېرەك. ئۇنى ئەمرىمگە ئالمىدىم دېگەنىدىمۇ، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلسام بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ...»، — سىز ياخشى قىز. مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بىراق... — سالى ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. شۇنداق، ئۇ بۇسارەمنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەن كۆزلىرىگە قاراپ ئۈنسىز ياش تۆككىنىچە، ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتقانىدى.

بۇسارەمنىڭ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغان، تولىمۇ بىچارە ھالىتى سالىنىڭ ئازاب ۋە ھەسرەت قاپلىغان غېرىبانە قەلبىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى...

— سالى ئۇكام، بۇ ئىشتا ئەزمىلىك قىلساڭ بولمايدۇ، تېزرەك بىر

قارارغا كەل، ـــ خەلق ئىشلىرى كادىرىنىڭ سۆزى سالىنى خىيالدىن ئويغاتتى، ـــ سېنىڭ بۇنداقلا كېتىپ قېلىشىڭغا تەشكىل يول قويمايدۇ. ئوبدان ئويلاپ بىر نەرسە دەرسەن.

ـــ شۇنداق قىل ئۇكام. ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالغان. بۇسارەممۇ ئوبدان قىز، ـــ كەنت مۇدىرىنىڭ سۆزلىرى سالىنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانغاندى. «چىش ئاغرىقى ئاغرىق ئەمەس، ئاغرىغاننى كىشى بىلمەس» دېگەندەك، كەنت مۇدىرى خېلى بىرھازا سۆزلىدى. گېپىنىڭ ئاخىرىدا قالغان ئىشنى ئۆزى توغرىلايدىغانلىقى ھەققىدە تالاي ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئورنىدىن قوزغالدى ۋە ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سالپىيىپ ئولتۇرغان سالىغا قاراپ ، ـــ ئۆيلەپ قويىمىز دەۋاتسا، خۇش بولماقتا يوق يەنە نېمىگە سالپىيىپ تۇرىسەن؟ ـــ دېدى.

سالى يولبويى ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنىڭ جۇۋازغا قاتقان كالىدەك پۇشۇلداپ ئولتۇرۇشىدىن زېرىكسە كېرەك، باشتا ئۇنى-بۇنى سوراپ ماڭغان كەنت مۇدىرىمۇ ئارتۇق گەپ قىلماستىن ئاتنى دېۋىتكىنىچە ئاغزىغا كەلگەنلىكى سۆزنى ناخشىغا قېتىپ توۋلاپ ماڭدى.

*بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،*
*بىزلەر تولا ماڭغان.*
*ئۇ يارلار لەۋەن يارلار،*
*يۈرەككە ئوتلار سالغان.*

*ئاسماندىكى ئايمىدىڭ،*
*يۈرەكتىكى يارمىدىڭ.*
*قىچقارمىسام چىقمايسەن،*
*يادىڭدا مەن يوقمىدىم.*

*بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار،*
*بىزدىن چوڭلار كۆپ ماڭغان.*
*ماڭمىغانغا بولمايدۇ،*
*نەگىرى شۇنداق بۇيرۇغان.*

.....

ئۇلار خېلى كەچتە كەنت قورۇسىغا يېتىپ كەلدى. سالى ئاتتىن چۈشۈپ ئۇندىمەستىن ياتاققا قاراپ مېڭىۋىدى، كەنت مۇدىرى ئېغىز ئاچتى:

— مۇشۇنداقلا كىرىپ كەتمەكچىمۇ سەن ؟

— يەنە دېيىشىدىغان باشقا گەپ بارمىدى؟ — دېدى سالى كەنت مۇدىرىغا سوئال نەزىرىدە قاراپ.

— گوڭشې خەلق ئىشلىرى كادىرىنىڭ دېگەنلىرى ئېسىڭدە باردۇ ؟

— ئېسىمدە.

— ئۇنداق بولسا بىر نېمە دەپ ئاندىن يولۇڭغا ماڭ. بولمىسا باشقىلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟

—...

سالى ئۈندىمەيتتى. شۇ تاپ ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى. بىر يولىدىلا رەت قىلسۇنمۇ ؟ ياق، بۇ ئىشنى يەككىللىك قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولغاندا تەشكىلنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى — تۈرمىگە كىرىشنى كۈتىدىغان گەپ. ئۇنداقتا ماقۇللۇق بىلدۈرسۇنمۇ ؟ ياق، بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بىرى بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتسا، ئاتا-ئانىسى، ھەدە- سىڭىللىرىغا قانداقمۇ يۈز كېلەلىسۇن؟ بۇسارەمغۇ ئوبدان قىز. ئەدەپ- ئەخلاق، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتتە سالىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىدۇ. بىراق...

خىيال قىلغانسېرى ئىش مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ ئەسنادا كەنت مۇدىرى يەنە ئېغىز ئاچتى:

— نىكاھ غايىپتىن بولسىمۇ، كىيىنلىكى كۆڭۈل بىلەن چىگىشلىنىدىغان

ئۆمۈرلۈك ئىش بولغاچقا، ساڭا ئازراق ۋاقىت بېرەيلى. يەنە بىر نۆۋەت ئويدان ئويلىنىپ كۆر، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرمە. مەن يەنە كېلىمەن، — كەنت مۇدىرى ئاتنى دېۋىتىپ، كەنت قورۇسىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى-دە، بار ئاۋازى بىلەن ناخشىنىڭ داۋامىنى توۋلىغىنىچە چوڭ يولغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

## 14

يېڭى بىر كۈن باشلاندى. كېچىچە ھەر خىل خىياللار بىلەن تاڭنى ئاتقۇزغان سالى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، كەنتكە تۇتاشقان مەھەللە يولىدىكى ئورمان بەلبېغىنىڭ قىرىنى بويلاپ ساي تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئورمان بەلبېغىنىڭ بىر تەرىپى كۆز يەتكۈسىز سالا ئېتىزلار بولۇپ، زىرائەتلىرى يېڭىلا يىغىۋېلىنغان ئېتىزلاردا ئوتلاۋاتقان چارۋا ماللار خېلىلا كۆپ ئىدى. ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئورمانلىقتا ۋە ئېتىزلارنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان قىرلىرىدا دوگىداسلاپ يۈرۈشكەن قاغىلارنىڭ ناگان-ناگاندا ئەنسىز قاقىلداشلىرى ۋە قوي، كالىلارنىڭ ئارىلاپ مۆرەپ-مەرەشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەتراپ شۇنچىلىك تىپتىنچ ئىدى.

سالى بىرھازا يۈرگەندىن كېيىن، كۆز يەتكۈسىز سايلىقتا ئاياغ باستى. قىزىللىقتا پۈركەنگەن تاڭ نۇرى قاقىر سايلىقنى يورۇتۇشى بىلەنلا پايانسىز دالا ئويغانغاندەك بولدى. سايلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ چوققىلىرى ئاپئاق ھور بىلەن قاپلانغانىدى. سەھەرنىڭ مەنزىرىسى ھەقىقەتەن گۈزەل بولۇپ،تاغ چوققىلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئاقۇچ تاڭ تۇمانلىرى ئاستا-ئاستا لەيلەپ تەرەپ-تەرەپكە كېڭەيمەكتە ئىدى.

سالى چەكسىز كەتكەن بوز دالانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۆكۈچ پارقىراپ تۇرغان تاغنى نىشانلاپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ نەگە، نېمە سەۋەبتىن ماڭغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى. پەقەت مۇشۇ تىنچ مۇھىتلا

كۆڭلىگە تەسەللى ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئېتىپ، ۋۇجۇدىنى چىرماپ ئالغان جۇدالىق ۋە ئۆز ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان ھەسرەت ـ نادامەتلەردىن مۇستەسنا قىلاتتى...

گۇگۇمغا يېقىن كەنت قورۇسىغا كىرىپ كەلگەن سالى ياتاق ئالدىغا كېلىشىگە، بىر توپ ئاتلىق كىشىلەر يېتىپ كېلىشتى. بۇلار كەنت مۇدىرىنىڭ باشچىلىقىدىكى كەنت مەسچىت ئىمامى، جۇرۇپ قاتارلىق يىگىرمىچە كىشى ئىدى. كەنت مۇدىرىدىن باشقىلار ئاتتىن چۈشتى. جۇرۇپ ئېتىنى تېرەككە باغلاپ قويۇپ سالىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە قىزغىن سالاملاشتى:

— قانداق ئۇكام، ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ھەرھالدا يامان ئەمەس.

— ھە سالى ئۇكام. تونۇگۈن دېگەنلىرىمنى ئويلىنىشىپ بولدۇڭمۇ ؟ — كەنت مۇدىرىنىڭ سۆرۈن تەلەتتە ئېيتقان سۆزلىرى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى، — مەھەللىدىكىلەر بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن كېلىشىمىز. ئەمدى ئەزمەڭنى ئەزمەي گاچچىدە بىر گەپ قىلمىساڭ بولمايدۇ. ھېلىمۇ يۇرتداشلار كۆپ يۈز ـ خاتىر قىلدى ساڭا. ئۇنداق بولمىغاندا، ساڭا ئوخشاش بىر ياقا يۇرتلۇقنىڭ باشقىلارنىڭ قىزىنى يولدىن چىقىرىپ، ئېرەنسىز يۈرۈشىگە ھەرگىز يول قويماس ئىدى بۇلار..

«ئاخىر دېگىنىڭنى قىپسەن ـ دە، ‹يالىقىنى يالىمىغان ئىت، ئىت ئەمەس› دېگەن راست گەپ ئىكەن. شۇنچە چۈشەندۈرسەممۇ يەنە ئۆزۈڭ بىلگەن سەنەمگە دەسسەپسەن... »

سالىنىڭ غەزىپى تاشماقتا ئىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ، ئېگەرنىڭ قۇشبېشىغا ئېسىلغىنىچە كۆرەڭ ھالەتتە ئولتۇرۇپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي بىلجىرلاۋاتقان كەنت مۇدىرىنى تارتقىنىچە ئاتتىن چۈشۈرۈپ، كېلىشتۈرۈپ بىرقانچىنى سېلىپ، يۇخادىن چىقماق بولدى ـ يۇ، يەنە جۇرۇپنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ دېگەن مۇنۇ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى بېسىشقا مەجبۇر بولدى.

— سوغۇققان بول. ھەممە ئىش كۆڭلۈڭگە ئايان بولسىمۇ، ھازىرقى ۋەزىيەت ساڭا پايدىسىز. يىغىپ ئېيتقاندا، دېگەنلىرىڭنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغانغا ئادەم يوق. بۇسارەمنىڭ ئىسپات كۆرسىتىشىمۇ بەربىر. ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا سەن ۋە بۇسارەمنىڭ گېپى، — جۇرۇپ سالىغا قېرىنداشلىق مېھىر بىلەن سۆزلەيتتى، — ئەمدى ئىپادە بىلدۈر، باشقا ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرما. مەنمۇ سېنى دەپ شۇنداق دەۋاتىمەن، ماڭا ئىشەن.

— جۇرۇپ ئاكا، سىز...

— باشقا گەپنى تىلغا ئېلىپ يۈرمە دېدىمغۇ. شۇنداق قىل. راستىنى ئېيتقاندا بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئاللانىڭ ئىرادىسىدىندۇر، — جۇرۇپ نەزىرىنى يۇرتداشلارغا يۆتكىدى. ئۇلارنىڭ ئەلپازى تولىمۇ يامان بولۇپ، يولبويى دېپىشكەنلىرىگە قارىغاندا، سالىنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيتتى، — جامائەت، ھەممىمىز سەۋرچان بولايلى، سەۋرچان. ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ سەۋرچانلىقنى ئۇدۇم قىلىپ كەلگەن. قانداق دېدىم جامائەت. سالىمۇ چۈشىنىپ يەتتى. باشقا گەپنى قويۇپ تۇرۇپ، توينىڭ تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلايلى...

توپ ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى:

— شۇنداق قىلايلى.

— بۇمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى.

— يۇرتلار، قالدى ئىشنى جۇرۇپ ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن، بىز ئىشىمىزغا ماڭايلى...

كەنت مۇدىرىنىڭ بىر جۈملە سۆزى بىلەن جۇرۇپتىن باشقىلار تاراشتى. كەنت قورۇسى ئىچىدە جۇرۇپ بىلەن سالى ئىككىسىلا قالغانىدى.

— جۇرۇپ ئاكا، سىلىنىڭ نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ — سالى نارازىلىق كەيپىياتى بىلەن بوغۇلۇپ سۆزلەيتتى، — نەدىمۇ بۇنداق توي بولسۇن؟ تېگىپ قويىدىغانغا باشقا بىر نەرسە بولمىسا يا.

— بۇ يۇرتتىكىلەرنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيسەن ئۇكام. ناۋادا بۇ ئىشتىن يالتايساڭ، سېنى تۇرمىگە تاشلاتمىغۇچە بولدى قىلىشمايدۇ، ئۇلارنىڭ يولبويى دېيىشكەنلىرىدىن سېنىڭ خەۋرىڭ يوق. ئەسلىدە مەن بۇ يەرگە كەلمەيتتىم. ئەتىگەندە ھەدەڭ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى، بىر توپ كىشىلەرنىڭ سالىنى چالما ـ كېسەك قىلايلى، تۇرمىگە تاشلايلى، دەپ داۋراڭ سالغىنىنى ئېيتتى. يۈگۈرۈپ چىقسام ئۇلار بۇ تەرەپكە مېڭىشقا تەمشىلىۋېتىپتۇ، قارىسام ئەلپازى ھەقىقەتەن يامان، ئاخىر ئۇلار بىلەن بىللە كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم، ساڭا بىرەر خېيىمخەتەر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. شۇنداق قىل. بۇ بىر قېتىملىق غايىب نىكاھقا ماقۇللۇق بىلدۈر. مېنىڭ ۋە ھەدەڭ تۇرسۇنئاينىڭ يۈزىنى قىل.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، سالى بىلەن بۇسارەمنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى.

«... نىكاھ غايىبتىن بولسىمۇ، كېيىنلىكى كۆڭۈل بىلەن چىگىشلىنىدىغان ئۆمۈرلۈك ئىش بولغاچقا، يەنە بىر نۆۋەت ئويلىنىپ كۆر. ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرمە...»

سالى كەنت مۇدىرىنىڭ دېگەنلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان شۇ پەيتتە، يىگىت قولدىشىنىڭ پىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي سالى، سېنىڭدىن سوراۋاتىدۇ، سېنىڭدىن...

— نېمىنى ؟

ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ سۆزى سالىنىڭ قۇلىقىغا خۇددى غايىبتىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك سىرلىق ئاڭلاندى.

دەقىقە ئىچىدە سالىنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا قىسقىغىنا بىرقانچە ئاي ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولۇپ، قانچە تېز كەچكەن بولسا شۇنچە تېز تارىدى. قۇلاق تۈۋىدە بۇسارەمنىڭ نالە ـ پەرياد چېكىپ، ئۆتۈنۈپ يالۋۇرۇشلىرى: «بىز توي قىلايلى سالى. نەگە كەتسەڭ مەيلى. سىز بىلەن بىللە ئۆتىدىغانلا ئىش بولسا، ھەرقانداق

مۇشەققەتلەرنى چېكىشكە رازىمەن...» دېگەنلىرى قايتا زاھىر بولۇپ ئۆتتۈۋىدى، يۈرەكلىرى ئېغىپ كەتتى. قەلب ئېكرانىدا قانداقتۇر بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، ۋۇجۇدىنى ئازابلىق سىرىم چۇلغىدى. بۇسارەمنىڭ كۆچلۈك نەپەسلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى.

— قوبۇل قىلدىم، — دېدى سالى تۆردە ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئىمام ئاخۇنۇمغا يەر تېگىدىن قاراپ بوشقىنا ئاۋازدا.

نۆۋەت بۇسارەمگە كېلىۋىدى، ئىككىلەنمەستىن جاۋاب بەردى. ئىمام ئاخۇنۇم ئاخىرقى رەت ئوقۇغان سۈرە پاتىھەسىدىن كېيىن تۇزغا چىلانغان ئىككى پارچە نانغا ئايەت ھۇرۇپ ئۇلارغا تەڭلىدى.

«تۇز مۇقەددەس، ئۇ قەسەم، ھاياتلىق خېمىرتۇرۇچى، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنبەسى. يېڭى توي قىلغان ئىككى ياشقا تۇزغا چىلانغان نان يېگۈزۈش، مەنە جەھەتتىن «ۋاپاغا جاپا قىلغۇچىنى تۇز ئۇرسۇن» دېگەنلىك. بىز تۇزغا چىلانغان ئىككى بۇردا ناننى تەڭ يېدۇق. دېمەك، بىزنىڭ رىزقىمىز قوشۇلدى. بىزنىڭ تۇزغا چىلانغان ناننى يېيىشىمىز، بىر-بىرىمىزگە ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈپ، جاپادىمۇ، راھەتتىمۇ مەڭگۇ بىللە بولۇش ھەققىدە قەسەم ئىچكىنىمىزنىڭ، ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك ۋەتەنىنىڭ ھاياتلىق قەسىرىگە ئاياغ باسقانلىقىمىزنىڭ شاھىتى. مەن ئەمدى ئائىلە باشلىقى بولدۇم. ئاز كۈندىن كېيىن ئاتا بولىمەن. ئاتا دېمەك ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، ئايالنىڭ ھامىيچىسى، بالىنىڭ ئۈلگىسى. مەن ئۆيدىن ئىبارەت بۇ كىچىك ۋەتەنىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىشىم، داۋاملىق ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىم كېرەك...»

سالى ئەنە شۇنداق خىيال ۋە ئىرادە بىلەن شاكىراب بولۇپ كەتكەن بىر بۇردا ناننى كۆپ چايناپ ئولتۇرماستىنلا يۇتۇۋەتتى.

تويى بولۇپ ئىككى ھەپتە ئۆتمەستىن ئۆزىنى ئارائۆستەك يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان

سالى شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا قىيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە چاپتى. ئۆيدە سىدىق ئاخۇن يوق ئىدى. سالى قىيىنئانىسىدىن سىدىق ئاخۇننىڭ چارۋىلارنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن تاغقا چىقىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، سەھەردە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كەلگەنىدى. سالى دېگىنى بويىچە ئەتىسى ھەسەردىلا ئايالىنى ئېلىپ قىيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. سىدىق ئاخۇن، گۈلسارىخانلار بىلەن ھەمداستىخان بولدى. گۈلسارىخان ئەتىگەندىلا مانتا، پولۇلارنى دۈملەپ ئۈلگۈرگەن، باللارغا يوللۇق تۇتۇشقا تەييارلاپ قويغان لازىمەتلىكلىرىنىمۇ تەل قىلىپ قويغانىدى. تاماقتىن كېيىن سىدىق ئۇزاقتىن-ئۇزاق دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ باللارنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى ئاللادىن تىلىدى. سالىدىن ئۆتكەن ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىشىنى، قايتىلاپ ئېغىزغا ئالماسلىقنى ئۆتۈندى. سالىمۇ بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇشنى ئېيتىپ خوشلاشتى. سىدىق بىلەن گۈلسارىخان ئۇلارنى ئۇزىتىپ قورۇ سىرتىغا چىقتى، بۇسارەم ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئېسەدىدى:

— ئىلگىرى قەدرىڭىزنى بىلمىگەن چېغىم. ئەمدىلىكتە بولسا يۈرىكىمنى بىرى سۇغۇرۇۋالغاندەك، ئۆزۈمنى تولىمۇ غېرىب ھېس قىلىۋاتىمەن، ئانا! شۇ تاپتا سىزدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ.

— ئۇنداق دېمە قىزىم. بىزدىن ئايرىلغىنىڭ بىلەن، ئۆزۈڭگە مەڭگۈ ھەمراھ بولىدىغان يەنە بىرى بىلەن قوشۇلدۇڭ. بۇمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى. سىلەر خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرسەڭلار بىز خاتىرجەم.

گۈلسارىخان بۇسارەمنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە سالىنىڭ قولىغا بۇسارەمنىڭ قولىنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن:

— ئوغلۇم سالى، مەن سىزنىڭ بۇسارەمنى بەختلىك قىلالايدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن. سىلەر ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن قوشۇلدۇڭلار، ھازىر بۇ يۇرتتىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر. مېنىڭ سىزدىن كۈتىدىغىنىم: ھەرقانداق ئىشتا ھېسسىياتقا بېرىلمەڭ. سالماق بولۇپ، ئويلىنىپ ئىش

كۆرۈۋاتىمەن، — گۈلسارىخان بۇسارەمگە قاراپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قىزىم، ئىنسان ھاياتى تولىمۇ ئەگرى-توقاي. ئادەم تۇرمۇشتا ئوخشاش بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. چىدامىلىق بولۇش. بىر ئىشتا ئالدىراپ بەل قويۇۋەتمەسلىك. ھەرقانداق كۆڭۈل ئاغرىقىغا دۇچار بولسىڭىزمۇ كونا خامانىنىڭ بوغدىيىنى قايتا سورىماڭ. بىزدە «يارىنى تاتىلىساڭ يېغىر بولار» دېگەن گەپ بار، — گۈلسارىخان نەزىرىنى سالىغا يۆتكىدى، — ئوغلۇم، بۇسارەم ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك قالغان. ئەركىلەپ چوڭ بولۇپ قالدى. دىتىڭىزگە سىغمىغان يەرلىرى بولسا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈڭ. گۆدەك قىزىمنى سىزگە تاپشۇردۇم. ئۇنىڭ تەقدىرى بىر خۇدادا، بىر سىزنىڭ قولىڭىزدا...خەير، ئامان بولۇڭلار، سەپىرىڭلار ئوڭۇشلۇق بولغاي، — دېدى ۋە سالىنىڭ پېشانىسىگە ئانىلىق مېھىر بىلەن سۆيدى.

مەھەللىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى سىدىق ئائىلىسىگە تۇتىشىدىغان تار يولدا تۆت ئات قوشۇلغان پىگىلو ھارۋىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇسارەم ئايرىلىشنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەنلىكىنى خىيال قىلىپ، كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى، مىشىلدىغىنىچە گۈلسارىخانغا قايتىلاپ تاشلاندى. ئانا قىزىنى بەزلەيتتى، تەسەللى بېرەتتى-يۇ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى. ئاخىر ئۇمۇ كۆزىنى ياشلىدى. ئانا-بالا بىر-بىرىگە قىيالماسلىق نەزىرىدە بېقىشىۋاتقان دەقىقىلەردە ھارۋا يېتىپ كەلدى.

— ئەمدى يولغا چىقايلى، يەنە ۋاقىت سوزۇلۇپ كەتسە مەنزىلگە بەك كەچ قالىمىز، — دېدى جۇرۇپ ئاكا ھارۋىدىن چۈشۈۋېتىپ.

جۇرۇپ ئاكا ئالدىنقى كۈنى سالى بىلەن كۆرۈشكەن. ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، «سېنى ئۆزۈم يەتكۈزۈپ قويىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان ھەمدە سالىغا قىلغان ۋەدىسى بويىچە ئەتىگەندىلا كەنت ماخوسىغا بېرىپ، ئاتلارنى پىگىلوغا قوشقاندىن كېيىن كەنت قورۇسىغا يېتىپ بارغان. سالىنىڭ ياتىقى ئالدىدا خېلى بىرمەھەل ساقلاپمۇ سالىنىڭ خەۋىرى بولمىغاندىن كېيىن، «قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن بولسا

كېرەك» دېگەنلەرنى ئويلاپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

— سىزنى ئاۋارە قىپتىمىز-دە، — دېدى سالى جورۇپ ئاكىغا.

— ھېچقىسى يوق. بۇ كۆڭلىدە چىقىدىغان ئىش بولمىسا يا، — جورۇپ ئاكا كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — چىدىغانغا چىقارغان دەپتىكەن، ئاپىرىپ قويىمەن دېگەندىكىن خىزمەتنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلمىسام بولماس.

ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. بۇسارەم بىلەن سالى ھارۋىغا چىقىپ جايلاشقاندىن كېيىن ھارۋا قوزغالدى...

ھارۋا بۈك-باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، توپىلىق يولدىن ناھىيە بازىرىغا تۇتىشىدىغان تاشيولغا بۇرۇلۇپ ئالاھازەل ئىككى سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن كۈنچىقىش تەرىپى ئۆزۈندىن-ئۆزۈنغا سوزۇلغان ياداغلىق، كۈنپېتىش تەرىپى تېپتىنچقىنا ئېقىۋاتقان چوڭ ئۆستەڭنى بويلاپ ئىلىنغان ئەتراپلىرى كۆز يەتكۈسىز شېغىللىق يولغا كىرىپ كەلدى. يول بويلىرىدا نە مەھەللە، نە ئېتىزلىقلار يوق بولۇپ، تىك ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن ئاتلار چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەنىدى. سالى ئۆزىدىن قەدەممۇقەدەم يىراقلاپ كېتىۋاتقان، ھاياتلىقىنىڭ بىر يىلدىن كۆپرەك مەنزىلگە شاھىت بولغان بۇ يۇرتقا تويماس نەزىرى بىلەن ئاخىرقى رەت نەزەر تاشلىدى. كۆڭۈل ئېكرانىدا بۇ يۇرتتا بولۇپ ئۆتكەن ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلار قايتا زاھىر بولماقتا ئىدى...

## ئىككىنچى باب

# كۆڭۈلسىزلىك

### 1

ھويلا شادىسىنىڭ قاتتىق تاراقشىغان ئاۋازى سالىنىڭ خىيالىنى بۆلدى. دېرىزە پەنجىرىسى ۋە تامنىڭ لېيى چۈشكەن تۆشۈكلىرىدىن چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرى ئۆيئىچىنى ئوبدانلا يورۇتقانىدى. دەرەخ شاخلىرىنى بالداقلاپ ئېتىلگەن قورۇ تېمىنىڭ سىرتىدا 12 ياشلار چامىسىدىكى ۋىجىككىنە كەلگەن بىر بالا قورۇ ئىچىگە تەلمۈرگىنىچە قاراپ تۇراتتى.

— مۇئەللىم،... مۇئەللىم، — تۇۋلىدى بالا تاقەتسىزلىك بىلەن، ھويلىغا چىقىپ كەلگەن سالىغا قول ئىشارىتى قىلىۋېتىپ، — مۇدىر سىزنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇغانىدى.

— سەن ماڭغاچ تۇر، مەن كەينىڭدىن يېتىشىپ باراي.

سالى ئادىتى بويىچە باغلارنى ئارىلاپ چىقتى، يەرلەرگە تۆكۈلگەن ئۆرۈكلەرنى تېرىپ ئۆگزىگە يايدى، قالغىنىنى بىر باغلام بېدىنى ئېلىپ چۈشۈپ ئوقۇرغا تاشلىغاندىن كېيىن ئىشەكنى ئوتقا قويدى. كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى-دە، ئالدىراپ-تېنەپ مەكتەپكە قاراپ چاپتى.

مەكتەپ قورۇسى يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. سالى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ قىڭغىر ھالىتىگە قاراپ بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن مەيدانىنى توغرىسىغا كېسىپ ماڭدى. مەيداندا باللار توپ-توپ بولۇپ ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرگىنىچە چۇرقىراشماقتا، ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناشماقتا ئىدى. سىنىپىنىڭ ئالدى تەرەپ ئورمان بەلبېغى ئالدىدا «ئېشەك ئويۇنى» ئوينىشىۋاتقان بىر توپ باللارنىڭ قىيا-چىيالىرى جاھاننى بىر ئالغاندى. كۆن ئولتۇرۇش تەرەپتىكى ئۈچ ئېغىزلىق كېسەك قورۇلمىلىق ئىشخانىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئىككى موچە كېلىدىغان سەيلىكتە، گەۋدىلىك كەلگەن بىر كىشى ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرگەن ئىككى كىشىگە توختىماي كايىۋاتاتتى.

— مۇ...مۇ...مۇدىر مەن كەلدىم، — دېدى سالى ئېتىز تىرگىنى ئارقىلىق ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن.

— ئۈچ كۈنلۈك ئىشقا بۈيرۇسا سەككىز كۈن يۈرگەن بارمۇ ؟! ھەرقايسىڭلىنىڭ ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق. مەن نېمە ئويدا، سەنلەر نېمە كويدا. قاراشمامسەن سەيلىكنىڭ ئاقىرىپ موماڭنىڭ چېچىدەك بولۇپ كەتكىنىنى. ھازىرغىچە ئوسا قىلىنمىغان يەرگە قاچان ئۇرۇق سالىمىز. مۇشۇ كۈندە تېرىلىپ تۈتقۇلاق بولمىغان سەي، سەي بولامدۇ؟... — سامساق مۇدىر خېلى ئۇزاق كايىدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بىز ئەسەرنىڭ ئالدىنقى بابىدا، قاسىم گالۋاڭ قازا قىلىپ يەرلىكتە قويۇلغان كۈنى، كەنت مۇدىرى سامساق مۇدىرنىڭ ئايالى ھەپىزەدىن قاسىمنىڭ كەنت ئاشخانىسىدا قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، كەنت ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولغانىدۇق. شۇ قېتىمقى ۋەقەدە سىدىق باشچىلىقىدىكى مامۇت پەش، راخمان كۆلدۇ قاتارلىق سۈيۈرۈپ تازىلاش ئەترىتىدىكى ئۈچ كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلۈش بىلەن بىللە يەنە سامساقنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ سۈرۈشتۈرۈلۈپ كەنت مۇدىرلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغانىدى.

ئىسلاھات، ئىچىۋىتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن جايلاردا زور كۆچ بىلەن مەكتەپ قۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى سەپلەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. سامساق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغاچقا، شۇ قېتىمقى دولقۇندا ئوقۇتقۇچىلىق سېپىگە قوشۇلۇپ، سالى بىلەن خىزمەتداش بولدى. ئۆزىدىكى باشقۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئارىدىن بەش يىلچە ئۆتكەن بۆگۈنكى كۈندە نەچچە ئون مو باغ ۋە ئاتمىش موچە تېرىلغۇ يەرگە ئىگە، بىر يۈز ئونچە ئوقۇغۇچى، يەتتە ئوقۇتقۇچىدىن تەشكىللەنگەن، يېزا مەركىزىدىن ئون نەچچە كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى بۇ كەنت مەكتىپىگە مۇدىر بولغانىدى. سامساق مۇدىر كەسپىي قابىلىيەتتە ئانچە ياخشى بولمىغىنى بىلەن باشقۇرۇش ئىقتىدارى جەھەتتە يېزا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ئىدى. ئەمما، نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكەتلىرى سالىنىڭ زىتىغا پەقەتلا سىغمايتتى. ھە دېسە ئۆزى بىلەنلا ئېيتىشىپ قالغاندەك بىر تۇيغۇ بىلەن، سامساق مۇدىرغا غەيرىي كۆزدە قارايتتى. شۇڭىمۇ سامساق مۇدىرنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا چىن دىلىدىن قايىل بولمايتتى. بىراق، سامساقنىڭ خىزمەتتىكى كەسكىنلىكى، يۇقىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قويۇقلۇقى... قاتارلىق رىئاللىق سالىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىغا بوشلۇق قالدۇرمايتتى. يەنە كېلىپ سامساقنىڭ خوتۇن-بالىلىرى، تۆت ئادەم باشلىيالىغۇدەك ئۆي-زېمىنى بار. سالىنىڭچۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئون نەچچە يىلدىن بېرى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، قېرى ئېشىكى ۋە ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا ھارۋىسىدىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك نەرسىسى يوق. ئىگىلىكىمۇ، ئايالى، بالىلىرىمۇ يوق، ئۆيىمۇ شۇنداق كونا... شۇنداقتىمۇ سالى پېنسىيەگە يېقىنلىشىپ قالغان بۇ قېرى مۇدىر بىلەن پات-پاتلا ئارازلىشىپ قالاتتى. سالىنىڭ نەزىرىچە: سامساق ئەينى يىلدىكى كەنت مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سالىنىڭ ئاتىسى ساۋۇتخاندىن كۆرگەچكە، ئۆز ۋاقتىدىكى دەردىنى سالىدىن ئالاتتى. شۇنداق ئىكەن، ئىش-

ئەمگەكنىڭ ئىغىرى، خىزمەتنىڭ تەسىنى سالىغا ئارتىپ، ھە دېسە ئىشلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەپلا تۇراتتى...

سامساق مۇدىرنىڭ نەزىرى سالىغا تىكىلگىنىدە ئۇنىڭ تېنى تىكەنلىشىپ كەتتى.
— ئەتىگەندىن بېرى نەلەردە يۈردۈڭ؟ — سامساق مۇدىر شۇنداق دەپ توۋلىشى، سالى زەردە بىلەن كايىدى:
— نەدە يۈرەتتىم، ئۆيدە بولدۇم، ئۆيدە. بىر ھەپتىدىن بېرى ئىتنى باغلاپ قويىسمۇ تۇرمايدىغان قاڭقىر تاشلىق سايدا بوراندا تۈگۈلۈپ، ئاپتاپتا قورۇلۇپ، ئۇسسۇزلۇقتا چاڭقاپ، ئاچلىقتا سارغىيىپ يۈردۈم. ئاخشام ئېغىر ياتقى بىلەن قايتىپ كېلىپ ئۇخلىدىم، — سالى بىر ئورنىدا توختىماي پىرقىرايتتى، — مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئادەم. باشقا بىر نەرسىگە ئوخشىتىپ قالدىڭمۇ نېمە؟ مەكتەپنىڭ ئىشچىسى ئەمەسمەن...
— نېمىگە چوڭ گەپ قىلىسەن. ئوقۇتۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاندىن كېيىن ئىشچىلىق قىلماي، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى ھارام ئالامتىڭ؟ — سامساق مۇدىر سالىغا قاراپ توختىماي قول شىلتىيتتى، — گېپىڭ بولسا ئوچۇق قىل. ئىشقا قوڭاڭ پايلىسا قىل، بولمىسا ئۆيۈڭگە بېرىپ ئوچاققا ئوت قالا، ھۇ بولۇمسىز.
سالىنىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلىدى.
— نېمە دەۋاتىسەن. يەنە بىر دېگىنە گېپىڭنى، تىل تەگكۈزۈۋاتامسەن تېخى.
— تەگكۈزىمەن، قانداق، بولۇمسىز بولماي نېمىتىڭ سەن؟
— سەنچۇ ؟ سەن نېمە؟ سەن دېگەن بىر قانخور.
— قانخور؟
سامساق مۇدىر باشقىلارنىڭ تۇتقىنىغا پىسەنت قىلماستىن سالىغا ئېتىلدى. ئۇلار ئىلگىرىمۇ گەپ ئارىلىقىدا بىر-بىرىگە، ئۆزلىرى ئۈچۈن چوڭ ھاقارەت ھېسابلايدىغان «بولۇمسىز»، «قانخور» دېگەندەك سۆزلەر

بىلەن تىل تەگكۈزگەنلىك بەدىلىگە بىرقانچە قېتىم خېلى قاتتىق تۇتۇشقانىدى. مانا بۈگۈنمۇ سامساقنىڭ قاپىقى يېرىلمىغۇچە بولدى قىلىشمىدى.

سالىنىڭ سامساقنى «قانخور» دېيىشىگە قاسىم پاچىئەسى ئالاھىدە سەۋەب بولغان بولسا، سامساقنىڭ سالىنى «بولۇمسىز» دېيىشىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق سەۋەبى بار ئىدى. شۇنداق، سالى تەشكىلنىڭ ئورنلاشتۇرۇشى بىلەن ئارائۆستەڭ يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يېزىلىق مائارىپ بۆلۈمى ئۇنى قارىغول كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە تەقسىملىدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، كەچ كۈزنىڭ بىر كۈنى كۈتۈلمىگەن پاجىئە بىلەن، ھەدىسى مايىنۇر ۋە ئايالى بۇسارەمدىن ئايرىلدى.

بۇسارەم قارىغۇل كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن، سالى ۋە قېيىنئاچىسى مايىنۇر ئۇچەيلەن بىر ئۆيدە ياشاشقا توغرا كەلدى. گەرچە مايىنۇر سالىدىن ئۈچ ياش چوڭ بولسىمۇ، تېخىچە ياتلىق بولمىغانىدى. يۇرتتىكىلەر ئۇنى ئىككى-ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان تەڭتۇشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، «قېرى قىز» دېگەن ئاتاقنا ئىگە قىلىپ قويغاچقىمۇ، مىجەزى چۇس، تېرىككەك بولۇپ قالغانىدى.

مايىنۇر بىلەن بۇسارەم دەسلەپتىكى بىرقانچە ئاي ئىچىدە ھەرھالدا يامان ئەمەس ئەپلىشىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، كېيىنچە زادىلا چىقىشالمىدى. بولۇپمۇ گۈلسارىخاننىڭ بۇسارەمنى يوقلاپ كېلىشى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. سالى ھەدىسى مايىنۇرنىڭ سىدىققا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇسارەمنىڭ تەكىتىنى يوشۇرغانىدى. گۈلسارىخاننىڭ بۇ ئۆيدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ھەممە سىرنى يېشىۋەتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن، مايىنۇر بۇسارەمنى ئاتىسى ساۋۇتخان ۋە ھەدىسى ماھىرەنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان جىنايەتكارنىڭ تۇغقىنى، دەپ قاراپ ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلگەنىدى.

شۇ كۈنى سەھەردە بۇسارەم ھەرقانچە قىلىپمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىيتتى.

— ئىشنى كۆرۈپ باشلىرى ئاغرىدىمۇ خېنىم. ئىشلىسەك گالغا ئىشلەيمىز، تۇرۇپلى ئورنىمىزدىن. بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن يېگۈلۈك. يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايدۇ. يەنە كېلىپ ھاياتلىق ھەرىكەتتە دېسىلە، يېتىپ يەۋەرسە جاننى بېرىدىغان گەپ، — بۇسارەم مايىنۇرنىڭ ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ قىلغان ھاقارەتلىرىگە چىداپ تۇرالماي مىڭبىر تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار ئوچاق يۈزلەش ئۆچۈن مەھەللىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تاغ باغرىدىن شور ئېلىپ كېلىشكە مېڭىشتى. تاغ باغرىغا ئۆتۈشتە دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. كۈزنىڭ مول ھوسۇللىرىغا تەنتەنە قىلىپ، گىرۋەكلىرىگىچە لىق تولۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى گاھ دولقۇن ياساپ چايقالسا، گاھ تىپتىنچ سۈكۈتتە ئاقماقتا ئىدى. ھارۋا دەريا كېچىكىگە يېقىنلاپ بارغاندا مايىنۇرنىڭ زۇۋانى يەنە ئېچىلدى:

— خىت، ئۆزىنى بىلمەيدىغان بىشەم ئېشەك، ھاياسىز ئېشەك!...

مايىنۇرنىڭ دەۋاتقىنى، «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك دارىتما گەپلەر بولۇپ، گەپنىڭ سەتلىكىگە چىداپ تۇرۇش بەسىي مۇشكۈل ئىدى. بۇسارەم ئۈنسىز نىدا قىلىپ، ئاپئاق بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرگەن كۆپكۆك ئاسمانغا قارىغىنىچە ئىچىدە پىچىرلىدى:

«ئېيە ئۇلۇغ ئاللا، ھەممىگە ئۆزۈڭ قادىرسەن، سېنىڭ ئەجەل ھۆكۈمىڭنى كۈتمەستىنلا ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە ۋە دىنىي ئەقىدىمىزگە خىلاپ ھالدا بۇ يولنى تاللىغىنىمنى كەچۈرگەيسەن. سالىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا. ئۇنىڭ كېيىنكى ئۆمرىگە بەخت-سائادەتنى يار قىلغايسەن...»

ھارۋا دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە بۇسارەم ئۈنسىز خىياللىرىنى يىغدى-دە، بار كۈچىنى يىغىپ، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي كوتۇلداۋاتقان مايىنۇرغا قاراپ ئېتىلدى. دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى بىر كۆتۈرۈلۈپ پەسەيدى. كۈچلۈك قايىنامدا بۇسارەمنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا گۈلسارىخان يوللۇق تۇتقان يۇلغۇن چىچىكى رەڭلىك

يىپ ياغلىقى بىر پەس ئايلانغاندىن كېيىن، بۇژغۇپ كەلگەن دولقۇن ئاستىغا چۆكۈپ غايىب بولدى.

— ۋۇي، ھېلى ئىككى ئايال دەرياغا كىرگەندەك قىلغان، بىردەمدە كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — ئەمدىلا دەريا قىرغىقىغا ئۇلاشقان ھارۋىدىكى ئىككى كىشى بىر-بىرىگە قاراشقاندىن كېيىن، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى-دە: «ئادەم ئۆلدى، ئادەم ئۆلدى، تېز كېلىپ قۇتقۇزۇڭلار!!...» دەپ توۋلىغىنىچە دەريا لېۋىنى بويلاپ يۈگۈردى.

ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان بىر توپ كىشىلەر يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار بۇسارەمنىڭ جەسىتىنى ئانچە ھايال قىلىشمايلا تاپقان بولسىمۇ، ماينۇرنىڭ جەسىتىنى تاپالمىدى. نەچچە سائەتلەپ ئىزدەشتىن كېيىن، ئالتە كىلومېتىرچە يىراقتىكى لاتقا ئارىسىدىن سۆرەۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن سالىنىڭ قويغان-تۇتقىنى جايىدا بولمىدى، تۇرمۇشىمۇ رىتىمسىزلاشتى. ھالى كۈندىن-كۈنگە خارابلىشىپ باردى. ئەس-يادى بىر يەردە بولمىغاچ، ئوقۇتۇش ھۆددىسىدىنمۇ تولۇق چىقالماس ھالغا يەتتى. قىشتا كۆزلۈك كىيىم كىيىۋالىدىغان، ئىسسىقتا قوشلاپ، جۇدۇندا يالاڭاچلىنىپ تىترەپ يۈرىدىغان، كىشىلەر يولدا گەپ قىلسىمۇ ئۆزىچە تېرىكىپ چېچىلىدىغان، نە ياخشىلىق، نە يامانلىق دېگەننى ئايرىۋالالمايدىغان تەرسا مىجەزى ئۇنىڭغا «بولۇمسىز» دېگەن لەقەمنى سىڭدۈرگەنىدى. مانا بۈگۈنمۇ ئۇ كۆك سارجا چاپاننىڭ ئۈستىگە ئاپئاق دىچۆلياڭ كۆڭلەكنى ياقىسىغىچە تولۇق ئېتىپ كىيىۋالغانىدى.

سامساق مۇدىرنىڭ مەگزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان قان سالىنىڭ تەشۋىشىنى ئۇلغايتتى. سامساق مۇدىر چاپاننى سېلىپ، پېشانىسىنى سۈرتكەندىن كېيىن چاپاننى چۆرۈپ تاشلىدى-دە، ئىككى مېتىر نېرىسىدىكى كەتمەنگە قاراپ يۈگۈرۈۋىدى، سالى ئالدى-كەينىگە قارىماي بەدەر قاچتى.

سالى ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئۆزىنى سۇپىغا تاشلاپ خىيالغا پاتتى.

«يېزىنىڭ ھاشىرىغا تۇتۇپ بەرگەنگە تويى تازا. بۇنىڭدىن كېيىن سەن قانخورغا ھەرگىز يۈز-خاتىر قىلمايمەن.. مېنىڭ ئىشتاتىم دېگەن ئوقۇتقۇچى. گەپ قىلمىسام تېخى قىلغان ئىشىنى كۆرۈڭ...» سالى تۇرۇپلا يەنە ئويلىنىپ قالدى: «بۇ پېتىم لاغايلاپ يۈرسەم، مائاشىمنى كۇلاپ ئالمىسۇن يەنە... نېمىدىن قورقاتتىم. ئەتە يەنە باراي، ئۆزىنى بىلمەي قوپاللىق قىلسا، ئاندىن...»

سالى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ مەكتەپ قورۇسىغا يېتىپ كەلدى. نېمە ئىشلارنى قىلىشنى بىلەلمەي بىرھازا گاڭگىراپ يۈرگەندىن كېيىن مۇدىرنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى بوش، ئەمما رىتىملىق قىلىپ قايتىلاپ چەكتى. ئىچىدە ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ تېخىمۇ كۈچەپ چېكىۋىدى، مۇدىرنىڭ «كىرىڭ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. سالىنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ، پۇت-قوللىرى تىترەشكە باشلىدى.

«ئەسلىدە سامساق بار ئىكەن ئەمەسمۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق»...ئۇ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئەمدىلا مېڭىشىغا ئىشىك ئېچىلدى:

— بوسۇغىغا كەلگەن ئادەم ئىچىگە كىرمەي نەگە بارماقچى ئىدىڭلار؟ — سامساق مۇدىر شۇنداق دېگىنىچە كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى. سالى كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ مۇدىرنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

— ھە نېمە گەپ بار؟ — دېدى سامساق مۇدىر سالىغا كۆزىنىڭ قىرىدا سەت قاراپ قويۇپ، — قېنى ئولتۇرۇپ سۆزلەڭلار.

سالى مۇدىرنىڭ داكا بىلەن تېڭىلغان قاپىقىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ، بىر پەس ئۈندىمىدى.

— ھە قېنى، گېپىڭلار بولسا ئېيتامسىلەر؟ — سامساق مۇدىر پېشانىسىدىكى تېڭىقنى بوشقىنا بېسىپ قويۇپ داۋام ئەتتى، — تۈنۈگۈنكى نوچىلىقىڭلار نەگە كەتتى ئەمدى؟

— بۈگۈن نېمە ۋەزىپە بارئىكەن، دەپ يولىيورۇق سوراپ كىرگەن شۇ،— سالى بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە بارماقلىرىنى سىجاپ ئولتۇراتتى، —

تونۇگۈن قان قىزىقلىق قىلىپ قويۇپتۇق، كۆڭۈللىرىگە ئېلىپ كەتمىگەن بولسىلا.
— نېمە ؟ شۇ گەپكە كىرگەنمۇ؟ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتامىدىغانسىلەر، تەشكىلنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار...
مۇدىرنىڭ قالغان گەپلىرى سالىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.
«ھەممە قوپاللىقنى ئۆزى قىلىپ، ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈپ، يەنە دەۋاتقان گېپىگە قاراڭ. بىر تەرەپ قىلسا قىلمامدۇ. مېنى بىرى ئوقۇتۇپ قويغاندەك، مائاشىمنى بەرسە ھۆكۈمەت بەردى. خۇددى ئۆز يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ، مائاش بېرىۋاتقاندەك، دەپ كەتكەن گېپىنى...»
سالىنىڭ غودۇڭشىغان ئاۋازى مۇدىرنىڭ قۇلۇقىغا يېتىۋىدى، غەزىپى تاشتى:
— تىلىڭلىنى چايناپ ئولتۇرماي، ئىشىڭلارنى قىلىپ تۇرۇڭلار، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە چاقىرتىمەن.
سالى بىرنېمىلەرنى دېمەك بولۇپ ئاغزىنى ئاچتى-يۇ، نېمە ۋەجىدىندۇر زۇۋان سۈرمىدى، ئاغزىنى ئۆمەللىگىنىچە توختاپ قالدى. ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ سىرتقا ماڭغان سامساق مۇدىرغا ئەگەشتى. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
سالى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پېشايۋان ئاستىدىكى كونا كاتقا تاشلاندى.
پېشايۋان شاخ-شۇمبىلار بىلەن قول ئۇچىدىلا يېپىلغانىدى. ئاستا-ئاستا تىك ئۆرلەۋاتقان قۇياشنىڭ تەپتى سالىنىڭ بىرەر-يېرىمدەم سالقىنلاپ يېتىشىغا ھەسەت قىلىۋاتقاندەك، تەدرىجىي پېشايۋان ئاستىدىكى كىچىككىنە دائىرىگە قاراپ سىلجىيتتى. چىۋىنلەرنىڭ توختىماي گىزىلداشلىرى سالىنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى. سالى ئامالسىز ئورنىدىن تۇرۇپ باغقا ئۆتتى. باغ ئىچى سۆرۈن، ئەمما دىمىق ئىدى. سالىنىڭ نەزىرى تۆكۈلۈپ ياتقان ئۆرۈكلەر ئۈستىدە گىزىلدىغىنىچە ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلەرگە چۈشكىنىدە كۆڭلى بۇزۇلدى. تىرگەن

بويلاپ، باغنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى يوغان قاپاق تېرەكنىڭ يېنىغا باردى. ئېسىپ قويۇلغان تال سېۋەتلەر ئىچىدىن يوغان بىر سېۋەتنى ئېلىپ كېلىپ، ئۈرۈكلەرنى بىر-بىرلەپ تېرىشكە باشلىدى. يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەن ئۈرۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى تېرىپ قاق سالماقنى نىيەت قىلدى، ئەمما ئىش تەگدىن ئاشقاندا يېلى چىققان توپتەك بوشاپ قالدى. قورساقنىڭ كولدۇرلاشلىرى بىلەن ئاشقازىنى لۆمۈلدەپ، پۇت-قولىدىن ماغدۇر قاچقاندەك بولدى. ئىشتىن رايى ياندى. بىر تۈپ ئۈرۈككە يۆلەنگىنىچە سېۋەتتىكى ئۈرۈكلەرگە باقتى. مەي باغلاپ پىشقان كىشمىش ئۈرۈكلەرگە قارىغان ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كېلەتتى. سالى ئۈرۈكلەردىن بىرنەچچە تال يەپ باقتى. سايدىن قايتىپ كەلگەن بىرقانچە كۈندىن بېرى ئۈرۈك بىلەن غىزالىنىپ، تولا يەپ چىقىپ كەتكەن چېغى، ھەسەلدەك تاتلىق، سۇلۇق، بال تېمىپ تۇرغان ئۈرۈكلەر ئەمدىلىكتە ئاغزىغا پەقەتلا تېتىمىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئوخشىغان بىر تەخسە لەگمەن ئوت بولۇپ كۆرۈندى. بۇسارەمنىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن لەگمەن، چۆچۈرە، ئۇگرە، پولۇلىرىنى، تۇجۇپىلەپ قويغان ئۆپكە-ھېسىپلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى... خىيال بىلەن كۆزىنى يۇمۇپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا ئۇيقۇغا ئەسىر بولۇۋىدى، كۆز ئالدىدا بۇسارەم پەيدا بولدى.

بۇسارەم بىر قولىدا پولۇ، بىر قولىدا لەگمەن سېلىنغان تەخسىلەرنى كۆتۈرۈپ سالىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى:

— سالى، سىز ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلدىم. مانا قاراڭ، پولۇ بىلەن لەگمەننى ھازىر كەلتۈردۈم، قالغان تاماقلارنى ھايال قىلماي ئاچىقىمەن. تويغۇچە يەڭ، — بۇسارەم سالىنىڭ قولىغا تەخسىلەرنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى سىلىدى، — ئورۇقلاپ قاپسىز. قارىغاندا، مەن يېنىڭىزدا يوق ئاچ-توق قالغان ئوخشىمامسىز...

بۇسارەمنىڭ يۇمران قوللىرىدىن كېلىۋاتقان ئىللىق بىر سېھرىم سالىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاستا-ئاستا سىڭىپ، يۈرەك تارلىرىنى يېنىك

چەكتى. ۋۇجۇدىدا ھاسىل بولغان، تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر سېزىم بىلەن كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— جېنىم بۇسارەم، مېنى تاشلاپ نەلەرگە كەتتىڭ؟ سېنىڭدىن ئايرىلىپ يۈرەك-باغرىم لەختە بولدى، كۆزلىرىم قانغا تولدى. نېمىشقىدۇر قويغان-تۇتقىنىم جايىدا ئەمەس، كۆڭلۈم پەقەتلا ئارامىدا يوق. مۇشۇ كۈنلەردە نەگىلا بارماي دەشنەملا ئىشىتىپ يۈردۈم. سېنى بەكمۇ زارىقتىم، جېنىم...، — بۇسارەمنىڭ قوللىرى سالىنىڭ مەگزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈشكە كىرىشىۋىدى، سالى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، — ئەمدى مەندىن ئايرىلماسلىققا ۋەدە بەر، كەل سېنى باغرىمغا بېسىۋالاي.

سالى قولىدىكى تەخسىنى يەرگە قويۇپ، بۇسارەمنى مەھكەم قۇچاقلىدى. بۇسارەمنىڭ يۇمران لەۋلىرى نېمىلەرنىدۇر دەپ توختىماي مىدىرلايتتى. ئۇنىڭ ئاتەشتەك ئوتلۇق كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان كۈچلۈك نۇر سالىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىۋىدى، قەلبىدە بىر پارچە يانغىن ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. سالى بۇسارەمنىڭ لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى ياقتى. ۋۇجۇدىدا تېپچەكلەۋاتقان شېرىن سېزىم بىلەن بۇسارەمنىڭ لېۋىنى شۈنداق بىر شورىۋىدى، قاگىسىق تويا ئۆپكىسىگە تەگدى. سالى قاتتىق يۆتەلگىنىچە چۆچۈپ ئويغاندى. يېپىلماي كەتكەن قېرى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ كۆرۈمسىز قوۋزاقلىرىدىن بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان قاگىسىق پۇراق دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى...

سالى تويتوغرا بىر كۈن ئاچ يۈردى. ئاچلىق دەستىدىن كېچىچە تولغىنىپ چىقتى. سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، مەھەللە ئارىلاپ ھەربىر ئۆيگە سەپسېلىپ چىقتى. ھەممە ئۆيلەردە ئادەم قالمىغاندەك، مورىدىن چىققان تۈتۈن تۈگۈل دېرىزىلەردىن چۈشۈۋاتقان چىراغ يورۇقىمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى. سالى مەھەللىداشلىرىنىڭ ئۆيىدە پىشۋاتقان بىر ۋاق غىزا ئۈستىگە كىرىپ تويۇنۇۋېلىش ئىستىكىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئارقىغا قايتماق بولۇپ تۇرۇۋىدى، مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر قورۇدىن چۈشۈۋاتقان غۇۋا چىراغ يورۇقى كۆزىگە چېلىققاندەك بولدى.

سالى ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى تەكرار سۈرتتى. راستلا چىراغ نۇرى. ئورمانلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، مەھەللە يولىغا خىرە تاشلىنىپ تۇرغان چىراغنىڭ ئاجىز نۇرى ئىدى.

«چىراغ ياندۇرۇپ قويغىنىغا قارىغاندا چوقۇم تاماققا تۇتۇش قىلغان گەپ...» سالى قەدەملىرىنى تېزلەتتى. خىرە ئوچۇق ئىشىكتىن قورۇ ئىچىگە تىكىلگىنىچە بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئۆيدىن كىملەرنىڭدۇر پاراڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

سالى بۇ ئۆينىڭ تەۋەررۈكى بولغان موماينى ئوبدان تونۇيتتى. بىراق، ئۇ مومايىنىڭ ئىسمىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

«تۇۋا ! تېخى تونۇگۈن ئەتىگەندە سالاملاشقان...زىبىدىخان، ياق، زىيادەم. بۇمۇ ئەمەس، نېمىتى زادى؟...»

ئىشىك تىرىققىدە ئېچىلىپ موماي چىقىپ كەلدى:

— ۋۇي، سالى مۇئەللىم. قەدەملىرى يېتىپ قاپتىغۇ؟! قېنى ئۆيگە كىرسىلە، — موماي سالىنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، — قېنى ئۆيگە كىرسىلە.

هور دەستىدىن ئۆيئىچىدىكى نەرسىلەرنى پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى. سالى سەل ئېگىشىپرەك كاڭ ئۈستىگە سەپسىلىۋىدى، يەنە ئىككى كىشىنى ئىلغا قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. كەلسىلە سالى مۇئەللىم، يۇقىرى ئۆتسىلە.

سالى مېھمانلار بىلەن قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى ۋە:

— ئاللاهۇ ئەكبەر، — دېگىنىچە ئورنىدىن بىر قوزغىلىپ، ئاندىن يۈتىنى چاسا قۇرۇپ ئولتۇردى.

هورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر قاچا سۈيۈقئاش داستىخانغا كەلتۈرۈلدى. كۆتۈرۈلۈپ چىققان هور سالىنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇۋىدى، نەپسى تاقىلداپ

تۇرالمايلا قالدى. ساھىبخانىنىڭ تەكلىپىنى كۈتمەستىنلا ئاشنى قولىغا ئالدى. ئارقا-ئارقىدىن كەلتۈرۈلگەن ئۈچ قاچا ئاشنى پاك-پاكىز قۇرۇقدىغاندىن كېيىن مومايغا رەھمەت-ھەشقاللا بىلدۈرۈپ قايتىپ چىقتى.

«يېزا دېھقانلىرى نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل، نېمىدېگەن سېخىي-ھە! ئۇلارنىڭ داستىخىنىمۇ كۆڭلى-كۆكسىدەك كەڭرى. تاماق ئۈستىگە بىر ئەمەس، بىرقانچە ئادەم كىرىپ كەلسىمۇ ئىككى يېنىغا قاراپ قالمايدۇ. ئەتكەن تامىقى كەڭتاشا يېتىدۇ. تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن مېھمان ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «خۇدايى مېھمان» بولۇپ، بۇنداق مېھمانىنىڭ ئۆيىگە قەدەم بېسىشى ئاللانىڭ ئىرادىسى، بەرىكەتنىڭ بېشارىتى. «خۇدايى مېھمان» قانچە كۆپ كىرسە، ئۆيىنىڭ بەرىكىتى شۇنچە زىيادە بولىدۇ...دېھقانلار ئەنە شۇنداق خىياللىرى بولغاچقىمۇ، تاماق ئۈستىگە كىرگەنلەرنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدۇ. ئۇلاردىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدۇ. خېمى بولسا پىشۇرۇپ، پىشقىنىنى تەڭ تالىشىپ تۇرۇپ بىللە يەيدۇ...»

سالىنىڭ قورساق غېمى بىرئاز يەڭگىللىگەندەك بولدى...

بۇ بىر ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. يېڭى بىر ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى كۈن يانغا قايرىلغان چاغدا سالىنىڭ بىر خىزمەتدىشى ئۇنىڭغا مۇدىرنىڭ چاقىرغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى.

سالى ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە سامساق مۇدىر گويا مۇھىم بىر مەسىلە ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىش قىلىۋاتقان كىشىدەك ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ سالىنى كۆرۈپلا سۆز ئالدى:

— ئەتىدىن باشلاپ شۆبە مەكتەپكە ئىشقا چۈشىدىغان بولدۇڭلار، — مۇدىر سالىغا بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇزاتقاچ شۇنداق دېدى، — بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى. ھېچكىم ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. بۈگۈنىنىڭ ئۆزىدىلا تەييارلىق قىلىپ ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشسەڭلا بولىدۇ.

چاقماق چېقىلغاندەك بىر سېزىم بىلەن سالىنىڭ كۆزلىرى

قاراڭغۇلاشتى. مۇدىرنىڭ يولسىزلىقىغا نارازىلىقى كۆچەيگەن بولسىمۇ، ئارتۇق گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئويلاپ ئۈن-تىنسىز ھالدا ئىشخانىدىن ئايرىلدى.

## 2

شۆبە مەكتەپ مەركىزىي مەكتەپتىن ئون نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر ئەترەتكە جايلاشقان بولۇپ، بىر ئېغىزلىق سىنىپ ۋە بىر ئېغىزلىق ئىشخانىسىلا بار ئىدى. ئوقۇغۇچى سانىمۇ ناھايىتى ئاز بولۇپ، 1-يىللىقتىن 4-يىللىقىچە بولغان ئوقۇغۇچىلار قوشما سىنىپ قىلىپ ئوقۇتۇلاتتى. سىنىپنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن دوسكا قويۇلغان بولۇپ، بىر تەرەپتىكى دوسكىدا 1- ۋە 2-يىللىقتىكى ئون نەچچە ئوقۇغۇچى؛ يەنە بىر تەرەپتىكى دوسكىدا 3- ۋە 4-يىللىقتىكى ئون نەچچە ئوقۇغۇچى قوشما يىللىق بويىچە دەرس ئاڭلايتتى. سىنىپنىڭ پارتا-ئورۇندۇق ئەسلىھەلىرى كەمچىل بولۇپ، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن شالنى ئورۇندۇق قىلىۋالغان بولسا، يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار داق يەردىلا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايتتى، تىزى جوزا رولىنى ئۆتەيتتى. سالى ئالدىنقى ئىككى سائەتتە يۇقىرى يىللىق قوشما سىنىپقا دەرس بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ باللارنى سىرتتا يەرگە يېزىپ مەشىق قىلىشقا تەشكىللەپ قويۇپ، ئاندىن تۆۋەن يىللىق قوشما سىنىپقا دەرس بېرەتتى. باللارنىڭ ئۆيلىرى ناھايىتى تارقاق بولغاچقا، بىر كۈندە ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت سائەت دەرس ئۆتۈشكىلا ۋاقىت چىقاتتى. مەكتەپنىڭ ئوتتۇز موچە يېرى بولۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە يەرنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش بولغاچ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتى بىكار ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا، ھەتتا ھەپتىلەپ دەرس ئۆتۈلمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بولاتتى. يەنە بەزى ۋاقىتلاردا سالى چۈشكىچە بالا يىغىپ، چۈشتىن كېيىن دەرس ئۆتۈشكە مەجبۇر

بولاتتى. شۇبە مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشى ھەقىقەتەن تەس ئىدى. ئوقۇتۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقىغا باقماي دەرسلەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈش كۆرسەتكۈچى مەركىزىي مەكتەپنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. دەرسلەر يۇقىرىنىڭ پىلان-كۆرسەتكۈچى بويىچە پىلانغا، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىشىش نىسبىتى ئۆلچەمگە يەتمىسە جەرىمانە قويۇلۇپ، ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىناتتى.

ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئالدىنقى مەۋسۇملۇق ئوقۇتۇش ئاخىرلىشىپ، كېيىنكى بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇتۇش ۋاقتىمۇ توشۇپ قالدى. مۇشۇ كۈنلەردە سالىنىڭ ئەندىشىسى ئېشىپ بارماقتا ئىدى.

«ئالدىنقى مەۋسۇمدا 33 بالىدىن ئىمتىھانغا 25 بالا قاتنىشىپ، لاياقەتلىك بولغىنى ئاران يەتتە. دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتىنى ئىمتىھانغا قاتناشقان بالىغا سۇندۇرغاندا 28%؛ ئومۇمىي بالىغا سۇندۇرغاندا ئاران 15% بولۇپ، مۇدىرنىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى ئارقىسىدا قويۇلغان 130 يۈەن جەرىمانىنى ئىككى ئايلىق مائاشىدا ئاران دېگەندە تۆلەپ تۈگەتكەن. بۇ قېتىممۇ ئىمتىھان نەتىجىسى ياخشى بولمىسا يەنە جەرىمانە تۆلەپ، بىرقانچە ئاي بىكارغا ئىشلەيدىغان گەپ...»

سالى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ شۇلارنى خىيال قىلدى. ئېشەكنى ھارۋىلاپ يولغا چىقتى-دە، ئائىلىمۇئائىلە قاتراپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا «باللارنى مۇشۇ بىر ھەپتە مەكتەپكە تولۇق ئەۋەتىپ بېرىش» ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزۈپ، يېلىنىپ يالۋۇردى. سۆھبەت جەريانىدا چۈشەندۈرۈشلىرىگە قۇلاق سېلىپ سەممىي پوزىتسىيەدە بولغانلارمۇ؛ گەپنىڭ ئۇچى چىقىپ بولغىچە، چىچىلىپ-چالۋاقاپ سەتلەپ چۈشكەنلەرمۇ، ھەتتا ئىتلىرىنى قويۇپ بېرىپ قوغلاپ سالغانلارمۇ بولدى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ ياخشى بولۇپ، سۆھبەت ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇتۇقلۇق بولغانىدى. ئۇ مەھەللىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى بىپايان ئوتلاقنىڭ ئىچكىرىسىگە

جايلاشقان ئىدرىس ئىسمىلىك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، يەتكۈچە خاپىلىق تارتىۋالدى.

سالى مەھەللىنىڭ چېتىدىكى جىگدىلىك يولنى بويلاپ بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن ئۆزۈندىن-ئۆزۈنغا سوزۇلغان، ئەتراپى يۇلغۇن بىلەن ئورالغان ئوي-دوڭغۇل يولغا قايرىلدى. يول بويىدىكى ئېرىقتا سۈپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئاقاتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يۇلغۇن ئارىسىدا بۆك-باراقسان ئۆسكەن يۇمران ئوت-چۆپلۈكتە قوي، ئۆچكە پادىلىرى توپ-توپى بىلەن ئوتلاشماقتا، قۇشقاچلار توپى بىلەن گۈرۈلدەپ ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى. سالى كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلىدىغان گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن ھوزۇرلانغاچ، قوي پادىلىرى ئارىسىدىكى قوزىلارنىڭ شوخ ھەرىكەتلىرىنى تاماشا قىلىپ، ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. ئېشەكنىڭ خىرتىلدىغىنىچە يەرنى تېپچەكلەپ كەينىگە داجىشى بىلەن، دىققىتىنى يىغىپ كۆز ئالدىدىكى مەنزىلگە نەزەر سالدى.

ئۈچ ئېقىننىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بەش مېتىرچە كەڭلىكتىكى ئېرىققا سېلىنغان كۆۋرۈكنىڭ ياغاچلىرى كۆرۈنۈپ قالغاندى. نەچچە قېتىم كۆۋرۈك تۆشۈكىگە پۇتى كىرىپ كېتىپ، يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەن بىچارە جانىۋار قايتىلاپ قىسمەتكە يولۇقۇشتىن قورقسا كېرەك، دومبىسىگە تەگكەن تاياق زەربىسىدىن ئالدىغا قاراپ بىرقانچە رەت داجىدى-يۇ، يەنە كەينىگە تېيىشىپ تېپىرلاشقا باشلىدى. سالى ھاۋرىدىن چۈشۈپ، ئېشەك چۇلۇۋۇرىنى كۈچەپ تارتىۋىدى، چۇلۇۋۇر ئۈزۈلۈپ، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. ئەمدىلا ئۆزىنى ئوڭشاپ ئورنىدىن تۇرماق بولۇۋىدى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېشەك كەينىگە قايرىلغىنىچە بەدەر قاچماقتا ئىدى . سالى ئەمدىلا يولغا چىقىشى، ئارقىدىن تەگكەن قاتتىق زەربە بىلەن، يول چېتىدىكى يۇلغۇن ئازگىلىغا دومىلاپ چۈشتى. ئۇنىڭ تېقىمى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. تېقىملىرىنى سىلاشتۇرۇپ كۆرۈۋىدى، ئالىقانلىرى قىپقىزىل قان بىلەن تولدى. سالى تېقىمىنى چاڭگاللىغىنىچە ئازگالدىن يولغا

چىقتى. قويۇندەك كېتىۋاتقان ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ ئىت تاپانداپ قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. سالى ئىشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىسمۇ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەيتتى. شۇ ئەسنادا ھارۋا يولدىن چەتلەپ يۇلغۇنلۇق ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. سالى يېنىدىكى غىلاپتىن پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئالدى -دە، باشمالتاق چوڭلۇقىدىكى يۇلغۇن كۆچىتىدىن بىرنى كېسىپ ئالغاندىن كېيىن ھارۋا تەرەپكە قاراپ ئاقسىغىنىچە يۈگۈردى. بىر-بىرىدىن قاۋۇل كەلگەن ئىتلار چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە سالىنىڭ ئەتراپىدا ئەگىيتتى. سالى تاياق بىلەن ئۆزىنى بىرمەھەل مۇداپىئە قىلىپمۇ ئىتلاردىن قۇتۇلالمىغاندىن كېيىن، دەرغەزەپكە كەلدى-دە، ئىتلارغا قاراپ ئېتىلدى، تاپانداپ كېلىپ بىرقانچىنى ساۋىدى. تاياق زەربىسىدىن ئالاقزادە بولغان ئىتلار غىڭشىغىنىچە يۇلغۇنلۇق ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. ھارۋا بىر مېتىرچە چوڭقۇرلۇقتىكى ئازگالغا ئۆرۈلگەن بولۇپ، بىغەرەز ئېشەك بەدەنلىرىنى قامالغا ئالغان ھارۋا شوتىسىدا توختىماي تېپىچەكلەيتتى. سالى خېلى بىر پەس جېدەللىشىپ، ئېشەكنى ھارۋا شوتىسىدىن بوشاتتى. ھارۋىنى ئۆرۈپ تۈزلىدى.

سالىنىڭ پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈلگەن بولۇپ، تېنىدە ماغدۇر يوق ئىدى. يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقاتتى. ئۇ، ئۆزىنى يۇلغۇنلۇققا تاشلاپ كۆپكۆك ئاسمانغا باققىنىچە خېلى بىرمەھەل ياتتى. يۈرەك رىتىمى تۇراقلىشىپ، كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى. قوڭغۇراق ئاۋازى بىر خىل رىتىمدا بولۇپ، تەدرىجىي يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

ھەيۋىسى بىلەن كېلىۋاتقان تۆت ئاتلىق پىگىلو ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمان-پەلەك بېسىلغان ئۆت-چۆپلەر ئۈستىدە ئىدرىسنىڭ سىيماسى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىسىنى يىراقتىنلا تونۇغان سالى بار ئاۋازى بىلەن تووۋلىدى:

— ئىدرىس...ئىدرىس...، — سالى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ،

قول ئىشارىتى قىلغاچ ئېغىمۇ كۆچەپ تولۇلدى، — ئىدرىس... ئىدرىس...

ھارۋا سۈرئىتى ئاستىلاپ تەدرىجىي توختىدى.

— مۇئەللىم، — ئىدرىس ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە بىسلغان ئوت- چۆپ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشكىنىچە، سالىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، — مۇئەللىم، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟!

— سېنى مەكتەپكە سۆيلەپ كەلگەن.

— مۇئەللىم، سىزنىڭ پۇتىڭىز، — ئىدرىسنىڭ مۇئەللىمنىڭ يارىلانغان پۇتىغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى، — ئىتلار سىزنى ئاۋارە قىپتۇ- دە.

— ھېچقىسى يوق ئىدرىس، بىرقانچە كۈندە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئىمتىھان ئالىمىز دەۋاتساق، مەكتەپكە بارماي نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟

— ...

ئىدرىس تىرناقلىرىنى جىجىغىنىچە زوۋان سۈرمەي تۇرغان شۇ دەقىقە ھارۋا لەڭگارىسىدا ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتقىنىچە ھېلىتىن بولۇنغان گەپكە زەن سېلىپ تۇرغان، گەۋدىلىك كەلگەن، بۇرۇتلۇق، ئوتكى قارىمۇتۇق كىشى ئېغىز ئېچىپ:

— ھوي ئەپەندىمچاق، نېمە دېگەنلىرى بۇ، كىمنىڭ ئىشىنى يەپ، سۆينى ئىچسە شۇ يەردە بولمامدۇ، — دېدى

بۇ كىشى ئىدرىسنىڭ ئاتىسى ھوسەن ئاخۇن بولۇپ، مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ھوسەن دېھقان دەپ چاقىرىشاتتى. ھوسەن دېھقان ئاتا- بوۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇ بىپايان يايلاقتا پادا بېقىپ تىرىكچىلىك قىلغانىدى. شۇ سەۋەب ھوسەن دېھقاننىڭ ئاتا- ئانىسى ئۇنى كۆپ ئوقۇتمايلا پادا باققىلى قويغانىدى. ئەمما، مال- ۋاران، يەرلىرى كۆپ بولغاچقا تېزلا بېيىپ قالغاچ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارىشىدا ئۆزگىرىش بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز كۆزقارىشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان، «مەكتەپكە ئۆتمىسىمۇ جاننى جان ئەتكىلى بولىدىغۇ» دېگەن ئىدىيەگە كېلىپ قالغانىدى، شۇ سەۋەبلىك مەكتەپنىڭ گېپى چىقىسلا ئۇنىڭ

جۇدۇنى ئۆرلەيتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ تۇراتتى، ئىدرىس گەپ ئالدى:

— ئاتا، نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ سالى مۇئەللىم دېگەن مۇشۇ كىشى.

— ساقال تاراپ كەتمىسەڭمۇ بىلىمەن ئەپەندىمىگنى، — ھۇسەن دېھقان قوپاللىق بىلەن شۇنداق دېدى ۋە ئوغلىغا قاراپ سەتلا بىرنى ھومايغاندىن كېيىن ئاتنى دېۋەتتى.

— ھۇسەن ئاكا، دېگەنلىرى تازا ئورۇنلۇق بولمىدى. بالا دېگەن ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ ھامىيلىقىدا چوڭ بولىدۇ. بىراق، ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن مەكتەپكە بېرىپ تەربىيە ئېلىشى كېرەك-تە، — دېدى سالى يولدا توغۇرداپ تۇرۇپ .

— ئوھۇش، نېمە دېگەنلىرى بۇ. ھېلىھەمدىمۇ 4-سىنىپقىچە ئوقۇدى. مەنمىچۇ ئاران 2- يىللىققىچە ئوقۇغان ئادەم. قارىسىلا سىلىدەك ئەپەندىمچاقتىن ئوبدانراق كۆن ئۆتكۈزۈۋاتمامدىم مانا. نەچچە يىل ئوقۇتقان بىلەن يەنە ئۆيگە قايتىپ دېھقان بولىدىغان ئىشقۇ شۇ. قارىسىلا، بالىنى مەكتەپكە ئەۋەتتىم دەپ يۈرگەن بىلەن شۇنچە كۆپ چارۋىنىڭ قىشلىق يەم-خەشىكىنىڭ غېمىنى قىلمىساق بولمايدىغان گەپ. بىزگە يا سىلىگە ئوخشاش بىكارلىق مائاش بولمىسا، چارۋىلارنى قىشتىن ئامان-ئېسەن چىقارمىساق، ئەتىيازغا چىقىپ بىرمۇنچە پاقلانغا قەرز بولىدىغان ئىش دېسىلە.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، بىزگىمۇ تەشكىلنىڭ بەلگىلىمىسى بار. باللار مەكتەپكە تولۇق بارمىسا يىل ئاخىرىدىكى ئىمتىھان نەتىجىسى ياخشى بولمايدىغان گەپ. ئاشۇ نەتىجىگە قاراپ مائاش ئالىدىغان ئىش دېسىلە. ئۇنىڭسىزمۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش مەجبۇرىيىتى بار. باللارنى ئوقۇتۇش يالغۇز مەكتەپنىڭلا ئىشى بولۇپ قالماستىن، ئاتا-ئانا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمي ئىشى، ھەممىمىزنىڭ ئورتاق بۇرچى.

— بۇرچ، نېمە بۇرچكەن ئۇ. ئىشلىمىسە بىكارلىقتا ئاش- نان نەدىكەن.

سىلى تېخى ئاگلىمىدىلىمۇ... — ھوسەن دېھقان گەپنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئوغلىغا قاراپ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى، — چىققە ھارۋىغا، ئەپەندىمنىڭ بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرىدىغانغا بىكار ۋاقتىم يوق.

— نېمىنى ئاڭلاپتىمەن، گەپلىرىنى ئوچۇقراق بىر دېمەملا، — سالى ئاتىسىنىڭ يامان ئەلپازىدىن قورقۇپ ھارۋىغا چىقىشقا تەمشىلىۋاتقان ئىدرىسنىڭ بىلىكىدىن كاپلا تۇتتى، — بالىنى قانداقلا بولمىسۇن بوگۈن ئېلىپ كەتمىسەم بولمايدۇ. يەنە بىر ھەپتىلىك ئوقۇش قالدى، بۇ جەرياندىكى ياتاق، تاماقنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن. ئوقۇش ئاخىرلىشىپ تەتىلگە قويۇپ بەرگەندە ئۆزۈم ئۆيلىرىگە يەتكۈزۈپ قوياي.

— ئەپەندىم، بەك ئالدىراپ ھاياجانلىنىپ كەتمىسىلە، بالىنى مۇشۇ ئەپكەتكەنچە مەڭگۈ بېقىپ بولالمايدىغانلا؟ — ھوسەن دېھقان چىرتتىدە قىلىپ تولۇقلىغانغا ئوخشاش كېيىن سۆزىنى داۋام ئەتتى، — «گازىر ياغىچى بادىر بولماس، دېھقان بالىسى كادىر» دېگەننى ئاڭلىمىغان چاغلىرى. ھەرقانچە ئوقۇسىمۇ يەنە دېھقان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، خەت ساۋاتى چىقىپ بولغاندىكىن ماڭا ياردەملىشىپ پادا باققىنى تۈزۈك.

سالى ھوسەن دېھقانغا گەپ يېگۈزەلمىدى. گەپ يېگۈزەلمىگەننى ئاز دەپ، خاپىلىق ئۇستىگە خاپىلىق تارتىۋالدى.

سالى ئىدرىسنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتىش نىيىتىدە چىڭ تۇرۇۋالغانىدى، ھوسەن دېھقاننىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلىدى. ھارۋا شوتىسىدىن سەكرەپ چۈشكىنىچە سالىنىڭ ئېڭىكىگە كۈچەپ بىرنى ئۇردى. سالىنىڭ بورنىدىن ئوقچۇپ چىققان قان كىيىملىرىنى قىپقىزىل بويىدى. مۇشت زەربىسىدىن مىدىرلاپ قالغان چىشى قاتتىق ئاغرىيتتى. ھوسەن دېھقان ئېگەكدەپ ئولتۇرغان سالىغا تىرىك يۇتۇۋەتكۈدەك ئەلپاز بىلەن ھومايغىنىچە ئوغلىنى كاچاتلاپ ھارۋىغا باستى-دە، يولىغا راۋان بولدى.

كۆتۈلمىگەن خاپىلىق سالىغا ئېغىر خورلۇق ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ

كۆڭلىچە، ھۆسەن دېھقاندىن ئاغرىنىشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئون نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا بۇنداق خورلۇقنى كۆپ قېتىم تارتقانىدى.

قۇياش ئۇپۇققا باش قويۇپ، بىپايان دالا قىزغۇچ رەڭگە كىرگەنىدى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان مەيىن شامالدا يۇلغۇن كۆچەتلىرى توختىماي يەلپۈنەتتى. سالى چەكسىز ئۇپۇققا نەزەر سالغىنىچە چوڭقۇر خىياللار قاينىمىغا غەرق بولدى:

«نادانغا ئىش ئۆگەتمەك ئۆلۈم بىلەن ئېلىشقاندىنمۇ تەس ...ھەي! نادانلىق. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى نەچچە يۈز يىللار داۋامىدا قانچىلىغان جاپا-مۇشەققەت، ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى تارتمىدۇق-ھە! ئاشۇ كۈلپەتلىك يىللاردىكى جەبىر-جاپانىڭ ھەممىسى ساۋاتسىزلىقنىڭ ئاسارىتىدىن، خۇراپاتلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئەمەسمىدى. ئەمدىلىكتە ھەممە يەردە مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ئىشىك ئالدىغىچە ئوقۇتۇش يەتكۈزۈلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە ئازغىنا پايدا-مەنپەئەتنى دەپ باللارنى مەكتەپتىن ئايرىپ نادانلىق پاتقىقىغا سۆرەۋاتىمىز ...»

## 3

بۈگۈن قارىغول كەنت مەكتىپى باشقا كۈندىكىگە قارىغاندا ئالاھىدە بىر تۈسكە كىرگەن بولۇپ، مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئىچى-سىرتى پاكىز تازىلىنىپ سۇ سېپىلگەنىدى، ئىشخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورمان بەلبېغىغا لوزۇنكا ئېسىلىپ، يىغىن مۇنبىرى ھازىرلانغان بولۇپ، يىغىن قاتناشچىلىرى ئولتۇرىدىغان ئورۇنغا شال پالىگى يېيىتىلغانىدى. لوزۇنكىدىكى «ئارائۆستەڭ يېزا باشلانغۇچ مائارىپى 1987-يىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتى خۇلاسە چوڭ يىغىنى» دېگەن خەتلەر كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. يىغىنغا يېزا باشلانغۇچ مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر؛ قارىغول كەنت مەكتىپىنىڭ بارلىق

ئوقۇغـۇچىلىرى ۋە كەنـت تەۋەسـىدىن يـۇزگە يـېقىن ئاممـا ۋەكىللـى قاتناشقانىدى. رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىدىكى بەش مېتىرچە يىراقلىقتا قويۇلغـان ئىككـى رەت جوزىـدا ھەرقايـسى مەكتەپلەرنىـڭ مەسئۇللىرى، قارىغول كەنت رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى يولداشلار ۋە بىر قىسىم پېشقەدەم دېھقانلار ئولتۇرۇشقانىدى...

يىغىن قاتناشچىلىرى يىغىـن مەيدانىـدىن ئـورۇن ئېلىـپ بولغانـدىن كېـيىن يېزىلىـق ھۆكۈمەتنىـڭ مائارىپقا مەسئۇل مۇئـاۋىن يېـزا باشـلىقى مـۇھەممەد نـايۇپ، مائارىـپ ئىشخانىـسىنىڭ مـۇدىرى ئوسـمان ئەرشـى، مۇئاۋىن مۇدىرى تۇرسۇن ئەمەر، قارىغول كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى سامساق توختى قاتارلىقلار رەئىس سەھنىسگە چىقىپ كەلدى.

سامساق تـوختى رەھبەرلەرنـى ئولتۇرۇشقا تەكلىـپ قىلغـاچ، ئۆزىمـۇ چەتـتىن ئـورۇن ئالـدى. ئۇنىـڭ قـارا كـۆك رەختـتىن تىكىلـگەن، تـۆت يانچۇقلۇق چاپىنى چىرايىغا ئالاھىدە ماسلاشقان بولـۇپ، ئاپتەپپەرەستەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىدىن كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىقى چىقىپ تـۇراتتى. ئـۇ، ئوسـمان ئەرشـىگە قاراپ نېمىلەرنىـدۇر دېۋىـدى، ئوسـمان ئەرشـى جاۋاب ئورنىدا باش لىڭشىتتى. سامساق توختى شۇئان ئورنىدىن تـۇردى، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن سۆز ئالدى:

— يولداشلار، ئۇستازلار، ساۋاقداشلار، ياخشىمۇ سىلەر ؟! — گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. سامساق توختىنىڭ كەيپىياتى يەنە بىر بالداق ئۆرلىدى. ئـۇ، گەۋدىـسىنى ئالـدىغا سوزغىنىچە، قـول ئىـشارىتى بىـلەن كۆپچىلىكنى تىنچلىنىشقا ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ روھلۇق بىـر كەيپىياتتا سۆزىنى داۋام ئەتتى، — ئارائۆستەڭ يېزا باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ 86 — 87- يىللىق ئوقۇش خىزمەت خۇلاسە چوڭ يىغىنى ھازىر رەسمىي باشلاندى. مەن ئالـدى بىلەن قـارىغول كەنـت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى بـارلىق ئوقۇتقـۇچى، ئىـشچى-خىـزمەتچىلەر نامىـدىن، بۇنـداق كاتتـا يىغىلىـشنىڭ مەكتىپىمىـزدە ئۆتكۈزۈلـۈش شـەرىپىگە ئېرىـشكەنلىكىدىن مىننەتدار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىمەن، شۇنداقلا بۇ شەرەپكە نائىل قىلغان

يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىدىكى رەھبەرلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. تۆۋەندە مەن كۆپچىلىككە يېقىنغا قاتناشقان ھەرقايسى رەھبەرلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن...

دەبدەبىلىك تونۇشتۇرۇشتىن كېيىن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى مۇھەممەد نايۇپ سۆزگە تەكلىپ قىلىندى. مۇھەممەد نايۇپ ئارائۆستەڭ يېزىسىنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ ئۆتكەندىن كېيىن بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەكىتلىدى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يېزا مائارىپىنىڭ پارلاق كەلگۈسى، ئەۋلادلارنىڭ گۈزەل ئەتىسى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. مۇھەممەد نايۇپنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئوسمان ئەرشى سۆزگە تەكلىپ ئېتىلدى. ئوسمان ئەرشى سۆزىدە بىر يىللىق خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئاساسلىق نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى، مۇنەۋۋەر ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

داغدۇغىلىق تەقدىرلەش مۇراسىمىدىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يولداشلار، بۇ يىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ناھايىتى كۆپ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئارائۆستەڭ يېزىسى چاغئېرىق يېزىسىدىن ئايرىلىپ چىققان قىسقىغىنا نەچچە يىل ئىچىدە يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقى ئاستىدا مائارىپ ئىشلىرىدا زور يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇنى بىز مائارىپ قوشۇنىمىزدىكى جاپاكەش باغۋەنلەرنىڭ مىننەتسىز ئەجرىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز، ئەلۋەتتە. مۇشۇ پەيتتە مەن مائارىپ قوشۇنىمىزدىكى بارلىق يولداشلار نامىدىن ئاشۇ جاپاكەش باغۋەنلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن... بۇ بىر يىلدا قوشۇنىمىزدىكى كۆپ قىسىم يولداشلار ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ تەر ئاققۇزۇپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىزدا زور يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئۆز مېھنىتىگە، تارتقان جاپاسىغا

تۇشلۇق تەشكىللىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە، مۇكاپاتىغا نائىل بولدى. بىر
ئۇلارغا چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاز
بىر قىسىم يولداشلىرىمىز ئۆز كەسپىنى چوڭقۇر سۆيمەي، كەسپكە
ئىشتىياق باغلىماي، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە
قالايمىقانلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ نورمال تېرىقچىلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ،
خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزدى. ئوقۇتۇش
ھۆددىسىدىن...

سامساق مۇدىرنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يېلىنجىغان چېقىر كۆزلىرى
سالىغا تىكىلگەندەك قىلىۋىدى، سالىنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.
مۇدىرنىڭ غەزەپلىك ئالىيىشلىرىدىنمۇ ياكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان
سۆزلىرىدىنمۇ سالىنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، تەنلىرى ئۆيۈشاتتى. ئەنە شۇ
ھالەتتە ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى بىر قىسىم ئوڭۇشسىزلىقلار كۆڭۈل
ئېكرانىدا ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. ھەئە، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەستىلىكىدە
ھوسەن دېھقان ۋەقەسىدىن كېيىنكى بىر قىسىم ئىشلار ئىدى.

شۇ قېتىمقى ھوسەن دېھقان بىلەن بولغان كۆڭۈلسىزلىكتىن ئۈچ
كۈن كېيىن، سامساق مۇدىر يەنە بىر نەپەر ئوقۇتقۇچىنى ئەگەشتۈرۈپ
شۆبە مەكتىپىگە مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئېلىشقا يېتىپ كەلدى. ئەمدىلا
سىنىپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان مۇدىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئازلىقىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سالىغا قاراپ چالۋاقاپلا كەتتى:
— قېنى بالىلار، سىلەرگە ئىمتىھان ئېلىنىدىغانلىق خەۋىرىنى بىر
ھەپتە ئىلگىرى ئۇقتۇرغىنىمىزنىڭ ئەھمىيىتى نېمە بولدى ئەمدى.
بالىلارنى يىغماقتا تۆگۈل قاچۇرۇۋېتىپسىلەرغۇ؟ قېنى دەڭلا، بالىلارنى
يىغماي نېمە قىلدىڭلار-ھە ؟...
مۇدىرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەر بارغانسېرى قېلىپىدىن
چىقىپ، ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى.
— مەن...مەن...كۆپ كۈچەپ باقتىم. دېھقانلار شۇنچە نادان،

شۇنچە خۇراپىي تۇرسا، ئامالىم قانچە. خەقنىڭ بالىسىنى بولاپ كېلىشنىڭ ئورنى بارمۇ-يا.

— گېپىڭلار چوڭغۇ يەنە.

— گەپ قىلمىسام ئۆزلىرىنى بىلمىسىلە. ھەر قېتىم ئىمتىھان ۋاقتىدا پارىڭ سىلىشقا كەلمەي، باشقا ۋاقىتتىمۇ كېلىپ، ئەھۋال ئۇقۇشۇپ باقامدىلا. ئۆزلىرى كېلىپ ھەپتە ئىشلەپ باقسىلىتى، ئاندىن چۈشىنىپ قالاتتىلە.

...

سالى بىلەن سامساق مۇدىر بىرھازا تەگەشكەندىن كېيىن پەسكويغا چۈشتى. كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە باشلانغان ئىمتىھان چۈشكە يېقىن ئاخىرلىشىپ، چۈشتىن كېيىن قەغەز تەكشۈرۈلۈپ خۇلاسە قىلىندى. بۇ قېتىمقى ئىمتىھان نەتىجىسىمۇ چارەكلىك سىناقتىكىدىن قېلىشمايتتى. سامساق مۇدىر بىر كۈن كەچكىچە بىر بۇردا نان ياكى بىر يۇتۇم سۇغىمۇ ئېغىز تەگمىدى. مېڭىش ئالدىدا سالىغا: «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى باھالاش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، تەتىل مەزگىللىك ئىشلىرىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ ئائىلىسىگە قويۇپ بەرگەندىن كېيىن مەكتەپكە يېتىپ بېرىشنى، قالدى گەپنى يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىدە قىلىشىدىغانلىقى» نى ئېيتىپ يولغا راۋان بولدى.

سالى مەكتىپىدىكى ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەركىزىي مەكتەپكە يېتىپ كەلگەن ئون نەچچە كۈندىن بېرى مەكتەپنىڭ يوغان-يېتىم ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ كەلگەنىدى...

— قارىغول كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى شۆبە ئوقۇتۇش ئورنىنىڭ مۇئەللىمى يولداش سالى.

ئوسمان ئەرشىنىڭ خىرقىراپ چىققان ئاۋازى بىلەن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرغان سالى سەھنىگە تىنكىلىگىنىچە داڭ قاتتى.

تۆۋەندە كۆتۈرۈلگەن كۈچلۈك كۈلكە ساداسى بىلەن سەھنىدىكىلەرمۇ

ھەيرانلىقتا چۆمۈلگەنىدى.

ئەسلىي ئوقۇتۇش نەتىجىسى لاياقەتسىز بولغان ئون نەچچە نەپەر كىشىنىڭ ئىسىملىكى ئوقۇپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى تەلەپ قىلىنمىغانىدى. سالىنىڭ ئىسمى ئاخىرىدا ئوقۇپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغانلار ئورنىدىن تۇرمىغانىدى. سالىنىڭ تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇشى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتىپ، كىشىلەر تۈپى ئىچىدە كۈلكە ساداسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولغانىدى.

— نېمىگە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەتتىڭلار. ئۆزۈڭلىچە بەك پەخىرلىك ھېس قىلىپ قالغان ئوخشىمامسىلەر ـ ھە؟ قاراڭلار تۇرقۇڭلىغا، خىجىل بولماقتا يوق، باشنى تىك تۇتۇپ قاراپ تۇرغىنىڭلىنى. سىلىدەك لاياقەتسىز كىشىلەرنىڭ قوشۇنىمىزدا لاغايلاپ يۈرۈشى مائارىپچىلار ئۈچۈن نومۇس، ھاقارەت ئەمەسمۇ ؟...

ئوسمان ئەرشىنىڭ زەھەردەك سۆزلىرى سالىنىڭ جان تومۇرىغا تەگدى. چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى:

«نېمەڭگە بۇنچىۋالا كوتۇلدىشىسەن. سەنلەر قانچىلىك نېمىتىڭ. تەۋەنگە چۈشۈپ، ئەمەلىيەتكە چۆكمەي، ئىشخانىغا بىكىنىۋېلىپ، قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق كوتۇلداشنى كىم بىلمەيدۇ. مەن شۇبە مەكتەپكە بارغان بىر يىلدىن بۇيان قايسىبىرىڭ بىرەر قېتىم بېرىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ كۆرۈشتۈڭ. مەنمۇ ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن زىيالىي، ھەرقايسىڭدىن قېلىشقۇچىلىكىم يوق. نوچى بولۇشساڭ ئاشۇ چەت جايغا ئۆزۈڭ بېرىشىپ، بىر ئاي ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىپ بېقىشە قېنى. شۇ چاغدا قانداقلىكى گېپىڭ بولسا مانا مەن سەنلەرگە مىڭ، ئونمىڭ مەرتىۋە ناماقۇل بولىمەن...»

— يەنە نېمىگە تىلىڭنى چايناپ غودۇڭشىيسەن؟ — دېدى سالىنىڭ غودۇڭشىغان ئاۋازىدىن دەرغەزەپلەنگەن مۇدىر، — ئۆز سەۋەنلىكىڭنى ئۈستۈڭگە ئېلىشتا يوق، قارارغا قارشى چىقماقچىمىدىڭ. بىلىپ قوي،

بۇ قارارنامىگە يېزا باشلىقى ئىمزا قويغان... قانداق گەپ بۇ، يىغىندىن كېيىن تونۇشنى ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارسۇن. مەسىلىسنى تونۇمىغىچە ئىشقا قويماڭلار. ئوقۇتۇش سىپىدىن چىقىرىلىپ، ئارقا سەپ ئىشلىرىغا قويۇلسۇن. ئورنۇڭدا ئولتۇر...

ئەتراپتا غۇلغۇلا كۆچەيدى. دېمىسىمۇ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا سالىغا ئوخشاش ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيەسىدىكىلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتە خېلى ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان بۇ زىيالىي بىر مەزگىل تۆرلۈك شەرەپلەرگە نائىل بولۇپ، تۆتىنىڭ بىرى سانىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، سامساق توختىنىڭ قولىغا قالغان بىرقانچە يىلدىن بېرى روھىي بېسىم ۋە خىزمەتنىڭ قولايسىز مۇھىتى دەستىدىن كۈندىن-كۈنگە چۆشكۈنلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنىدى. قىلغان ھەربىر ئىشلىرىدىن پۇتاق چىقىرىلىپ، زادىلا كۆزگە كۆرۈنۈش پۇرسىتى بولمىدى. ئەمدىلىكتە شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئالدىدا يۈزى تۆكۈلدى.

سالى ئارتۇقچە گەپ تەگىشىشنىڭ ئۆزى ئۆچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. «ھوقۇقنىڭ كۆچىدىن لاتا قوزۇق يەرگە مېڭىپتۇ» دېگەندەك، ھەممە كىشىلەر ئۇلارنىڭكىنى توغرا دېيىشىۋاتسا يەنە نېمە دېگۈلۈك. ئىشنىڭ جەريانى بىلەن كىمنىڭ كارى دەيسىز. سۆپەتنى ئۆلچەيدىغىنى نەتىجە. دېمىسىمۇ ئەمەلىي نەتىجە شۇنداق تۇرسا، سۆكۈتكە پاتماي ئىلاج قانچە. بۇ دەردىنى كىمگە ئېيتقۇلۇق... كىممۇ ھەق-ناھەق مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئۆز خاھىشى بويىچە بىر-ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىشقا پېتىنالىسۇن دەيسىز...

سالى سالپايغىنىچە ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى. يىغىنقى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە كەينى-كەينىدىن بولۇۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنى ئېغىر دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا قىلغان بولۇپ، چىرايلىرى ساماندەك سارغىيىپ، بېشى زىڭىلدايتتى. ئاخىرقى گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمىدى.

يىغىن ئاخىرلىشىپ، كىشىلەر توپى بىر-بىرلەپ تارقىلىشقا باشلىدى.

سالى ئورنىدىن تۇردى-دە، چويۇنىدەك قېتىپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئاستا-ئاستا يۆتكىگىنىچە مەكتەپ قورۇسىدىن چىقىپ، مەھەللىنىڭ ئۇ چېتىدىكى چەكسىز جاڭگاللىققا تۇتىشىدىغان چىغىر يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

## ئۈچىنچى باب

# ئۈچ تالاق

### 1

ئىشلار ئۆز رىتىمىدا داۋاملىشىپ، مىنۇت سائەتنى، كۈن ئاينى قوغلىشىپ دېگەندەك ناھايىتى تېزلا يىگىرمە كۈنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا سالى نورمال ئىش ۋاقتى بويىچە خىزمەتكە كېلىپ، مەكتەپنىڭ يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ، ماتېرىيال كۆرۈپ، كەسپىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئۆز-ئۆزىنى تەربىيەلەش بىلەن مەشغۇل بولدى. گەرچە ئۆزىنى ئىلگىرىكىدىن سەل-پەل يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتقان بولسىمۇ، كەچ كۈز سوغۇقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئىستەكنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ئەنە شۇ ئارمانلار يولىدا پۇچىلىناتتى. كەچ كىرىشى بىلەن ئۇچاقنىڭ كۈلۈڭىغا تىقىلغىنىچە سوغۇقتىن پاناھلانغاچ تېگى يوق خىياللار قاينىمىدا ئۈزەتتى. ئۇزۇنىدىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەربىر كېچە ئۇنىڭ ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازاب ئىدى. شۇنداق، بۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ يېگانە ھېس قىلماقتا ئىدى. ئوچۇقنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆيلىنىش ئىستىكى ئېشىپ بارماقتا ئىدى. ئەنە شۇ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دەم ئېلىش كۈنىنىڭ بىرىدە، مەھەللە ئارىلاپ لايىق

تاللاش ئويى بىلەن ئىشەكنى هارۋىغا قاتقان، «ئىككى قېتىمدىن كەم نىكاھلانغان، بالىلىق بولمىغان، 35 ياشلار چامىسىدا لايىق ئىزدەيمەن» دېگەن خەتنى چوڭ خەتچىلەپ يېزىپ تەييار قىلغان كارتون قەغەزنى هارۋىنىڭ چوققا ياغىچىغا مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن مەھەللە تامان يولغا چىققانىدى.

بازار كۈنى بولغاچ يولدا ئادەملەر كۆپ ئىدى. كىشىلەر هارۋىنىڭ چوققا ياغىچىغا بېكىتىلگەن كارتون تاختىدىكى خەتنى كۆرۈپ، هەيرانلىق تەرزدە سالىغا تىكىلىشەتتى. ئات-ئۇلاغلار، ۋېلىسىپىت، تىراكتورلار مېڭىشتىن توختايتتى...

سالى قارىغول كەنتىدىن ئېگىزدۆڭ كەنتىگىچە بولغان ئوتتۇز نەچچە چاقىرىمدىن ئارتۇق يولنى بېسىپ، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ چىقتى. ئادەملەر كۆپرەك توپلاشقان ئورۇنلاردا توختاپ، ئۆزى ئۈچۈن لايىق كېلىدىغان بىرەرسىنىڭ بار-يوقلۇقىنى تىڭتىڭلاپمۇ كۆردى.

كەچ كىردى. قۇياش نۇرىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن تەبىئەت دۇنياسى تۈگۈلۈشكە باشلىدى. كىشىلەر، قوي، كالا پادىلىرى، ئۇچار قاناتلار... هەممە ئالدىراش بىر هالەتتە ئىدى. مەھەللە يولىدا دۈپۈرلىشىپ كېتىۋاتقان قوي پادىلىرىنىڭ تاپانلىرىدىن توزۇپ چىققان توپىلار ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ هاۋاغا سىڭىشمەكتە، كالا، قويلارنىڭ مەرەش-مۆرەشلىرى كوچەيمەكتە ئىدى. سالى كەچ كۈز سوغۇقىدا يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەرگە، سارغايغان ئوت-چۆپكە، تاقىرلاشقان ئېتىز-تىرگەنلەرگە سەپسالغىنىچە، قورسىقىنىڭ ئەنسىز كوركىرىشىغا ئەسىر بولغانىدى. ئۇنىڭ قورساقلىرى ئاچلىقتىن تارتىشاتتى.

قۇياشنىڭ تاغ باغرىغا تاشلىنىپ، ئاستا-ئاستا پېتىشى سالىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزىنى خىرەلەشتۈرگەندەك قىلاتتى. هەي، شۇ تاپ ئۇ، ئۆزى ئۈچۈن لايىق كەلگۈدەك بىرەر چوكاننىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن، ئۆزىنىڭ بۇ ئەخمىقانە قىلمىشىدىن يىرگەنگەندەك قىلاتتى.

«بۇ دۇنيادا ماڭا لايىق بولىدىغانلار يوق. بار دېگەندىمۇ...»

سالىنىڭ پىكرى چىچىلغان بولۇپ، خىيالىنىڭ ئاخىرىنى قانداق داۋاملاشتۇرغانلىقى ھەققىدە ئۆزىمۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ خىيالىغا مەھەللە ئارىلاپ يۈرگىنىدە باشقىلارنىڭ كۇسۇرلىشىپ قىلىشقان مۇنۇ سۆزلىرى كەچتى:

«بۇ كىشىنىڭ نېرۋىسى جايىدا بولمىسا كېرەك. شۇ ئەمەسمۇ، خوتۇن ئالىدىغان ئىشقا ئېلان بەرگەن نەدە بار. قاراڭلار تۇرقىغا، قارىسا بىر يەرنىڭ كادىرىدەكلا، مەيدە يانچۇقىغا قىستۇرۇۋالغان قەلىمىچۇ تېخى، ھاھ...ھاھ...ھاھ...»

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساراڭ، — دېدى سالى ئۆزىنى مازاق قىلغانلارنى خۇپىيانە تىللاپ، — ئۆزلىرى قىلالمايدۇ، قىلغانلارنى كۆرەلمەيدۇ. پىتنە-پاساتچى دېگەننىڭ ئۆزى شۇ-دە. بۇنىڭ نەرى يامان بولسۇن...

سالىنىڭ نەزىرىدە لايىق دېگەننى مانا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن، ئوچۇق-ئاشكارا تاللاش تولىمۇ ئاقىلانىلىك ئىدى. ئۇ ئەمدى ئۆز تاللىشىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى:

«بۇنداق بولغاندا ئەر-ئايال ئىككىلا تەرەپ ئۆز رازىلىقى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىدىغان گەپ. مانا بۇ نىكاھ ئەركىنلىكىنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى، باراۋەرلىكنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىپادىلىنىشى. مۇشۇنداق بولغاندا ھەر ئىككىسىلا تەرەپ كۆڭۈلدىكىدەك لايىققا ئېرىشكەن بولىدۇ-دە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرىدا بولۇنىدىغان ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىن خالىي بولغىلى، ئۆزئارا بۇتىنا-بۇتناقتىن يىراق تۇرغىلى بولىدۇ...»

سالىنىڭ خىياللىرى قىلىۋاتقىنىنىڭ دانا بىر تەدبىر ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. «نېمە دېسە دېيىشمەمدۇ. ئىتلار قاۋاۋېرىدۇ، كارۋان يۈرۈۋېرىدۇ» دەپتىكەن...

— ئوكام، قورساقلىرىمۇ ئېچىپ قالغاندۇ، يۈرسىلە ئۆيگە كىرەيلى.

سالى خىيالىدىن ئويغاندى. تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان كىشىگە قاراپ:

— رەھمەت، كۇنمۇ كەچ بولدى، مەن قايتاي، — دېۋىدى، ئۇ كىشى بولدى قىلمىدى:

— مۇسۇلماندارچىلىقتا بۇنچە تەۋزۇت قىلىشنىڭ ئورنى بارمۇ ئۇكام. جانىۋارنىڭ بەدەنلىرىدىكى تەر يۇقىغا قارىغاندا كۆپ يول باسقاندەك قىلىدىلا، يۇرسىلە، بۇ چاغقىچە ئۆيدە تاماقمۇ پىشىپ قالغاندۇ، — بوي-تۇرقى ئۆزىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان، قارىماققا ياش جەھەتتىن ئاتمىشنىڭ بىرىسىدە كۆرۈنگىنى بىلەن، گەپ-سۆز، ھەرىكەتتىكى سالماقلىقى، قائىدە-يوسۇنلۇقى بىلەن كىشىگە مويسپىتلەردەك تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ كىشىنىڭ ھەربىر سۆزلىرى تولىمۇ يېقىشلىق بولۇپ، ئادەمگە ئىللىق تۇيغۇ بېرەتتى. سالى سەل ئىككىلەنگەندەك بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئۇ كىشى ئۇدۇل كېلىپلا سالىنىڭ قولىدىكى ئېشەك چۇلۇۋۇرىغا قول ئۇزاتتى، — ئەكەلسىلە مەن ئالاي، باللار سۇغىرىپ، بوغۇز بېرىپ قويسۇن.

— بۇ... بۇ...

— بولدى، تەۋزۇت قىلىپ ئولتۇرمىسىلا. بىزدە «ئۆزى كەلگەن مېھمان خۇدايى مېھمان» دەيدىغان گەپ بارغۇ، كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، «ئۆيگە مېھمان قانچە كۆپ ئاياغ باسقانسېرى، ئۆينىڭ بەرىكىتى شۇنچە ئاشارمىش»، ھازىر جاھان توقچىلىق بولۇپ قالدى. تۆت كۈنلۈك ئالەمدە بىر-بىرىمىزنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىپ ياشىمىساق، تالاشقۇدەك نېمە بار بۇ جاھاندا...

— ئۇغۇ شۇ، ئەمما، مەن قايتايمىكىن دېگەن.

— جىق ھايال بولمايدىلا.

ئۆيئىچى ھورغا توشقان بولۇپ، سەل ئېگىشىپ، ئىنچىكە كۆزەتمىگەندە كۆز ئالدىدىكى نەرسىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. سالى كالىڭ تاپسىغا جايلىشىپ دەققىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ئۆيئىچىنى ئېنىق كۆردى. توغرا تام يېنىدا چۆپ كېسىۋاتقان ئايالغا قاراپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېگىنىچە ئورنىدىن قوزغىلىپ سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قەدەملىرى قۇتلۇق بولغاي، — دېدى

ئايال سالامنى ئىلىك ئېلىپ.

— ئىتتىك چۈپ سېلىڭلار، — دېدى ھېلىقى ئەر سىرتتىن بىر تۇتام قوناق شادىسىنى ئېلىپ كىرىپ ئوچاققا سالغاندىن كېيىن.

— مانا ھازىر، قازان قاينىسىلا سالىمەن...

سالى بىر ئاياق ئاشنى قولىغا ئەمدىلا ئېلىپ تۇرۇۋىدى، سىرتتىن ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا چۈلدۇرلىغىنىچە كىرىپ كەلدى :

— ئاتا، ئاتا ئېشەك بوغۇز يەپ بولدى.

— ئوبدان، سۇغارغانمىدىڭ ئوغلۇم؟

— سۇغىرىپ بولۇپ، ئاندىن بوغۇز بەرگەن.

— ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ، كېلە ئېشىڭنى ئىچ.

— ئاتا، ھارۋىنىڭ چوققىسىغا ئېلان چاپلاپ قويۇپتۇ، نېمىشقا...

— ئارتۇق ئىشنى سورىماي ئېشىڭنى ئىچ، چوڭ بولغاندا چۈشىنىپ قالىسەن، — دېدى ئاتا ئوغلىغا. بالا نارازىلىق كەيپىياتتا بىردە سالىغا، بىردە ئاپىسىغا قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن قاچىسىنى كۆتۈرۈپ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تاماقتىن كېيىن سالى ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتى. ھارۋىنى يولغا تارتىپ تۇرۇشى، قارشى تەرەپتىكى ئاچا يولدىن بىر چوكان چىقىپ كەلدى. چوكان بەست-بوي، قارىماقتا ئەمدىلا ئوتتۇزنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، چىرايىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

«پاھ ! كۆڭلۈمدىكىدەك بىرى ئاخىر چىقتى...»

چوكان سالىدىن ئۈچ مېتىرچە ئارىلىقتا شاپىسدە توختىۋىدى، سالىنىڭ نەپسى تېزلىشىپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ، ئەمدىلا قەدەم ئېلىشىغا، چوكان سەتلا بىر ئالايغىنىچە نەزىرىنى باشقا ياققا ئاغدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولغان شېرىن سېزىم سالىنىڭ مېڭىسىدىن كىرىپ يۈرىكىدە توختاپ قالدى. سالىنىڭ ئەمدىلا ئالغان قەدىمى كۆكتە بىر پەس لەيلىگەندەك بولۇپ، يەرگە تېگىشى بىلەن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى.

— هاھ...ھاھ...ھاھ...

چوكاننىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى سالىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەكس سادا پەيدا قىلدى...

«كاساپەت، ئەسلىي تاختايدىكى خەتكە قىزىقىپتىكەن ـ دە... ھەي، خام يۇتۇۋالغۇچىلىكى باركەنتۇق...»

ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى سالىنىڭ خىيالىنى بۆلدى. خىيالدىن چۆچۈپ ئويغانغان سالى زادى نېمە ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە ئېشەك تىپىرلاشقا، چۇلۇۋۇرنى سۆرەپ چاپچىشقا باشلىدى. ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئىت گويا بىغەرەز ئېشەكنىڭ بەل قويۇۋەتكىنىنى سەزگەندەك تېخىمۇ چوڭ ئاۋاز بىلەن ھاۋشىماقتا، ھازىرلا ئېتىلىپ كېلىپ بوغۇچلايدىغاندەك ئەلپازدا خىرىس قىلماقتا ئىدى. ئېشەك ھاڭرىغىنىچە ھارۋىنى سۆرەپ يۈگۈردى. ئانچە يىراق بولمىغان يول ئاچىلىدا بىغەرەز جانىۋارنىڭ يەنە بىر نەسلى كۆزگە چېلىققاندەك قىلاتتى. سالى ھارۋا شوتىسىغا قونۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەچ، ئېشەككە ياندىشىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئەھۋال خەتەرلىك، سەللا بوش كەلگەندە ئېشەك ھارۋىنى سۆرىگىنىچە دەرەخلەرگە سوقۇشى، ئورەكلەرگە دۈم كۆمتۈرۈپ سۇندۇرۇشى، ھەتتا ئۆزىنىمۇ نابۇت قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. سالى چۇلۇۋۇرنى بار كۈچى بىلەن تارتاتتى، كەينىگە داجىپ، ئېشەكنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇناتتى، ئەمما كۈچى يەتمەيتتى. گاھ مۈدۈرۈپ، گاھ تۈرۈلۈپ قىرىق ـ ئەللىك مېتىرچە يۈگۈردى...

يول ياقىسىدىكى ئورمانلىقتا خارقىراپ ياتقان ئېشەكنىڭ ھارۋا شوتىسىغا توختىماي تېپچەكلىشى سالىنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سالدى. ئىش ئۈستىگە كېلىپ قالغان بىرقانچە دېھقان ئاپەتنى ئەڭ تۈۋەن چەككە چۈشۈرۈش غېمىدە كۈچىمەكتە، «ھە - ھۇ» دېيىشكىنىچە ھارۋىنى يۆلەشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى.

— توختاڭلار... توختاڭلار، — ئاردىن ياشقا سەل چوڭراق بىرەيلەن ھارۋىنى يۆلەپ ـ تۈزلەشكە كىرىشكەنلەرگە قاراپ شۇنداق دېدى، —

بۇنداق قىلساق ئىشتىن چاتاق چىقىدۇ، «موللا كۆپ بولسا قوي ھارام بوپتۇ» دېگەندەك، ئېشەكنى نابۇت قىلىمىز. ئاۋۋال ئېشەكنى بوشىتايلى، ئاندىن ھارۋىنى تۇزەپ، يولغا ئېلىپ چىقايلى...

مويسىپىت كىشىنىڭ سۆزى بىلەن ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولغانىدى. ئېشەكنىڭ ئارقا پۇتى ھارۋا شوتىسىنىڭ زەربىسىدە ئازراق سۇرۇلگەندىن باشقا زىيان-زەخمەت كۆرۈلمىگەنىدى. سالى ياردەمگە كەلگەنلەر تارقاشقاندىن كېيىن ئېشەكنى قامچا بىلەن بىرقانچىنى ساۋاش ئارقىلىق ئەدەپلىدى، چوققا ياغاچتىكى قىڭغىيىپ قالغان ئېلان تاختىسىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۆزىنى قېقىشتۇردى، ھارۋا لەڭگازىسىغا لىككىدە سەكرەپ چىقىپ جايلاشتى. ئېشەك چۇلۋۇرنى يېنىككىنە سىلكىۋىدى، ئېشەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئېشەكنىڭ بۇ چاغدىكى ھالىتى تولىمۇ كۆرەڭ بولۇپ، سالى بۇ جانىۋارنىڭ شۇ تۇرقىدىن بەكمۇ سۆيۈنەتتى. بىغەرەز جانىۋارنىڭ بېشىنى تىك تۇتقىنىچە خۇددى ھۆرمەت قەدەم تاشلاپ ماڭغاندەك، بېشىنى ئىككى تەرەپكە يېنىك چايقاپ، چوڭ-چوڭ قەدەملەر ئېلىشى ئۇنىڭدا چەكسىز ئېپتىخارلىق پەيدا قىلاتتى. «چۇۋا!» يېنىككىنە ئۇرۇلغان قامچا بىلەن ھارۋا كونىپىتىش تەرەپتىكى كۆجۈم مەھەللىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ھارۋا ئائىلە ئولتۇراق رايوندىن كېسىپ ئۆتۈپ، قوشنا مەھەللىگە سوزۇلغان چوڭ يولغا چىققاندا بەزى ئۆيلەردىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنگەنىدى. سالى گۈگۈم پەردىسى ئىچىدە تەدرىجىي خىرەلىشىۋاتقان مەھەللىگە، گويا ۋىدالىشىش ئالدىدا تۇرغان ئۆز مەشۇقىغا باققاندەك چوڭقۇر مېھىر بىلەن باقتى...

ئەتراپ قاراڭغۇلاشتى. يوللاردا ئۆتۈۋاتقانلارنىڭمۇ ئايىغى بېسىققان بولۇپ، مەھەللە تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىتلارنىڭ بەس-بەستە قاۋاشلىرى، كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاماللىرىدا ئۇچۇۋاتقان خازانلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىدىن باشقا شەپە يوق ئىدى. كۆپكۆك ئاسماندا تەدرىجىي نۇرلىنىۋاتقان يۇلتۇزلار توختىماي چىمىرلايتتى. سالى كۆز ئالدىدىكى چەكسىز بوشلۇققا — يۇلتۇزلار توپىغا قاراپ چوڭقۇر ئۇھسىندى.

سالى يولبويى قىلغانلىرى ئۇستىدە كۆپ ئويلاندى. «لايىق تاللاشنىڭ نەرى يامان بولسۇن. خوتۇن دېگەننى ھەركىم ئۆز رايى بويىچە، خالىغان ئۇسۇل بىلەن تاللايدىغان گەپ. بۇنداق ئۆمۈر سودىسىنى يەڭ ئىچىدە پۈتكۈزگىلى بولسۇنمۇ. باشقىلارغا يالغان سۆزلەپ، نەيرەڭۋازلىق بىلەن ئۆيگە ئەكىرىۋالغان خوتۇننىڭ نېمە ئەتىۋارى بولسۇن...»

سالى قىلغانلىرىنىڭ توغرىلىقىنى جەزم قىلالىدى. گەرچە بۈگۈنچە چىش يېرىپ بىرنەرسە دەيدىغانلار چىقمىسىمۇ، ھامان بىر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ ئەلچى ماڭدۇرىدىغانلار چىقاتتى.

ئەنە شۇنداق ئىشەنچ بىلەن ئۆيىگە يېنىپ كەلگەن سالى خىيال سۈرگەچ ئارام ئېلىپ قالدى ...

مۇشۇ نەچچە كۈندىن بېرى سالىنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، جۇشقۇنلىشىپ قالدى. ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ھويلا - ئارانلارنى تازىلىدى. كىشلەر توپلىشىپ قالغان جايغا بېرىپ، قانداق مۇھىم ئىشنىڭ بارلىقىنى تىڭتىڭلايدىغان، ئۆزى توغرىسىدا بىرەر گەپ- سۆزنىڭ چىقىپ قېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆزى توغرۇلۇق ياخشى بىر ئۇچۇرنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. خىيالىچە كىمدۇر بىرى، ئۇنىڭ ئەلچىلىك خېتىنى قورۇ ئىشىكىگە قىستۇرۇپ قويياتتى ياكى بولمىسا ئەتە-ئاخشامدا ئىشىك قېقىپ بىۋاسىتە يەتكۈزەتتى. شۇ چاغدا ئۇ ھازىرقىدەك يالغۇزچىلىق تۇرمۇشىدىن قۇتۇلىدۇ. ئىسسىق ئائىلىگە ئېرىشىپ، كۈننى خاتىرجەم ئۆتكۈزەلەيدۇ...

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. سالىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى ئۆچۈپ، كۆڭۈل خۇشلۇقى، ئارزۇ-ئارمانلىرى تەدرىجىي تارىدى. لايىق ئىزدەپ چىققان كۈنى كىچىچە كۆرۈپ چىققان ئۇزۇن چۈشىنىڭ رىئاللىقى بولمىدى. بۈگۈن كېچە ئۇ ھەممە يەردىن ئىس پۇراپ تۇرىدىغان، رەڭگى ئۆچكەن كونا يوتقىنىغا مەھكەم ئورالغىنىچە شېرىن چۈشىنى خىيالەن ئەسكە ئالدى.

پـاھ! قـالتىس قاملاشـقان چوكـان. قـاش-كىرپىكـىرى تۆكۈلـۈپ تۇرىدىغان، سۇتتەك ئاپئاق يۈزىدىكى بىر جۈپ زىنىخلىرى بۇلاقتەك قـارا ھەم چـوڭ-چـوڭ كـۆزلىرىگە خويمـۇ ياراشـقان، بـوي -بەسـتى ئېگىزمـۇ ئەمەس، پاكـارمۇ ئەمەس، بەللىـرى ئەۋرىـشىم كەلـگەن لاتاپەتلىـك بىـر ئايـال ئىـشىك ھالقىـسىنى يېنىـك ھەم رىتىملىـق قىلىـپ ئـۈچ قېـتىم شاراقشىتقاندىن كېيىن تەكەللۇپسىزلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالام سالى مۇئەللىم، ياخشى تۇردىڭىزمۇ ؟ — ئايـال تـۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماستىن كاڭ سۇپىسىغا كېلىپ ئولتۇردى، — مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ مۇئەللىم ؟

— مەن...سىز، — سـالى دۇدۇقلىغىـنىچە ئورنىـدىن قوزغالـدى، — ئۆزىڭىز...

ئايـال سـالىنىڭ ئەنىدىـشىلىك تۇرقىغـا قـاراپ قاقـاقلاپ كۈلـدى. كۈلكىدىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— ئەجەبا مېنـى تونۇمـىدىڭىزمۇ مـۇئەللىم؟ تېخـى ھېلـىتىن بىزنىـڭ مەھەللىگە ئۆتكەنتىڭىزغۇ ؟

— شۇنداق... شـۇنداق. بىـراق، بىـز سالاملاشـمىغان، — سـالى بـۇ ئايالنى قايسى مەھەللىدە كۆرگەنلىكىنى جەزم قىلالمايتتى، كۆڭلىـدىكىنى ئېيتىـشقا جـۈرئەتتى كەمچىـل ئىـدى، — ئـۆزىڭىز قايـسى مەھەللىـدىن بولىسىز ؟

— بۇنىسى ئانچە مۇھىم ئەمەسقۇ دېيمەن. مـۇھىمى ئـارىمىزدا ئورتاقلىقنىـڭ بار-يوقلۇقى. شۇنداق ئىكەن بىز... — ئايال گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتـۇپ، يېشىنىـشكە كىرىـشتى، — مانـا قـاراڭ. مەنـدە سـىز ئىزدىگەن تەن، نـاز-كەرەشـمە، لاتـاپەت... بـارمىكەن. تولغـان بەدەن، كۆزنىـڭ يېغىنى يەيدىغان شەھلا كـۆز، مەھلىيـا قىلغـۇدەك خۇلـق-مىجەز. قېنـى كېلىـڭ. مەنـدە سـىزنى سەسـكەندۈرىدىغان سـۆت پـۇرىقى، رايىڭىزنـى قايتۇرىدىغان تەن بوشلۇقى يوق. سىزگە يارامدىم-يوق، سـىناپ كـۆرۈڭ. سىز ئۈچۈن جەننەتنىڭ ھۆرۈرىنى ئاتا قىلالمىسام باسقان قەدىمىم ھـارام،

سۆزلىگەن تىلىم بىزۇۋان بولسۇن...

چوكاننىڭ بارغانچە يېقىنلاپ كېلىشى سالىنىڭ كەيپىياتىنى جىددىيلەشتۈرەتتى.

— ياق... ياق. مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس. دېمەكچى بولغىنىم...

— بولدى، چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ھارۋا چوققىسىغا ئېسىۋالغان تاختىڭىزدىن ھەممىنى كۆرگەنمەن. «تۇغمىغان، ئىككى نىكاھلىقتىن كەم نىكاھلانغان، 35 ياشتىن تۆۋەن لايىق ئىزدەيمەن» دېگەنلىرىڭىزنىڭ ئۆزىدىنلا سىزنىڭ پەرزەنتلىك بولغان ئايالنى سۆت پۇرايدۇ. كۆپ نىكاھلانغان بولسا، ئەتلىرى بوشاپ، ئادەمنى ئۆزىگە رام قىلغۇدەك تەن قۇرۇلۇشى قالمايدۇ، يېشى بەك چوڭ بولۇپ كەتسە ئانچە ھۇزۇرلۇق بولمايدۇ، دېگەن ئويلىرىڭىزنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەقىللىك ئايال ئەر كىشىنى تولا جۇۋاتمايدۇ ئەمەسمۇ؟ مانا مەن ئۆزۈمنى سىزگە ئەڭ لايىق نامزات دەپ قاراپ كەلدىم. قانداق، سىناپ باقامتۇق ؟!

ئايالنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسى ئەت قېلىنلىقىدىكى ئىچ كىيىملىرىدىن رەڭ تالىشىپ مانا مەن دەپلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. تولغان بەدەنلىرى خۇش پۇراق ئەتىر ھىدى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، سۇمبۇل چاچلىرى، جاننى ئېلىپ ياندا قويىدىغان شەھلا كۆزلىرى، ھېلىتىن دەپ ئۆتكەن كۆڭۈلدىكىدەك گەپلىرى بىلەن قوشۇلۇپ سالى ۋۇجۇدىنى تەسۋىرلىگۈسىز سېزىمغا مۇپتىلا قىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن سالىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيقۇ ھالىتىدە تىنچلانغان كۆڭۈل ئەركىلىرى تېپىرلاشقا باشلىدى. ۋۇجۇدىدا تەدرىجىي كۈچلىنىۋاتقان ئەرلىك جاسارىتى ئۇنى ئايال تەرەپكە قاراپ سىلجىشقا دەۋەت قىلاتتى...

پاھ ! قالتىس قاملاشقان چوكان. سالى ئايالغا ئەسەبىيلەرچە ئېتىلدى. بار كۈچى بىلەن مەھكەم قۇچاقلىدى، قېنىپ-قېنىپ سۆيدى...

ئادەمنى سەسكەندۈرگۈدەك بەتبۇي پۇراق. تەر تېتىمىدىكى غاشا لەۋ...

سالى دەرھال كۆزىنى ئېچىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن داڭ قاتتى. ئۇنىڭ قۇچاقلىۋالغىنى رەڭگى ئۆچكەن كونا يوتقىنى بولسا، قېنىپ سۆيگىنى ئەنە شۇ يوتقان ئەستىرىگە قېتى-قېتىدىن سىڭىشىپ كەتكەن تەر قېتىندىلىرى ئىدى.

ئەجەبمۇ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. ناۋادا ئاشۇ چوكان رېئاللىقىمدا ھازىر بولۇپ قالغان بولسا...

سالىنىڭ نەچچە كۈنى ئاشۇ چوكاننى ئۇچرىتىش خىيالىدا ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما رېئاللىق ئۇنىڭغا ئۆزى ئارزۇ قىلغىنىنى تەقدىم ئەتمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاشۇ لەززەتلىك چۈشنى قايتا بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشقا چىن كۆڭلىدىن تەشنا ئىدى.

سالى چۈشىدىكى خىيالىي رېئاللىقنى قايتا ئىزدەپ كۆزىنى مەھكەم يۇمدى.

## 2

ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمۈلگەن بولۇپ، باراقسانلىشىپ كەتكەن دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنى ئىلغا قىلىشمۇ تەس ئىدى. ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئائىلىلىكلەردىن چىقىۋاتقان چىراغ يورۇقى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان تاشيولدا بىر قارا گەۋدە پەيدا بولدى. بۇ سالى ئىدى. ئۇ ھارغىن قەدەملىرى بىلەن يولدىكى تاشلارغا پۇتلىشىپ دېگۈدەك، پىلدىرلاپ تۇرغان چىراغ يورۇقىنى نىشان قىلىپ كېتىپ باراتتى.

سالى يولنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا تۇتاشقان ئېرىق بويىغا كەلگەندە قەدىمىنى توختاتتى. ئەتراپ تىپتىنچ بولۇپ، سۇنىڭ بىر خىل رىتىمدا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق بىر شەپە يوق ئىدى. سالى پۇتى بىلەن كۆۋرۈكنى ئىلغا قىلماقچى بولۇۋىدى، تېيىلىپ چۈشۈپ، بىر پۇتى سۇغا كىرىپ كەتتى. شۇئان پۇتىنى تارتىپ، نىشاننى باشقا ياققا توغرىلاپ، قەدەملىرىنى ئاستا ـ ئاستا يۆتكەپ ئېرىقتىن

ئۆتتى. توغرا يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، مەسچىت تېمىنى ياقىلاپ ماڭدى. مەسچىتتىن بەش يۈز مېتىر نېرىسىدىكى، قوشنا كەنت بىلەن چېگرالىنىدىغان ئورمان بەلبېغىنىڭ پاسىل قېشىغا سېلىنغان ئاۋۇت ئىمامنىڭ قورۇسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

قورۇ ئىچى يوپيورۇق بولۇپ، پېشايۋان ئاستىغا ئېسىلغان يوغان چىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرى قىيا ئېچىقلىق ياغاچ دەرۋازىنىڭ يوچۇق ۋە پەنجىرلىرىدىن سىرتقا تاراپ تۇراتتى. قوشناچىم پېشايۋان يان تېمىغا يانداشتۇرۇپ سېلىنغان ئوچاق بېشىدا تۇرۇپ قازاننى ئىلەشتۈرۈۋاتاتتى. ئەتراپقا تارالغان قوي پاچىقىنىڭ مەززىلىك پۇرىقىدىن كاللا ـ پاقالچاق پىشۇرۇۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرمەك قىيىن ئەمەس ئىدى. سالىنىڭ ئاچلىقتىن تارتىشقان قورسىقى كوركىراپ كەتتى. نۇرى خىرەلىشىپ، پولتىيىپ قالغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغان ئېچىلدى. ئاغزىغا يىغىلغان سېرىقسۇنى غورتتىدە يۇتقاندىن كېيىن يېنىك قەدەملەر بىلەن ھويلا ئىچىگە ئاياغ باستى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئانا.

— ئاپەي، — قاتتىق چۆچۈگەنلىكتىن موماينىڭ قولىدىكى چۆمۈچ پورۇقشۇپ قايناۋاتقان قازانغا چۈشۈپ كەتتى، — ۋۇي! سالىمۇ سەن. ئوغرىدەك شەپىسىز كىرگۈچە يۆتىلىپ ـ قېقىلىپ كىرسەڭ بولماسمىدى. ماۋۇ بالىنىڭ قىلغان قىلىقىنى كۆرمەمدىغان، يۇرە ئۆيگە كىر، — موماي سالىنى ئۆيگە باشلاپ كىردى.

ۋاسا جۇپ قىلىپ يېپىلغان كەڭرى مېھمانخانا ئۆينىڭ كۆن ئولتۇرۇش تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان كات ئۈستىدە ئايزۆھرە رېشىلىيە ئىشلەپ ئولتۇراتتى. موماينىڭ «مېھمان كەلدى» دېگەن سۆزى بىلەن ئايزۆھرە ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئەدەپ بىلەن چوڭقۇر ئېگىلىپ سالام ئەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — ئايزۆھرە دىققىلىك ئېگىلىشتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھمانغا سەپسالدى ۋە مېھماننىڭ سالى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ،

باللارچە بىر قىلىق بىلەن ئۇنى يۇقىرىغا تەكلىپ ئەتتى، ــــ سالى مۇئەللىم، قېنى تۆرگە ئۆتسىلە.

شەيتان قىز پوسۇقىدە كۈلۈۋىدى، سالى قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

«ماۋۇ شەيتاننىڭ يامانلىقىنى كۆرمەمدىغان. قائىدە بويىچە بوسۇغا ئاتلىغاندا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ كىرىشىم كېرەك ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇرسا بولاتتى. بۇنى ئاز دەپ يەنە..يەنە تېخى تۆرگە ئۆتسىلە دېگىنى نېمىسى. بىزنىڭ بۇ يۇرتتا نەدىمۇ مېھماننى شۇنداق تەكلىپ قىلىغان بار. مېھمانلارغا «يۇقىرى ئۆتسىلە» دېگەننى ئىشلىتىدىغان تۇرساق شىماللىقلارنى دوراپ، «تۆرگە ئۆتسىلە ئەپلەپ قوياي» دېگەننى پۇراتقاندەك، «قېنى تۆرگە ئۆتسىلە» دەپلا كۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان. قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى زاڭلىق قىلىۋاتقىنىنى ماۋۇ شۇمنىڭ...»

ئايزۆھرە كەشتىلىك لاتىلىرىنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن كات قىرغىقىنى بويلىتىپ كۆرپە سالماقتا ئىدى. سالىنىڭ كۆزى قىزنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە قادالغىنىدا تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئىختىيارسىز ھالدا قىزدىن نەزىرىنى تارتتى.

ــــ قېنى مۇئەللىم، كۆرپىگە كەلسىلە.

«مانا، ئويلىغىنىمنىڭ دەل ئۆزى كەلدى. بۇ شەيتان بىكارغا كۈلمەيتىكەن ـ دە!؟...»

ــــ مانا كەلدى، ــــ زىبىدىخان ئانىنىڭ ئاۋازى سالىنى خىيالىدىن ئويغاتتى. ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر تەگنە كاللا ـ پاقالچاقنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى ئۆيئىچىگە تارالغانىدى، ــــ ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، قېنى سالى ئوغلۇم ئۆزلىرى ئېغىز تېگىپ بەرسىلە، ــــ موماي تەگلىنى سالىنىڭ ئالدىغا سەل سۈرۈپ قويدى، ــــ قېنى ئالسىلا.

ھېلىتىن ئوڭ قاپىقىم توختىماي تارتىۋىدى، ئۆزۈمچە بىر خۇشاللىق بولسا

كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم. دېگەندەك، سىلىنىڭ ئاياغلىرى يېتىپتۇ بۇ ئۆيگە. ئۆزى كەلگەن مېھمان خۇدايى مېھمان، قېنى ئالسىلا ئوغلۇم، بۇ ئۆيمۇ ئۆز ئۆيلىرى بىلەن ئوخشاش، تارتىنماي ئالسىلا...

ئۇلار تاماقتىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى. سالى ئەتىگەندىن بېرى مەكتەپتە بولغان ئىشلارنى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ چىقتى. گەپ ئاخىرىدا بۇسارەمدىن ئايرىلغان ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى تارتقان تارتقۇلۇقلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ چوڭقۇر ئۇھسىندى.

— كونىلار دائىم «يالغۇز ئادەمنى ئۆي چاقىدۇ» دېسە نېمە دېمەكچى بولغانىدۇ، تامىمۇ ئادەم چاقامدۇ دەپتىكەنمەن، ئەمدىلىكتە ھېس قىلدىم. يالغۇزچىلىق تۇرمۇش ئەمەسكەن ئەمەسمۇ. يالغۇز ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىمۇ يۈز-ئابرۇيى، ئورنى بولمايدىكەن. ئۇنى ئاز دەپ كىشىلەرنىڭ پىتنە-پاساتلىرىدىنمۇ خالىي بولالمىغان، ھېرىپ-ئېچىپ كىرگەندە بىر پىيالە قايناق سۇغا زار بولۇپ ئۆتىدىغان گەپكەن. يالغۇزچىلىقنىڭ دەردى ھەقىقەتەن يامانكەن. بىر يولدىلا ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئورنى بولمىغان يا...، — سالىنىڭ ئۇنى پەسلەپ كۆزلىرى ياشقا تولدى.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما بالام. تۇرمۇش دېگەننىڭ نەچچە بىر ئەگرى-توقىيى بولىدىغان گەپ. سەن تېخى ياش. ياخشى كۈنلىرىڭ ئالدىڭدا، تۇرمۇشقا ئۈمىدۋار قاراپ، تىرىشىپ ئىشلىسەڭلا خۇدا ھەممە ئىشىڭنى ئاسان قىلىدۇ، — زىبىدىخان ئانا شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدىن كەملىكنى ھېس قىلدى. نەزىرى ئايزۆھرەگە چۈشۈۋىدى، ئىچ - ئىچىدىن يىغا تۇتتى، — مانا قارا! ئايزۆھرە سىڭلىڭمۇ ئون گۈلىدىن بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ يالغۇزچىلىق دەردىگە مۇپتىلا بولدى، — دېدى ئانا مىكبىر تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئاتىسى رەھمەتلىك ھەممە ئىشتا باشقىلارنىلا ئويلايدىغان ئاق كۆڭۈل، تەقۋادار ئادەم ئىدى. تۇيۇقسىز چاپلاشقان كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ ياتقىنىچە قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى، ئانا-

بالا ئىككىمىزنى يالغۇز تاشلاپ كەتتى، — موماي باش ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ داۋام ئەتتى، — بىزمۇ نېمە كۆرگۈلۈكنى تارتمىدۇق دەيسەن. تۇل خوتۇننىڭ ئاتىقى شۇنداق يامان بولىدىكەن. بىر كىشىدىن سورىساڭمۇ پۇتمىگەن. سودا-سېتىقلاردىمۇ «خوتۇن كىشى بىلەن سودا قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتمىغان. يەنە تېخى ئۆزى بىلەن كەتمەي باللىرىمۇ يامان ئاتاققا قالغان. مانا سىڭلىڭ ئايزۆھرەمۇ بۇ يىل توپتوغرا 25 كە كىرىپتۇ، شۇ ياشقا بارغىچە بىرەر ئەرنىڭ پېشىگە ئېسىلالمىدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك باللارنىڭ ئىككى-ئۈچ باللىسى بولۇپ بولدى. بىز ئاياللار شۇنداق ئاجىز يارىلىپتىكەنمىز. سەن ئاتا-ئانادىن كىچىك قالغان بولساڭمۇ، قانداقلا بولمىسۇن بىر قېتىم ئۆيلەندىڭ...

سالى تىرنىقىنى سىنچىغىنىچە يەرگە قاراپ، ئېغىر تىنىپ ئولتۇرغان ئايزۆھرەگە يەر تېگىدىن قارىدى. ئايزۆھرەنىڭ باللىقىدىكى تەنتەكلىكى يادىغا كېچىۋىدى، ئىختىيارسىز كۈلۈپ سالدى.

سالى ئاۋۇت ئىمامدىن تەلىم ئېلىۋاتقان مەزگىلدە ئايزۆھرەنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، پەنىنىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى بەش يىل جەريانىدا ئايزۆھرە بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەنىدى، پەقەت تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان يىلى يازلىق تەتىلدە بۇ ئۆيگە بىر قېتىم كەلگەن، شۇ چاغدا ئايزۆھرە بىلەن دىدارلاشقانىدى. ئۇ قېتىمدا سالى ئاتىسى ساۋۇتخاننىڭ كېسىلىگە سەۋەب قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاۋۇت ئىمامدىن مەسلىھەت ئالغىلى كەلگەنىدى.

ساۋۇتخان قولىقى ئاڭلىغاننىڭ ھەممىسىنى قىلىپمۇ ھېچ ياخشى بولالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆزىنى يوقلاپ كىرگەن كەنت يالاڭ ئاياغ دوختۇرى خۇدابەردى، ھاشىم باخشىم توغرىسىدا ئېغىز ئاچىدۇ:

— ھاشىم باخشى يېقىندا شەھەرلىك بىر ئادەمنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. بىمار شەھەردىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئورنىدىن

قىمىرلىيالمايدىكەنتۇق. باخشىم ئۇ كىشىنى، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز كېپەنلەپ ئوقۇپ ساقايتقانمىش. ئۇ كىشىنىڭ بىر يىلدىن بۇيان بارمىغان يېرى قالمىغانىكەن. ئۇ يېزىدىكى بىر تۇغقان ئاكىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ھاشىم باخشىمنىڭ داۋالىشىنى قوبۇل قىلغانىكەنمىش. تويتوغرا قىرىق كۈندىن كېيىن ئورنىدىن دەرس تۇرۇپ، باغقا چىقىپ، كەتمەننى قولىغا ئاپتۇ، يەرلەرنى چاناپ كېتىپتىمىش.

بۇنداق كاتتا كارامەتلەر، بەش ۋاق نامازنى قازا قىلماي ئوقۇپ كەلگەن بولسىمۇ، پىرىخونلۇققا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان ساۋۇتخاننى قىزىقتۇرغانىدى. ساۋۇتخان شۇ كۈنىلا ھاشىم باخشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پال سالغۇزدى.

كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ھاشىم باخشىم غايىبتىن بېشارەت كېلىدىغان ئادەم بولۇپ، سالغان پالى دەل جايىدا چىقاتتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىشى دەسلەپ غايىبتىن ئۆيلەنگەن بولۇپ، يېشى 40 تىن ئاشقاندىلا غايىب خوتۇنىنىڭ رۇخستى بىلەن ئادەمزاتقا ئۆيلەنگەنمىش. ئۆيلەنگەندىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يەتتە قېتىم ئۆيلەنگەن بولۇپ، نىكاھىغا ئالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئون سەككىزىنىڭ بېرىدىكى نارەسىدىلەرمىش. يەنە بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ كۆپ نىكاھلىنىشىنىڭ سەۋەبىمۇ غايىب خوتۇنىنىڭ كاساپىتىدىن بولۇپ، غايىب خوتۇنى ئۇنى ئۆي تۇتقۇزمىغانمىش. پەقەت سەككىزىنچى قېتىملىق ئايالىلا غايىب خوتۇنىنىڭ دىتىغا سىغقاچقا نىكاھىدا توختىغانمىش.

ھاشىم باخشىم ھەققەتەن كىشىلەر نەزىرىدىكى پىر كامالەت ئۇستىسى ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى، چوقۇناتتى، ئەيمىنەتتى، ئارقىسىدىن گەپ ـ سۆز قىلىپ يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشتىن قورقاتتى.

باخشىم ئۆزىگە ئەيمىنىش نەزىرىدە ئاستىرتىن قاراپ ئولتۇرغان ساۋۇتخاننىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا بىرمەھەل تىكىلگەندىن كېيىن گەپ ـ سۆز قىلماستىنلا ئورنىدىن قوزغالدى. ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ،

ئانچە هايالاشمايلا يوغانلا بىر داس، بىر چاڭگال پاختا، دەپتەر، قەلەم دېگەنــدەكلەرنى ئېلىــپ چىقتــى. داسـقا سـۇ لىقـلاپ ئورنىغـا كېلىــپ ئولتۇرغانـدىن كېيىن، رەمچىلىكـكە كىرىـشتى. ئـاۋۋال چۆمگەك سـالدى، ئارقىدىن قەغەزگە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئۆمۈچۈك پـاچىقى خەتلەرنى ۋە بىرمۇنچە سىزىقلارنى سىزىپ نىمىلەرنىدۇر دېگىنىچە خېلـى ئـۇزاق ئولتۇرغانـدىن كېيىن كېسەلنىڭ شـامال دارىـشتىن بولغـان سىل كېسىلى ئىكەنلىكىنـى، ۋاقىــت ئـۇزىراپ كەتكەچـكە كېـسەل بىمارنىـڭ يۈرەك، تال، جىگەر قاتـارلىق ئىچكـى ئەزالىرىغـا ئۆتـۈپ كەتكەنلىكىنـى، بۇنىڭ بىرلا چارىسى: تۇم قـارا قوچقارغـا يەتـتە كېچە ـ كۈنـدۈز ئوقـۇپ، قوچقارنىڭ ئىچ باغرىنى سـۇغۇرۇپ ئېلىـپ، تۈگۈلـۈكتىن چىقىرىـپ يۇلتـۇز كۆرسىتىپ، گۆشىنى يەپ، ئۇستىخىنىنى ئىنسان ئـايىغى تەگمەيـدىغان پـاكىز جايغـا كۆمـۈش ئىكەنلىكىنـى، بۇنىڭغـا ئۆزىنىــڭ يـالغۇزچىلىق قىلىـدىغانلىقىنى، يەنە ئىككـى ئـادەم ياندىشتۇرمىسا بولمايـدىغانلىقىنى، ياندىشتۇرۇلىدىغانلار چوقۇم تەقۋادار كىـشىلەردىن بولۇشـىنىڭ زۆرۈرلـۈكىنى ئېيتتى.

ساۋۇتخان ئۆيىگە بېرىپ تەييارلىق خىزمەتلەرنـى ئىشلەپ بولغانـدىن كېيىن خەۋەر قىلىشنى ئېيتىپ باخـشىم بىـلەن خوشلىـشىپ قايتقـان ۋە ئـۆيگە يېتىــپ كېلىــپلا سـالىنى ئـاۋۇت ئىمامـدىن مەسـلىھەت ئېلىــشقا ماڭدۇرغانـدى.

جايناماز ئۇستىدىن ئەمدىلا چۈشكەن ئاۋۇت ئىمام ئۆيگە ھاسىرىغانچە كىرىپ كەلگەن سالىغا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ، ھەر ئىش بولـسا ئالـدىرىماي سۆزلەشـنى ئېيتقـان، سـالى ئەھـۋالنى ئەمـدىلا يورۇتۇشـىغا، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتكەنىدى:

ــ يۈرەك ئاجىزلاپ كەتكەن ئادەمنى دۇئا بىلەن ساقايتىدىغان ئىش نەدىكەن. سەۋەب قىلىدىغانغا سەۋەب قىلغۇلۇق، دوختۇرغا ئاپىرىدىغاننى دوختۇرغـا ئاپـارغۇلۇق. كېـسەلنىڭ خـاراكتېرىگە قـاراش مۇھىم، بـالام. سـاۋۇتخان كـۆپ جەبىـر ـ جاپـا تـارتتى. يـېقىن ئەتراپتىكـى كـۆرۈنمىگەن

دوختۇر، تېۋىپ قالمىدى. ئاللادىن بىسوراق قىل تەۋرىمەس. شۇنداقتىمۇ سەۋەب قىلغۇلۇق. ناۋادا ئەھۋالىڭلار يار بەرسىدى، ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپارغان بولساڭلار ئوبدان بولاتتى، — ئاۋۇت ئىمام ئۆزىنى تىڭشاپ بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرغانىدى، — ئاناڭ شۇنداق ئويلىغان بولسا كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرماي بالام، سەۋەب قىلساق قىلىپ باقايلى ...

شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن بىر ئايچە ئۆتكەندە سالى بىپىجىڭ سەپىرىگە ئاتلاندى. سەپەردىن قايتىپ كەلگىنىدە ئانىسى ئۇنى قارا تۇپراق ئاستىدا كۈتۈپ تۇرغانىدى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا ئاۋۇت ئىمام ئالەمدىن ئۆتكەن، سالى ئوقۇش ئىشى بىلەن ئاۋۇت ئىمامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا قاتنىشالمىغانىدى...

ئەنە شۇ قېتىمدا ئايزۆھرە سالىغا چاي قۇيۇپ بەرگەن، قايتىشىدا دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىققانىدى. سالىنىڭ كۆز ئالدىدا ئايزۆھرەنىڭ كۆلۈپلا تۇرىدىغان گۆدەك چىرايى زاھىر بولدى. راستلا بىر گۆدەك قىز...

ئايزۆھرەنىڭ يىنىك يۆتىلىشىدىن چىققان نازۇك ئاۋاز سالىنى سەگىتتى. سالى ئايزۆھرەگە تىكىلدى. يۈز-كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئايزۆھرەنىڭ كۆز چاناقلىرىدا، پېشانىلىرىدە قورۇقلار پەيدا بولغان، يۈز تېرىلىرىمۇ تاتىراڭغۇ بىر ھالەتكە كىرگەنىدى.

— ئۆيلىنىدىغان بوپتىمىش دەپ ئاڭلىغانىدىم، لايىق قەيەردىن بولدى بالام؟ — سورىدى زىبىدىخان ئانا ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— مۇۋاپىقراق بىرەرسى يوق ئانا.

— مۇنداق-دە. بىر ئوبدان مائاشىڭ تۇرسا بىرەرسى چىقماي قالسۇنمۇ؟ تاللاپ بولالمايۋاتىمەن دېگىنە، — سالىنىڭ گۆدەكلەرچە ھىجىيىشلىرىدىن زىبىدىخان ئانىنىڭ كۆڭلىگە جىن كىردى، — راستلا لايىقى يوق بولسا، ئايزۆھرەنى... — ئانا سالىنىڭ چىرايىغا قايتىلاپ نەزەر سېلىپ كۆردى. «ئانچە قېرى دەپ كەتكىلىمۇ بولمىغۇدەك، ناھايىتى ئون نەچچە ياشلا

پەرقلىنىدىغان گەپ...» — بىزنىڭ ئايزۆھرە، — ئانا ئىختىيارسىز دەپ سالغانلىرىدىن خىجىل بولۇپ، دەرھال ئاغزىنى ئەتتى. سالى ئايزۆھرەگە لاپپىدە بىر قارىۋىدى، ئايزۆھرە سىرتقا ماڭدى.

— ھېلى نېمە دېمەكچىدىلە ئانا؟ — سورىدى سالى ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان زىبىدىخان ئانىغا قاراپ.

— ھە ھېچنېمە. ئۆزۈمچە مۇنداقلا، ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن چېغى.

— ئەگەر ئۆزلىرى مۇۋاپىق دەپ قارىسىلا، ئاي...ئاي... ئايزۆھرەگە ئۆي...ئۆي...ئۆيلەنسەم قانداق بولار ـ ھە.

— باشقا پىكرىم يوق بالام. قىز بالا ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە ياخشى، دەپتىكەن. شۇنداق ئۆيلىنىغان بولساڭ ئوبدان بوپتۇ، — زىبىدىخان ئانا پىيالىگە چاي لىقلاپ، سالىنى چايغا تەكلىپ ئەتكەندىن كېيىن سۇپىدىن ئاستا قوزغالدى ـ دە، — ئايزۆھرە، قىزىم ئايزۆھرە بۇ ياققا كىرىڭە، — دەپ توۋلىغىنىچە سىرتقا ماڭدى...

## 3

كەچ كۈز، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەن، تاغ چوققىلىرى ئاقىرىپ، دالىلار تاقىرلاشقانىدى. كەچ كۈزنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقىدا كالپۇكلىرى كۆكىرىپ، يۈز تېرىلىرى تارتىشىپ كەتكەن ئايزۆھرە نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشىغىنىچە ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا ئۆينىڭ ئارقا تېمىغا ئۇماچتەك سۇيۇق سېغىز لايىنى زەردە بىلەن ئۇراتتى. سوغۇق تەپتىدىن مۇزلاپ چېرىمدانلاشقان لاي قورمىغا ئۇرۇلۇپلا ھاۋىسى تەڭشەلمىگەن تونۇردىن سىرغىپ چۈشكەن خېمىردەك پوك... پوك قىلىپ يەرگە چۈشەتتى.

— ئوھۇش نېمە بۇ، لاي دېگەننى لايدەك ئەتمەي، ھۇرۇن خوتۇننىڭ پىشمىغان خېمىرىدەك بىردە مونەك، بىردە سۇيۇق، بىردە بولسا قېتىپ قالغان كالا تېزىكىدەك. شۇمۇ ئەر كىشىنىڭ قىلغان ئىشى بولدىمۇ

ئەمدى، ئەجەبمۇ قىينالدى بۇ جان...

سالى ھېلىلا خاماندىن بوشانغان قېرى ئۆكۈزدەك پۇشۇلدايتتى، كۆزلىرى ھازىرلا پولتىيىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك يامان ئەلپازدا ئايزۆھرەگە ھومايغىنىچە لاينى سامان سېلىپ قايتا ـ قايتا ئىلەشتۈرۈپ تەڭشىدى.

ــ نەچچە يىلنىڭياقى سوغۇققا بىمالال دال بولۇپ كەلگەن ئۆي ئەمدىلىكتە دىتىڭغا سىغمىغىلى تۇردى. خوتۇن خەق دېگەنغۇ بىكار قالسا دۇمبىسى قىچىشىدىغان گەپ.

ئايزۆھرە سالىنىڭ دېگەنلىرىگە جاۋاب قايتۇرماق بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى-يۇ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ، ئۈنىنى ئىچىگە يۇتتى. ئەتىگەندە سالىنىڭ: «كۈن چىققاندىراق تۈتۈش قىلايلى، بەك بولمىغاندا لاينى ئىسسىق سۇ بىلەن ئېتەيلى، بۈگۈن تۈگىمىسە ئەتە قىلارمىز» دېگەنلىرىگە مەمەدانلىق قىلىپ: «شۇنچىلىك شۈۋرغاندىن قورقۇپ، تۆت ئەتراپى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن،گوياكى قۇشقاچ ئۇۋىسىغىلا ئوخشاپ قالغان ئۆيگە بېكىنىپ ئولتۇرۇۋېرەمدۇق، قوپىسىلا» دېگەنچە ئۇنى ئالدىغا سېلىپ دېگۈدەك ھەيدەپ چىققانلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، چوڭقۇر ئۇھسىندى. ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇرىدى:

«ئۆزۈمگىمۇ ئاز. ھېچبولمىغاندا تامچى تېپىپ كۆتۈرە بەرسىلە، دېگەن بولسامچۇ كاشكى. ئۆزۈمگىمۇ قىلدىم، ئۇنىڭغىمۇ قىلدىم...»

ئايزۆھرەنىڭ پۇت-قوللىرى سوغۇقتا غال-غال تىترەيتتى، قوللىرى ھېچ ئىشقا قولاشماي قېلىۋاتاتتى. ئىشنىڭ چالىسىنى ئەتە قىلىشنى ئېيتماق بولدى-يۇ، يەنە ئىككىلىنىپ گەپ قىلالمىدى. سالىنىڭ بىر ئىشقا ئوڭايلىقچە ماقۇل دېمەيدىغان، ماقۇللا دەپ سالدىمۇ ئاخىرىنى چىقارمىغىچە بولدى قىلمايدىغان جاھىل مىجەزىنى ئويلاپ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ چىداپ ئىشلىدى. شۇ تاپتا سالىنىڭمۇ پۇت-قوللىرى ئۈيۈشۈپ، كالپۇكلىرى گەز باغلىغان، كۆچ-مادارى خوراپ تېقىملىرى لىككاڭشىپ قالغان بولۇپ، ياداڭغۇ پۇتلىرى چويۇن بىلەن قاتۇرۇلغاندەك

ئېغىر ئىدى. ناۋادا ئايزۆھرە قولاققا ياققۇدەك بىر ئېغىز تاتلىق گەپ قىلغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغىمۇ تازا خۇشىياقاتتى. بىراق، ئۇلار كۆڭلۈمدىكىنى تاپ دېگەندەك بىر-بىرىگە ئۈندىمەستىن باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى. ئېغىر ياتقۇ بىلەن ئۆيگە قايتىپ كىرىشتى.

ئۆيىئىچى ئادەتتىكىدىن خېلىلا ئىلىلىپ قالغاندەك بىر تۇيغۇ بىلەن، ئايزۆھرەنىڭ ھارغىنلىقى تەسەللى يېدى. ئۇ تاماققا تۇتۇش قىلماق بولۇپ تەڭلىگە ئۇن سېلىپ تۇرۇشى سالى ئېغىز ئاچتى:

— ئاتا-بوۋامدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن ئۆي سېنىڭ زامانەڭگە كەلگەندە يارىماستا قالدى. تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال دېگەندەك كونا ئۆينى ملڭ مەرتەم سۇۋاپ، سىرلىساڭمۇ يەنىلا شۇ كونا قورۇم تام. سوغۇقتا پاتقاققا مىلىنىپ نېمە كۈن بۇ...

— ۋوي ! گەپنى ئويلاپراق قىلسىلا. كونا تام دەپ سۇۋاپ ئولتۇرماي، ئادەم يوق تاشلاندۇق ئۆيدەك ئولتۇرامتۇق ئەمدى. ما گەپنى كۆرۈڭ، ئەر كىشى بولغاندىكىن ئۆزلىرى ئامال قىلسىلا بولاتتى. يالغۇزچىلىق تارتىپ قالمىسۇن دەپ ھە-ھۇ دېيىشىپ بەرسەم گۇناھكار بولدۇممۇ نېمە؟

— خۇدانىڭ كۈنى تۆگەپ قالىدىغاندەك، قاق سەھەردە چىققان ئادەم تا ھازىرغىچە لاي-پاتقاققا مىلىنىپ جان ئاز قالدى دېسە.

— قاقشىمىسىلا. باشقا بىرى ئەمەس، ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان ئۆي بۇ. ئۆتكەن يىلى قىشتا قانداق بولدى، تاس قالدۇق تۆكۈلاپ قالغىلى. سېغىزخاندەك يازنىڭ يېزىنى ئۇ ئىش-بۇ ئىش دەپ ئۆتكۈزىۋەتتۇق، ئەمدى يەنە كەينىگە سۆرىسەك قىشچە كۆرىدىغان كۈنىمىز بار.

— مەن يالغۇز ئولتۇرامدىمەن؟

— مەن سىلىنى يالغۇز ئولتۇرىدۇ دېمىدىمغۇ؟

— شۇنداق دېمەي نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟

— تولا تەتۈرلۈك قىلماي ئوچاقلىرىغا ئوت ياقسىلا غوجام.

سالى پۇت-قوللىرىدىكى پاتقاقنى ئوچاق كۈلۈگىدىكى چاۋار- چاتقاللار بىلەن سىيرىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن ئوتۇن ئەكىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

تـاڭ ئـاتتى. كـۆن خېلـى ئېگـز ئـۆرلىگەن بولـسىمۇ سـالى يوتقانغـا ئورانغىنىچە تولغۇلۇپ ياتـاتتى. ئەتىگەنلىـك تاماقنى پـىشۇرۇپ خېلـىدىن بېرى ساقلاپ تاقىتى تاق بولغان ئايزۆھرەنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى:

— قوپسىلا ئورۇنلىرىدىن. كۆن چۈش بولاي دېدى ھازىر. بىـر كـۆن ئىشلىگەنگە بولالماي قالدىلىمۇ نېمە ؟...

— ھەئە بولالمىـدىم. نـوچى بولـساڭ پاتقاقتـا ئـۆزۈڭ چۈشـۈپ بـاقە قېنى،— ئايزۆھرەنىـڭ كوتۇلداشـلىرىدىن بىـزار بولغـان سـالى يوتقانـدىن يېرىم بويۇنـداپ تـۇردى ـ دە، بويـۇنلىرىنى سوزۇپ، گـۆرەن تومـۇرلىرىنى كۆپۈشـتۈردى، — جېنىـڭ بىـر چىشلەم بولغـان بىـلەن كىپىـڭ يوغـان ئىكەن سېنىڭ، ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۆنى بارغۇ ساڭا.

— ھە قوپسىلا، ئىش دېگەننى كۆن ئارىلاپ كەتمىگۈلۈك، ئارقـا ـ ئارقىدىن قىلىپ تۈگەتكۈلۈك.

— قانداق قىلغۇڭ كەلسە شـۇنداق قىـل. تـوگلاپ كەتـكەن بولـساڭ ئۆزۈڭ چاپلا قورمىنى.

— ئوھۇش تولا تەتۈرلۈك قىلمىسىلا، ئۈچ تېمىنى چاپلاپ قويۇپ بىر تېمىنى تاشلاپ قويسىلا باشقىلار كۆرسە نېمە دەيدۇ؟

— خەق بىلەن نېمە ئىشىم. ئۆيگە چىللايدىغان مېھمىنىڭ بارمىتى ـ يا؟

— مېھمان... مېھمان بولمىسا ئۆينى تۈزەشتۈرمەيدىغان گەپمىكەن؟ ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىـپ ئـۆينى تۈزەشتۈرۈپ ئۆتكەن خەق بىـز...، — ھەرقـانچە قىلىپمـۇ ئېـرىگە گەپ يېگـۈزەلمىگەن ئايزۆھرەنىـڭ جـۇدىنى تـۇتتى. كـاڭ ئۈسـتىگە ئالـدىراپ ـ تېـنەپ چىقتـى ـ دە، يوتقـاننى قايرىـپ ئېچىۋەتتى، — مانا ئەمىسە، مۇشۇنداق ياتقىنىڭىزنى بىر كۆرەي قېنى...

ئـىشىك ھـالاڭ ئوچـۇق. كۈھىقاپنىـڭ ئـاغزى ئېچىلغانـدەك كۆپىيـدە تەگـكەن سـوغۇق سـالىنىڭ ئۈسـتىخانلىرىغا ئۆتكەنـدەك بولـدى. سـالى يوتقاننى قايتىلاپ يېپىنماق بولۇۋىدى، ئايزۆھرە يول قويمىدى.

— قويۇپ بەر... قويۇپ بەر دەيمەن. ھېلى بىكار.

— قويۇۋەتمەيمەن.

— ھېلى بىكار، — سالىنىڭ چىشلىرى كاسىلدايتتى، — ھېلى جۇمۇ، ئۇيناشقىنىڭغا تويىسەن.
— تۇرسىلا، لايلىرىنى ئەتسىلە. ئۆينىڭ قالغان بىر تېمىنى چاپلاپ تۈگىتەيلى.
— بولدى، ئۆزۈڭ قانداق قىلساڭ قىل.
— نېمە؟ سىلى تۇرۇقلۇق مەن قىلامتىم بۇ ئىشنى؟
— ئۆزۈڭ قىل، — سالى ئايزۆھرەنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىۋىدى، ئايزۆھرە سەنتۈرۈلۈپ تاپىسىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.
— بولۇمسىز.
— نېمە، يەنە بىر دېگىنە گېپىڭنى، — سالى دەرغەزەپتىن تىترەيتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغىنىچە ئايزۆھرەگە قاراپ دېۋەيلەپ كەلدى، — نېمە دەۋاتىسەن رەسۋا، سەن تېخى مېنى تىللىغۇچى بولدۇڭمۇ؟
— بولدى قىلسىلا، ئاغزىمدىن مۇنداقلا چىقىپ كەتتى.
سالى ئايزۆھرەنىڭ دېگەنلىرىگە پىسەنت قىلماستىن مۇشت ـ پەشۋالىرىنى بىردەك ئىشقا سالدى. ئايزۆھرە بولسا ئارقا ـ ئارقىدىن تېگىۋاتقان تاياق زەربىسىدىن ئېگرايتتى، «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلايتتى...
سالى بىلەن ئايزۆھرەنىڭ توي قىلغىنىغا ئاز كەم بىر يىلچە بولۇپ قالغانىدى. بۇ جەرياندا ئۇلار ھەرھالدا ئوبدان ئۆتۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇششاق ئىشلار تۈپەيلى پات ـ پاتلا تەگىشىپ قالاتتى، بەزىدە جېدەلنى ئۇلغايتىپ خېلى قاتتىق دېيىشەتتى. بىرقانچە قېتىملىق جېدەلدە ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، بارچە تارتقۇلۇقنى ئۆزى بىلەن بولدى قىلغان ئايزۆھرە، بۇ قېتىممۇ ئائىلىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئانىسىغا بىلدۈرمەسلىكنى نىيەت قىلدى. ئۆز ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بىرقانچە قېتىمدا ئۇ سالىدىن يامانلاپ ئۆيىگە بارغان، ئانىسىغا دەرد ئېيتقان بولسىمۇ، ئانىسى يەنىلا گۇناھنى ئۇنىڭغا قويۇپ، ئۇنى ئۆيىگە ئۆزى بىر قوللۇق ئەكېلىپ

قويغانـدى. ئـايزۆھره ئانىسىنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەبىنىمۇ چۈشىنەتتى-يۇ، داۋاملىق بۇنداق قىلىشقا چىدىمايتتى. سەۋەبى، ئانا قارىماققا گۇناھنى قىزىغا ئارتقاندەك قىلغان بىلەن ئۆز كۆڭلىدە ئازابلىناتتى. بۇ تەرىپى ئايزۆھرەگە بەش قولدەك ئايان، ئۇنىڭسىزمۇ ھەر قېتىمدا ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆيگە ئەكىلىپ قويۇپ، سالىغا نەسىھەت قىلىشلىرى بۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرەتتى...

ئايزۆھره چۈشلۈك تاماققا تۇتۇش قىلىپ، قازانغا ئەمدىلا ماي قۇيۇپ تۇرۇشىغا سالى پەيدا بولدى. ئۇ، تۈنۈگۈنكى جېدەلدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ كەتكىنىچە ئۆيگە قايتىپ كىرمىگەن، تۈتۈنچى ئەتىرەتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئوغلاق تارتىششقا بېرىپ كەچكىچە تاماشا كۆرگەندىن كېيىن، كەچتە ئوغلاقنىڭ مەشرەپ چېيىغا قاتناشقانىدى. كېچىچە ئىچكەن ھاراق دەستىدىن ئەتىگەن ئورنىدىن ۋاقىچە تۇرۇپ،ئىشقا كېچىككەنىدى. ئەتەي ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ ئەلەڭ-سەلەڭ تۇرقىغا قاراپلا ئۇنى بولۇشىغا تىللاپ يولغا سالغانىدى. ئىشقا كېچىككەنلىكىنىڭ دەشىنىمىنى يەتكۈچە ئىشتىپ، خاپىلىق ئۈستىگە خاپىلىق تارتىۋالغان سالى كۆڭۈل ئازابىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە، مەھەللە ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرۈپ، قورساقلىرىنىڭ تارتىششىدىن ئۆيگە قايتىپ كېلىۋىدى، ئايزۆھره ئېغىز ئاچتى:

— ئۆيدە ماي قالماپتۇ، ئەكىلىپ...

— ماينى سۈدەك قۇيغىچە ئاياپراق ئىشلەتسەڭ بۇنچە تېز تۈگەپ كېتەمتى، — سالى ئايزۆھرەنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا ئېغىز ئاچتى. ئۇ، قازاندىكى مايغا قارىغىنىچە توختىماي چالۋاقايتتى، — ھازىرغىچە ماي ئادەمگە پايدىلىق دېگەننى ئاڭلاپ باقمىدىم. نوگاي بىلەن سۈمۈرۈپلا ئىچىۋالمىدىڭ تايىنلىق. سۈيۈقئاشقىمۇ بىر پولۇلۇق ماينى قوشقىنىڭنى قارا سېنىڭ. ھەرقانچە بايۋەچچىنىڭ قىزى بولۇپ كەتسەڭمۇ لايىقىدا ئىش قىل. مېنى سوروپ تۈگىتىۋەتمىگۈچە بولدى قىلمامتىڭ -يا...

— ئىشلەتسەم ئۆزىمىزگە ئىشلەتتۇققۇ، سۇدا قورۇپ ئېتىشنىڭ ئورنى بولمىسا-يا.

— بىر موچەنلىك كىرىمىڭ يوق، يەنە بۇنچە چوڭچىلىقنى كىم قويدى ساڭا...

ئايزۆھرە ئېرى بىلەن يەنە تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمىدى. بۇنىڭسىزمۇ بۇنداق جېدەلنىڭ چىقىشى تۇنجى قېتىملىق بولمىغاچ، سالىنىڭ چالۋاقاشلىرىغا تاقەت قىلىشتىن ئۆزگە چارە يوقلۇقىنى خېلى بۇرۇنلا ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. بىراق، نەتىجە يەنىلا ئوخشاش — كۆڭۈلسىز بولۇپ چىقتى. سالى مەسىلىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ جېدەلگە بېشچىلاپ كىرىپ كەتتى. قازان-قومۇچلار دۈم كۆمتۈرۈلۈپ، چىنە-قاچىلار چېقىلدى. يەنە قاراپ تۇرۇشقا تاقىتى تاق بولغان ئايزۆھرە سالىغا تىزلىنىپ تۇرۇپ يالۋۇرۇشقا كىرىشتى:

— ئۇنداق قىلماڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. نەرسە-كېرەكلەرنى چېقىپ يۈرمەڭ. باشقىلار ئالدىدا يۈزىمىزگە سەت بولىدۇ. گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشەيلى...

ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەيدىغان بىر كىشىگە گەپ يېگۈزۈش مۇمكىن بولسۇنمۇ؟ بۇنداق كىشىلەر باشقىلارغا پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىپ، سىزغان سىزىقى بويىچە ھەرىكەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار قارىماققا تولىمۇ ئېھتىياتچان، سەمىمىي بولۇپ، ھەمىشە باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا ھەممە ئىشنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

سالى دەل شۇلار جۈملىسىدىن بولۇپ، ئايزۆھرە سەللا يۈز-خاتىر قىلىپ پەسكويغا چۈشتىمۇ، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتەتتى. ئايزۆھرەنىڭ پەسكويغا چۈشۈشى جېدەل پىلتىسىگە ئوت ياققاندەكلا بىر ئىش بولدى. سالى قورۇ ئالدىغا توپلىشىۋالغان قولۇم-قوشنىلارنىڭ تولغان ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەن تېخىمۇ ئەدىدى، ئايزۆھرەنى دۇمبالاشقا كىرىشتى.

— سوقۇشماڭلار، ئۆيلۈڭلەردىن بەرىكەت قاچىدۇ.
— ئەپەندىم دېگەن ئاڭلىق تۇرۇپ ئادەم ئۇرۇپ يۈرسە قانداق بولىدۇ؟
— سالى مۇئەللىم... سالى مۇئەللىم، قورۇ ئىشىكىنى ئېچىڭ، ئايال كىشى بىلەن تەڭ بولماڭ...
قولۇم-قوشنىلار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى بېسىقتۇرالمىدى. قورۇ ئىشىكى ئېچىلمىغاچ ئاجرىتىشقا ئەسلا ئىمكان يوق ئىدى. ئايزۆھرە ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقان پەيتتە چاچلىرى چۇۋۇلغان بىر ئايال قورۇ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئايالنىڭ كىيىملىرى يېلىڭ ھەم رەتسىز بولۇپ، غال-غال تىترەيتتى.
— ۋۇي! بۇ ساۋۇت مەمەتنىڭ ئوتتۇرانچى قىزى بۇۋىمەريەم ئەمەسمۇ؟
— شۇنداق.
— بۇۋىمەريەم شەھەردىكى قادىر موللىنىڭ ئوغلى قۇربان داموللا ھاجىمغا ياتلىق قىلىنغان ئەمەسمىدى. بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟
— ئىلگىرى بىرقانچە قېتىم بۇ ئۆيگە كەلگىنىنى كۆرگەنمەن. ئۇ چاغدا كىيىنىشلىرىمۇ شۇنداق پۇزۇر، تەق-تۇرقى جايىدا ئىدى، ئەمما، بۇ قېتىم...
بۇۋىمەريەم ئۆزى توغرىسىدا ئۇ ئالەمدىن بۇ ئالەمگىچە مۇنازىرىگە چۈشكەن جامائەتكە ئەيمىنىش نەزىرىدە قارىدى، نۇرسىز كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى. بوغچىسىدىن ئاختۇرۇپ يۈرۈپ بىر تۇتام ئاچقۇچنى سۇغۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قورۇ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.
ئوچاق كۈلۈڭىدا پۈكلەنگىنىچە ناله-زار قىلىۋاتقان ئايزۆھرەگە قول شىلتىپ سۇر-ھەيۋە قىلىۋاتقان سالى ھەدىسىنى كۆرۈپ داڭ قاتتى.
— ھەدە، بۇ نېمە ئىش؟ — سالى ھەدىسىنىڭ ئۇستىباشلىرىغا سەپسالدى، — ساڭا نېمە بولدى ھەدە؟ تولىمۇ بىچارە ھالەتتە قايتىپ كەپسەنغۇ؟
بۇۋىمەريەم ئايزۆھرەگە تاشلانغىنىچە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى ۋە

يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاھ خۇدا ! تارتقۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى بىز ئايالالارغىلا بەرگەنمىدىڭ. ئاجىز ياراتقىنىڭنى ئاز دەپ، بىر ئۆمۈر خورلۇق، ھەسرەت ئىچىدە ئۆتسۇن دېگەنمىدىڭ. سەن بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ ياراتقۇچىسى، شەپقەت ياغدۇرغۇچىسى، باشپاناھى تۇرۇقلۇق بىزدەك ئاجىز، مۆمىن بەندەڭگە نېمە ۋەجىدىن شۇنچە رەھىمسىزلىك قىلىدىغانسەن ـ ھە!...جېنىم سىڭلىم، مەن سىزگە ئوبدان قارىيالمىدىم...

ئىككى دەردمەن بىرھازا يىغلاشتىن كېيىن بىر ـ بىرىنى يۆلەشكىنىچە ئوچاق كۆلۈكىدىن قوزغىلىپ كاڭنىڭ تاپىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا سالى ئالىبۇرۇن پېشىنى قاقىنىچە چىقىپ كەتكەنىدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سۆز ئالدى بۈۋىمەريەم، — كۈپكۈندۈزدە جېدەللەشكىنىڭلار نېمىسى؟

— دائىم شۇنداق ھەدە. مەكتەپتىكى ئىشلىرى خەيرلىك بولمىسىلا ئۆيگە كىرىپ جېدەل تېرىيدۇ. ئالدىنقى كۈنى ئارام ئېلىشتىن پايدىلىنىپ ئۆينى چاپلايلى، دېسەم ئاران بىر كۈنلۈككە پايلىدى. مەكتەپتىن ئىككى كۈنلۈك ئارامغا قويۇپ بېرىپتىكەن. تۈنۈگۈن كۈن خېلى بىر ۋاق بولغۇچە يوتقانغا يۆگىنىپ ياتتى. ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا ئۆينىڭ قالدى يەرلىرىنى چاپلىۋېتەيلى، دېيىشىم ئاغزى ئېچىلدى، بىرمۇنچە جېدەلنى تېرىپ قويۇپ، چاپىنىنى دولىسىغا ئارتقىنىچە چىقىپ كېتىپ، پەيدا بولۇشى ھېلى ئىدى. ئاش ئېتەي دەپ قارىسام تۈگىدا ماي ئاز ئىكەن، ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشىم، سۆزلەپلا كەتتى. چىنە ـ قاچا، قازان ـ قومۇچلارنى چېقىپ تاشلىدى، — ئايزۆھرە شۇلارنى دەپ بۈۋىمەريەمگە تىكىلدى. بۈۋىمەريەمنىڭ تاتارغان چىرايى، نىمكەش كىيىملىرىگە قاراپ، نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلدى، ئارقىدىن، — ھەدە، سىزگە نېمە بولدى ؟ ھالىڭىز بەكلا خاراب تۇرىدىغۇ، بىرەر كېلىشمەسلىك بولدىمۇ ـ قانداق؟— دەپ سورىدى.

— بۇنى بىر دېمەڭ سىڭلىم. بۇ دەردىمنى كىمگىمۇ ئېيتاي،

كىملەرگە تۆكەي، پېشانەمگە پۆكۈلگىنى شۇ بولسا كېرەك...
بۈۋىمەريەمنىڭ ئىچىنىشلىق سەزگۈزەشتىلىرى ئايزۆھرەنىڭ باغرىنى ئەزدى...ئۇلار بىرھازا يىغا-زار قىلىشقاندىن كېيىن يەنە جىمىپ قېلىشتى.
— مەن ئانامنىڭكىگە قايتىپ كېتەي ھەدە، — دېدى ئايزۆھرە ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.
— ئېغىرراق بولۇڭ سىڭلىم، كەتمەكنىڭ يەنە كەلمىكى بار، مەن سالى بىلەن پاراڭلىشىپ كۆرەي، يۈزۈمنى قىلىپ، قېپقېلىڭ...
بۈۋىمەريەم ئايزۆھرەگە خېلى كۆپ چۈشەندۈرۈش ۋە نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئايزۆھرە قېيىنئاچىسىنىڭ تالاي نەسىھەتلىرىدىن كېيىن ئۆز ئۆينى ئۇنتۇرغا قويدى:
— سىزنىڭ دېگىنىڭىزغۇ ئورۇنلۇق، بىراق سالى بىلەن بىر قېتىم ئەمەس، نەچچە ئون قېتىملاپ سوقۇشۇپ بولدۇق. نېمە ۋەجىدىندۇر ئۇ ماڭا قىلچىمۇ يول قويمايدۇ، ھە دېسىلا قۇسۇر ئىزدەپ يۈرىدۇ. ئىككى گەپنىڭ بىرى بولۇپ بولغۇچە مۇشت كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسەك ئاخىر بىرەرسىمىز جىنايەتچى بولۇپ قالىمىز. مېنىڭ بۇ ئۆيدە بولۇش-بولماسلىقىم ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر. پەمىچە سالى يالغۇزچىلىق تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغاندەك...
— خاپا بولماڭ سىڭلىم. مەن ئۇنىڭغا تەربىيە ئىشلەي، نەسىھەت قىلاي.
— رەھمەت ھەدە. سىزنى ئاۋارە قىلغۇم يوق. يەنە كېلىپ سالىغا تەربىيە-نەسىھەت يۇقمايدۇ. يۇقىدۇ دېيىش توغرا كەلسە، نەچچە قېتىم تاياق يەپ ئۆيگە يامانلاپ بارغىنىمدا، ئانامنىڭ ئۆزى ياندۇرۇپ كېلىپ، ئىككىمىزنى دەرقەمتە ئولتۇرغۇزۇپ قىلغان تەربىيە-نەسىھەتلىرى يۇققان بولاتتى. ئۇ ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس. ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەيدۇ...
بۈۋىمەريەم ئايزۆھرەگە خېلى يالۋۇرۇپمۇ گەپ يېگۈزەلمىدى. ئۇنىڭ

مۇڭ-ھەسرەت، ئازاب-ئوقۇبەت، دەرد-ئەلەم ئىچىدە لەختە بولغان يۈرىكى ئېچىشۋاتقاندەك، ئازابلىق ئىڭراۋاتقاندەك قىلاتتى، ئايزۆھرەنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئۇنىڭ قۇربان داموللا ئائىلىسىدە تارتقان خورلۇقلىرى كۆز ئالدىدا قايتىلاپ زاھىر بولغانىدى. بۈۋىمەريەم قۇربان داموللا ھاجىمغا ياتلىق بولغان 25 يىلدىن بېرى ئائىللىق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، داموللىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولدى. نەچچە ئون ئادەمنىڭ ئاش-تامىقىنى ئېتىپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇش، كەلدى-باردىنى ئۇزىتىش، قېينئانىسىنى كۈتۈش ... دېگەندەك ئايىغى چىقماس ئىشلارنى قىلچىمۇ ۋايسىماستىن باش كۆتۈرمەي قىلدى. قۇربان داموللا ھاجىمنىڭ ئۆگەي ئانىسى تولىمۇ ئازازۇل، بىرەھىمدىل ئايال بولۇپ، بۈۋىمەريەمنى بىر مىنۇتمۇ ئارام ئالدۇرمايتتى. بۈۋىمەريەم چىرايلىقراق كىيىنىپ تارانسىمۇ، ئاي ئاتلاپ بىرەر-يېرىمدەم سىرتلارغا چىقسىمۇ ئېغىزغا ئالغۇسىز ھاقارەتلەر بىلەن ھارغىچە تىللاپ، قۇربان داموللىغا دادلايتتى. سىرتنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرۈپ ئۆيدىكى ئىشلاردىن قىلچىمۇ خەۋىرى بولمىغان قۇربان داموللا، ئۆگەي ئانىنىڭ يالغان-ياۋىداق گېپى بىلەنلا ئاق-قارىنى سۈرۈشتۈرمەستىن بۈۋىمەريەمنى ئۇرۇپ-دۇمبالاپ كېتەتتى. بۈۋىمەريەم بۇنىڭغىمۇ چىداپ كەلگەن، ھامان بىر كۈنى ھەممە ئىش ئايدىڭ بولىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن ياشاپ كەلگەن. ئىنىم تېخى كىچىك، ئۆز دەردى ئۆزىگە، ناۋادا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم نەگىمۇ بارىمەن، يەنە كېلىپ يالغۇز ئايالنىڭ ئاتىقى يامان تۇرسا، كىشىلەرنىڭ يالغان-ياۋىداق گەپلىرىدىن تاياق-توقماق زەربىسى ياخشىراق. خەير، بىر كۈنلەردە بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر، دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ ئۆتكەن، دەرد-ئەلىمىنى ھېچكىمگە تىنمىغانىدى. ھەتتا ئىنىسى سالى ئۇنى بىرقانچە قېتىم يوقلاپ كەلگەندە: «چىرايىڭنىڭ تولىمۇ سولغۇنلۇقى، قارىماققا نەچچە يىل كېسەل ئازابىنى تارتقان كېسەلمەندەك بولۇپ قالغانلىقىنى، قارىغاندا ئېغىر دەرد-ئەلەمنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ،

قانداقلىكى ئىش بولسا ئۆزىگە ئېيتىشنى» ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ئۇ ھېچنېمە دېمىگەنىدى، پەقەت ئازراقلا يۆتىلىمەن، بەزىدە دېمىم سىقىلغاندەك بولۇپ قالىدۇ. قارىغاندا چارچاپ قالغان ئوخشايمەن. خاتىرجەم بول، بىرقانچە كۈن يېتىپ ئارام ئالساملا ياخشى بولۇپ كېتىمەن، دېگەننىلا تىلغا ئالغانىدى، خالاس...

يىللار ئەنە شۇ تەرىقىدە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىشىپ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. ھاشىرخان باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىپ، بۇۋىمەريەمنىڭ قولاق-مېڭىسى خېلىلا ئارام تاپتى. قۇربان داموللا ھاجىمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. ئائىلىدىكى تۈگىمەس جېدەل-ماجىرالار ئاخىرلىشىپ، كۆڭلى ئارام تاپتى. بۇ ئائىلىمۇ ئىللىق بىر ماكانغا ئايلاندى. بىراق، يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ، دېگەندەك، بۇۋىمەريەمنىڭ بۇ كۈنلىرى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. قۇربان داموللا ھاجىم ئۇنىڭدىن پەرزەنت يۈزى كۆرۈشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. ئىلگىرى قېيىنئانىسىنىڭ چەكلىمىسى بىلەن قورساق كۆتۈرەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپ يۈرگەن بۇۋىمەريەم، ئېرىنىڭ تەلپىنى ئاڭلاپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللانغانىدى. ئەمما، نېمە ۋەجىدىندۇر ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەن بولسىمۇ قورساق كۆتۈرەلمىدى. خېلى كۆپ سەۋەب قىلغان بولسىمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇ، ئىلگىرى ئىككى پەرزەنتلىك بولۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى-يۇ، ئەمما ئارزۇسىغا يېتەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەن ئۈچىنچى كۈنىلا ھاشىرخان ئۇنى چاقىرتىپ، تۇغماسلىقنى، ناۋادا قورساق كۆتۈرۈپ قالسا بالىنى چۈشۈرىۋېتىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مانا ئەمدى ئېرى تۇغۇشنى بۇيرۇۋىدى تۇغالمىدى. تەقدىر، ئۇ نېمىدېگەن شور پېشانە-ھە! بۇۋىمەريەم كېچە-كېچىلەپ خۇداغا نالە قىلدى، يىغلىدى، دۇئا-تىلاۋەت، خەير-ساخاۋەت قىلدى. قولىقى ئاڭلىغانلىكى دورىنى قىلدى. بىراق، ئۈنۈمى بولمىدى. قۇربان ھاجىمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆزقارىشى، مۇئامىلىسىدە ئۆزگىرىش

بولدى. هه دېگەندە تىلغا ئېلىنىپ تۇرۇلىدىغان «تۇغماس» دېگەن ئاتاق ئۇنىڭ يۈرىكىگە تىغ بولۇپ تېگەتتى. بۈۋىمەريەم قۇربان ھاجىمغا ياتلىق بولغىنىدا بۇرنىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن، تېخى ئەمدىلا ئون سەككىزگە ئاياغ باسقان گۆدەك ئىدى. مانا ئەمدى قىرىق ئۇچنىڭ قارىسىنى ئالغان پىشقان ئايال بولدى. يىگىرمە بەش يىل، توپتوغرا يىگىرمە بەش يىللىق ھاياتى قۇربان ھاجىمنىڭ خىزمىتى ئۇچۇن سەرپ ئېتىلدى. ئۇنىڭ ياشلىق باھارى خازان بولۇپ، قەلبى ھەسرەت-پىغان بىلەن تولدى، يۈرەك-باغرى لەختە-لەختە قان بولدى.

قۇربان داموللا ھاجىمنىڭ نىكاھ قىلىپلا ئەكىرىۋالغان ئايالى ئازازۇللۇقتا چېكىگە يەتكەن بولۇپ، ئۆگەي ئانا ھاشىرخاندىن قېلىشمايتتى. يات بىر ئايالنىڭ، يەنە كېلىپ ئۆز جۈپتى ھالالىنىڭ قوينىغا قانۇنسىز كىرىپ كېتىۋاتقان نومۇسسىز، ئازازۇل بىر ئايالنىڭ خىزمىتىنى قىلىش نېمىدېگەن مۈشكۈل-ھە !...

بۈۋىمەريەم قۇربان داموللا ھاجىم ئائىلىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئۇ ھېچبىر گۇناھسىزلا ئۈچ تالاق قىلىنىپ ئەتىسىلا خېتىنى قولىغا ئالغانىدى. قۇربان داموللا ھاجىم بۈۋىمەريەمگە نەچچە مىڭ يۈەن كۈتۈلۈش پۇلى بەرگەندىن باشقا ھېچنېمە ئايرىپ بەرمىدى. بۇنىسى ئازدەك تۇغماسنىڭ ئاتىقىنى ئارتىپ يولغا سالدى...

ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن. بۈۋىمەريەم يولبويى يىغلاپ كەلدى. سۇنغان كۆڭلىنىڭ ئازراق بولسىمۇ ئەمىن تېپىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى، بىراق رېئاللىق ئۇ ئۈيلىغانىنىڭ ئەكسىچە. گويا كۆز ئالدىدىكى بۇ قىسمەتكە شاھىت بولغىلى كەلگەندەكلا جىبدەلىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندى.

«ئايالالار ئەنە شۇنداق ئاجىز يارىتىلغانمۇ؟ ئەرلەر ئۆز كۈچ - قۇدرىتىنى ئايال زاتى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە يارالغانمۇ؟ ياراتقۇچى راستلا ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرامدىغاندۇ ؟ شۇنداق بولغىنىدا، بۇنداق خورلۇقلارغا نېمە ئۈچۈن جاۋاب قايتۇرمايدىغاندۇ ؟...»

بۈۋىمەريەمنىڭ يۈرىكى گويا ھازىرلا توختاپ قالىدىغاندەك جانسىز تېپىرلايتتى.

— ھەدە، مەن قايتاي. ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، — ئايزۆھرە بۇۋىمەرىيەمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ خوشلاشتى، — خوش ھەدە، ئامان بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز.

— خوش سىڭلىم، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، — بۇۋىمەرىيەمنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى قايتىلاپ سىرغىشقا باشلىدى، — خوش، ئامان بولغايسىز.

سالى كەچتە ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ھەدىسىنىڭ سولغۇن ۋە تاتىراڭغۇ چىرايىدىن چۆچۈپ كەتتى. بۇۋىمەرىيەمنىڭ يۈزلىرى تاتارغان بولۇپ، كۆز قارىچۇقى قېتىپ قالغاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇراتتى. نۇرى ئۆچكەن كۆزىنىڭ تەكسىز چوڭقۇرلۇقىدا ئاندا ـ مۇندا ئەكس ئېتىپ تۇرغان، گويا ئۆچۈش ئالدىدىكى شامنىڭ نۇرىدەك ئاجىز ھەم سوغۇق نۇر ئۇچقۇنلىرى گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقاپ تۇراتتى. ئەنە شۇ نۇر ئۇچقۇنلىرى بولمىسىدى، قاراشتىنلا نەپەستىن توختاپ قالغان كىشىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. جاۋغىيىدىن سىرغىپ چۈشكەن سېرىق زەرداب ئېڭىكىنى بويلاپ بوينىغىچە چۈشكەن بولۇپ، بىر ئۇچى ئاغزىدا ئىدى.

— ھەدە... ھەدە... ساڭا نېمە بولدى ھەدە، — سالى بۇۋىمەرىيەمنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلايتتى، — كۆزۈڭنى ئاچ ھەدە.

— ئىنىم، مەن، — بۇۋىمەرىيەم سالىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى. ئۇ، سالىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ تۇرۇپ، خىرقىراق ۋە تولىمۇ پەس بىر ئاۋازدا سۆزىنى داۋام ئەتتى، — مەن بۇنداق بولۇپ قالغىلى خېلى بولۇپ قالدى. بىرەر ئىشقا خاپا بولدۇممۇ، بېشىم پىرقىراپ، كۆز گەرىم تارتىشىپ كەتكەندەك بىر ئالامەت بىلەن جانسىزلىنىمەن. تېنىمدىن روھىم چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالىمەن. ئىچىمدە ئاچچىق بىر نەرسە قايناپ تاشقىنلاۋاتقاندەك بولۇپ كېتىدۇ. نەپىسىم بوغۇلۇپ خارقىراپ قالىمەن. بەلكىم ئازاب ۋە خورلۇقتىن قۇتۇلىدىغان چاغلىرىممۇ بولۇپ قالغاندۇ. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، مۇھىمى ئايزۆھرەنى ئازابلىما. بىز ئاياللار تولىمۇ ئاجىز كېلىمىز، خورلۇققا، تىل ـ ئاھانەتكە چىدىيالمايمىز.

ئايزۆھرە ياخشى ئايال، ئۇنى قەدىرلە ئىنىم...
بۆۋىمەرىيەمنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئىچىدە قالدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ قاتتىق بىر ھۆ قىلىۋىدى، ئاغزىدىن قىپقىزىل قان ئۇرغۇپ ئېتىلىپ چىقتى.
— ھەدە...ھەدە...بەرداشلىق بەر. مەن سېنى دوختۇرغا ئاپىراي...
بۆۋىمەرىيەم ھوشىدىن كەتكەنىدى. سالى ھەدىسىنى يۆدىگىنىچە چوڭ يول تامان يۈرۈپ كەتتى.

## 4

ئايزۆھرەنىڭ يىغا - زارى زىبىدىخان ئانىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزەتتى. ئانا بۇ دۇنيالىقتا ئەتىۋارلىق بۇ يالغۇز قىزىنىڭ كىچىككىنە كۆڭۈل غەشلىكىنىمۇ كۆڭلىگە سىغدۇرالمايتتى. قىزى ئۇچۇن ئوت دېسە ئوتقا، سۇ دېسە سۇغا كىرىشكە رازى ئىدى. ئولتۇرسا-قوپسا ئويلايدىغىنى، دۇئا-تىلاۋەتلىرىدە تىلەيدىغىنىمۇ ئايزۆھرەنىڭ بەختى ئىدى. زىبىدىخان ئانا ئاچچىق بىر نەرسىنى يۇتۇۋالغان كىشىدەك تولغۇنۇپ قايتىلاپ يۇتتى-دە، قىزىنى بەزلەشكە كىرىشتى:
— بولدى قىل قىزىم. بۇنداق يىغلاۋەرسەڭ ئۆزۈڭنى تۈگەشتۈرۈۋالىسەن.
— ئانا، سالىدىن ئاجراشمىسام بولمايدۇ. شۇنچە قىلسامۇ، كۆيۈنسەممۇ، ھەممىدە ئۆيلۈم، ئېرىم دەپ ياشاپ كەلسەممۇ قىلغىنىمنى بىلمىدى، — دېدى ئايزۆھرە يىغىدىن ئۆزىنى توختىتىپ.
— ئاجراشماقچىمۇسەن؟ — ئانىنىڭ يۈرىكى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى. «دېمەككىغۇ ئاسان، بىراق...» زىبىدىخان ئانا خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاجىز ئىدى، — ئالدىرىما قىزىم. مەن ساڭا دېسەمچۇ، مۇشۇ تۇرقۇمدا سالىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، نەچچىنى كاچاتلىغۇم، ئەر كىشى بولغاندىكىن ئەردەك ياشىسىگىز، خوتۇن كىشىنىڭ قازان-قومۇچ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسىگىز بولماسمىدى، دەپ تازا

بىر تىرىكتۇرۇپ، سىڭلى ئۇرۇپ-دۇمباللىغىنىغا ئوبدان بىر تويغۇزۇپ قويغۇم بار ئىدى، بىراق، شۇ...، — ئانا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېلدى، ئايزۆھرە جىددىيلىشىپ قالدى:
— سۆزۈڭىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدىڭغۇ ئانا؟
— بولدىلا، ئاچرىشىدىغان ئادەمگە بۇ گەپلەرنى دەپ نېمە قىلاي.
— ئاۋۋال دەپ باقمامسەن؟
— دېمەيمەن.
— دېمىسەڭمۇ بىلىپ بولدۇم. سالىنىڭ قول ياندۇرۇپ قېلىشىدىن قورقتۇڭ، شۇنداقمۇ ؟!
— ۋوي جۇۋاينىمەك، دېگەن گېپىڭگە قارا ! نەدىمۇ قېينئانا بىلەن كۈيئوغۇل مۇشتلاشقان ئىش بار. مەن مۇنداقلا دەپ قويسام، راست ئوخشايدۇ دەپ قالدىڭمۇ. ساڭا دېسەمچۇ، بۇنداق ئائىلە ماجىراسىغا ئارىلاشقان ئاتا-ئانىنىڭ ئۆزى ئەخمەق. تۇرمۇش دېگەن بىردە ماي تارتىشقۇلۇق، بىردە ياراشقۇلۇق. بەك بولمىغاندا تەربىيە-نەسىھەت قىلىپ، ئىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويساقلا بولدى. يالغۇز قولدىن چاۋاك چىقمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. جېدەلمۇ يالغۇز بىر تەرەپنىڭ ئىشى بىلەن چىقمايدۇ، شۇڭا سەنمۇ ھەممە گەپنى سالىغا يۈكلەپ قويماي، ئۆزۈڭ توغرىسىدىمۇ ئوبدانراق ئويلان. قارا، قىلغان ئىشىڭنى، يەڭگەڭ شۇنچە يالۋۇرۇپ-يېلىنىسىمۇ قايتىپ كەپسەن، — زىبىدىخان ئانا قىزىنىڭ يۈز-كۆزلىرىدىكى كۆككە قاراپ ئىچى ئاچچىق بولغان، سالىغا نەپرەتلەنگەن بولسىمۇ، قىزىنىڭ ئاچرىشىش توغرىسىدىكى گەپلىرىدىن، يەنىلا سالى ئۈچۈن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشنى لايىق تاپتى. ئۇ، قىزىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى، — قارا قىزىم، بىزدە «پۇت يوگۇرۇكى ئاشقا، ئېغىز يوگۇرۇكى باشقا» دېگەن گەپ بار، كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، سىڭلىڭ مۇشۇ ئاغزىڭمۇ ئانچە گال ئەمەس، سالاخۇن بەلكىم مۇشۇ ئىتتىك ئاغزىڭدىن چىققان پىلموت ئوقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يەل قويۇۋەتسە كېرەك، ھە، — ئانا ھېقىقداپ

كۆلۈپ كەتتى، — شۇڭا، ئۇ ساڭا مۇشت كۆتۈرگەن گەپ. بولمىسا قارىغايدەك بىر ئەركەك تۇرۇپ، سەندەك ئاجىز بىر مەجنۇنغا مۇشت ئاتماس ئىدى.

— ئانا، ساڭا ئۇيۇن بولۇپ بەردىمۇ نېمە. قېنى دېگىنە، ئاجرىشىشىمغا قوشۇلدۇڭمۇ - يوق؟

— راستىمنى دېسەم ئاجرىشىشىڭغا قوشۇلمايمەن. بولسا پاقلاندەك ئوغۇلدىن بىرنى تۇغۇپ بەر.

— ئۇ ئۆيگە ئىككىنچى ئاياغ باسقۇم يوق، — ئايزۆھرە دومسايغىنىچە يەنە يىغلاشقا كىرىشتى.

ھەرقانداق بىر ئانا ئۆز پۇشتىنىڭ بەخت-سائادىتى، خاتىرجەم، ئاسايىشلىقىنى ئويلايدۇ. پەرزەنتىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقىدۇ. پەرزەنت خۇشاللىقىنى ئۆز خۇشاللىقى دەپ بىلىدۇ ۋە شۇ خۇشاللىق ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار پەرزەنتىنىڭ قان-ياشلىق قىسمىتىنى كۆرۈشتىن قورقىدۇ. زىبىدىخان ئانا ئۈچۈنمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە. زىبىدىخان ئانا كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قىزىنى بەزلەشنى، ئۇنىڭغا تەربىيە-نەسىھەت قىلىشنى راۋا كۆردى.

— قىزىم، — دەپ گەپ باشلىدى ئانا، ئايزۆھرەنىڭ مەڭزىنى بويلاپ سىرغىغان ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — تولا يامانلاپ يۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئەقىلسىزلىك. خوتۇن كىشى تولا يامانلىسا ئەر كىشىنىڭ كۆڭلى سوۋۇيدۇ، دەيدىغان گەپ بىكار ئېيتىلغان ئەمەس. يەنە كېلىپ تۇرمۇش دېگەن شۇنداق مۇرەككەپ، ئەگرى- توقاي، مەنزىلى تولىمۇ مۈشكۈل. ئادەمنىڭ ھاياتى جاپا-مۇشەققەتلىك قىسمەتلەرنىڭ بولغانلىقى بىلەن مەنىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك. ئويلاپ باقتىڭمۇ، ئادەم كۈنبويى ھېچكىم بىلەن گەپلەشمەي، زاكونلاشماي، ھەممە ئىشتا ئۆزۈمنىڭ توغرا، مەندىن نوچىسى يوق، دەپ بىرقانچە يىل يېگانە ئۆتسە، كېيىن كىشىلەر توپى ئىچىگە كىرگىنىدە ئۇ نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ ئۇنىڭ ئېرىشىدىغىنى ھەممىدىن كېيىن قېلىش، ھېچكىمنىڭ ھۆرمىتىگە

ئېرىــشەلمەسلىك. دېــمەك، ئىنســان رىقــابەت ۋە جەبىــر-جاپــا ئىچــىدە تاۋلىنىپ پىــشىپ يېتىلىــدۇ، مۇكەممەللىــشىدۇ. ھېچقانــداق بىــر جەبىــر-جاپاسىــى بولمىغــان تۇرمۇشــنىڭ مــۇكەممەل بولــۇپ كېتىــشى ناتــايىن. مەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان، ساڭا ئېيتىپ بېرەي:

بىــر جــۈپ ئاشــىق-مەشــۇقلار تــوي قىپتــۇ. تويــدىن كېــيىن ناھــايىتى ئىجىل-ئىناق ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، بىر-بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىكەن. گەپمۇ تالاشمايدىكەن... مۇشۇ تەرىقىدە يېرىم يىلچە ئۆتكەن بىــر كــۈنى، ئايــالى ئېــرىگە كۈلــۈپ تــۇرۇپ ئېغىز ئېچىپتۇ:

— بىز ئايرىلىپ كېتەيلى.

— چاقچاق قىلماڭ، — دەپتۇ ئەر ھەيرانلىق بىلەن.

— راست دەۋاتىمەن.

ئەر ئايالىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى جەزم قىپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبلىك سادىر قىلغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەي، ئايالىدىن سوراپتۇ:

— مەن سىزنى ئوبدان كۈتەلمىدىممۇ؟

— ياق.

— كۆڭلىڭىزگە ئازار بەردىممۇ؟

— ياق.

ئەر نېمىنىلا سورىسا ئايــالى يــاق دەپ جــاۋاب بېرىپتــۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شــۇنداق ئىــكەن. ئەر ھەمــمە جەھەتــتىن لاياقەتلىــك ئىــكەن. تاقەتسىزلەنگەن ئەر بار ئاۋازى بىلەن تووۋلاپتۇ:

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئاجراشماقچىسىز؟

— مۇشۇنداق بىر سالاپەتسىزنى بۇرۇنراق كۆرمىگەنلىكىمگە ئاجراشماقچىتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال مەيۈس ھالەتتە.

زىبىدىخان ئانا قىزىغا ئوتلۇق مېھىر بىلەن قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— مانا بۇ ھېكايىدىن نېمىنى چۈشەندىڭ قىزىم ؟

— بۇ دېگەن ھېكايە، ئانا.

— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، بىركىم بىركىمنى ياخشى كۆرمىسە ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارى. توختام سۇدەك تۇرمۇشنى تۇرمۇش دېگىلى بولمايدۇ. بۇنداق دېگىنىم ئۇرۇشۇپلا ئۆتۈش دېگەنلىك ئەمەس. دېمەكچىمەنكى، كىچىككىدىن ئىككى ئائىلىدە، ئىككى خىل مۇھىتتا چوڭ بولغان ئىككى كىشىنىڭ بىر ئۆيگە كىرىپلا ئىجىل-ئىناق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بىر-بىرىنى چۈشىنىشكە مەلۇم ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا، ئاجرىشىشنىڭ گېپىنى قويۇپ، ئۆيۈڭگە قايتساڭمىكىن دەيمەن. نەسىھەتىم: ئېرىڭگە ئىشەن، ئۇنى قوللا، ھۆرمەت قىل، ئىتائەتمەن بولۇپ، كۈتكەن يېرىدىن چىق. ئاغزىڭنى ئىتتىك قىلما. ئۇرۇنسىز ئىشلارغا بەكلا چالۋاقاپ كەتمە. ئېغىز غېرىچلىما. جازىبىلىك، مۇلايىم ھەم ئاق كۆڭۈل بول. ئەدەپ، ھايا، پاكلىقنى ئۆزۈڭگە مەڭگۈلۈك دوست تۇت. ئېرىڭنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشاللىق، قايغۇسىغا قايغۇ بېغىشلا. ئۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۇنىڭغا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، كۆڭۈل تۈگۈچىنى يېشىشكە ياردەمدە بول، ئەپۇچان بول، ئۆتكەن ئىشنى تەگەپ ئولتۇرما. ئايال كىشى شۇنداق قىلغاندا ئېرىنىڭ ئىززەتلىشىگە، كۆيۈنۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ، تۇرمۇشى ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولۇپ، بەختلىك ياشايدۇ. سېنىڭ نەسىھەتلىرىمدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆز سەۋەنلىكلىرىڭ ئۈستىدە ئويلىنىپ، نۇقسانلىرىڭنى تۈزىتىشكە تىرىشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ماڭ بارغىن، ئۆيۈڭگە كەت قىزىم...

ئەتىسى ئايزۆھرە ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە قورۇ ئىشىكى يېپىقلىق بولۇپ، ئۆيدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى. «ئادەتتە سىرتقا چىققان ھامان قۇلۇپلىنىپ تۇرىدىغان ئىشىكنىڭ ئوچۇقلۇقىغا قارىغاندا ئانچە يىراققا كەتمىسە كېرەك» دەپ ئويلىدى ئايزۆھرە ئېشەككە ئوت تاشلاۋېتىپ، ئۇ، ئۆي، ھويلا-ئارانلارنى سۈپۈرۈپ پاكىزلاپ يىغىشتۇرغاندىن كېيىن

كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلدى. تاماقنى پىشۇرۇپ، سالىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇردى. ئەلياتقۇ بولغان بولسىمۇ سالىدىن ھېچبىر سادا يوق ئىدى.

«بەلكىم بۇۋىمەريەم ھەدەمنىڭ ئۆيىگە كەتسە كېرەك...»

ئايزۆھرە قورسىقىنى توقلاپ بولغاندىن كېيىن ئارام ئالماق بولۇپ تۇرۇۋىدى، قورۇ شادىسىنىڭ تاراقشىشىغا قوشۇلۇپ بىرىنىڭ تونۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـــ سالى مۇئەللىم...ھوي سالى مۇئەللىم.

ئايزۆھرە سىرتقا چىقتى. قورۇ سىرتىدا تام قوشنىسى سوپاخۇن پالتا تۇراتتى. ئۇ، سوپاخۇن بىلەن ئادەتتىكىدەك سالام-سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن قورۇ شادىسىنى ئېچىۋېتىپ دېدى:

ـــ ئانامنىڭكىگە بېرىپ قايتىپ كەلسەم ئۆيدە ئادەم يوق تۇرىدۇ، بۇۋىمەريەم ھەدەمنىڭكىگە كەتسە كېرەك

ـــ بۇۋىمەريەمنىڭكىگە،ـــ دېدى سوپاخۇن .

ـــ شۇنداق، قېنى ئۆيگە كىرسىلە.

ـــ ئۇنداقتا كېسىلى ئېغىر ئوخشايدۇ...

ـــ كىمنىڭ ؟ـــ سورىدى ئايزۆھرە ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە يانماق بولۇپ تەمشىلىۋاتقان سوپاخۇندىن.

ـــ كىمنىڭ بولاتتى، بۇۋىمەريەمنىڭ.

ـــ بۇۋىمەريەم ھەدەمنىڭ ؟

ـــ شۇنداق، سالى ئۇنى تونۇگۈن دوختۇرغا ئېلىپ كەتكەن. شۇ چاغدا بۇۋىمەريەم ھوشسىز ئىكەندۇق. مەن ئات ھارۋىسىنى قوشۇپ بەردىم. ھارۋىغا سېلىپ يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغان. ھېلىتىن قارىسام ئۆيدە چىراغ يورۇق تۇرىدۇ، قايتىپ كەلگەن چېغى دەپ كىرىشىم ئىدى. گېپىڭىزگە قارىغاندا سىزنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز يوق ئىكەن-دە.

ـــ بۇ، بۇ... ـــ ئايزۆھرە دۇدۇقلىغىنىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىرىدى. سوپاخۇننى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۆيگە يۈگۈرۈپ

كىرىپ كەلدى، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، ھويلا-ئارانى قۇلۇپلاپ دوختۇرخانا تامان يول ئالدى.

ئايزۆھرە دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە يېرىم كېچە بولغانىدى. سالى كېسەلخانىغا كىرىپ كەلگەن ئايزۆھرەگە لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن سوغۇق بىر نۇر يالت قىلىپ ئۆتكەندەك بولۇپ، ئايزۆھرەنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. ئايزۆھرەنىڭ بەدەنلىرى سوغۇق تەرگە چۆمۈلگەنىدى. ئۇ تاماق قاچىسىنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن كارىۋاتقا يېقىنلاپ كەلدى.

بۇۋىمەرىيەمنىڭ كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن بولۇپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە ئېغىر نەپەس ئېلىپ ياتاتتى. ئايزۆھرەنىڭ ئەمدىلا 43 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان تۇرۇقلۇق موماي بولۇپ كەتكەن بۇۋىمەرىيەمنىڭ جانسىز تۇرقىغا، ياداپ كەتكەن تاتىراڭغۇ چىرايى، پېشانىسىدىكى ۋاقىتسىز چۈشكەن تال-تال قورۇقلارغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلدى، كۆز چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى پەيدا بولۇپ، ئاستا-ئاستا سىرغىدى...

## 5

«ئۆزى كەتكەن يارەي، ئۆزى كەلگەن يارەي»... ئايزۆھرەنىڭ قايتىپ كېلىشى سالى ئۈچۈن خۇشاللىق بولماستىن، ئەكسىچە ئايزۆھرەنىڭ زىتىغا تېگىدىغان كوزىر بولۇپ قالغانىدى. سالى ئورۇنسىز ئىشلار بىلەن جېدەل قىلغانىنىڭ ئۈستىگە ھە دېسىلا ئايزۆھرەگە تاپا-تەنە قىلىپ، ئۇنى ئۆيدىن چىقىشقا قىستايتتى. ئارىدا قانچە قېتىملاپ جېدەللەر بولغىنىغا ئېنىق بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى. مانا بۈگۈنمۇ ئورۇنسىز يۈز بەرگەن جېدەل ئايزۆھرەنىڭ بۇ ئۆيدىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولدى.

ئايزۆھرە سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ يولدىشىغا ناشتىلىق تەييار

قىلدى. ئۇنى مەكتەپكە يولغا سالغاندىن كېيىن ھەدىسىگە تاماق ئەتتى. ھويلا-ئارانلارنى سۈپۈرۈپ، ئوچاقنى يۇزلەپ، باغنىڭ سۈيىنى تۇتتى. ھەدىسىنىڭ دورىلىرىنى قايناتتىپ، چۈشلۈك تاماقنى تەييار قىلدى. چۈشتىن كېيىن سالىنىڭ كىرلىرىنى يۇدى. يوتقان-كۆرپىلەرنى قېقىشتۇرۇپ ئاپتاپقا سالدى. زاۋال بىلەن كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلماق بولۇپ ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئېلىۋاتاتتى، سالى كىرىپ كەلدى.

سالىنىڭ چىرايى تولىمۇ سولغۇن ئىدى. ئۇ ئوچاق بېشىدا پايپېتەك بولۇۋاتقان ئايزۆھرەگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. تاپسىدا ئولتۇرۇپ پۇتىنى كۈچەپ سىلكىۋىدى، لاي-پاتقاققا مىنەلگەن ئاياغ قازاننىڭ ئۇستىگىلا چۈشتى. سالى مىيىقىدا كۈلگىنىچە كىيىملىرىنى تاپسىغا سېلىپ تاشلىدى. كاڭنىڭ بۇلۇڭىغا سۇرۇلۇپ، ئورۇن-كۆرپىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆك تاماكىدىن بىر پىنەك ئوراپ چېكىشكە باشلىدى.

ئايزۆھرە قازاننى قايتىلاپ يۇغاندىن كېيىن سالىنىڭ ئايىغى ۋە تاپسىدىكى لاي-پاتقاق دەستىدىن رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولماس ھالەتكە چۈشۈپ قالغان كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ، سىرتقا ئاچىقىپ سۇپا ئۇستىگە تاشلاپ قويدى. ئەنە شۇ دەقىقىدە ئېغىر خورلۇق تارتقاندەك ھېس قىلدى-يۇ، يەنە ئۆزىنى زورىغا باستى. ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردى. تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسى ئۆينى بىر ئالغانىدى. ئايزۆھرە ئىشىكنى شۇنداقلا ئېچىشى سالىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— ھەي، ئەتىگەندىن بېرى سۇ تۇتىمەن دەپ مۇزدەك سۇدا يۈرۈپ توڭلاپ كەلسەم ئىشىكنى ئاچقىنىڭ نېمىسى؟ ئىچىڭ قىزىسىپ كەتكەن بولسا تالاغا چىقىپ شامالداپ كىرمەمسەن. ئاتاڭنىڭ يېرى كەتكىلى نەۋاق-ھە ! ئەتىگەندىن بېرى بىكار يېتىپ، ئەمدى تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى. كۈن يورۇقىدا ئەتسەڭ بولمامدۇ تاماقىڭنى. قېنى ئېيتە، نەلەردە غىلجىڭلاپ يۈردۈڭ؟ ياپە ئىشىكنى، — ئايزۆھرە سالىغا شۇنداقلا بىر قارىدى-يۇ، ئۈن-تىنسىز ھالدا ئىشىكنى يېپىۋىدى، سالى تېخىمۇ

ئەدەپ كەتتى، ـــ نېمىگە ئالىيسەن، نېمىگە. ئالايغۇدەك نېمە قىلدىم ساڭا. بېقىپ قويغۇنۇم گۇناھ بولغان ئوخشىمامدۇ؟

ـــ ئېغىر كەلگەن بولسام ئانامنىڭكىگە كېتەي.

ـــ ئەنە يول. ئۆزۈڭ كېتىپ يەنە ئۆزۈڭ كېلىسەن. ئارقاڭدىن بارىدىغانغا ۋاقتىم يوق مېنىڭ...

ـــ بولدى قىل ئۇكام. سەنمۇ بەكلا ئۇششاق سۆز ئىكەنسەن. بىر ئېغىز گەپتىن قالساڭ بىرەر يېرىڭ كەملەپ قالامدۇ سېنىڭ.

ھېلىتىن ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ ياتقان بۇۋىمەريەم ئىلاجسىز ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

ـــ نېمە دەۋاتىسەن ھەدە. قارا ئۇنىڭ گېپىنىڭ يوغانلىقىنى. ئەتىگەندىن بېرى ئۆيدە بىكار يۈرۈپ، شۇ كەمگىچە بىر قازان ئاشنى پىشۇرۇپ بولالمىغىنىنى قارا. داۋاملىق شۇنداق قىلىدۇ. باشقا ۋاقتىنىغۇ تىلغا ئالمايلى، بۈگۈن سەن تۇرۇقلۇقمۇ شۇ كەمگىچە ئاش ئەتمەپتۇ.

ـــ مېنى بىردەم بولسىمۇ ئارامخۇدا ئولتۇرسۇن دېسەڭ قارىسىغا گەپ قىلما ئۇكام، ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بېرى يېنى يەرگە تەگمىدى. بۇنداق كۆزۈڭنى يۇمۇپلا گەپنى قىلىۋەرسەڭ يامان بولىدۇ، ـــ بۇۋىمەريەمنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار ئەگىيتتى، ـــ ئاھ خۇدا ! ئايال كىشى نېمىدېگەن ئاجىز-ھە ! ئەر كىشى نېمە دېسە بىز ئۈچۈن گۇناھ بولۇۋېرىدۇ، ـــ بۇۋىمەريەم ئېسەدەپ يىغلايتتى، ـــ ئاش ئەتمىدى دەمدۇ، سىرتقا قارىدى دەمدۇ، ماڭا گەپ ياندۇردى دەمدۇ ياكى گۆلەيدى، ئاياللىق بۇرچىنى ئادا قىلمىدى... ئىشقىلىپ نېمە دېسە بولۇۋېرىدىكەن.

ـــ ھەدە، بۇ سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ ؟

ـــ ساڭا دېسەم، ئايزۆھرە ئەتىگەندىن بېرى پۇت-قولى يەرگە تەگمەي ئىشلىدى. ئەتىگەندە ساڭا تاماق قىلىپ مەكتىپىڭگە يولغا سالغاندىن كېيىن ماڭا ئايرىم تاماق تەييارلىدى. ھويلا-ئارانلارنى سۈپۈرۈپ پاكىزلاپ، ئوچاق يۇزلىدى، كىر-قات يۇيۇپ، ئوتۇن كەسلىدى. يەنە نېمە قىلىپ بەرسە بولاتتى ساڭا؟

— سەن بىلمەيسەن ئاچا. بۇگۈن سېنى بار دەپ شۇنداق قىلغان گەپ، — سالى ئايزۆھرەگە نەزىرىنى ئاغدۇرغانىدى، ئايزۆھرە سەتلا بىرنى ئالىپ، ئاغزىدا قىلىق چىقىرىپ سالىنى دورىدى، — ساددا كۆزلۈنگىنى بىلەن قاغجالما بولۇپ كەتكەن نېمە بۇ!

— كىم قاغجالمىكەن، قاغجالما دېگەن ئۆزۈڭ.

— كوت-كوت.

— سەن دەۋالغۇچە مەن دەۋالاي، دەپ ماۋۇ بولۇمسىزنىڭ دەپكەتكىنىنى. قاراپ باقا تۇرقۇڭغا، زادى كىمكەن كوت-كوت.

— نېمە دەيسەن، ھە نېمە دېمەكچىسەن. ھېلى دېگەن گېپىڭنى يەنە بىر دېگىنە قېنى...

ئۇلار بۇۋىمەريەمنىڭ بەزلەشلىرىگە، ۋارقىراشلىرىغا قۇلاق سالماستىن ئۆز جېدەللىگە كىرىشىپ كەتتى. ھەدىسىدىن ئەيمەنگەندەك قىلىپ ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ زاكونلاشتى. بۇۋىمەريەمنىڭ سىرتقا چىقىپ ئۇلارنى بېسىقتۇرغۇدەك مادارى بولمىغاچقا، ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى. ھاۋا بەكلا سوغۇق ئىدى. سىرتتا ئۇلارنى بەزلەيدىغانغا ياكى ئۇلار سەت بولارمۇ دەپ ھېيىقىدىغانغا ئەتراپتا ھېچكىم بولمىغاچقا جېدەل بارغانچە ئەدەشكە باشلىدى. ئايزۆھرە قانچە ئېغىر بولغانسېرى سالى شۇنچە ھەپشەرىدى. بولۇنغان گەپلەر تىلغا ئالغۇسىز دەرىجىدە بولۇپ، جېدەلنىڭ ئاخىرى ئۇرۇپ-دۇمبالاش بىلەن ئاياغلاشتى.

كونىلار: «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دەپ توغرا ئېيتىسا كېرەك، سالى ئەپەندىم قاراشتا شۇنداق ياۋاش، مۇلايىم، بىر كىشىگە تىكىلىپ قارىغۇچىلىكى يوق دېيەرلىك بولغىنى بىلەن، گەپلىرى تولىمۇ سېسىق ھەم تۇتۇرۇقسىز ئىدى. نەچچە ئون يىللاپ ئۆتكۈزگەن بويتاقلىق تۇرمۇشىنىڭ يالدامىسىمۇ ياكى شۇنداق بىر خۇيىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشىدىغان چېپىلغاق مىجەزى ئايزۆھرە ئۈچۈن ئېغىر ئازاب ۋە ئەلەم

ئىدى. «ئەر دېگەن ئەردەك بولسا» دەيتتى ئايزۆھرە بەزى چاغلاردا ئۆز-ئۆزىگە. «ماي كۆپ كېتىپتۇ. ئاشنى كۆپ ئېتىۋېتىپسەن. بۇنچە بالدۇر ئاش ئېتىپ كىمنى ساقلىماقچىدىڭ. بۈگۈن بەك ياسىنىپ كېتىپسەن، بىرى بىلەن مەخپىي كۆرۈشمەكچىمۇ نېمە ؟...» دېگەندەك چوپلىدا توختىمايدىغان ئۇششاق گەپلەر بىلەن جېدەل قىلغان. بىرەر ئىشقا مەسلىھەت سورىسا، «شۇنچىلىك ئىشنىمۇ مەندىن سورامسەن. كىمگىنى زاڭلىق قىلىسەن» دەپ ئۇرۇشقان. سورىماي قىلسا، «سەن نېمانداق باشباشتاق. ئىش دېگەننى بار مەسلىھەت بىلەن قىلمامسەن» دەپ ئۇرۇشقان...

ئايزۆھرەنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇ، ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن ئانىسىنىڭكىگە يەنە بىر قېتىم يامانلاپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

قىزىنى ئارقا-ئارقىدىن تۆت نۆۋەت تەربىيە-نەسىھەت بىلەن ماڭدۇرۇپمۇ كۆڭلى ئەمىن تاپمىغان زىبىدىخان ئانىنىڭ يۈرەك-باغرى ئېزىلىپ، كۆزلىرى قان-ياشقا تولدى. ئۇياققا قارىسا يۈرەك پارىسى — قىزى، بۇياققا قارىسا ئەل-جامائەت... «شۇنچە ياشقا كىرگەندە بالىنى ئېرىدىن ئاجرىتىۋالسامەن، دەپ يۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئەخمىقانىلىك. خەلقئالەم ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ» دەيتتى ئانا چوڭقۇر خىياللار قايىنمىغا ئەسىر بولۇپ.

«قانداق قىلغۇلۇق؟ ھە دېگەندە ئۇرۇپ-دۇمبالاپ، ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارسا، ئۆزرىخاھلىققا بىرەر ئېغىز تاتلىق سۆزىمۇ بولمىسا، يەنە نېمە دەپ ئاپىرىپ قويغۇلۇق. ئايزۆھرەنى يەنە قىستاۋەرسەم ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا...» ئانا يەنە ئۆز قىزىغا نەسىھەت قىلىشقا كىرىشتى:

— ئېغىر بول قىزىم. ياخشى كۈنلەر تېخى ئالدىڭدا. سالىمۇ كۆپ ئوقۇغان، تەربىيە كۆرگەن، يەنە كېلىپ ئوتتۇرا ياشنىڭ بوسۇغىسىغا ئاياغ باسقان ئادەم. ئاق-قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكى بار. بەلكىم ئۇمۇ

يالغۇزچىلىقتا ئۆگىنىپ قالغان خۇيىنى ئۆزگەرتەلمەي ھەس-ھەستە بولۇۋاتقاندۇ، سەۋەنلىكلىرىنى تۈزىتىشكە تىرىشىۋاتقاندۇ. بۇنچىلىك ئىشنى دەپ ئاجراشتىڭ دېگەندىمۇ، ئەر دېگەننى سوقتۇرۇپ تېگىشۋالغىلى بولمايدۇ، يەنە بىرىگە تەگسەڭ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇي-پەيلى بار-دە. يەنىلا سالىدەك كۆپنى كۆرگەن، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق-سوغۇقىدا تاۋلانغان ئادەم ياخشىراق. پىشقان ئەرلەر يىراقنى كۆرەرلىك كېلىدۇ، ئاياللارنى قانداق ئاسراشنى بىلىدۇ، بۇزۇپ-چاچمايدۇ. تېجەشلىك بىلەن ئائىلە باشقۇرۇپ، تۇرمۇشىمۇ باياشات ئۆتىدۇ...

«كۆپنى كۆرگەنمىش تېخى. تۇرمۇشى باياشات ئۆتىدۇ دەپ كەتكىنىچۇ. ئۆلىدىغان جانغا بىر سىنىتنىڭ تۆشۈكىدىن 41 ئۆتۈپ كۆن كەچۈرگەننىڭ نېمە ئەتىۋارى بولسۇن. يا بىرەر دوستىنىڭ تايىنى بولمىسا، يا تىترىمەي تۇرۇپ تۆت تەڭگە پۇلنى ئۆي ئۈچۈن چىقىم قىلىشقا چىدىمىسا. ھە دېسە قازان بېشىغا چىپىلىپ، ئۇششاق گەپ سېتىپ كوتۇلداپلا يۈرسە...»

ئايزۆھرە كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەن بەزى ئىشلارنى ئانىسى بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولدى-يۇ، يەنە ئانىسىنى چارچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېغىز ئاچمىدى...

ئاپئاق لىباسقا ئورالغان زىمىن 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ سۈتتەك سۈزۈك نۇرى ئاستىدا كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان تىپتىنچ كېچە، ئانا قىزىنى باغرىغا باستى. كۆز يېشى قىلدى-يۇ، ئۆز ھالىتىنى قىزىغا كۆرسەتمىدى. ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، بار غەيرىتىنى يىغىپ قىزىغا يەنە نەسىھەت قىلدى، ئېرى بىلەن تەڭ بولماسلىقنى، ئۇنى ھۆرمەتلەپ، خىزمىتىدە بولۇپ، ئاياللىق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىشنى قايتىلاپ تاپىلىدى.

— بۇۋىمەريەم ھەدەمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى ئانا. قارىسام بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. چىرايىمۇ شۇنداق نۇرسىز. ئىلگىرىكى گۈزەل رۇخسارىدىن قىلچىلىك ئەسەر قالماپتۇ. شۇنىڭغا قاراپ، ئەرنىڭ زۇلمى

ھەرقانداق بىر جەبىر-جاپا، مۇشەققەتتىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. قارا ئۇنىڭغا، بىر ئەرگە 25 يىل خوتۇن بولۇپ، خىزمىتىنى قىلىپ، كېسەل چاققاندا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغىنىنى. شۇنىڭغا قارىسا، ئەرگە تەگمەي ئۆتكەنمۇ تۈزۈككەن دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ.

ئانا قىزىنىڭ دېگەنلىرىدىن بىرئاز ئويلىنىپ قالدى ۋە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. «بىر پەلەكتە مىڭ خەمەك» دېگەندەك، ھەقىقەتەن شۇنداق نائىنساب، نامەردلەرمۇ يوق ئەمەس، بىراق، ئۇلار دەۋر ئەركەكلىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بىزدە يەنە ئەل-ۋەتەن، ئائىلە، پەرزەنت ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىشتىن قىلچىمۇ باش تارتمايدىغان ئەركەكلەر تولىمەنمىڭ. ئىشىنىڭ يامان تەرىپىنى كۆپ ئويلىماي، ياخشى تەرىپىنى ئويلا قىزىم. ئاللا بەختىڭنى بەرسۇن...

ئانا-بالا ئېغىر ياتقۇغۇچە مۇڭداشتى. ئايزۆھرە كېچىچە كىرپىك قاقماي دېگۈدەك تاڭنى ئاتقۇزدى. سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماق تەييارلىدى. تاماقتىن كېيىن ئانىسىنىڭ قايتىلاپ دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا ئائىلىسىگە قاراپ يول ئالدى.

※ ※ ※

قار ياغقىنىغا قارىماي ھاۋا خېلىلا ئىسسىق ئىدى. بىراق، كېچىدىن بېرىقى ھاۋا شۇۋىرغانلىق بولغاچ، قار ئۇچقۇنلىرى ئادەمنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى.

سالى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ھەدىسىگە ناشتىلىق تەييارلىغاندىن كېيىن ئالدىراپ يولغا چىقتى. يوللار مۇز تۇتقان بولۇپ، يول يۈرمەكمۇ تەس ئىدى.

«ئەستا، كېچىكىدىغان بولدۇم-دە... — سالى تېز-تېز قەدەملەر

بىلەن كىتىپ باراتتى، تۇيۇقسىزلا يىقىلىپ چۈشتى، — ئەكەتسە ئاتامنىڭكىنى ئەكەتمىگەندىكىن، تونۇگۈن كەچتە تەقسىم قىلىۋېتىپ كەلسەمغۇ مۇشۇ بالا يوق ئىدى. ھەسسىنىمەي...»

سالى غۇدۇرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىنى قېقىشتۇردى.

«مەكتەپتىن، ئوتۇن-كۆمۈرنى ھەر كۈنى كەچتە بالىلارنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىنلا تارقىتىپ بېرىڭ، دەپ ئورۇنلاشتۇرسا ئاكتىپلىق قىلىپ، ئەتىگىنى بالدۇرراق ئىشقا كېلىپ تارقىتىپ بېرەي دېگەندىكىن ئۆزۈمگىمۇ ئاز. كەچتە تارقاتسام ئوقۇتقۇچىلار ئۆيلىرىگە ئەكېتىپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ نېمىمۇ قىلار ئىدىم. يېقىن يولاپ بولغۇچە قارىسى يۇقۇپ تۇرغان نېمىنى كىممۇ ئۆيلىرىگە ئوغرىلىقچە سۆرەپ يۈرەر ئىدى...»

خىيال بىلەن مەكتەپكە يېتىپ كەلگەن سالى سىنىپلارنىڭ ئوتۇن-كۆمۈرلىرىنى جاي-جايىغا تارقىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىشخانىلارنى سىيرىپ-سۈپۈرۈپ، مەشكە ئوت ياقتى. گۈللەرگە سۇ قۇيدى. ئارقىدىن ھەربىر سىنىپنى ئارىلاپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپلارغا ئوت يېقىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلدى. 5-يىللىققا كىرىۋىدى، ئەھۋال باشقىچە بولۇپ چىقتى. سالى ئۆزىنى ھاردۇقى چىقىپ قالغاندەك ئازادە ھېس قىلدى. چىرايىغا قىزىللىق تېپىپ، ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللاندى.

«ھە، ئەمدى ئىش ئوخشايدىغان بولدى. مۇئەللىملەر بىزنىڭ نەمۇنىچىمىزنى بىر كۆرۈپ قويسۇنچۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شۇنچە قىلىپمۇ قايىقانغا چۈشمىگەنىدى. چاشقان ھەرقانچە ھىيلىگەر بولسىمۇ، ماھىر ئوۋچى مۇشۇكنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغىنى يوق. ھامان بىركۈنى تۇزاققا چۈشىدىغان گەپ-تە... مانا بۈگۈن، يەنە كېلىپ قار ياغقان سوغۇق كۈندە، خۇددى قاردا ئىز قالدۇرۇپ قويغان توشقان ناھايىتى تېزلا تۇتۇلۇپ قالغىنىغا ئوخشاش... تازىمۇ بىر ئىش بولدى-دە»، ھا...ھا...ھا... سالى خىيالىنىڭ ئاخىرىنى تېزلا يىغىشتۇرۇپ قانغىچە بىر كۈلۈۋالغاندىن كېيىن دەرس مۇنبىرى ئۈستىدىكى تاپشۇرۇق دەپتىرىدىن بىر ۋاراقنى يىرتىپ ئالدى ۋە مەشكە ئوت يېقىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ

تۇرغان ئوقۇغۇچىغا قاراپ دېدى:

— مۇئەللىملەر ئۆزى ئوت ياقىدۇ، دەپ ئورۇنلاشتۇرغان تۇرۇقلۇق سەن نېمىش قىلىۋاتىسەن ؟

— مەن... مەن... ، — دۇدۇقلىدى ئوقۇغۇچى قورقۇمسىراپ.

— ئالدىرىماي سۆزلە. ھەر كۈنى سەن ئوت ياقىسەن، شۇنداقمۇ ؟

— يا...يا...ياق، شۇ بۈگۈن.

— ھە بۈگۈن. بۈگۈن نېمە بولدى ؟

— بۈگۈن مۇئەللىمنىڭ ئازراق ئىشى بار ئىكەندۇق. شۇڭا، مېنى ئوت يېقىۋەت دەپ بۇيرۇغانىدى.

— ھە بولدى. مۇشۇ گېپىڭلا كۇپايە. مانا ماۋۇ يەرگە ئىسمىڭنى يېزىۋەت.

سالى ئوقۇغۇچىنىڭ دېگىنى بويىچە خاتىرە قالدۇرغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمزاسىنى قويدۇردى-دە، ماھىر رازۋېدكىچىنىڭ بىرەر دېلونى پاش قىلىپ، جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئۆز ئىقرارنامىسىنىڭ ئاخىرىغا ئىمزاسىنى قويدۇرغان دەقىقىلەردىكى ھالىتىگە ئوخشاش روھلۇق بىر كەيپىيات بىلەن سىنىپتىن ئايرىلدى.

5-يىللىقنىڭ سىنىپ مۇدىرى موللا تاش مۇئەللىم خىزمەتتە ئەستايىدىل، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشىغا پۇختا ئادەم بولۇپ، ئىزچىل تۆردە مەكتەپ بويىچە نەمۇنىچى بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ھەر قېتىم يىغىن ئېچىلغاندا مەكتەپ مۇدىرى موللا تاشنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇدىر كۆپىنچە ھاللاردا موللا تاشنى سالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، سالىنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىراتتى. شۇ سەۋەب سالى موللا تاشقا غۇم ساقلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭدىن بىرەر قۇسۇر تېپىشنى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى. موللا تاشنىڭ بۇ قېتىمقى قىلمىشى ھەرگىز كىچىك ئىش ئەمەس، بولۇپمۇ سالى ئۈچۈن شۇنداق. توغرا، ئالدىنقى يىلدىكى يېزا بويىچە ئېچىلغان يىللىق خىزمەت خۇلاسە چوڭ يىغىنىدىمۇ موللا تاش نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچى، ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچى،

ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئالدىدا مەيدىسىگە شەلپەر تاقاپ سەھنىگە چىققانىدى. بۇنىسى ئازدەك مۇدىرنىڭ نەچچە قېتىملىق سالىغا ئېلىپ بارغان نەسىھەتلىرىدىمۇ يەنە شۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغانىدى. بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈن تامامەن ئەكسىچە، چوڭ بىر خاتالىق سادىر قىلدى. مەكتەپنىڭ مۇشۇ مەۋسۇمدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن قائىدە-تۈزۈمىدىكى بىردىنبىر يارقىن نۇقتا بولغان «قىش پەسلىدە سىنىپلارغا ئوت يېقىش ئىشىنى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ئوت قالاش ۋەزىپىسىنى يۈكلەشكە بىردەك يول قويۇلمايدۇ. كىمكى بۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىدىكەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىپ، يىل ئاخىرىدا مۇنەۋۋەر قىلىپ باھالانمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانىدى.

«ئەتىۋارلىق ئوقۇتقۇچىنى قانداق بىر تەرەپ قىلاركىن، قېنى»

سالى مۇدىر ئىشخانىسى ئالدىدا خېلى ئۇزاق تۇردى. بىر ۋاقىتتىن كېيىن، ئېغىر قەدەملىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن سۆرەپ كېلىۋاتقان مۇدىرنى كۆرۈپ ئالدىغا قاراپ چاپتى.

— قانداق مۇدىر، ئوبدان تۇرۇپسىلىمۇ؟ مىجەزلىرى ئوبدانمۇ؟ — سالى مۇدىرغا قاراپ ياسالما بىر ھالەتتە كۈلدى.

— قانداق، بىرەر ئىشلار بارمىدى؟ — سورىدى مۇدىر بىرنى ئەسنىۋەتكەندىن كېيىن سالىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ يولىنى داۋاملاشتۇرغاچ.

سالى مۇدىرغا ئەگەشكىنىچە سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— شۇنداق. سىلىگە مەلۇم قىلىدىغان ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى، شۇڭا...

— شۇڭا مېنى، ساقلاپ تاقىتىڭلار تاق بولدى، شۇنداقمۇ ؟

— ياق...ياق، شۇ...

— ھە قېنى نېمە گەپ بولسا ئىشخانىغا كىرگەندە دېيىشەيلى، — مۇدىر قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە ئۆزىنى تېخىمۇ رۇسلاپ ئالدىرىماي قەدەم ئالدى.

«ئىززىتىنى بىلمەيدىغان دۆت ئېشەك. ھە دەپ قويسام ئېشۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان.تۇ...، — سالى تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن تۇكۇرۇكىنى دەرھال ئىچىگە يۇتتى، — تاس قاپتىمىنا تۇكۇرۇپ سالغىلى. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا، بۇ تاز بىلەن يەنە بىر قەپەس ئېلىشىدىغان گەپ ئىدى. ئۇ چاغدا موللاخۇنىنىڭ ئىشى قايرىلىپ قېلىپ..ھەر نېمە بولسا خۇدا ساقلىدى»

سالى شۇلارنى خىيال قىلغاچ، مۇدىرنىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ يېقىنقى بىر مەزگىللىك ئىشىنى ئەسكە ئالدى:

ئاشۇ قېتىملىق يېزا بويىچە ئېچىلغان خۇلاسە چوڭ يىغىنىدىن كېيىن، سالى بىر ئاي چامىسىدا ئىشتىن توختىتىلىپ، ئايلىق مائاشىنىڭ 2/3 قىسمى تۇتۇپ قېلىندى. يېرىملىق مائارىپ ئىشخانىسىغا تولا قاتراپ مىڭبىر مۇشەققەتتە مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ «مەكتەپنىڭ يۇگۇر-يېتىم ئىشلىرىغا ياردەملەشسۇن، كېيىنچە ئېپادىسىگە قاراپ ئايرىم ئىش تەقسىم قىلىنىدۇ» دېگەن ئۇقتۇرۇشىنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئىشخانىلارنى تازىلاش، گۇل-گىياھلارنى، باغلارنى سۇغىرىپ پەرۋىش قىلىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتتى. قىش كىرگەندىن كېيىن، ئىشخانىلارغا ئوت قالاش، سىنىپلارغا ئوتۇن-كۆمۈر تارقىتىپ، ئىسسىنىش ئەھۋاللىرىنى نازارەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى.

«ئىلاج قانچە. ئىشنىڭ چوڭ-كىچىكى بولمايدۇ، دەپتىكەن، بىر ھېسابتا بۇمۇ ئوبدان بولغىنى. بالا يىغىلىك، كېچە-كېچىلەپ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش يوق. ئېشىكى يوق موللامنىڭ قولىقى تىنچ، دېگەندەك كۆندىلىك ئىشنى كۆندىلىك تاماملىسىلا بولدى دېگەن گەپ.»

سالى دەسلەپكى كۈنلەردە شۇنداق ئويلىغان بولدى. كېيىنچە بولسا ئۆز ئىشىغا بېشچىلاپلا كىرىشىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۆزىدىن مەكتەپتىكى چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى قېچىپ

قۇتۇلالمايتتى. مۇدىرمۇ ئۇنىڭ تەرسا مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭ ئىنكاس قىلغانلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ ماڭدى...

— ھە، قانداق مۇھىم ئىش ئىدى ئۇ؟

سالى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قوپال ئاۋازىدىن ئۆزىگە كەلدى ۋە يانچۇقىدىكى ئەتىگەندە ئوقۇغۇچىغا ئىمزا قويدۇرۇۋالغان قەغەزنى دەرھال چىقىرىپ، مۇدىرغا سۇنغاچ ئىغىز ئاچتى:

— بۈگۈن ئەتىگەندە موللا تاش سىنىپىدىكى مەشكە ئوتنى ئۆزى ياقماي، ئوقۇغۇچىسىغا ياقتۇرۇپتۇ مۇدىر.

— راستمۇ ؟!

— راست بولمايچۇ. مانا ماۋۇ قەغەزدە سىنىپقا ئوت قالىغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمزاسى بار، — سالى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ھەيرانلىق قاپلىغان چىرايىغا كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، سەل ئويلىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، — ياكى بولمىسا ئوقۇغۇچىنى چاقىرتامدۇق ؟

— بولدى. ئوقۇغۇچىنى چاقىرتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — مۇدىر خەتكە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن سالىغا قاراپ سوغۇق بىر تەرزدە جىلمىيىپ، — ئوبدان، ناھايىتى ئوبدان قىپسىلا. بۇ ئىشنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ دادىل ئىشلەۋەرسىلە. مۇشۇنداق قاتتىق تۇتمىغاندا بەزى ئىشلاردىن چاتاق چىقىدۇ.

— شۇنداق... شۇنداق. ئوقۇتۇش خىزمىتىنى باشقا خىزمەتكە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. خامىنى بىرىگە سورۇپ تۇر دېسە بولىدۇ. ھاشارغا ئادەم سالسا، ئۆزى بارالمىغان يەرگە ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەۋەتسە بولىدۇ. بىراق، ئوقۇتۇشتىكى ئىشلارغا باشقىلارنى ھاشارغا سۈرىسە بولمايدۇ، — سالى شۇلارنى دەپ مەسخىرىلىك ھىجىيىۋىدى، مۇدىرنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەندەك بولدى.

بىراۋنىڭ دېگەنلىرىنى شىپى كەلتۈرۈپ ئارقىدىنلا كۈلسە كىممۇ

تېرىكمىسۇن دەيسىز. مۇدىر سالىنىڭ دائىم ئۆزى مىسالەنگە مىسال قىلىپ سۆزلەيدىغان سۆزلىرىنى يۈزىدىن-يۈزىگە سىيلىغاتقىنىدىن خاپا بولغانىدى.

— تەپ تارتماي كۆلۈۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان، ماۋۇ بولۇمسىزنىڭ.

مۇدىرنىڭ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا غۇدۇراپ سالغان سۆزلىرى سالىنىڭ دىققىتىنى تارتتى:

— نىمە...نىمە دىدىلە، ئانچە ئىنىق ئاڭلىيالمىدىم.

— بەك ئوبدان بولدى، دەۋاتىمەن.

— ھە، شۇنداقمۇ ؟! ئۇنداقتا مەن چىقاي، چوشتىن كىيىن كۆرۈشەيلى.

سالىنىڭ يېرىم كۈنلۈك ئىشى توگىگەنىدى. ئەتىگەندە باشقىلاردىن ئىككى سائەتچە بالدۇر ئىشقا كېلىپ، سىنىپلارنىڭ ئوتۇن-كۆمۈرلىرىنى تارقىتىپ، ئىشخانىلارغا ئوت يېقىپ، تازىلىقىنى قىلىش، سىنىپلارنىڭ ئوت يېقىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش دېگەندەك دائىملىق ئارقا سەپ ئىشلىرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆيىگە كېتىپ چوشتىن كېيىنگە ئۆلگۈرۈپ كەلسە بولاتتى...

دەسلەپتە ئۆز ئىشىدىن ئانچە رازى بولماي كەلگەن سالى كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشنى ياقتۇرۇپ قالدى. بەزى چاغلاردا ئۆزىنى خېلى چوڭ بىر ئەمەلنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان رەھبەردەك ھېس قىلىپمۇ قالاتتى. شۇ ۋەجىدىن گاھىدا مەندىن باشقا كىم مەكتەپنىڭ ئوتۇن-كۆمۈرلىرىگە قول تەگكۈزەلەيدۇ. ھەممە ئوقۇتقۇچىلار مەن ئەكىرىپ بەرگەنگە شۈكۈر قىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇۋاق ياكى تېشى كۆپ بولۇپ قاپتۇ، دېگەننى زىنھار ئاغزىدىن چىقىرالمايدۇ. چىقاردىمۇ، يىغىندا تەنقىد قىلىنىدىغان گەپ. سالىنىڭ نازارەتچىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ئوقۇتقۇچىلار سەھەردە پاتىپاراق بولۇشۇپ، سىنىپلىرىغا ئوت قالاش ئۈچۈن يېرىم سائەت بۇرۇن مەكتەپكە ئۈنۈپ بولىدۇ. يەنە... يەنە تېخى گۈل-گىياھلارنى قانداق باشقۇرۇش، چاتاش، كۆمۈش، سۇغىرىش... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر سالىدىن باشقا قايسىبىرىنىڭ چىشى پاتسۇن. مۇدىردىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا، ئاياقتا تۇر، ماياقتا ئوت دەپ

بولالمايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ھازىرقى مەرتىۋىسى، بىر دۆۋە قەغەز ئارىسىغا چۆكۈپ كۈنبويى باش كۆتۈرمەي ئىشلەيدىغان ئىلمىي مۇدىرنىڭ خېلىلا ئۈستۈن تۇرىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئىلمىي مۇدىرنىڭ بىر ۋاراق قەغەزگە كۆچۈپ يەتمىگىنى بىلەن، سالىنىڭ نەچچە ئون كىلوگىرام كۆمۈرنى بىر تەرەپ قىلىشقا تامامەن قۇدرىتى يېتىدۇ...

سالى ئەنە شۇنداق ئوي بىلەن ئۆز-ئۆزىگە تەسەللىي بېرەتتى ھەمدە مۇدىرغا يۈزەكى بولسىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغاندى. لېكىن، ئۇ مۇدىرغا چىن دىلىدىن قايىل ئەمەس. نەزىرىچە، مۇدىرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئۆزىدىن تۆۋەن، خىزمەت ئىستاژىمۇ قىسقا بولۇپ، ئۆزىگە باشقۇرغۇچى بولۇشقا سالاھىيىتى توشمايتتى.

سالى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە كۆڭلى خېلىلا تىنىكلەنگەن بولۇپ، تېمپېراتۇرىمۇ ئۆرلەپ قالغانىدى. ئۇ قورۇ ئالدىغا كېلىپ، پاك-پاكىز تازىلانغان ھويلا-ئارانغا قاراپ ھەيران قالدى.

«ئەستا، ئاچامنىڭ قىلغان قىلىقىنى كۆرمەمدىغان. كېسەل ئادەم سوغۇققا يولۇقۇپ، ئىشنى ئوخشاتتىمۇ نېمە ؟! خەپ...خەپ»

سالى قورۇ ئىشىكىنى ئالدىراپ ئاچتى-دە، چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلىدى. ئىشىكنى شۇنداق ئىتتىرىشى، ئىشىك تاراققىدە ئېچىلىپ كەتتى.

— ئويدان تۇردىلىمۇ ؟ — ئايزۆھرە سالىنى كۆرۈپلا سالام قىلىشى، سالى سەتلا بىرنى ئالايدى. ئۆيئىچى كۆكۈچ ئىس بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، سالىنىڭ چىراي ئىپادىسىنى ئايزۆھرە ئىلغا قىلالمايتتى. ئايزۆھرە رايىشلىق بىر تەلەپپۇز بىلەن سۆزىنى داۋام ئەتتى، — بالدۇرلا يېنىپ كەپلىغۇ ؟!

— سېنىڭچىغۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلمىسەم بولاتتى. بولسا بىرەر پېشكەللىك بىلەن ئۆلگەن بولسام، شۇنداقمۇ ؟ — سالى يەنە چېچىلدى، — بىر ئاخشاملىققا پايلىماي، يەنە قايتىپ كەپسەنغۇ ؟ ئاناڭنىڭ ئۆيىگە سىغمىدىڭمۇ يا؟

— سىلى، بۇنداق دېسىلە قانداق بولىدۇ؟ ئانام شۇ «ئايال كىشى تولا يامانلاپ يۈرسە ئەر بولغۇچىنىڭ يۈزىگە سەت بولىدۇ، باشقىلار سۆز-چۆچەك قىلىشىدۇ، ئۇنىڭسىزمۇ ھەدەڭ كېسەل ياتسا بۇ ئۆيدە يۈرسەڭ ئوبدان بولمايدۇ، ئۆيۈڭگە قايتىپ يولدىشىڭ ۋە ھەدەڭنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال، قىش قورۇدا ئايال كىشى يوق ئۆيدىن مۇز ياغىدۇ» دەپ...

— سۆز-چۆچەك. نېمە سۆز-چۆچەككەن ئۇ؟ نەچچە يىل بويتاق ياشىسام بولۇنمىغان سۆز-چۆچەك ئەمدىلىكتە پەيدا بولامدىكىنا؟ سۆز-چۆچەك بولغاندىمۇ سىلەردىن چىقىدۇ. لەقەم نەدىن تارىلىدۇ — ئۆيدىن دېگەننى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ. كىم بىلىدۇ ئاخشامدىن بېرى نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ.

— نېمە ئىش قىپتىمەن ؟

— مەندىن سوراۋاتامسەن تېخى. موللامغا قاتراپ بېشىمنى چۆرۈيدىغانغا تەييارلىق كۆرۈپ كەلگەنسەن تايىنلىق.

— كىم چاغلاپ قالدىلا مېنى؟

— سېنى كىم بىلمەيدۇ. ئۇرۇق-ئەۋلادىڭنىڭ ھەممىسى موللا خەق تۇرسا، ئۇنچىلىك ئىشلار ھېچقانچە گەپ ئەمەستە.

— خۇدا گۇۋاھ.

ھېلتىن يۆتىلىپ-قېقىلىپ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئولتۇرغان بۇۋىمەريەم ئۇلارنىڭ گېپىگە ئارىلاشماسلىقنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا چىداپ تۇرالمىدى:

— پارىڭىڭلارنى مەن يوق يەردە قىلىشساڭلار قانداق ئۇكام. ئاخىرقى تۆت كۈنلۈكۈمنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزەرمەن دېسەم، سېنىڭ جېدىلىڭ زادىلا بېسىقمىدى. ئايالىڭدا نېمە گۇناھ. بىزنى دەپ قايتىپ كەلگىنىنىڭ نەرى يامان، — بۇۋىمەريەم قاتتىق قەي قىلىپ بىرھازاغىچە يۆتىلىپ كەتتى.

— ھەدە...بۇۋىمەريەم ھەدە، ئاچچىقلانمىسىلا ھەدە، — دېدى ئايزۆھرە بىر پىيالە قايناق سۇنى بۇۋىمەريەمگە سۇنۇۋېتىپ، — قېنى ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا.

ئۇلارنىڭ پارتىگى شۇنىڭ بىلەن پەسكويغا چۈشتى. ئايزۆھرە بىر چىنە سۈيۈقئاشنى داستىخانغا كەلتۈرۈۋىدى، سالى ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ كەتتى:

— ئۆزۈڭ ئىچىۋال يۇنداڭنى. ماڭا بىر بۇردا قاتتىق نان بولسىلا خۇدانىڭ سۈيى بىلەن يەۋالسام كۇپايە. يۇنداڭغا نېمە سالغىنىڭنى كىم بىلىدۇ. ئۆزۈڭ ئىچ. قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ ئاناڭنىڭكىگە ۋاقتىدا كېتىۋال. كەچتە قايتىپ كەلگىنىمدە سېنى يەنە بۇ ئۆيدە ئۇچرىتىپ قالماي.

ئايزۆھرە ھەدىسى بۇۋىمەريەمنىڭ يۈزىنى قىلىپ، سالى بىلەن ئارتۇقچە گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمىگەچ، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. سالى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قازان-قومۇچنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيلەرنى پاكىز سىپىرىپ-سۈپۈردى، ئېشەككە ئوت سالدى. بۇۋىمەريەم بىلەن بىرمەھەل ھال-مۇڭ بولۇشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەمدى قايتىپ كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ خوشلاشتى.

— خوش ھەدە. شۇنچە ئېغىر بولسامۇ زادىلا چىقىشالمىدۇق. سىلىنى ئويلىسام بۇ ئۆيدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتكۈم يوق. بىراق، سالى ئۇنداق قارىمايدۇ. ئۇنىڭ خىيالى باشقا. قىسقىسى، مەن ئۇنىڭغا يۈك بولۇپ قالدىم. خەير، خۇداغا ئامانەت.

ئايزۆھرە بۇۋىمەريەمنىڭ ياشلانغان نۇرسىز كۆزلىرىگە، سولغۇن چىرايىغا قاراپ ئۈنسىز ياش تۆكتى. ئىككىيلەن ئاخىرقى رەت قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى:

— خوش ھەدە، مېنى كەچۈرۈڭ. سىزنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.

— خوش سىڭلىم. ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ. ئامان بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز...

## 6

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئىشخانا بىردىنلا قايناپ كەتتى. ئاخىرقى بىر سائەتلىك دەرس باشلىنىپ تېخى 15 مىنۇتچە ئۆتكەندە

ۋاقىتسىز چېلىنغان قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن دەرسلىرىنى يېرىمىدا توختىتىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار، قانداق مۇھىم يولىيورۇقنىڭ بارلىقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشسا، ئىشنىڭ ماھىيىتىنى سالىدىن بىلىشكەنلەر بولسا گويا ناھايىتى مۇھىم بىر خەۋەرنى بىلىۋېلىشقاندەك بىر-بىرىگە قۇلاق يېقىشقىنىچە، موللا تاشقا قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى. يەنە بىر قىسىملار قايسىبىر تېما ئۈستىدە مۇنازىرىگە چۈشۈشكەنىدى. سالى بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، ھېچكىم بىلەن باش قوشماستىن، يېگانە ھالدا خىيالغا پاتقانىدى. شۇ تاپ ئۇ، مۇدىرنىڭ سوئاللىرىغا قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە باش قاتۇرماقتا، موللا تاشقا قايسى دەرىجىدىكى سەۋەنلىكلەرنى ئارتقاندا جازاسىنى ئېغىرلىتىپ، ھەيۋىسىنى سۇندۇرغىلى، يۈز-ئابرۇيىنى بىراقلا چۈشۈرگىلى بولىدۇ، دېگەن مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە ئىنچىكە پىلانلارنى تۈزمەكتە ئىدى.

«نەچچە قېتىم بولدى. موللا تاشنىڭ، ياق موللا تاش مۇئەللىمنىڭ سىنىپىغا كىرسەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشكە ئوت يېقىۋاتقىنىنى كۆرىمەن. بەزى كۈنلىرى گىمناستىكىدىن يانغاندىن كېيىن ئوت يېقىلىدۇ. ئەتىگەندە سوغۇق يەپ توڭلاپ كەلگەن بىچارە باللار نەچچە سائەتكىچە ئىسسىيالمايدۇ. ھەتتا بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى خەتكە بارماي تىترەپ ئولتۇرۇشىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە بىۋاستە تەسىر قىلامدۇ-قانداق؟ بىر مۇنەۋۋەر خىزمەتچى مۇشۇنداق قىلىپ يۈرسە باشقىلار قانداق قىلىسۇن. شۇڭا، بۇ ئىشنى ئاسانلىقچە بولىدى قىلىۋېتىشكە بولمىسا كېرەك. كۆپچىلىك قانداق قارايدىكىن؟»

مۇشۇنداق دېسەم گەپلىرىم جىڭ باسسا ئەجەب ئەمەس. سالىنىڭ كۆڭلى ئەينىكىدە خۇلاسە چوڭ يىغىنىدىكى بەزى كۆرۈنۈشلەر غىل-پال ئەكس ئېتىشىدى، ئىچى ئاچچىققا تولۇپ، ھەسرەت-پىغانى ئۆرلەپ كەتتى. شۇ قېتىمقى يىغىندا موللا تاش شەلپەر تاقاپ سەھنىگە چىققاندا چاۋاك سادالىرى خېلى ئۇزۇنغىچە ئۈزۈلمىگەنىدى. مائارىپ ئىشخانا

مۇدىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، يېزا مائارىپ سىستېمىسىدا موللا تاشتىن ئۆگىنىش يولىيورۇقىنى بەرگەن. ئەنە شۇ دەقىقىلەردە سالى ئىچ-ئىچىدىن ئاچچىق يۇتقان. سىدىقنىڭ كاساپىتى بىلەن ھەممە ئىشلىرى يوققا چىقىپ، ئوقۇتۇش ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قالغانلىقىغا بەكمۇ ئۆكۈنگەنىدى..

«مانا ئەمدى نېمە بولدى؟ يېزا مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولغان موللاخۇننىڭ كارامىتىنى كۆرىدىغان چاغ يېتىپ كەلدى. قېنى ئۇ نېمە دەپ چۈشەندۈرەركىن ؟...»

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىغا سۈر-ھەيۋە بىلەن كىرىپ كېلىشى سالىنى سەگىتتى. ئىشخانا ئىمتاسلىقتا چۆمۈلگەن بىر پەيتتە مۇدىر ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈنكى يىغىندا بىرلا مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىمىز. ئۇ بولسىمۇ مەكتەپنىڭ قىشلىق تۈزۈم مەسىلىسىدىكى بىر قىسىم نامۇۋاپىق ئىشلارنى خۇلاسە قىلىش، — مۇدىر ھەممە كىشىگە تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى، — ھەممىڭلارغا ئايدىڭكى، بىز بىر ئاي ئىلگىرى، مانا مۇشۇ ئىشخانىدا يىغىن ئېچىپ، ئولتۇرغانلار بىلەن بىرلىكتە قىش پەسلىدىكى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش يۈزىسىدىن مەشكە ئوت يېقىش ئىشىنى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزى قول تىقىپ ئىشلىشىنى قارار قىلىشقانىدۇق. كۆپ ساندىكى يولداشلار بۇ قارارغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىشلىق ئىسسىنىش مەسىلىسىنى پىرىنسىپ بويىچە بېجىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنە ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلاردا بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. بۇ ھەقتە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىنكاسى بار. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — ئوقۇتقۇچىلار بىر-بىرىگە قارىشىپ، بۇ ئىشلارنىڭ كىم تەرىپىدىن سادىر قىلىنغانلىقىنى بىلىشكە تەقەززا بولماقتا ئىدى. مۇدىر تۆكۈرۈكىنى غۇرتتىدە يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى

داۋاملاشتۇردى، — مەكتىپىمىزدە پىرىنسىپقا خىلاپ بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى بىزدىكى تۈزۈم قارىشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدىكى مەكتەپ قائىدە-تۈزۈمگە رازى بولمىغانلىقى، ئورۇنلاشتۇرۇشقا پىكرى بارلىقىنىڭ دەلىلى. ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆگىنىش. جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىش ئەمەس. ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقتۇرۇشمۇ مۇھىم، بىراق، چېنىقتۇرۇشمۇ لايىقىدا، قانۇن-نىزاملار يول قويغان دائىرىدە بولۇشى كېرەك-تە. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىمىز ياخشى تەربىيەلەنسۇن دەپ مەكتەپكە يولغا سالسا، بىز ئۇلارنى ئوبدان ئۆگىنىش مۇھىتى بىلەن تەمىن ئەتمەكتە يوق، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا سېلىپ يۈرسەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش نىسبىتى چۈشۈپ كەتمەي قانداق بولماقچى...

مۇدىرنىڭ گويا نەچچە يۈز كىشىلىك چوڭ يىغىندا سۆزلەۋاتقاندەك، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مەغرۇر ھالەتتە سۆزلەشلىرى ئارانلا يەتتە كىشى ئولتۇرغان، يەنە كېلىپ كۆلىمى نەچچە ئون كىۋادرات مېتىردىن ئاشمايدىغان كىچىككىنە ئىشخانىغا ئانچە ماسلاشمىغاندەك قىلاتتى. مۇدىرنىڭ ئۆزى نېمىلا دېسە ھە دەيدىغان، بىر ئېغىز لىللا گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئىتى يوق، يۈرەكسىز ئوقۇتقۇچىلارغا شۇنچە كايىپ، چىڭقىلىپ سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى. بوشراق سۆزلىسىمۇ بولاتتى، ئەلۋەتتە. بىراق، مۇدىر تېخىمۇ چىڭقىلماقتا ئىدى. سالى گويا موللا تاش ھازىرلا ئېتىلىپ كېلىپ ياقىلىرىنى سىقىپ، تارتىشتۇرۇپ جېدەل قىلىدىغاندەك بىر ھېسسىيات بىلەن موللا تاشقا پاپ-پاتلا يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتى. مۇدىر يېرىم سائەتچە كايىغاندىن كېيىن موللا تاشنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىۋىدى، غۇلغۇلا كۈچەيدى. موللا تاش ئىپادىسىز ھالدا خىرامان ئولتۇراتتى. ئۇ، بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن سالىغا قاراپ مەسخىرىلىك ھىجايدى، ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى:

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى دەۋا-دەستۇر قىلىپ كەپتۇ، دېگىنى بەكلا ئارتۇق كېتىپتۇ. ئوقۇغۇچىلارنى مەشكە ئوت ياقتۇرۇپتۇ، دېگىنىنى

ئىنكار قىلمايمەن. بىراق، ئەتىگەندە ئوت ياققىنى ئۆزۈمنىڭ ئوغلى. زۆرۈر ئىشىم چىقىپ قالغاچقا ئوغلۇمغا تاپىلىغان، بۇنىڭ نەرى يامان؟

ئەتىگەندە قەغەزگە ئىمزا قويغان ئوقۇغۇچىنىڭ سىيماسى سالىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەندەك بولدى.

«راست، چىرايى موللا تاشقا ئوخشاپلا تۇرىدىغۇ. مەن نىمە دەپ تەپسىلىيرەك سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمىگەندىمەن...»

— ئۆزىمىزدە كۆرۈلگەن بولسا تۈزىتەيلى. بولمىغاندا دىققەت قىلايلى. ئەھۋال ئېنىق بولمىغان بولسا ئۆزئارا چۈشىنىشىپ ئىش قىلايلى...

مۇدىر گەپنىڭ ئاخىرىنى ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، يىغىننىڭ تۈگىگەنلىكىنى جاكارلىدى-دە، ئىشخانىدىن ئايرىلدى. ئىشخانىدا كۈلكە ئەۋج ئالدى. سالى مۇدىرنىڭ ئارقىسىدىن سىرتقا چىقىپ تۇرۇشى، مۇدىر ئۇنى چاقىردى ۋە قول شىلتىغىنىچە چالۋاقاشقا باشلىدى:

— سىلىچۇ، بىر ئىشنىڭ ئالدى-ئارقىسىنى ئوبدان دەڭسەپ، تېگى-تەكتىنى چۈشىنىپ ئاندىن ئەھۋال ئىنكاس قىلىڭلار. قاراڭلار نەچچە سائەتلەپ ئېغىز ئۇپرىتىپ ئاخىرىدا ئۆزىمىزنى ئوسال قىلدۇق، — مۇدىر سوغۇق تەرزدە شۇنداق دېدى-دە، يەنە نېمىلەرنىدۇر غۇدۇڭشىغىنىچە كېتىپ قالدى.

سالى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن كەچكىچە ئاچچىق يۇتۇپ يۈردى. كۈن قارايغاندا ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىۋىدى، ئۆيدە ئايالى كۆرۈنمىدى. ھەدىسى بۇۋىمەريەم كاڭنىڭ بۇلۇڭىدا يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالەتتە ياتاتتى. ئادەتتە خېلى بۇرۇنلا قازان قايىنتىلىپ، ئىللىپ كېتىدىغان ئۆي مۇزدەك سوغۇق بولۇپ، تولىمۇ يېقىمسىز ئىدى.

ئاقىللار «ئايال كىشى يوق ئۆي گۆرگە ئوخشايدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. سالى ئۇچۇنمۇ مۇشۇ دەقىقە ئەڭ غېرىبلىق تۇيۇلدى. ئۆزىنىڭ بىردىنبىر پاناھكارى بولغان، كونا، ئەمما يېقىملىق ئائىلىسى شۇنچىلىك غېرىب ئىدى. ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن بوران ھۇۋلاۋاتقاندەك

بىلىنەتتى. ئۇ، ھەدىسىدىن ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى بىلگەندىن كېيىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كەچلىك تاماقنى تۇتۇندى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەن بىر كۈنى سەھەردە سالى ئايالىنى ئەكېلىۋېلىش ئۈچۈن قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. يولبويى ئايالى ئۈچۈن قېيىنئانىسىغا ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ، يېلىنىپ تۇرۇپ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئايالىنى قايتۇرۇپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئەمما، مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. ئايالىنى كۆرۈش بىلەنلا جۇدۇنى قىرىق گەز ئۆرلەپ، كونا كېسىلى يەنە قوزغالدى:

— نېمە دەپ قېچىپ كېلىۋالدىڭ؟

سالى بۇ گەپنىڭ قانداقلارچە ئاغزىدىن چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالغانىدى. گەپ بارا-بارا كۆپىيىپ، جېدەل ئۇلغايدى. زىبىدىخان ئانىنىڭ ھاي-ھايلىرى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئەسلا كىرمەيتتى. قولۇم-قوشنىلار قورۇغا بىر كەلگەن بولۇپ، ھېچكىممۇ ئۇلار ئۈچۈن ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلمايتتى. قىلمايتتى ئەمەس، سالىنىڭ گەپ يېمەس خۇي-پەيلىدىن زۇۋان سۈرمەسلىككە مەجبۇر بولۇشقانىدى...

تۇيۇقسىز تەگكەن زەربە سالىنى يىقىتتى. سالىنىڭ سۆر-توقاي قىلىشىغا چىداپ بولالمىغان ئايزۆھرە، ئىشىك تاقايدىغان دەم بىلەن سالىنىڭ باش قىسمىغا قاتتىق ئۇرۇشى، سالى ئورنىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.

— بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ كەچتىم سەندىن.

— كەچكەن بولساڭ تالاق دە. قېنى نوچى بولساڭ تالاق دېمەمسەن،— ئەتراپتىكىلەرنىڭ «ھاي...ھاي، ئايال كىشى بۇ گەپنى تىلغا ئالمىغۇلۇق» دەپ نەسىھەت قىلىشى ئايزۆھرەنىڭ قۇلىقىغا ئەسلا كىرمەيتتى، «تالاق دە» دېگەننى تەكرار تىلغا ئېلىپ، سالىغا كانىدەك يېپىشاتتى، بار ئاۋازىدا توۋلاپ جار سالاتتى. تاقىتى تاق بولغان سالى بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— تالاق، ئۈچ تالاق. بۈگۈندىن ئېتىبارەن كەچتىم سەندىن.

ئايزۆھرە بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە يۈزىنى ئالىقانلىدى-دە، يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى...

## 7

سالىنىڭ مەكتەپتىكى ئىشلىرى خەيرلىك بولمىغانلىقى ئۈستىگە تۇرمۇش ئىشىدىمۇ دوقالغا ئۇسۇپ، بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كەلدى. «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ» دېگەندەك، ئايزۆھرە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىپ، ئىككى ئايچە بولغان بىر كۈنى خۇپتەن بىلەن ھەدىسى بۇۋىمەريەم بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى...

زىبىدىخان ئانا، ئايزۆھرەلەر بۇۋىمەريەمنىڭ نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە سالىنىڭ ئۆيىدە بولدى، كۆدە-كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆي، ھويلا- ئارانىنى پاكىزلىدى. بۇۋىمەريەمنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، سالىغا «قىرىقىغا يېقىنلاشقاندا كېلىدىغانلىقى» نى ئېيتىپ قايتىشتى...

سالى ھەدىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى تۈگىتىپ مەكتەپكە يېتىپ كەلگەن كۈنى مەكتەپتە يىغىن ئېچىلدى.

— ئەسلى يەنە بىرقانچە كۈن ئىشلىرىڭىزنى قىلىۋالسىڭىز بولاتتى، بىراق، جىددىي ئىش بولغاچقا چاقىرتىشنى تاپىن تاپتۇق، — دېدى مۇدىر سالىدىن تىنچ-ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن.

— ھەدەمنىڭ قىرىق نەزىرىنى بېرىدىغانغا خېلى كۈنلەر بولغاچقا، مەنمۇ ئىشقا چىقاي دەپ تۇرغان.

سالى مۇدىرنىڭ ئوڭايسىز بىر ھالەتتە ئېيتقانلىرىغا جاۋابەن شۇنداق دېدى ۋە مۇدىرنىڭ ناماز كۈنىدىن تارتىپ يەتتە نەزىرىگىچە بولغان بىر ھەپتە ئىچىدە ئۆزى ئۈچۈن قىلغان خەيرخاھلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ:

— سىلىگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت مۇدىر، مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە مەن ئۈچۈن كۆپ پايپېتەك بولدىلا، — دېدى.

شۇنداق، مۇشۇ بىر ھەپتە جەريانىدا مۇدىر كۆپ رىيازەت چەككەن، ناماز ۋە نەزىر ئىشلىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە مەكتەپتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ سالىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، يالغۇزچىلىقنى بىلىندۇرمىگەنىدى. مۇدىرنىڭ ھالقىلىق پەيتتە ئوتتۇرىدىكى ئادەۋەتنى قايرىپ قويۇپ، خۇددى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك مۇئامىلىدە بولۇشى سالىنى تەسىرلەندۈرگەنىدى.

— قانداق قىيىنچىلىق بولسا بىزگە ئېيتىڭ. بىزدە، «بىرلەشكەن ئوزار، بىرلەشمىگەن توزار» دەيدىغان ھېكمەت بار. مەكتەپتىكىلەر بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ھەمدەمدە بولساقلا ھەرقانداق قىيىنچىلىق بىزنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ سالى. ھەدىڭىز تولىمۇ ياش كېتىپ قالدى. بۇنىڭغا مەكتەپتىكى ھەممىمىز قايغۇردۇق. قانداق قىلىمىز، ئۆلۈم دېگەننىڭ ياش-قېرىسى، كېسەل-ئاغرىقى يوقكەن. ھەممىمىزگە بار ئىش بۇ. شۇڭا، ئۇنچىلىك قىلغىنىمىزنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. نەسىھەتىم، ئىچىڭىزگە بەكمۇ ئېلىپ كەتمەڭ، ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەي، روھلۇق يۈرۈڭ ...

مۇدىر سالىغا بىرمۇنچە ۋەز-نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن يىغىننىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى ئىشخانىغا تەكلىپ ئەتتى:

— قالغانلار بىزگە قاراپ قالدى. قېنى ئىشخانىغا كىرەيلى...

بۇ قېتىمقى يىغىن مەكتەپكە يېڭىدىن سېلىنىغان تۆت يۈرۈش ئۆينىڭ تەقسىمات ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئېچىلغانىدى. تۇتۇش قىلىنغىلى ئىككى ئايچە بولغان، ھەربىر يۈرۈشى ئەللىك نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق، پىششىق خىشتىن سېلىنغان، تۆت يۈرۈش ئۆي ئىنچىكە سوۋاقچا كىرگەن بولۇپ، مەكتەپتىكى توققۇز نەپەر خادىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۆيدىن بىر يۈرۈشىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. سالى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ خۇددى ئەتە-ئاخشامدا بېسىپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان، ماكچىيىپ ھالى قالمىغان كونا تارتما ئۆيى كۆرگەنلا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. «مۇشۇ ئۆيدىمۇ ئادەم ئولتۇرغىلى

بولسۇنمۇ» دېيىشەتتى بەزىلەر سالىغا ئىچ ئاغرىتقان تەرزدە. بىراق، ئۆي تەقسىملەش ئىشىدا ھېچكىممۇ سالى ئۈچۈن ئېغىز ئاچمىدى. ھەممە ئادەم ئۆز غېمىدە بولۇپ، ئۆز ئىسمىنىڭ بىر يورۇش يېڭى ئۆينىڭ ئىگىدارى سۈپىتىدە ئاتىلىپ قېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشەتتى.

— مەكتەپكە يېڭىدىن كەلگەنلەر بىلەن، ئائىلىلىك سانالمايدىغانلار بۇ قېتىمقى ئۆي تەقسىماتىنىڭ ئوبيېكتى قىلىنمايدۇ، — دېدى مۇدىر كەسكىن بىر تەلەپپۇز بىلەن مەكتەپنىڭ نۆۋەتتىكى ئۆي قىيىنچىلىقى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، — قالغانلار ئويلىغانلىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقساڭلار بولىدۇ.

مەكتەپكە بۇ مەۋسۇمدا يۆتكىلىپ كەلگەن ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرى تېخى توي قىلمىغان بولۇپ، بىر ئېغىزلىق پىيونېرلار ئەترەت ئىشخانىسى ۋە رادىيو ئۆينى ياتاق قىلىپ ئولتۇرغاندى. يەنە بىرەيلەن بۇ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىشتىن بۇرۇن قوشنا كەنت مەكتىپىدە ئىشلىگەن بولۇپ، ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر قورۇدا ئىدى. مەكتەپتە ئەسلىدىنلا ئىشلەپ كېلىۋاتقان يەنە يەتتە نەپەر ئائىلىلىك خادىم بۇ تۆت يورۇش ئۆينى تالىشاتتى.

— ماڭىمۇ خىزمەتكە چىققىلى ئون نەچچە يىل بوپتۇ، ھازىرغىچە مۇقىم تۇرالغۇم بولمىغاچقا ئاتا-ئانام بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كەلگەنىدىم. بالىمۇ ئىككى بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەشكىل بۇ مەكتەپكە تەڭشىگەن يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئون نەچچە كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ، قاتناپ ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن، شۇڭا مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ مېنىڭ ئىلتىماسىمنى ئويلىشىپ كۆرۈشىنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچى ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن، ئۆي تالىشىدىغانلارنىڭ سان جەھەتتىن ئازلاپ مېڭىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇ ۋەجىلىك ھەممىسى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىستاژى، ھازىرقى ئولتۇراق ئەھۋالى، نەتىجىلىرى...دېگەندەكلىرىنى تىلغا ئېلىشاتتى. سالى بولسا

ھېچقانداق پىكىر بايان قىلماستىن، «بۇ ئىشنى تەشكىلىنىڭ ئادىل بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دەپلا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇراتتى-يۇ، ئۆز كۆڭلىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان: «ئايالىم يامانلاپ كەتكىلىمۇ ئىككى ئايدىن ئاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تالاق قىلىنغانلىق بىلەن يامانلاقتا، بۇنى مەكتەپتىكى ھەممەيلەن بىلىدۇ، ناۋادا بىرەرسى ‹ئۈچ تالاق قىلىنغان خوتۇننىڭ قايتا ئۆيگە كېلىشى مۇمكىنمۇ؟ سالىنىمۇ ئائىلىلىك ھېسابلاپ كەتكىلى بولمايدۇ› دېگەننى تىلغا ئېلىپلا قالسا تۈگەشكىنىم شۇ...» دېگەن خىيال بىلەن دەككە-دۈككىگە چۈشكەنىدى.

«ھەي، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە كەم ئەقىللىك قىلىپ خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلىپ قوغلاپ سالغىنىمنى. ناۋادا خوتۇن يامانلاقتا بولمىغان بولسىدى، خىزمەت ئىستاژىم ۋە ھازىرقى ئائىلە شارائىتىم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆي تەقسىملەشنىڭ بىرىنچى نامزاتى بولالمىسامىمۇ، ئىككىنچى نامزاتى بولالىشىمدا گەپ يوق ئىدى...»

سالى ئەندىشە بىلەن ئولتۇرغان بىر پەيتتە مۇدىرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يولداشلارنىڭ خەۋىرىدە بار، — مۇدىر سالىغا قاراپ دەقىقىلىك توختاشتىن كېيىن سۆزىنى داۋام ئەتتى، — سالى مۇئەللىم ئىككى قېتىم ئۆيلەندى. بىرىنچى ئايالى ۋاقىتسىز قازا قىلغاندىن كېيىن قايتا ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، نىكاھىدا ئارقا-ئارقىدىن كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ ھازىر ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمۇ كۆپچىلىككە ئايدىڭ. ئادەتتە قول-ئىلكىدە بار دېھقانىنىڭ ئېغىلىمۇ ئۇنىڭ ھازىرقى ئۆيىدىن ياخشىراق. بەلكىم مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلى ئايالى ئۆيدە تۇرماي، تولا يامانلاپ...

مۇدىر سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سالى گەپنىڭ بېلىگە تەپتى:

— ئېغىلدا ئولتۇرىمەنمۇ-ئۆيدىمۇ، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى. ياخشى بولسۇن-يامان بولسۇن ئاتام چىققان ئۆي ئۇ. ماڭا گەپ ئەگىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. قېنى مەن بىر ئاڭلاپ باقاي. ماڭا زادى ئۆي تېگەمدۇ-يوق؟

سالى ئۆزى ئۇچۇن پايدىسىز بولغان «ئۇچ تالاق» گېپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغانىدى. بىراق، مۇدىرنىڭ مۇددىئاسى ئۇ ئەمەس، ئەكسىچە، سالى توغرۇلۇق ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ، باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش يېڭى ئۆي تەقسىم قىلىش ئىدى.

سالىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن مۇدۈرۈپ قوپۇشى مۇدىرنىڭ ئەرۋايىنى ئۆرلەتتى:

— ئۇنداق بولسا بوگۇنكى يىغىن مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. كېيىنكى نۆۋەتلىك يىغىندا قايتا مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. ئۆزىنى ئائىلىلىك دەپ ھېسابلايدىغانلار خوتۇن-بالىلىرىنى تەق قىلسۇن. ئۆيىدە يوق خوتۇننى دەستەك قىلىپ، ئۆي تالىشىشقا رۇخسەت يوق ...

ئىككى سائەتتىن ئارتۇق غۇلغۇلا قىلىش ۋە پىكىر بايان قىلىشلار بىلەن ئۆي تەقسىملەش ئىشىدا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. سالى ئۆچۈن پايدىلىق مۇھىتمۇ پايدىسىز ئامىلغا ئۆزگەردى. بۇنىڭ ھەممىسى سالىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقى، تەتۈر مىجەزىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇچ تالاق قىلىپ قوغلىۋەتكەن خوتۇننى قايسى يول بىلەن ئەكەلگۈلۈك؟ خېتىنى بېرىپ بىراقلا ئادا-جۇدا بولايمۇ-يە؟...

سالى كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى ئەسلا بىلمەيتتى. ناۋادا ئۆي تەقسىملەشنىڭ گېپى بولمىغان بولسىدى، خوتۇنىنىڭ خېتىنى بېرىپ، يەنە بىرىنى نىكاھلاپ، ئاددىيغىنا توي رەسمىيىتىدىن كېيىن ئۆيگە ئەكىرىۋالسىلا ئىش پۈتەتتى، بىراق، ھازىر ئۇنداق قىلىدىغان چاغ ئەمەس. ھەدىسىنىڭ قىرىق نەزىرسى تېخى ئاخىرلاشماستىنلا خوتۇننى قويۇپ بېرىش، قايتا ئۆيلىنىش دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر گۇناھ. يەنە كېلىپ بۇنچىۋالا كۆپ ئىشلارنى بىر ھەپتە ئىچىدە پۈتكۈزۈشمۇ بەسىي مۈشكۈل...يەنىلا ئايزۆھرەنى ئەكېلىشتىن ئۆزگە ئوبدان چارە يوق...

# تۆتىنچى باب

# قايتا نىكاھ

## 1

ئـۆي تەقـسىملەش توغرىـسىدىكى يىغىنىنـىڭ ئىچىلغىنىغىمـۇ ئىككى كۈن بولـۇپ قالـدى. بـۇ ئىشنىتا يەنە سۈكۈت قىلىـشقا، ئـازراق ساقلىـسام ئىـشلار ئۇڭغـا تارتـىپ قـالارمىكىن، دېـگەن تامـادا تۇرۇشـقا بولمـايتتى. چۈنكى، كېلەركى نۆۋەتتىكى يىغىن ئېچىلىپلا قالسا، ئۆيىنـىڭ تەقـسىمات نامزاتلىرى بېكىتىلەتتى. ئۇ چاغدا ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بىكـار. سـالى مانـا مۇشـۇ ئەندىـشە ئىچىـدە ئىككـى كـۈننى گويـا ئىككـى ئايـدەك جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى. بـۇ ئىككـى كـۈن ئىچىـدە ئـايزۆھرەنى قايـسى يـول بىـلەن ئەكېلىـۋېلىش ھەققىـدىكى تـالاي خىياللارغـا ئەسـىر بولۇپ، بارمىغان يېرى، مەسلىھەت قىلمىغان كىشىسى قالمىدى.

«ناۋادا تالاق قىلمىغان بولسام ئىدى، ئازراق قەنت ـ گېزەك، رەخت ـ پەخت بىلەن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ئۆيگە ئەكېلىۋالغـان بـولاتتىم. ھەي، ئاسمان يىراق، يەر قـاتتىق دېگەنـدەك بىـر ئىـش بولـدى دېـسە. ئەمـدى قايسى يۈز بىلەن بارغۇلۇق...»

سـالى چوڭقـۇر ئۇھـسىندى. ئـۇ ئىـشلارنى ئويلىماسـلىقنى، بېـشىغا

كەلگەننى كۆرۈپ بىقىشنى نىيەت قىلىپ، ئۆز خىيالىنى مەكتەپتىكى كەسپىي ئىشلىرىغا يۆتكەشكە تىرىشتى، بىراق، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ خىياللاردىن نېرى بولالمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئېتىۋاتقىنى يەنىلا مەكتەپكە يېڭىدىن سېلىنغان ئاشۇ بىر يۈرۈش يېڭى ئۆيگە ئىگە بولۇشتا ئىدى.

«بىر يۈرۈش ئۆيگە ئىگە بولۇشقا تامامەن ھەقلىقمەن» تەكرارلايتتى ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە.

ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، مەيلى ياش جەھەتتىن، خىزمەت ئىستاژى ياكى ئوقۇش تارىخى جەھەتتىن بولسۇن بىر يۈرۈش يېڭى ئۆيدە ئولتۇرۇشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى.

سالى قەلب ئالىمدە ئەكس ئەتكەن ئەنە شۇنداق ئوي بىلەن بىر يۈرۈش يېڭى ئۆيگە ئىگە بولۇش ئىشەنچىسى ئاشقاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ، ئۆزىنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى-يۇ، ئەنە شۇ دەقىقىدە كۆڭۈل خەستىلىكىدە ئەكس ئەتكەن بىر ئوي بىلەن ئەندىكىپ كەتتى. كۆز ئالدىدا مەكتەپ مۇدىرى سىدىقنىڭ سىيماسى ئىدى. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن سۆزلەيتتى:

«يېڭى ئۆينى تەقسىملەشنىڭ شەرتى: خىزمەت ئىستاژى، يېشى، ئوقۇش تارىخى، كەسپىي ئۇنۋانى، خىزمەت نەتىجىسى... يەنە تۇرمۇشلۇق بولۇش ئەھۋالى قاتارلىق بىرقانچە تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. ھەممىڭىزنىڭ ئەھۋالى ئۆزىمىزگە ئايان. شۇڭا، يولداشلارنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزلىرى دەڭسەپ كۆرۈشىنى ئۈمىت قىلىمىز. ئاخىرىدا تەكشۈرۈپ ئاندىن بېكىتىمىز...

سالى مۇدىرنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئەسلەشكە پېتىنالمايۋاتقاندەك، بېشىنى تەكرار چايقىدى. مۇدىرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، ئۆي تەقسىملەشتە ئائىلە تاۋابىئاتلىقلارنى ئاۋۋال ئويلىشاتتى. ناۋادا ئايزۆھرەنى ئۆيگە ئەكىلىۋالمىسا، ئۇنىڭ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان بىرەرسى ئەھۋالنى مەكتەپكە يېيىۋېتىدۇ-دە، «خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىش ئالدىدا

تۇرغانىكەن، ئاز كۈندىن كېيىن بويتاق بولىدۇ ، بۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ ئائىلىلىك دەپ ھېسابلىغىلى بولسۇن» دېگەندەك چوڭ بىر پەتىۋانى كۆتۈرۈشۇپ چىقىدۇ. ئۇ ھالدا... — ياق، ھازىر دېگەن قايسى دەۋر، ‹تالاق› دېگەنگىلا نىكاھى ئۈزۈلىدىغان گەپ نەدە بار، يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ توي خېتى ئاساس. قانۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ، تالاق قىلغان، شۇڭا ئاجراشماقچى دەپ باقايلىچۇ قېنى؟ ئۇ ھالدا تازا دەككىمىزنى يەيمىز. ئۇنىسى ئاز كېلىپ، ھۆكۈمەت كادىرى، ماركسىزمچى، باللارغا ئاتېئىزم تەربىيەسى سىڭدۈرىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ، مۇشۇنداق قانۇنسىز گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئايالىنى خورلاپ، مەجبۇرلاپ خېتىنى بەرمەكچى بولغان دېگەن قالپاقنى كىيىپ، ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئۆگىنىشىگە تەشكىللىنىدىغان گەپ...ۋۇي ! قولۇمدا ھۆكۈمەت بەرگەن قىزىل ئانكېت تۇرغاندىكىن، بېرىۋەرمەمدىم. ئۆزۈمدىن-ئۆزۈم خۇدۇكسىرەپ، باش قاتۇرۇپ كەتكىنىمنى. قانۇنىي نۇقتىدىن چۈشۈپ تازا بىر قىستىسام... سالىنىڭ كۆز ئالدىدا ئايزۆھرەنىڭ بىچارە ھالىتى، يىلىنىپ-يالۋۇرۇشلىرى خىيالەن زاھىر بولدى: «ياق، مېنى قانۇننىڭ ئالدىغا بېرىشقا قىستىماڭ سالى، ناۋادا ھۆكۈمەت مېنىڭ ‹ئۈچ تالاق› قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن خېتىمنى ئالماقچى بولغانلىقىمنى ئۇقسا، سىز ئېيتقاندەك، مېنى كونا ئەقىدىنى تەرغىب قىلغان، دىنىي قائىدىنى قانۇن ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرغان، دەپ جازالىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئانام قانداق قىلىدۇ. بولدى مەن سىز بىلەن كېتەي. سىز ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن بۇ گەپلەرنى ئاغزىڭىزدىن چىقارماسلىققا ۋەدە بېرىڭ...»

— ھاھ...ھاھ...ھاھ...

سالىنىڭ كۆڭۈل ئەندىشىسى تۈگىگەندەك، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بىلەن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى-يۇ، خىيالىغا يەنە بۇنىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن بىر ئىش كېچىشى بىلەن چېھرىدىكى خۇشاللىق ئالللىقاياقلارغىدۇر غايىب بولدى.

ئۇ كۈنى سالى ئاۋۇت ئىمامنىڭ ئۆيىگە ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەت قىلغىلى بارغانىدى، ئۇلار گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، ئەللىك بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى چىرايلىرى سولغۇن هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. تىنچ-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئىمام ئاخۇنۇم، بېشىمغا ئېغىر بىر كۆلپەت كەلدى، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ كىشى، — بۇ يۇرتتا ئۆزلىرىدىن كۆپ ئوقۇغان، دىن بىلەن پەندە تەڭ يېتىلگەن يەنە بىر كىشى تېپىلماس، شۇڭا ئۆزلىرىنى لىللا بىر هۆكۈم چىقىرىپ بېرەرمىكىن دەپ كېلىشىم.

— قېنى، هەر گەپ بولسا ئۇدۇللا ئېيتسىلا، — دېدى ئاۋۇت ئىمام ئۇ كىشىنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە سەل نارازى بولغانەك قوپاللراق بىر تەلەپپۇزدا.

— ئايالىم بىلەن ئۆي-ئوچاقلىق بولغىلى 22 يىل بولغان. ئۈچ بالىمىز بار ئىدى. بىر ئاي ئىلگىرى قولۇم - قوشنىلاردىن بىرقانچەيلەن ئۆيگە هېيت پەتىسى قىلىپ كىرىپتۇ. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۆزۈم ئېچىتقان مۇسەللەستىن بىر كومزەك قويۇپتىمەن، مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن ئەر-ئايال ئىككىمىز گەپ تالىشىپ سوقۇشۇپ قالدۇق. ئايالىم مېنى يۇندىخور، ئىشتىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان هاراقكەش دەپ قاتتىق تىللاپ كەتتى. ئاچچىقىمغا پايلىماي «ئۈچ تالاق» قىلىپ سايتىمەن...

— ئۈچ تالاق، — ئاۋۇت ئىمام گەپنىڭ ئاخىرى ئۇزۇلمەستىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — ئۆزلىرى نېمە ئىش قىلىدىلا؟

— دېھقان.

— دېھقان. سىلىنىڭ نەرىگىلا دېھقانىغا ئوخشىسۇن. ئاشۇنچىلىك بىر ئىشنى بىلمەي يۇردۇڭلىمۇ؟ بۇنىڭ هۆكمى بەك ئېغىر. دەيدىغانىنى دەپ بولۇپ، يەنە نېمىگە كەلدىڭلا ؟...

دېھقان يىغلايتتى. ئۆزىنىڭ كەم ئەقىللىك قىلغانلىقىنى، ناۋادا ئايالىنى قويۇپ بەرسە، بالىلىرىغا ئۇۋال قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپ- يېلىناتتى. ئاۋۇت ئىمام بىرھازا كايىشتىن كېيىن چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى:

— «ئۈچ تالاق» قىلىش ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ ئېغىر ئېلىپ كەلگەن ئىش. شەرىئەتتىمۇ بەكلا ئېغىر ئالىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ھۆكۈمىمۇ ئېغىر، — ئىمام ئاخۇنۇم دېھقانغا بىرھازا تىكىلگەندىن كېيىن، تولىمۇ پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — بولغۇلۇق بوپتۇ. ئەمدى مىڭ پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. قەتئىي ئۆي تۇتۇشنى نىيەت قىلغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ بىرلا يولى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئايالىڭىزنى باشقا بىر ئەرگە نىكاھلاش. ئايالىڭىزنى ئەمرىگە ئالغان ئەر، ئايالىڭىزنى ‹ئۈچ تالاق› قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئۈچ ئاي ئۆتكۈزۈپ، ئايالنىڭ بويىدا قالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن نىكاھلاپ ئۆيىڭىزگە ئەكىرىشتۇر. بۇ جەريانلارنى باشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ يېنىكلىك بىلەن ئۆيگە ئەكىرىۋالسىڭىز، تۈگىمەس بالايىقازا بىلەن بىر ئۆمۈر بېشىڭىز ساقايمايدۇ. ھازىر چوڭ بولۇۋاتقان نۇرغۇن ياشلىرىمىز شەرىئەتنىڭ بۇ ھۆكۈمىگە سەل قاراپ ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرۈۋاتىدۇ: خالىسا ئەتىۋارلاپ خوتۇن قىلىۋاتىدۇ، خالىمىسا «ئۈچ تالاق» قىلىپ، تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن يەنە ئارمىنىنى يەپ قايتا نىكاھلاپلا ئۆيىگە ئەكىرىۋاتىدۇ. بۇمۇ ئۇلارنىڭ قارىشى، بىراق سىزگە يەنە بىر قېتىم تەكرارلايمەنكى، شەرىئەت ھۆكمى ھېچقانداق بىر سەۋەبسىزلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئەمەس. بۇنداق دېگىنىم سىزنى دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن قورقۇتقانلىقىممۇ، باشقا غەرەز-مۇددىئالار بىلەن ئېيتقانلىرىممۇ ۋە ياكى چوقۇم شۇنداق قىلىڭ دېگىنىممۇ ئەمەس. قانداق قىلىش ئۆز ئىختىيارلىقىڭىزدا، ئەلۋەتتە. ئۆزىڭىز قاراپ بىر ئىش قىلارسىز...

ئەينى چاغدا، دېھقانمۇ خۇددى ھازىرقى مۇشۇ دەقىقىدە سالى ئويلىغاندەك خىياللاردا بولغان بولسا كېرەك، ئىمامنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا:

«بۇنىڭدىن باشقا بىرەر يول يوقمۇ ئىمام ئاخۇنۇم؟» دەپ سورىغاندى. ئاۋۇت ئىمام دېھقانغا قاتتىق چالۋاقاپ:

— دېگەنلىرىمدىن شۈبھىلىنىشكىز باشقىلاردىن سوراپ كۆرۈڭ. مەن پەقەت سىزگە شەرىئەت ھۆكۈمىنى يەتكۈزدۈم. مەندە شەرىئەت ھۆكۈمىنى بۇرمىلاپ، يالغاندىن پەتىۋا پىچقۇدەك ئۇنداق يوغان يۈرەك يوق، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

سالى شۇ دەقىقىلەردە، دېھقاننىڭ قان-ياشلىق كۆزىدىن چىقىپ تۇرغان ئېغىر خورلۇق ۋە پۇشايمان ھېسلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاز-تولا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىسمۇ، يەنىلا دېھقاننىڭ ئەخمەقلىقىغا قارىتا مەسخىرىلىك كۈلگەن، «ئۆز ئايالىنى باشقا بىر ئەركەككە بىر كېچە نىكاھلاپ، يەنە قايتىلاپ خوتۇن قىلغۇسى كەلسۇنمۇ ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈرگەنىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ قىسمەتلەرنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىنى ئۇ چۈشىدىمۇ خىيال قىلمىغانىدى...

— ئاھ خۇدا ! بىرىگە چوڭ سۆزلەيدىغان جاھان ئەمەسكەنغۇ بۇ ! — سالى بېشىنى قاماللىغىنىچە سۈكۈتكە چۆمدى. ئاشۇ نومۇسلۇق ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى، ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا توۋلاپ سالدى:

— ياق...ياق...مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن ئۇنداق قىلالمايمەن...

## 2

ئۆي تەقسىملەش ئىشى سالىنىڭ ئارامىنى بۇزغانىدى. ئۇنىڭ قېنىپ ئۇخلاپ باقمىغىنىغا نەچچە كۈن بولدى. مەكتەپتە ئىچىلغان يىغىندىن كېيىنكى تۆتىنچى كۈنى كەچتە، ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامىنى ئىزدەپ بارماق بولدى. شەھەرگە كەچتە

قاتنايدىغان ماشىنا بولمىغاچقا يىزا مەركىزىدىكى بىر ئاشپۇزۇل غوجايىنىنىڭ ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتىنى كىرا قىلدى.

— مۇئەللىم، بۇنچە كەچتە شەھەرگە نېمە زۆرۈر ئىش بىلەن ماڭدىلا؟ — غوجايىنىنىڭ ئوغلى موتوسىكلىتنى ئوت ئالدۇرۇۋېتىپ شۇنداق دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ قارىشىچە، سالى ئەپەندىم ئىنتايىن زۆرۈر بىر ئىش بولمىغاندا بۇنچە كۆپ پۇلغا كىرا قىلمايتتى. شۇنداق، سالى ئادەتتە ئورۇنسىز پۇل چىقىم قىلمايدۇ. ھازىرغىچە خىزمەتداشلىرىدىن بىرەرسى ئۇنىڭ ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېگىنىنى ئۇچراتقىنى يوق. شۇ ۋەجىلىك ئاشخانا غوجايىنى، زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى دېيىشتىن ئۇيۇلۇپ، كىرانى قىممەترەك دېسەم يالتىيىدۇ دەپ ئويلىغان ھەم يۇقىرى باھا قويغانىدى. ئەمما، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولدى. سالى مۇئەللىم باھا تالىشىپ ئولتۇرماستىن، غوجايىنىنىڭ دېگىنىگە كۆندى.

— باشقا زۆرۈر ئىشمۇ ئەمەس، — جاۋاب قايتۇردى سالى مۇئەللىم موتوسىكلىتقا جايلىشىۋېتىپ، — شۇ بىرەيلەن بىلەن جىددىي كۆرۈشىدىغان ئىش چىقىپ قالغانىدى.

— ۋاي-ۋۇي ! بىرى بىلەن كۆرۈشىدىغانغىمۇ كېچىلەپ مېڭىش كېتەمدۇ، ئەتە ئاپتوبۇستا بارسىلا نەچچە ئون كويغىلا بېرىپ- كېلەلەيتتىلا ئەمەسمۇ، قارىغاندا بىرەر ئايال كىشى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئوخشىمامدىلا- ھە ؟! — يىگىت قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىۋىدى، سالى پاتىڭغىچە قىزىرىپ كەتتى ۋە ئالاق-جالاق بولۇپ، ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— مەن... مەن ئىزدەيدىغان ئۇ كىشى پەيشەنبە كەچتىن جۈمە پىشىنگىچە ئۆيىدە مۇنتىزىم ئولتۇرۇپ، باشقا ۋاقىتلاردا ئاساسەن تىجارەت ئىشى بىلەن ئالدىراش، سىرتتا بولغاچقا ئەتە بارسام ئۇچرىشالماسلىقتىن ئەنسىرەپ، ھازىر مېڭىشىم.

— چۈشەندىم. بىرەر باشلىققا خۇشامەت قىلغىلى مېڭىپلا-دە.

— ياقەي. كاناي ياغلىغلى ياغ يوق، سۇناي ياغلىغلى ياغ نەدە، دېگەندەك نەدىكى خۇشامەتكەن ئۇ، مېنى كىم چاغلاپ قالدىڭ ئۇكام؟
— خۇشامەت بولمىسا خالتا كۆتىرەۋاپىلىغۇ ؟
— هە، خالتىنى دەمسەن، شۇ، باغ مېۋىسى، ئۆزىمىزنىڭ بېغىدا بولغان ئالمىدىن ئازراق ئالغاچ ماڭدىم شۇ...
موتوسىكلىت ئاسفالت ياتقۇزۇلغان تاغ يولىغا كىرىۋىدى، سۇرئەت تېزلەشتى. سۇرئەتنىڭ بارغانچە ئېشىپ بېرىشى سالىنىڭ ئەندىشىسى ھەسسىلەپ ئاشۇرغانىدى، ئۇ، موتوسىكلىت رولىغا مەھكەم چاپلاشقىنىچە كۆز ئالدىدىكى مەنزىلگە چېكەتكىدەك تىكىلىپ ئولتۇرغان يىگىتكە پات-پاتلا قاراپ قويغاندىن باشقا، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەيتتى. شامالنىڭ كۈچىيىشى، ھەممىدىن بەك ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكى سالىنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى، «ئاستىراق، ئاستىراق ماڭ» دەيتتى ئۇ پات-پاتلا...
موتوسىكلىت مەنزىلگە يېتىپ كەلگۈچە سالىنىڭ كۆزى تۆت بولدى. ھەتتا «كىشىلەر بۇنى جانئالغۇ، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، راستلا جاننى ئېلىپ يانىدا قويىدىكەن ئەمەسمۇ، ئەمدى ئىككىنچى ئولتۇرماسمەن بۇنداق شەيتاننىڭ هارۋىسىغا» دەپ كۆرمىڭ قېتىم ۋايىسغانمۇ بولدى.
موتوسىكلىت شەھەر يولىغا كىرىشى سالى مۇئەللىم سەل-پەل روھلىنىپ، ئۆزىنى تۈزلىدى.
— خۇداغا شۈكۈر، ساق-سالامەت كېلىۋالدۇق، — سالى شەھەرگە ساق-سالامەت ئۇلاشقانلىقىدىن خۇشال ئىدى-يۇ، ئۆزلىرىنىڭ قايسى دوقمۇشقا كېلىپ قالغانلىقىنى تازا ئاڭقىرالماي، تاقىتى تاق ئىدى، ئۇياق-بۇياققا قارايتتى، شۇ ئەسنادا يىگىت سۆز ئالدى:
— قايسى تەرەپكە ماڭىمىز ؟
— قايسى تەرەپكە ماڭىدىغانىنى پەرق ئېتەلمىدىم، چوڭ خانىقا مەسچىت بار كوچىغا بارساق بولاتتى.
موتوسىكلىت بىر خىل رىتىمدا يېنىك سىلكىنگىنىچە، مەركىزىي

كوچىدىن ئۆتۈپ ئوڭغا قايرىلدى، كۈنچىقىشقا قاراپ بەش يۈز مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن چوڭ مەسچىتكە قايرىلىدىغان يول ئاغزىغا كەلدى. تۆت-بەش قەۋەت ئىمارەت ئېگىزلىكىدىكى مەسچىت قىبلىسى دەرۋازا ئالدىغا ئورنىتىلغان ئېلېكتىر لامپىسىنىڭ سۇس يورۇقىدا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

— كەپمۇ قالدۇق، موتوسىكلىتنى مۇشۇ يەردە توختاتقىن، — دېدى سالى.

موتوسىكلىت توختىغان دوقمۇشتىن يىگىرمە-ئوتتۇز مېتىرچە نېرىسىدىكى رېمونتخانا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا قويۇلغان سەندەل، كۆرۈك ۋە باشقا تۆمۈر-تەرسەك، ياغاچ-تاشلارنىڭ ئۈستىگە قونۇشۇۋېلىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانلارنىڭ قىيقاس-چۇقان پاراڭلىرى ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سالى يىگىتكە ئۆزىنى رېمونتخانىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇشنى تاپىلىغاندىن كېيىن، يول دوقمۇشىدىن ئوڭغا قايرىلىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ قورۇسىغا كىرىپ-چىقىۋاتقانلار كۆپ بولۇپ، قورۇ ئىچىدە بىرقانچە كىشى ئۆچرەت ساقلاپ تۇراتتى. سالى شۇلار قاتارىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى. خېلى بىرمەھەلدىن كېيىن بىرەيلەن ئۇنى ئىشارە قىلىپ تولىدى:

— ئۇستام، مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى، كىرسىلە بولىدۇ.

ئىمام ئاخۇنۇم قارىماققا ناھايىتى تېتىك ۋە ساغلام ئىدى. مەڭزى گويا ئانارDەك قىزىل، يۈز تېرىلىرى پارقىراق بولۇپ، بىر قاراشتىنلا ئادەمنى سۈر باساتتى. بۇ كىشى نەچچە ئون يىل ئاۋۋال مەككە-مەدىنىنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەن، جامائەتنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر كىشى بولۇپ، ئىسمىنى تىلغا ئالسا تونۇمايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى، چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئىتائەت قىلاتتى.

— ھە قېنى، يۇقىرى ئۆتسىلە، — دېدى ھاجىم سالىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن تۆردىكى كۆرپە ئۈستىدىن سەل-پەل مىدىرلاپ

قويۇپ. ھاجىم كۆكرىكىگە يېپىلىپ چۈشكەن ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ داۋام ئەتتى ـــ قانداق بىر ئىش بىلەن قەدەملىرى يەتتىكىن.
ـــ شۇ...شۇ... ـــ سالىنىڭ گەپ-سۆزلىرى قولاشماي قالغاندى، ھاجىم ئېغىز ئاچتى:
ـــ قېنى ئالدىرىماي سۆزلىسىلە.
ـــ شۇ...شۇ... ئۈچ تالاقنىڭ شەرىئەت ھۆكۈمىنى ئاڭلاپ باقاي دەپ.
ھاجىم كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، قولىدىكى تەسۋىنى سىيرىغىنىچە ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن سالىغا تىكىلدى. سالىغا مۇشۇ نەچچە مىنۇت بىر يىلدەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ھاجىمغا يەر تېگىدىن بىر رەت غىل-پال قارىغاندىن باشقا، بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئولتۇراتتى.
ـــ ئۆزلىرى بىرەر خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنامدىلا-قانداق؟ ـــ سورىدى ھاجىم.
ـــ شۇنداق ھاجىم، يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.
ـــ ئاياللىرىچۇ؟
ـــ ئائىلىدە، ئۆي ئىشلىرى بىلەن.
ـــ مۇنداق دېسىلە، ـــ ھاجىم ئەپسۇسلىنارلىق بىر ھالەت بىلەن سالىغا تەپسىلىي قاراپ چىقتى، ـــ ئاياللىرىنى ئۈچ تالاق قىلغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىگە كەلدىلە؟
ـــ يارىشۋالاي دېگەن نىيەت بىلەن ھاجىم.
ـــ شەرىئەتتە تالاق قىلىش ئەمەس، تالاق قىلىشنى ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر گۇناھ دەپ ئېيتىلغان. قىلغان-ئەتكەنلىرىمىز، ئويلىغانلىرىمىز ياراتقۇچىغا ئايان، ـــ ھاجىم ئېغىر تىنىۋاتتى. دەقىقىلىك سۈكۈناتتىن كېيىن، قولىدىكى تەسۋىنى تېز-تېز سىيرىپ ئاخىرلاشتۇردى-دە، سۆزىنى ئاستا رەۋىشتە داۋام قىلدى، ـــ ئىلگىرىكى زامانلاردا «ئۈچ تالاق» دېگەن بىلەنلا نىكاھ ئاجراپ ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت

ئۆزۈلەتتى. ھازىر ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، نىكاھ ئوقۇلۇش بىلەن بىللە يەنە تويى خېتى بولمىسا قانۇنلۇق ھېسابلانمايدۇ. قانۇن نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاق ئانكېت كېسىلمىگۈچە، ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال يەنىلا ئەرنىڭ ئەمرىدە بولۇۋېرىدۇ. بىراق، دىنىي ئەمر - قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۈچ تالاق قىلىنغان ۋاقىتتىن تارتىپ ئوتتۇرىدىكى نىكاھ ئۈزۈلگەن بولىدۇ، — ھاجىم تەكچىگە قويۇلغان كىتابلار ئارىسىدىن قاتتىق مۇقاۋىدا تاشلانغان چوڭ بىر كىتابنى ئېلىپ ئىخلاس بىلەن ۋاراقلاشقا كىرىشتى. بىرقانچە بەتنى ئارىلاپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام ئەتتى، — شەرئەتتە، نىكاھسىز بىر ئۆيدە تۇرسا پۇتمەس-تۈگىمەس بالا-قازاغا مۇپتىلا بولىدىغانلىقى ئېنىق ئېيتىلغان. ئەگەر كۆڭۈللىرى تارتقىنىدا، قايتا نىكاھ ئوقۇشتىن ئىبارەت بىرلا يول بار. بۇ ئىشلارمۇ ئۆز ئىختىيارلىرىدا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ھازىر چوڭ بولۇۋاتقان بىر قىسىم ياشلىرىمىز بۇ ئەھكاملارنى ھېسابقا ئالماي، ئايالىنى تالاق قىلىپ، ئارقىدىن قايتىلاپ نىكاھ ئوقۇتۇپلا يەنە خوتۇن قىلىپ كېلىۋاتقان ئەھۋاللارنىمۇ ئاڭلىغانمەن. ئەمما، ئەمرىمەرۇپتا ئىش ئۇنداق ئاددىي ئېيتىلمىغان. ئىلىم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، مەيلى كەلسە خوتۇن قىلىپ، مەيلى ئۇچقاندا «تالاق» دەپلا قوغلاش ئايال زاتىغا قىلىنغان چوڭ بىر ھاقارەت، كىشىلىك قەدىر-قىممەتنى دەپسەندە قىلغانلىقتۇر،— ھاجىم گېلىنى قايتىلاپ قىرغاندىن كېيىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى،— يەنى مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم» دە: ئەگەر ئەر خوتۇنىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلسا، خوتۇن باشقا ئەرگە تەگمىگۈچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ. ئايال كېيىنكى ئەر تالاق قىلغاندىن كېيىن، ئىددىتىنى توشقۇزۇپ بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا دۇرۇس بولىدۇ، دەپ ئېيتىلغان. بۇ يەردىكى ئىددەت تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئۈچ ھەيز ۋاقتى ئۆتكۈچە بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ...

ھاجىمنىڭ ئېيتقانلىرى سالىنىڭ ئىلگىرى ئاڭلىغانلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئايالىنىڭ خېتىنى بېرىشى ياكى باشقا

ئەر بىلەن نىكاھلاپ، ئۇ ئەر تالاق قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ئاي كۆزىتىپ، ئايالنىڭ ھامىلىدار بولغان-بولمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، قايتا نىكاھ ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت ئۇششاقلا يول بار ئىدى.

سالى ئاتىغىنىنى ھاجىمنىڭ ئالدىغا قويۇپ خوشلىشىپ قايتىپ چىقتى.

— قانداق مۇئەللىم، ئىشلىرى پۈتۈپ قالدىمۇ؟ — ئىبغىز ئاچتى يىگىت سولغۇن چىراي يېتىپ كەلگەن سالىغا قاراپ. — ئۇسساپمۇ قالغانلا، ئاشخانىدىن بىرنى تېپىپ قىزىق چايدىن بىر پىيالىدىن ئوتلايلىمۇ ؟

— بولدى ئۇكام، ۋاقتىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، قايتساقمىكىن دەيمەن.

— قايتساق قايتايلى ئەمىسە...

سالىنىڭ كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ بارمايتتى. تۈمەنمىڭ خىياللار ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى. ھاجىمنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئەتىسىلا ئىشنى پۈتكۈزۈشنى ئويلايتى-يۇ، تۇرۇپلا يالتىياتتى...

«ھەي، مۇشۇ ئىشىمنى باشقا بىرى بىلىپ قالىدىغان بولسا نومۇس ئەمەسمۇ. بولۇپمۇ سامساق بىلىپ قالسا تۈگەشكىنىم شۇ. باشقىسىنىمۇ قويۇپ تۇرايلى، يۇقىرىغا دوكلاتلا قىلىپ سالىدىغان بولسا، ئۆزى دۆلەت كادىرى تۇرۇپ دىنغا ئىشىنىپتۇ، دەپ چوڭ بىر قالپاقنى كىيدۈرۈپ...

سالىنىڭ تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى. كىم بىلسۇن، ئاغزىدا ۋاي سالى، دەپ قويغىنى بىلەن، كۆڭلىدە نېمە يامانلىقلارنى ئويلاپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ باشقىلارغا نىكاھ ئوقۇتۇپ ئاندىن قايتىلاپ خوتۇن قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر...ھەي، بۇ قانداق بولۇپ كەتكىنى ئەمدى...»

سالى كۆپ ئويلىنىشتىن كېيىن، زىبىدىخان ئانا بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى تايىن تاپتى. ئەنە شۇنداق مەقسەت ـ مۇددىئا بىلەن كەچقۇرۇن قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاياغ باستى:

— ئانا، ئايزۆھرە بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق مەسلىھەت

قىلاي دەپ كېلىشىم، ــ سالى خىجىل بولغان بىر ئاھاڭدا سۆزلەيتتى، ــ دېمەيدىغان گەپ ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ خىجىلمەن. بىرەر ئامالىنى قىلىپ ئايزۆھرەنى ئۆيگە ئېلىپ كېتەي، دېگەنىدىم.

سالى زىبىدىخان ئانىغا سوكۇت ئىچىدە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە يەرگە باقتى. زىبىدىخان ئانا دەممۇدەم ئۇھسىنىپ، بىرمەھەل ئۆزىنى تىڭشاشتىن كېيىن سەل تىترىگەندەك بىر ئاھاڭدا ئېغىز ئاچتى:

ــ شەرىئەتتە، ئۈچ تالاقنىڭ ھۆكمى يامان. ئۆزلىرى ئايزۆھرەنى ئۆيگە مۇنداقلا ئېلىپ كېتەي دەپ كەلمىگەندىلا ــ ھە ؟

سالى دېمەكچى بولغانلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالماي دۇدۇقلاپ كەتتى:

ــ مەن...مەن.

ــ بىلىمەن، ئۆزلىرى دۆلەت كادىرى بولغاچ، دىنىي قائىدىلەرنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىلا. باشقا ئىش بولغان بولسا ھازىرلا قېتىپ قويغان بولاتتىم. بۇ ئىشقا ئالدىراپ بىر نېمە دېمەك مۇشكۈل.

ــ ئۇنداقتا، سىلىچە...

ــ بۇ ئىشنى ئوڭشىماق ئاسان ئەمەس. خېلى كۆپ قائىدىلىرى بار. بۇنىڭدىن خەۋەرلىرى بارمىكىن؟

ــ باشقىلارغا نىكاھ ئوقۇتىدىغان ئىشنى دەمدىلا؟ ــ سالىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ــ بۇنى مەن باشقىلاردىن ئاڭلىغان. بىراق، ئۇ ئۆتكەن زامانلاردىن قالغان دىنىي قائىدە. ھازىر دېگەن ئانىكىت بىلەن ئىش پۈتىدىغان بولغاندىكىن، ئۇ تەرەپلىرىگە ئېھسىلۋالماي ئۆزئارا يارىشىۋالساق بولارمىكىن دەيمىنا.

زىبىدىخان ئانا كۈيئوغلىنىڭ ئۆزى يېتىلگەنگە ماڭمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شەرىئەت ئەھكامى بويىچە ئىش قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، گەپنى ئۇزۇنىنى كۆپ قېتىم كۆڭلىگە پۈكتى ـ يۇ، يەنە: «بەك ئالدىراپ كەتمەي. ناۋادا سالى ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇركۈپ

كەتسە، ئۇ هالدا بۇ ئىشنى جايىغا كەلتۈرمەك تەس. شۇنداق بولغىنىدا ئايزۆهرە تۇل خوتۇننىڭ ئاتىقىغا قالىدۇ. بۇنداق يامان نام-ئاتاق مەن بىلەنلا كەتسۇن. سالىنى ئايزۆهرە بىلەن مەسلىهەتلىشىپ بىرنېمە دېيىش باهانىسى بىلەن يولغا سالاي-دە، قالدى ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلاپ...»

دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئوڭايسىزلانغان بىر هالەتتە مۇنداق دېدى:

— دېگەنلىرىمۇ ئورۇنلۇق. مەنمۇ ئىككىڭلارنى ئېجىل-ئىناق ئۆتسىكەن دەيمەن. مېنىڭچە بولسىغۇ ئايزۆهرەنى هازىرلا ئەكەتسىلە بولاتتى. بىراق، ئايزۆهرە نەچچە كۈندىن بېرى قاپاق-قاچىلىرىنى زادىلا ئاچماي يۈرىدۇ. ماڭىمۇ ئېچىلىپ- يېيىلىپ بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىدى. شۇڭا، بۇگۈنچە قايتىپ تۇرسىلا، ئارىدىن بىر-ئىككى كۈن ئۆتسۇن. مەن ئايزۆهرە بىلەن ئوبدان بىر سۆزلىشىپ كۆرەي، تەربىيە-نەسىهەت قىلاي. ئۆزلىرىگە ئىشنى توغرىلاپ بولۇپ خەۋەر قىلاي.

— ماقۇل ئەمىسە، سىلى دېگەندەك بولسۇن. ئەسلىي ئايزۆهرە بىلەن ئۆزۈم پاراڭلىشىپ كۆرەي دېگەندىم، بۇ ئەهۋالدا بۈگۈنچە كۆرۈشمەي تۇراي.

سالى قېيىنئانىسى بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتى. زىبىدىخان ئانا كۈيئوغلىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش هەققىدە باش قاتۇرۇپ تۇراتتى، ئايزۆهرە كىرىپ كەلدى. ئۇ باياتتىن بېرى يانىدىكى قازناق ئۆيدە بولۇپ، سالىنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكى، ئانىسى بىلەن نېملەرنى دېيىشكەنلىكىنى بەكلا بىلگۈسى كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئىشكتىن كىرىپلا ئانىسىدىن سورىدى:

— ئانا، سالى نېمە دەپ كەپتۇ ؟

— ئەر كىشى بولغان ئادەم نېمە دەپ كېلەتتى، ئايالىمنى ئەكەتسەم دەپ كەپتۇ شۇ.

— ئۇخلاپ چۈشى. تالاق قىلىپ بولۇپ، نېمىگە ئەكېتىدىكەن ئەمدى، — ئايزۆهرە دومسايغىنىچە نېملەرنىدۇر دەپ غۇدۇرىدى، زىبىدىخان ئانا چۆشەندۈردى:

— ئېرىڭنىڭ سېنى ئۆيگە ئەكېتەي دەپ كەلگىنىنىڭ ئۆزى ئوبدان ئىش، «تالاق» دېدى دەپ قالايمىقان بىلجىرلاپ يۈرسەڭ خېتىڭنى بېرىدۇ شۇ.

— بەرسە بەرمەمدۇ. تېپىلماسنىڭ خورمىسىمىتى ئۇ. ئۇنداق لايغەزەل ئەر دېگەن كۆرمىڭ.

— جۆيلۈمە، نېمەڭگە چوڭچىلىق قىلىسەن؟ قويۇۋەتسە ئولتۇرىسەن شۇ. ھەر ئايدا چىقىپ تۇرىدىغان تەييار مائاش. مۇقىم ئىش ئورنى يوق باشقا بىر ئادەمگە تەگكەن بولساڭ، بۈگۈن تاپساڭ ئەتىگە يوق، ئۇچاڭغا تاپساڭ گېلىڭغا يوق سارغىيىپ، تاتىرىپ ياشايتىڭ، راھەت ياراشمىغىلى تۇردى ساڭا. ناۋادا سېنى قويۇۋېتىدىغان بولسا، سالنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرىدىغان نى- نى قىزلار بار. كۆرمەيۋاتامسەن، مائاشلىق، دەپ ئاق باش بولۇپ كەتكەنلەرگە تېگىۋاتقان قىزلارنى...

— ئوھوش، — ئايزۆھرە گەپنىڭ بېلىگە تەپتى، — تەگسە تەگمەمدۇ. پۇلنى دەپلا ياشامدۇ كىشى. مۇھىمى كۆڭۈل. تاغار-تاغار پۇلنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، كۆڭلى خاتىرجەم ئۆتمىگەن تۇرمۇشنى بەختلىك تۇرمۇش دېگىلى بولسۇنمۇ ؟

— دېگىنىڭمىغۇ ئورۇنلۇق. شۇنداقتىمۇ ئويلىنىپ ئىش قىلمىساڭ بولمايدۇ. بېشىڭ بۇ يەرگە يەتكەندە قايتا توي قىلىمەن، دەپ يۈرسەڭ ئۆزۈڭگىمۇ ياخشى ئەمەس. باشقىلارغا بۇزۇلۇپتۇ، دېگەن ئاتاققا قالىسەن قىزىم.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىشىدىكەنمىز. ئۇ مېنى تالاق دېگەن تۇرسا، قانداقلارچە يەنە بىر ئۆيگە كىرگىلى بولسۇن؟

زىبىدىخان ئانا قىزىغا ئىشنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرمەك بولۇپ، گەپنى يىراق ئۆتمۈشتىن باشلاپ، ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى. دىنىي قائىدە-مىزانلاردىن توختالدى. ئاخىرىدا باشقا بىرىگە نىكاھ ئوقۇتۇپ، سۆزىنى ئالغاندىن كېيىن سالى بىلەن قايتا نىكاھ ئوقۇتۇپ بىر ئۆيگە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئايزۆھرە ئورنىدىن

چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— نەدە ئۇنداق ئىش بار ئىكەن. ئۆلسەممۇ قوشۇلمايمەن، — ئايزۆھرە بار ئاۋازى بىلەن تۇۋلايتتى، — مېنى نېمە كۆرۈپ قاپتۇ ئۇ لامزەللە، بولۇمسىز كالۋا. ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقمىكەنمەن؟...

ئايزۆھرە سالىنى تىلغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن تىللاۋاتاتتى، زىبىدىخان ئانا ۋارقىرىدى:

— تىلىڭنى تارت، — زىبىدىخان ئانىنىڭ تۇيۇقسىز ئېيتقانلىرى ئايزۆھرەنى تاڭ قالدۇردى، — نەدىمۇ ئەر كىشىگە بىمەنە سۆزلەر بىلەن تىل سالىدىغان ئىش بار. ئايال كىشىنىڭ ئاغزىدىن بال تېمىشى، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن ئەر كىشىنىڭ دىلى سۆيۈنۈشى كېرەك ئىدى. مەن سېنى خېلى ئەدەپ ـ قائىدىلىك چوڭ قىلدىم، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەپسۇس، ئويلىغىنىم ئەمەلىيەتتىن بەكلا يىراق ئىكەن.

— ئانا، سەن... قارا دېگەن گېپىڭنى، نەدىمۇ ئۆز خوتۇنىنى باشقا بىر ئەرگە نىكاھلاپ، نەچچە كۈن ئۆتكەندە يەنە ئۆيىگە ئەكىلىۋالىدىغان قائىدە بار ئىكەن. خېتىمنى ئالىمەن.

— جۆيلىمە. قېيىنئاچاڭ تۇگەپ كېتىپ نەچچە ئون كۈن بولماستىن خېتىمنى ئالىمەن، دەپ يۈرسەڭ خەلقئالەم ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟ بىلىمەن، ساڭىمۇ ئوڭاي ئەمەس، بىراق، ھازىرقى ۋەزىيەت ساڭا شۇنداق قىلىشنى يۈكلەيدۇ.

— ئۆلسەممۇ قوشۇلمايمەن. خېتىمنى ئالىمەن دېدىم، ئالىمەن.

ئانا بىر پەستىن كېيىن داۋاملاشتۇردى:

— يېڭىلىشتىڭ قىزىم. يۇقىرىقىلار مېنىڭ ئويۇم. سالىمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپلا چىچاڭلاپ كەتكەن. ناۋادا دىنىي ئەھكام بويىچە ئىش كۆرىمىز دېسەك ئۇمۇ قوشۇلمايدۇ، خېتىڭنى بېرىۋېتىدۇ شۇ. مەن كۆپ ئويلىنىپ بۇ ئىشنى ئانا ـ بالا ئىككىمىزلا توغرىلاشنى تايىن تاپتىم. شۇڭا ئېرىڭنى، ئايزۆھرەنىڭ ئاچچىقى يانمىدى، بىرقانچە كۈن ئويلىنىۋالسۇن، ئاندىن خەۋىرىنى بىرەي، شۇ چاغدا ئېلىپ كەتسىلە، دەپ يولغا سالدىم.

— سەن، ئۆزۈڭگە ئوقۇتۇۋال نىكاھنى.

زىبىدىخان ئانا مىشىلداشقا باشلىدى. ئۇ ھېقىقداپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى:

— مەن ئانامغا بىر ئېغىز يانغىنىمنى بىلمەيمەن. بىراق، سەن ماڭا يېنىۋاتىسەن. گەپ يانىدۇرۇپ تەڭ تۇرۇۋاتىسەن. بۇنداق ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم تۈزۈك ئەمەسمۇ. ئاھ خۇدا ! ئۆلۈپلا تۇگىگەن بولسام، بۇنداق دىشۋارچىلىقنىمۇ كۆرمەس ئىدىم، ئۇ چاغدا قىلغانلىرىڭغا ئارىلىشىدىغانمۇ ئادەم يوق ئىدى...

ئانا يىغىدىن كېيىن قىزىغا يەنە نەسىھەت قىلدى. نەسىھەتتىن كېيىن ئايزۆھرە پەسكويغا چۈشتى. قايتا نىكاھ ئوقۇتۇش ئىشىغا چىش يېرىپ بىرنەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، لام-جىم دېمەستىن سۇكۈتكە پاتتى. زىبىدىخان ئانىنىڭ ھە دېگەندە كۆز يېشى قىلىشى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا شۇنداق قىلماقتىن باشقا يولمۇ يوق ئىدى. ئەمدىكى گەپ ئايزۆھرەنى كىمگە نىكاھلاش مەسىلىسى ئىدى. بۇ ئىشقا كىممۇ لايىق كېلەر؟ ئاقىۋىتى قانداق بولۇپ كېتەر؟ مۇھىمى خوتۇن خەققە ئانچە سەپسېلىپ كەتمەيدىغان، گومۇشراق بىرى بولسا بولاتتى. ئۇنداق بولمايدىكەن، نىكاھىغا ئېلىۋېلىپ سۆزىنى بەرمەي تۇرۇۋالسا ئىش تېخىمۇ چاتاق...

زىبىدىخان ئانا خېلى بىرمەھەل خىيالغا پاتتى. ئۆزى تونۇيدىغان ۋە ئۇچراتقان نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، چىراي ئىپادىلىرىنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتى. ئاخىر ئايزۆھرە بىلەن نەۋرە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتتىكى بىرىگە كۆڭلى تايىن تاپتى. ئۇ كىشى يېشى قىرىق بەشتىن ھالقىغان بولسىمۇ تېخىچە ئۆيلەنمىگەنىدى. ئانىنىڭ نەزىرىچە: ئايال زاتىغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بۇنداق كىشىنىڭ، ئايزۆھرەدەك بوغۇزىغا كەلگەننى ئانچە يۇتۇپ كەتمەيدىغان چېچەن ئايالغا نەيرەڭۋازلىق ئىشلىتەلىشى ناتايىن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بولغان تۇغقاندارچىلىق يۈزىسىدىن بولسىمۇ باشقا ئىشنى ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ.

ئانا كۆڭلىگە پۈككەننى ئېيتىۋىدى. قاپاق ئاچماي ئولتۇرغان ئايزۆھرە

تېقىمىغا ئۇرغىنىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:
— ئۆيلەنمىگەن يىگىتتىن بىرنى تاپتىڭمۇ. ھا... ھا... ھا...

# 3

جاھان تىمتاسىلىقتا چۆمۈلگەن پەيت. زىبىدىخان ئانا تەكىيگە يانپاشلانغىنىچە ئاللىقانداق خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ، مۈگدەپ قالغانىدى. ئۇ، دەرۋازىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قېقىلىشى بىلەن ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ھويلىغا چىقىپ كەلدى.
— كىم؟ — دەپ توۋلىدى ئانا.
— مەن، مەن ئانا، موللاخۇن، — زىبىدىخان ئانا موللاخۇننى ئاۋازىدىن تونۇۋالغانىدى.
— ئېسىم قۇرۇسۇن، مانا ھازىر بالام.
موللاخۇن زىبىدىخان ئانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قوشنا كەنتتىكى سىيتاخۇن ئىمام مەزىننى تەكلىپ ئېتىپ باشلاپ كەلگەنىدى. زىبىدىخان ئانا مېھمانلار بىلەن تىنچ ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، مېھمانلارنى مېھمانلىق ئۆيگە تەكلىپ ئەتتى، ئاندىن ئالدىراپ ـ تېنەپ ھوجرا ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە، تاپىسدا سۇنايلىنىپ ياتقىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەن ئايزۆھرەنى دۈشكەلەشكە باشلىدى:
— ئايزۆھرە...ھوي ئايزۆھرە، ئۆيگە مېھمان كەلدى، ئورنۇڭدىن تۇر قىزىم، — ئانا قىزىنىڭ چاپىنىنى ئۈستىگە ئارتىپ قويغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن مېھمانلارنىڭ قېشىغا چىقاي، سەن بىر چەينەك چاي دەملەپ كىر قىزىم.
— ماقۇل، چاينى مەن ئېلىپ كىرەي، سەن داستىخان بىلەن ناننى ئالغاچ چىققىن ئانا.
— موللىكا، — ئايزۆھرە مېھمانلىق ئۆيگە كىرىپلا داڭ قاتتى، — «ئايلاپ ـ يىللاپ بوسۇق ئاتلىمايدىغان ئادەم، بۇگۈن، يەنە كېلىپ

كېچىلەپ كەپقاپتا. بۇنىڭدا بىر ئوي بارمۇ يا. ياكى بولمىسا ئانام ماڭا نىكاھلاتماقچى بولغان ئادەم... — ياق،ياق، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم مەن. ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇرۇق-تۇغقاننى سوراپ يۈرمەس»، ئايزۆھرەنىڭ كېيىنكى خىياللىرى كۆڭۈل ئەندىشىسىنى پەسەيتكەندەك قىلدى، — راستىلا سىزمۇ؟ كېچىلەپ...

موللاخۇن ئايزۆھرەنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماستىنلا سۆز ئالدى:

— شۇنداق، مەن موللاخۇن ئاكىڭىز سىڭلىم... ھىھ...ھىھ...، — موللاخۇننىڭ سۇس كۈلكىسى خىلىلا ئەدەپ قالدى. ئۇ دۇدۇقلىغىنىچە سۆزلەيتتى، — زىب...زىبىدىخان ئانام سىيىت... سىيىتاخۇن قاراخۇنۇمنى چاقىرىپ كېلىشنى تاپىلىغانىدى، چاقىرىپ كەلدىم. ھى...ھى...ھى...

زىبىدىخان ئانا ئاۋۋال سىيىتاخۇن موللامغا، ئاندىن موللاخۇنغا خېلى كۆپ بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن، ئايزۆھرەگە مېھمانلارغا چاي قۇيۇشنى ئېيتىپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە ئانچە ھايالىشمايلا يەنە قايتىپ كىردى. ئۇ بىر دانە پىيالە، چەينەك ۋە بىر پارچە نان سېلىنغان پەتنۇسنى ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، پەتنۇسنى داستىخانغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئايزۆھرەنى سىرتقا چاقىرتتى:

— ساڭا نىكاھلايدىغانغا موللاخۇننى گەپكە كىرگۈزدۈم، — ئانا شۇنداق دېيىشى، ئايزۆھرە سەكرەپ كەتتى:

— نېمە ؟!

— كاللاڭنى ئىشلەت. باشقا يات بىر ئادەمنى تاپساق، ئەتىلا ئەل-جاھانغا يېيىپ سالسا ياخشى بولامتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موللاخۇننى ئانچە بىجىرىم دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئالىمادىس بۇ ئىشنى سىرتتا دەپ يۈردى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئۇرۇق-تۇغقان بولغاندىكىن تېخىمۇ شۇنداق، — ئايزۆھرە پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئانا قىزىنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ، مەيۈس ھالەتتە سۆزىنى داۋام ئەتتى، — كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن قىزىم.

مۇشۇنداق قىلمىساق بىر ئۆمۈر پۇشكەللىككە يولۇقىسەن، ھەتتا ھاياتىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىمۇ مۇمكىن. خېتىڭنى ئۇ ئال دەپ دېسەم، يەنە كېيىنلىكىڭنى ئويلاپ قالدىم. قالدى گەپنى موللاخۇن بىلەن دېيىشىپ قويدۇم. خاتىرجەم بول، رەسمىيەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ شۇنداق قىلىۋاتىمىز. خۇدايىم بۇيرىسا ئىرادەڭگە خىلاپ ھەرقانداق بىر ئىش يۈز بەرمەيدۇ...

ئايزۆھرە ئىنائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئانىسىغا ئەگىشىپ مېھمانلىق ئۆيگە كىرىپ كەلدى. زىبىدىخان ئانا ئۆزىنى كۆرۈپلا تاپىسىدىن چۈشۈپ قوزغۇلۇپ تۇرغان موللاخۇنغا قاراپ سۆز ئالدى:

— موللاخۇن، ھېلىتىن دېگەنلىرىم ئەسلىرىدە باردۇ؟

— بار ئانا.

— باشقىسىنى ئۇنتۇپ قالسىلىمۇ تۇغقانىدارچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا.

— ھى...ھى...ھى، خا.. خاتىرجەم بولسىلا ئانا. ھەرقانچە بولۇپ كەتسىمۇ، ھىھە...ھىھە...ھىھە...

موللاخۇن گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئىپادىسىز تۇردى. نىكاھ ئوقۇلدى. موللام بىلەن زىبىدىخان ئانا ئۆيدىن يېنىپ چىقتى. زىبىدىخان ئانا سىيىتاخۇن موللامغا ئالدىن كېلىشىپ قويغان ئىش ھەققىنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— زىبىدىخاچا، — سىيىتاخۇن موللام بىرنەرسە دېمەك بولدى-يۇ، نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇنىنى يەنە ئىچىگە يۇتتى. بوغۇزىغا كەلگەن تۈكۈرۈكىنى غۇرتتىدە يۇتقاندىن كېيىن، نېمە دېمەكچى بولغىنىغا تەقەززا بولۇپ تىكىلىپ تۇرغان زىبىدىخان ئانىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى-دە، چوڭقۇر بىر ئۇھسىنىپ يولىغا راۋان بولدى.

ئەتراپ ئانچە قاراڭغۇ بولمىسىمۇ، بۇك-باراقسانلىشىپ كەتكەن

دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا كارىدور شەكىللەندۈرگەن يول خىلىلا قاراڭغۇ بولۇپ، يول يۈرۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. سىيتاخۇن موللام ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇغىنىچە ئورغاق ئاينىڭ سۇس نۇرى چۈشكەن نىشاننى قوغلىشىپ تەمتەسلەپ كېتىۋاتقان شۇ دەقىقىدە، زىبىدىخان ئانىنىڭ مېھمانلىق ئۆيىدە سىرلىق، ئەمما، ئەڭ ھارارەتلىك، شېرىن بىر مەيدان تىلسىز ئۇرۇش ھۆكۈم سۈرگەنىدى.

ئۆيئىچىنى خىرە يورۇتۇپ تۇرغان چىراغ ئۆچمەكچى بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك، ناگان-ناگاندا لىپىلداپ قوياتتى. موللاخۇن يوتقاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئايزۆھرەگە قاراپ گويا گېپىسكە ئالغان كىشىدەك تولپتۇز ياتاتتى. ئايزۆھرە ئەتىگەنلىككە ياقماقچى بولغان ناننىڭ خېمىرىنى پىشۇرۇپ سۇپىرا بىلەن مەھكەم چۈمكىگەندىن كېيىن ئۆزىگە چېكەتكىدەك تىكىلىپ قاراپ تۇرغان موللاخۇنغا مەنىستەمەسلىك نەزىرى بىلەن شۇنداقلا قاراپ قويدى-دە، يېشىنىشكە باشلىدى.

موللاخۇننىڭ نەزىرى ئايزۆھرەنىڭ قوش مۇشت چوڭلۇقىدا كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسىگە قادىلىشى، بەدەنلىرىدە غەيرىي بىر سېزىم ھاسىل بولۇپ، تەنلىرى شۈركەنگەندەك يېنىك سىلكىنىپ كەتتى.

سېمىزغىنا بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن، سۈت رەڭ تاۋار رەختتىن تىكىلگەن ئىچ كىيىم ئايزۆھرەنى تېخىمۇ لاتاپەتلىك كۆرسەتكەن بولۇپ، چىرايىنى تېخىمۇ پارقىراق ۋە نۇرلۇق كۆرسىتىۋەتكەنىدى. موللاخۇننىڭ يۈرەكلىرى تېپچەكلەپ كەتتى. كۆزلىرىگە قىزىللىق تېپىپ، بەدەنلىرى ئاتەش بولدى. ئايزۆھرە چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا كىردى. ئەنە شۇ دەقىقە موللاخۇننىڭ يۈرەك رىتىمى تېزلىشىپ گۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ چوڭراق تىنىشقىمۇ ماجالى يوق ئىدى. ئايزۆھرەنىڭ يېنىك-يېنىك يۆتىلىپ قېقىلىشى موللاخۇننىڭ ئەمدىلا نورماللىششقا باشلىغان يۈرەك رىتىمىنى قايتىلاپ قوزغايتتى.

«ئاھ خۇدا ! نېمە ئالامەت بۇ. بۆلەكچىلا بولۇپ قالدىم دېسە...»

موللاخۇن ئۆزىنى گويا سىرلىق بىر جايغا كىرىپ قالغاندەك سېزەتتى.

يېنىك تىنىپ ئايزۆھرەگە تەدرىجىي يېقىنلىشاتتى. تۇرۇپلا ئۆيئىچى چۆرگىلەۋاتقاندەك سېزىم بىلەن ئۇزاقتىن-ئۇزاق ئۆزىنى تىڭشاپ يېتىپ كېتەتتى، يەنە يېقىنلىشاتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ قولى شۇنچىلىك يۇمران ۋە ئىللىق بىر تەنگە شۇنداقلا تېگىشىدى، بەدەنلىرى توك سوقۇۋەتكەندەك سېزىملىشىپ، قولىنى دەرھال تارتتى. «قاتتىق ئىزا-ئاھانەتكە قالىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە ئۆزىنى تىڭشاپ تۈگۈلۈپ ياتقىنىچە. بىراق، قارشى تەرەپتىن سادا كەلمىدى. ئايزۆھرەنىڭ رىتىملىق پۇشۇلداشلىرى تەدرىجىي كۈچىيىۋاتقاندەك قىلاتتى. موللاخۇنىنىڭ خىيالىي سەزگۈسىدە ئايزۆھرەنى باغرىغا مەھكەم بېسىشتىن ئىبارەت ئەسەبىيلىك پەيدا بولۇپ، پەللىمۇ-پەللە قۇتراشقا باشلىدى. قولىنى ئايزۆھرەگە نەچچە رەت سۇندى-يۇ، يەنە تارتىۋالدى. ئۇ بار غەيرىتىنى يىغىپ ئايزۆھرەنىڭ قولىنى تۇتتى. دەسلەپ قولىنى، ئاندىن يۈز ۋە بەدەنلىرىنى تۇتتى، سىيلىدى. تەدرىجىي يېقىنلىشىپ چاچلىرىنى پۇرىدى، پېشانىسىگە سۆيدى. ئايزۆھرە موللاخۇنىدىن ئۆزىنى ئەپقېچىۋاتقاندەك يېنىك تولغانغىنىچە ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلەتتى، موللاخۇنىنىڭ قولىنى سىلكىۋېتەتتى. دەسلەپ ئۆز ھەرىكىتىدىن خۇدۇكسىرىگەن موللاخۇن، ئەمدىلىكتە ئايزۆھرەنىڭمۇ ئۆزى بىلەن قارشىلىشىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندەك بولۇپ، غەيرەتكە تولدى. ئايزۆھرەنى قۇچاقلاپ ئۆز ئىلكىگە ئالماق بولۇپ تۇرۇشى، يۈزىگە قاتتىق تەگكەن بىر شاپىلاق بىلەن ئەندىكىپ كەتتى.

— نېمە قىلىۋاتىدىلا ؟ — تۇۋلىدى ئايزۆھرە، — ئۆزلىرىنى بىر تۇغقان ئاكامدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ كەلگەنمەن.

— مەن...مەن... — موللاخۇن دۇدۇقلايتتى، — مەن شۇ پەرزنى ئادا قىلاي دەپ.

— پەرز، نېمە پەرزكەن ئۇ، نېرى ياتسىلا. سىلى بىلەن بىر يوتقاندا ياتقاننىڭ ئۆزى يېتىپ ئاشار.

— بۇ...بۇ...

— نېمە دېمەكچىدىلە، تىللىرىنى چايناپ تۇرماي ئېيتسىلا قېنى.
— ھازىر بىز دېگەن ئەر-خوتۇن.
— ئانام سىلىگە نېمە دېگەن؟ نەۋرە تۇغقانلاردىن بولغاندىكىن، باشقا بىر ئىش بولمايدۇ، دەپ بۇ ئىشقا قوشۇلغانمەن.
— دېمەككە شۇنداق. مەنمۇ شۇنداق دېگەن، بىراق، — موللاخۇن بىرئاز سۆكۈتتىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلدى، — شەرىئەت بويىچە سىلى مېنى رازى قىلسىلا، ئاندىن مەن سىلىنىڭ سۆزلىرىنى بېرىمەن، ئۇنداق بولمىغاندا شەرىئەت ھۆكۈمىگە خىلاپلىق قىلىنغان بولىدۇ.
— تولا جۆيلۈمىسىلە.
— چىنپۈتمىسىلە ئىختىيارلىرى.
— دېگەنلىرى راستمۇ ؟
ئايزۆھرەنىڭ ئاخىرقى سوئالى جاۋابسىز قالدى. موللاخۇننىڭ قوپال، كېلەڭسىز بارماقلىرى ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى سىلاشقا كىرىشىۋىدى، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىرىدى.
«بەلكىم شۇنداق بولسا كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئاتايىتەن بىر ئادەمگە نىكاھلاپ، يەنە سۆزىنى ئېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن. بوپتۇ، بېشىمغا كەلگىنى شۇ بولغاندىكىن. يامىنى بولسا سالغا بولىدۇ. ئەر كىشى بولغان ئادەم خورلۇق ھېس قىلمىسا ماڭا نېمە ئىلاج...»
بەدەنلىرىنىڭ ئەڭ نازۇك قىسىملىرىدىن قايتىلانغان ئاغرىق ئازابى ئايزۆھرەنى خىيالىدىن ئويغاتتى. بار كۈچى بىلەن قارشىلىق قىلىپ موللاخۇننى غۇلاپ چۈشۈرمەك بولدى-يۇ، تۇرۇپلا نىيىتىدىن يېنىپ، بوشاپ قالدى... ئەمدى ئۇنىڭ بەدەنلىرى شېرىن سىزىملىنىشكە باشلىغانىدى...
— ئەمدى سۆزۈمنى بېرىۋەتسىلە، — ئايزۆھرەنىڭ تاڭ سۈبھىسى بىلەن قويغان تەلىپى موللاخۇنغا تازا خۇشياقمىغاندەك قىلاتتى.
— پۈتۈنسۈرۈك بىر ئەر تۇرۇقلۇق، بىر كېچىدىلا سۆزىنى بېرىدىغان ئىش نەدىكەن؟ — موللاخۇن ئايزۆھرەگە ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك

تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — تۇرمۇشلۇق بولۇشنىڭ لەززىتىنىڭ بۇنداق ئۆزگىچە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلماپتىكەنمەن. راستىنى دېسەمچۇ، سىلىگە كۆڭلۇم چۈشۈپ قالغاندەك قىلىدۇ. مۇۋاپىق كۆرگەنلىرىدە سالى ئەپەندىمدىن خەتلىرىنى ئالسىلا، كۆن ئۆتكۈزمەيلا ئانىكىت ئېلىۋالساق قانداق؟

— تولا جۆيلۈمىسە. چۆچۈرىنى خام سانىماي، ۋەدىلىرىدە تۇرۇپ سۆزۈمنى بىرىۋەتسىلە.

— قارىغاندا ئانچە قېنىشمىغاندەك تۇرىمىز.

— چاقچاقلىرىنى قويۇپ، لەۋزىلىرىدە تۇرسىلا. ئەر كىشىدە لەۋز ھالال، دېگەننى بىلىدىغانلا.

— سۆزلىرىنى بەرسەم بېرەي، بىراق...

— نېمىگە بىراق؟

— بىر شەرتىم بار.

— يەنە نېمە شەرت ئۇ؟ قېنى ئېيتىپ باقسىلا.

— كونىلاردا، بىر كۆنلۈك ئەر ـخوتۇننىڭ يۈز كۆنلۈك مېھرى بولىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆتتۈپ قالماسلىقلىرىنى سورايمەن.

— قانداقمۇ ئۆتتۈپ قالاي بۇ خورلۇقنى. قېنى ئەزمىلىرىنى ئەزمەي سۆزلىرىنى گاچچىدە قىلسىلا.

موللاخۇن قۇتراپ كەتكەن ياۋايى نەپسىنى قاندۇرغاندىن كېيىن ئايزۆھرەنىڭ سۆزىنى بەردى. ئايزۆھرە بويىنى سۇغا سېلىپ، ھويلا ـ ئارانلارنى پاكىز تازىلاپ، ئېشىنى ئېتىپ، نانلىرىنى يېقىپ بوشانغاندىن كېيىن، ئانىسى ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى زەربە بىلەن قاقتى.

— ۋوي، بوشراق ئۇر. ئىشىكنى يېرىپ تاشلىمىغىن يەنە، — زىبىدىخان ئانا جاينامازنى يىغىۋەتكەندىن كېيىن، تاپىسىدىن چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچتى، — ھە، ئىشلىرىڭ جايىدا پۈتتىمۇ ؟

— چىقىپ ئېشىگنى ئىچ.

شۇ ئىشتىن كېيىن بىرقانچە كۈنگىچە ئايزۆھرە ئانىسىغا چىراي ئاچماي يۈردى. زىبىدىخان ئانىمۇ قىزىمنىڭ قاپىقى ئېچىلغىچە ساقلاي، دېگەن ئوي بىلەن سالىغا خەۋەر بەرمىدى...

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرى سەھەردە مەكتەپ ئىشخانىسىدا يەنە بىر قېتىملىق ئۆي تەقسىملەش توغرىسىدا يىغىن ئېچىلدى. بۇ قېتىم سالىنىڭ بىر يۈرۈش يېڭى ئۆيگە ئىگە بولۇش ئىشىدا باش قېتىنچىلىقى خېلىلا چوڭ بولدى. سالىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان يولداشلار، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ يامانلاقتا ئىكەنلىكىنى شېپى كەلتۈرۈپ، يېڭى ئۆينىڭ سالىغا تەقسىم قىلىنىشىغا قەتئىي قارشى پىكىردە بولۇپ كەلدى. ئاخىرىدا ھەممەيلەن يېڭى ئۆينىڭ سالىغا تەقسىم قىلىنىشىدا، ئايالىنى ئەپكېلىش ـ ئەپكەلمەسلىكىكە قاراشنى بىردەك قارار تېپىشتى. ئەمدى سالى ئۈچۈن ئايالىنى ئۆيىگە تېزرەك ئەپكېلىۋېلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى.

سالى شۇ كۈنى كەچقۇرۇن قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. مەكتەپتە بولغان ئىشلارنى زىبىدىخان ئانىغا تەپسىلىي سۆزلەپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئايزۆھرەنى قوشۇپ بېرىش ھەققىدە سۆز ئاچتى.

— قايتا نىكاھ ئوقۇتمىساق بولمايدۇ، بالام، — زىبىدىخان ئانا چىرايلىرىنى قورقۇنچلۇق ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ۋەھىمىلىكرەك بىر ئاۋازدا سۆزلەيتتى، — قايتا نىكاھ ئوقۇلمىسا، پۈتمەس ـ تۈگىمەس بالا ـ قازا يېغىپ، ئادەم قۇرۇپ تۈگەيدۇ.

— ئۇنداقتا كىمگە ئوقۇتساق بولار، — دېدى سالى بىرئاز ئىككىلىنىشتىن كېيىن.

— مۇنداق بولسۇن. سېلى بۈگۈنچە قايتىپ ئەتە كەچتە كەلسىلە، مەن بىرەر كىشى بىلەن ئۇقۇشۇپ قوياي.

— بولىدۇ، سېلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ئانا.

— ھېچقىسى يوق...

ئەتىسى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرغان زىبىدىخان ئانا، نىكاھ ئىشىنى جايىدا پۈتكۈزۈش ئۈچۈن ئايزۆھرەنى ئەگەشتۈرۈپ سىيىتاخۇن موللامنىڭ

ئۆيگە قاراپ چاپتى. موللامنىڭ ئۆيى ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان قوشنا كەنتتە ئىدى.

— ماڭا قارىسىلا قارىم، سالاخۇن ئۇلۇشكۈنكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز. مەن كەچتە ئايزۆھرە بىلەن ئىككىسىنى ئۆيلىرىگە باشلاپ كەلمەكچىمەن. سىلىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئالماي نىكاھىنى ئوقۇپ قويغان بولسىلا، — زىبىدىخان ئانىنىڭ چىرايى تەشۋىشلىك تۈسكە كىرگەن بولۇپ، تەلەپپۇزى ناھايىتى جىددىي ئىدى، — قائىدە بويىچىغۇ يەنە ئۈچ ئاي ئون كۈن ئىددەتتە تۇرىدىغان ئىش ئىدى. بىراق، سالاخۇننىڭ مەكتىپىدىكىلەر ئايالىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلمىسە ئۆي تەقسىملەش ئىشىدا ئۇنى ئويلاشمايدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ، شۇ ۋەجىلىك نىكاھنى ئوقۇتۇۋەتسەك دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، باشقا ئىشلارنى كۆپ تىلغا ئالماي، ئىشنى جايىدا پۈتكۈزۈپ بەرگەن بولسىلا.

— بۇنداق قىلساق...

سىيىتاخۇن موللام يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇۋىدى، زىبىدىخان ئانا ئاتىغىنىنى موللامنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئىشنى جايىدا پۈتكۈزۈپ بەرسە زىيان تارتقۇزمايدىغىنىنى سۆزسىز ئىپادىلىدى. سىيىتاخۇن موللام كۆز ئالدىدىكى خېلىلا كۆپ پۇلغا نەزىرىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن ئايزۆھرەدىن سورىدى:

— موللاخۇندىن سۆزلىرىنى ئالغانمۇ خېنىم؟ سۆزلىرىنى بەرمىگەن بولسا قوش نىكاھلانغانلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدىلا.

— سۆزۈمنى ئەتىسىلا بەرگەنىدى.

— قائىدە بويىچە ئۈچ قېتىم ئاي كۆرگۈچە ساقلايدىغان ئىش. ئۇنداق بولمىغاندا قورساقتا ھامىلە بار-يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى كېيىنچە ئائىلىدە يەنە ماجىرا قوزۇمايدىغان ئىش بولسا گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ بولىدىغان گەپ.

زىبىدىخان ئانا گەپكە لوقما سالدى:

— موللاخۇن بىلەن ئايزۆھرە نەۋرە كېلىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنداق ئىش يوق قارىم.

ئايزۆھرەنىڭ چىرايىغا قىزىللىق تەپتى. بىرنېمە دېمەك بولدى-يۇ، يەرگە قارىغىنىچە سۈكۈتكە پاتتى. بىرھازادىن كېيىن ناھايىتى جانسىز بىر ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— شۇنداق، باشقا ئىش يوق. ھېچ ئىش يوق.

سېيىتاخۇن موللام بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن ئالدىرىماي سۆز ئالدى:

— بولىدۇ ئەمىسە، سىلى شۇنداق دېگەن يەردە ئېغىز ئېچىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق. خاتىرجەم بولسىلا، قالدى ئىشلارنى مەن كۆڭۈللىرىدىكىدەك توغرىلاپ بېرەي...

جاھان تىنچلانغان بىر پەيتتە، زىبىدىخان ئانا ئايزۆھرە بىلەن سالىنى ئېلىپ سېيىتاخۇن موللامنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

— سېيىتاخۇن موللام، باللار ئازراق كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققانىدى، شۇڭا ئۆزلىرىنى پاناھ تارتىپ كېلىشىم. ئېغىر كۆرمەي باللارنىڭ بېشىنى بىر ئوڭشاپ قويغان بولسىلا، رەھمەتلىك ئاۋۇتاخۇننىڭ روھى خۇش بولۇپ قالار ئىدى، — زىبىدىخان ئانا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېۋىدى، سېيىتاخۇن موللامۇ ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— قېنى ئېيتسىلا، نېمە ئىشكىن؟

— باللار سوقۇشۇپ قاپتىكەن، سالاخۇن تالاق سۆزىنى ئۈچ قېتىم ئاغزىغا ئاپتۇ، شۇڭا بۇنىڭ يولىنى قىلىپ بېرەرمىكىن دەپ كېلىشىمىز ئىدى.

— شەرىئەت ھۆكۈمىنى كار قىلماي، ئۆز مەيلىمىزچە پەتىۋا پىچساق گۇناھقا مۇپتىلا بولىمىز ئانا. ئۇ تەرەپلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىسامۇ ئۆزلىرى ئوبدان بىلىدىلا، — سېيىتاخۇن موللام ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز كىشىدەك، ئىشنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرماقتا ئىدى. شۇنداق قىلغاندا سالىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان گۇمانىنى قوزغاپ قويمايتتى، ئەلۋەتتە، — ئاۋۋال باشقا بىر ئەرگە نىكاھلىماق لازىمدۇر، ئۇ ئەر ئۆز رازىلىقى بىلەن

سۆزنى بەرگەندىن كېيىن، يەنە ئۈچ ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇپ، ئاندىن ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن قايتا نىكاھ ئوقۇشقا بولىدۇ.

سالى مەكتەپتىكى ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ ئۆتكەندىن كېيىن ئالدىن تەييارلاپ قويغان پۇلنى موللامنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە يېلىنىشلىق تەلەپپۇزدا:

— سىيىتاخۇن قارىم، ئاڭلىسام ئۆزلىرى كۆپ ئوقۇغان، پەندىمۇ، دىندىمۇ بار ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىكەنلا. شەرئەت ھۆكمى بويىچە بولغاندا نۇرغۇن ئىشلارغا تەسىرى بولىدىغان گەپ، يەنە كېلىپ ئۇنداق قىلىشقا پۇتۇنسۇرۇك بىر ئەر كىشىنىڭ ۋىجدانىمۇ يول قويمايدۇ، شۇڭا پەتىۋانى قىسقارتىپ، مۇرەككەپ يەرلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، نىكاھىمىزنى قايتىدىن ئوقۇپ قويغان بولسىلا، — دېدى.

— شەرئەت ھۆكمى بويىچە بولمىغاندا، باشقا كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىشى ئېھتىمالغا يېقىن. شۇڭا...

سىيىتاخۇن موللام سۆزنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، زىبىدىخان ئانىغا مەنىلىك تىكىلدى ۋە ئايزۆھرەگە لاپپىدە بىر قاراپ، نېمىلەرنىدۇر ئىشارە قىلغاندەك بېشىنى چايقىدى. ئايزۆھرەمۇ موللامنىڭ بېشارىتىنى سېزىپ يەتكەندەك دەرھاللا ئىنكاس قايتۇرۇپ:

— قارىم، ئۇ تەرەپلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، نىكاھىمىزنى ئوقۇپ قويغان بولسىلا، — دېيىشى زىبىدىخان ئانىمۇ سۆز قاتتى:

— شۇنداق... شۇنداق، باللارنىڭ بېشىنى بىر ئوڭشاپ قويغان بولسىلا. بۇ ئىشنى ئۆزلىرى ھەل قىلمىسىلا بولمايدۇ قارىم.

— سىلى شۇنداق دېگەن يەردە، نىكاھ ئوقۇپ قويسام قوياي. لېكىنزە كېيىنلىكتە مەن ئەسكەرتكەن تەرەپلەردىن مەسىلە كۆرۈلسە، مەندىن رەنجىپ يۈرۈشسىلە بولمايدۇ جۇمۇ.

— شۇنداق...شۇنداق قارىم.

قايتا نىكاھ ئوقۇلدى. سالىنىڭ يېڭى ئۆيگە ئىگە بولۇش خىيالىمۇ

رىئاللىقتا ئايلاندى. شۇ تەرىقىدە سالى ئەر-ئاياللىق كېيىنكى ھايات مۇساپىسىنىڭ يەنە بىر تۈنجى قەدىمى ئېلىندى...

ئادەم باشقىلارنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بىر ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغىنىدا، ھامان بىر كۈنى ئۆز قىلمىشىدىن پۇشايمان يەيدۇ. باشقىلارنىڭ قىزىقىش، ھەۋەس، ئىرادە، نىشانىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ قىلىپ سالغان ياخشى نىيەتلىك ئىشلار بۇنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە. بىراق، ئىنسان تەبىئىتىگە زىت بولغان ھەرقانداق بىر ئىش، ئوخشاشلا ھامان بىر كۈنى ئۆز پۇشايمىنىغا سەۋەب بولىدۇ، خالاس. شۇنداق، زىبىدىخان ئانىنىڭ ئۆز شەخسىيىتى بويىچە قىلغان بۇ ئىشلىرىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئانىنىڭ ئۆزىنى ئازاب ۋە ئىزتىراپقا دۇچار قىلىپلا قالماستىن، ئايزۆھرە، سالىلارنىمۇ تۇرمۇش دوقاللىرىغا سۆرەپ كىرىپ، ۋىجدان ئازابى ۋە كۆڭۈل ئاغرىقىغا مۇپتىلا قىلدى. ئۇلار ئەنە شۇ خاتا بېسىلغان بىر قەدەمنىڭ سورۇقچىلىقى بىلەن بىر ئۆمۈر ئازاب-ئوقۇبەتكە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى ئەسلا خىيال قىلمىغانىدى، ئەلۋەتتە.

# بەشىنچى باب

## قەسەم

### 1

بۇگۈن ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، كەنت كومىتېت دەرۋازىسى ئادەتتىكى كۆڭلەردىكىدىن بالدۇر ئېچىلغانىدى. سەھەردىلا يېتىپ كەلگەن كەنت سېكرېتارى:

— ئىدرىس، ھوي ئىدرىس، — دەپ تووۋلىغىنىچە كەنت دىجورنىلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق ئۇردى.

— مانا ھازىر، — دەپ جاۋاب بەردى ئىدرىس ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— تېز، تېزرەك بول، سەمەت جۇرنىنى چاقىرىپ كەل، — كەنت سېكرېتارى ئەركىن دىجورنى ئۆيدىن نەچچە قەدەم يىراقلاپ، يەنە ئارقىغا ياندى، — ھە راست، سەمەت جۇرنىغا ئېيتىپ قوي، مىنبەگلارنى يىغسۇن، ئاياللار جۇرنى پاتىخاننى توۋلىغاچ كەلسۇن.

— ماقۇل.

سېكرېتار سىدىققا ئىش تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. تارتمىسىدىن بىر باغلام ئاچقۇچنى ئېلىپ چىقىپ بارلىق

ئىشخانىلارنىڭ ئىشىكىنى بىر-بىرلەپ ئاچتى. ئىشخانا ئالدىدا ئىدرىسقا بۇيرۇغان ئىشنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى، كەنت مۇدىرى سەمەت بىرقانچە مىنبىگىلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— ئەتىگەندە شەھەرگە بېرىپ كېلەي دەپ تەرەددۇت قىلىۋاتسام، سامساق شوجاڭ پەيدا بولۇپ قالدى. يېزىدىن جاپپار شاڭجاڭ بىلەن ئوسمان مۇدىر يېڭىدىن سېلىنىدىغان مەكتەپنىڭ ئىشى بىلەن كەنتكە كەلمەكچىكەن، شۇڭا ئۆزلىرىنى بىر ياقلارغا كېتىپ قالمىسۇن دەپ خەۋەر ماڭدۇرۇپتىكەن دېمەمدۇ، ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۆرلىدى، كۆڭ تېپىلمىغانىدەك نەدىكى دەم ئېلىش كۈنى كەلمەك بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان، — دېدى كەنت سېكرېتارى كەنت ئىشخانىسى ئالدىغا ئالدىراپ-تېنەپ ئەمدىلا كېلىپ تۇرغان سەمەت مۇدىرغا تىنىچ - ئامانلىقمۇ سوراشماستىنلا،— نەچچە كۈندىكى بوراندا ئىشخانىلار كۆرگۈسىز بولۇپ كېتىپتۇ، مىنبىگىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىشخانا، مەيدانلارنى تازىلاتقاچ تۇرۇڭلار، مەن چۈشلۈكنىڭ غېمىنى قىلىپ قوياي. نايۇپ ماگىزىن بارمىكىن. پاقلاندىن بىرنى سويۇپ، قېتىق - قايماق، توخۇ-تۇخۇم، ئالما - نەشپۈت دېگەندەك يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تەل قىلىپ، تاماققا تۇتۇنغاچ تۇرسۇن. جاپپار شاڭجاڭ ئۆزى يېزىنىڭ مۇئاۋىنى بولغىنى بىلەن كەسكىن ئادەم. ئىشلىرىمىزدىن سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقىپ، كۆڭ ئالمىقىمىز تەس بولىدۇ، بىر ئۆمۈر پېشانىدىن كەتمەيدىغان گەپ، — سېكرېتار نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، ھېلىتىن دېگەنلىرىگە تولۇقلىما قىلىپ، — ئاڭلىسام سا شاڭجاڭ يۆتكىلىپ ئىزىغا جاپپار شاڭجاڭ ئولتۇرارمىش. پاتىخان مۇدىر كېلىپ قالسا يىغىن زالىنى سىيرىپ-سۈپۈرۈپ، تازىلاشتۇرگەچ تۇرسۇن. يەل-يېمىش تىزىدىغان تەخسىلەر بولمىسا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئارىيەت ئېلىپ بولسىمۇ بىر ئىش قىلسۇن، يەنە ئۆتكەنكىدەك پوچۇق تەخسىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمىسۇن...

سېكرېتار ئىشلارنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن نايۇپ

ماگىزىننىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. نايۇپ ماگىزىن يېزىلىق تەمىنلەش كوپىراتىپىنىڭ كەنت قورۇسىغا تۇتاش سېلىنغان بىر يۈرۈش ئۆيدە ئولتۇرىدىغان بولۇپ، ئەينى يىللاردىلا يېزىلىق كوپىراتىپنىڭ قارىغول شۆبىسىنىڭ پىرىكازچىكى ئىدى. كوپىراتىپ تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنمۇ مۇشۇ كەنتتە داۋاملىق قېلىپ يېزىلىق تەمىنلەش كوپىراتىپىنىڭ مۇشۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق كونا ماگىزىنىنى ماگدۇرۇپ كەلگەنىدى . 20 نەچچە يىللىق پىرىكازچىكلىق ئىستاژىغا ئاساسەن دېھقانلار ئۇنىڭ ئىسمىغا «ماگىزىن» دېگەننى قوشۇپ چاقىرىشقا ئادەتلەنگەنىدى. كەنت سېكرېتارى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئەمدىلا ئۆيدىن قورۇغا چىقىپ تۇرغان بولۇپ، سېكرېتارنىڭ بۇنچە سەھەردە ئۇز قورۇسىغا ئاياغ بېسىپ قالغىنىدىن ھەيران قالغانىدى.

— ۋۇي، كەنت سېكرېتارى ئەركىن بۇنچە سەھەردە كەپقالغانلىرىغا قارىغاندا بىرەر مۇھىم يوليورۇق بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى نايۇپ ماگىزىن.

— ئۆزلىرىنى چۆشەپ بولمامدۇ، مەگدەپ كەپقالدۇق نايۇپكا، — كەنت سېكرېتارى ئەركىن چاقچاققا ياگراپ شۇنداق دېدى، ئارقىدىن، — چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ئەتىگەندە سامساق مۇدىر ئۆيگە بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، جاپپار شاگجاڭ بىلەن ئوسمان مۇدىر كەلگۈدەك. مەكتەپنى يەگگۈشلەپ سالىدىغان ئورۇننى، خىراجەت مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشىدىغان ئوخشايمىز، شۇگا ئۆزلىرىنى مالال قىلىپ كىرىشىم.

— سىلى بىرگە تۇۋۇت قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق، قېنى قانداق تاپشۇرۇقلىرى بولسا ئۇدۇللا ئېيتىۋەرسىلە، قولىمىز كۆكسىمىزدە شۇجى، — دېدى نايۇپ ماگىزىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ تەرەپلىرى بولسا ياخشى بولغىنى. ئوبدان سەمرىگەن ئەركەك پاقلاندىن بىرنى سويساق، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن، توخۇ-تۇخۇم، قېتىق-قايماق، قاق، كىشمىش، چىلان، ياڭاق، شۇنىڭغا قوشۇپ دۇكانلىرىدا بار يېمەكلىكلەر، ئوبدانراق شارابلىرىدىن تەل قىلىپ

قويغان بولسىلا، قوشناچىم ئوخشىغان لەڭمەندىن بىر تەخسىدىن چىقارسا، مېھمانلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر كۈتۈۋالساق دەيمىنا، سىلىچە قانداق ؟

— چاتاق يوق. سائەت نەچچىلەرگە توغرىلىساق بولار؟

— سەل تۇرۇپ ئۇلار يېتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئۆزلىرىگە ۋاقتىنى ۋە ئادەم سانىنى خەۋەر قىلىۋېتەي.

— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە.

كەنت سېكرېتارى ئەركىن نايۇپ ماگىزىن قورۇسىدىن يېنىپ چىقىپ، ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەستىنلا كەنت قورۇسىغا تۆت نەپەر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇلار مۇئاۋىن يېزا باشلىقى جاپپار هاشىم، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئوسمان ئەرشى، يېزا مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ بوغالتىرى مۇتەللىپ كېرەم، يېزىلىق مالىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇل جۇمە قاتارلىقلار بولۇپ، ۋېلسىپىتلىك ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جاپپار شاڭجاڭ، — كەنت سېكرېتارى ئەركىن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىپ كەلگەندىن كېيىن، تېخى ۋېلسىپىتتىن چۈشۈشكە ئۈلگۈرمىگەن جاپپار هاشىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەجا كەلتۈرگەندى.

— قانداق، ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ؟ — دېدى جاپپار هاشىم ۋېلسىپىتتىن چۈشۈۋېتىپ.

— ئوبدان، ئوبدان، ئۆزلىرىمۇ ئامان-ئېسەن تۇرغاندىلا ؟

كەنت سېكرېتارى ئەركىن مېھمانلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارنى ئىشخانىغا تەكلىپ قىلدى.

— سامساق مۇدىرنى بىرى چاقىرىپ چىقسا بوپتىكەن، — دېدى ئوسمان ئەرشى ئىشخانىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ.

— بولىدۇ، مەن ئادەم كىرگۈزەي، — سېكرېتار خەلق ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى سامساق مۇدىرنى چاقىرىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن دەرۋازا تەرەپكە قاراپ توۋلىدى، — ئىدرىس، هوي ئىدرىس هوسەن دەرۋازىنى يېپىپ قويۇپ تېز كېلىڭلار.

ئىشخانىلار پاك-پاكىز تازىلىنىپ، سۇ سېپىلگەن. يىغىن زالىدىكى جوزىلارغا يەل-يېمىش، نان، قېتىق قاتارلىق نېمەتلەر رەتلىك تىزىلغانىدى. كەنت سېكرېتارى ئەركىن كۆز ئالدىدىكى تەرتىپتىن رازى بولغاندەك بىر قىياپەتتە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى، ئارقىسىدىن كىرىپ كەلگەن كەنت كومىتېت مۇدىرى سەمەت جۇرىن ۋە ئاياللار مۇدىرى پاتەمنى مېھمانلارغا تونۇشتۇرۇپ چىقتى، مېھمانلارنى نېمەتلەردىن ئېلىشقا تەكلىپ ئەتكەندىن كېيىن، پاتەمگە مېھمانلارغا چاي قۇيۇشنى تاپىلىدى.

— تېرىقچىلىق ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ گەپ باشلىدى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى جاپپار ھاشىم جوزىدىكى ھۆپپىدە قىزىرىپ پىشقان پورەك ناندىن بىر بۇردا ئۈشتۈۋېتىپ.

— كېۋەز تېرىمى ئاساسەن تۈگە پەللىسىگە كېلىپ قالدى. مەھەللە سىرتىدىكى پارچە-پۇرات يەرلەرنىڭ تېرىم ئىشى يەنە بىر ھەپتە ئىچىدە تەلتۆكۈس تۈگەيدۇ.

— بۇغدايلارچۇ؟ ئوغۇتلاش، سۇغىرىش ئىشلىرى قانداقراق؟

— كەنتىمىز بويىچە ئۈچ مىڭ مودىن ئارتۇق بۇغداي ئېتىزىنىڭ ھەممىسىنى ئوغۇتلاپ بولدۇق، ئىككى مىڭ موچە كۆلەمنىڭ سۈيى تۈگىدى، قالدى ئېتىزلارنىڭ سۈيىمۇ يەتتە-سەككىز كۈندە ئاخىرلىشىدۇ شاڭجاڭ. مايسىلارمۇ شۇنداق ياخشى.

كەنت سېكرېتارى ئەركىن جاپپار ھاشىمنىڭ سورالمىلىرىغا شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، جاپپار ھاشىم مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتىپ رازىلىقىنى ئىپادە قىلدى.

— ئوبدان، ناھايىتى ئوبدان ئىشلەپسىلەر. چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى ئوبدان جىپسىلاشتۇرمىساق بولمايدۇ. بۇ قېتىمقى ناھىيەدە ئېچىلغان يېزا ئىگىلىك يىغىنىدا ھاكىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى بىر گەۋدە قىلغان ئۈنۈۋېرسال يېزا ئىگىلىك ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاپپار ھاشىم كەنت سېكرېتارى ئەركىندىن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش

ئەھۋالىنى سورىدى. قانداق قىلغاندا كىشى بېشى كىرىمنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؟ دېگەن تېمىنى چۆرىدەپ، كەنتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات تەپەككۇر يولى توغرىسىدا كونكرېت مەسىلىلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى. شۇ ئەسنادا سامساق مۇدىر بىلەن سالى ئىككىيلەن كىرىپ كەلدى. سامساق مۇدىر ئولتۇرغانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن سالىنى تونۇشتۇرۇپ:

— بۇياق بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئەڭ پېشقەدەم مۇئەللىمى سالى ساۋۇت بولىدۇ، — دەپ تۇرۇشى ئوسمان ئەرشى گەپنىڭ بېلىگە تېپىپلا:

— سالى بىلەن بىز كونا تونۇشلاردىن، مەكتەپداش، — دېۋىدى، سامساق مۇدىر ھىجايغىنىچە:

— شۇنداق، شۇنداق، — دېگەنلەرنى تەكرارلىدى.

ئۇ، قالغانلارنى سالى مۇئەللىمگە تونۇشتۇرماق بولۇپ، گەپنى جاپپار ھاشىمدىن باشلىدى:

— بۇياق يېزىمىزنىڭ يېڭى ئىگىلىكى، مائارىپ، سەھىيە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبىرىمىز جاپپار شاڭجاڭ بولىدۇ. ئۆزى ياش ھەم قابىلىيەتلىك، ئاز كۈنگە قالماي يېزىمىزغا باش بولىدۇ.

سامساق مۇدىرنىڭ ئاخىرقى بىر كەلىمە سۆزى جاپپار ھاشىمغا تولىمۇ ياققانىدى. ئۇ، ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن قانداقتۇر بىر شېرىن سىزىملارنى يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرمەستىنلا ئېغىز ئاچتى:

— بەك ئۇچۇرۇۋەتتىڭلار. يېزىغا باش بولۇش دېگەن نەدىكى گەپكەن، سىلىزە يوق يەردىن گەپ پەيدا قىلىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچىمۇ ياكى ئۇچۇرۇپ يۈرۈپ چۆلگە تاشلىماقچىمۇ ـ ھە!؟

— كونىلاردا: «ئەل ـ ئاۋام تونۇغاننى، بەگ ئاتام يەردە قويماس» دېگەن گەپ بار شاڭجاڭ، — جاپپار ھاشىم سامساق مۇدىرغا قاراپ مەمنۇنىيەتلىك كۈلۈپ قويۇۋىدى، سامساقنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇ، نەزىرىنى ئوسمان ئەرشىگە يۆتكەپ، ھىجايغىنىچە سۆزىنى داۋام ئەتتى، — بۇياق يېزىمىزنىڭ مائارىپ پېشۋاسى، ئاپتونوم

رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مائارىپچى، يولباشچىمىز، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىمىزنىڭ مۇدىرى ئوسمان ئەرشى بولىدۇ.

ساماساقنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرى قۇلاققا ئانچە ياقمىدىمۇ ياكى قەستەنگە شۇنداق بىر قىياپەتكە كىرىۋالدىمۇ، ئوسمان ئەرشىنىڭ قاپىقى سەل تۈرۈلگەندەك بولدى. ئۇ، ئاۋازىنى سەل يۇقىرى كۆتۈرۈپ ساماساق مۇدىرغا قاراپ سۆز ئالدى:

— هاي، هاي، بولارمىكىن، مەن تېخى هېلىلا سالى مۇئەللىم بىلەن مەكتەپداش دېگەننى پۈرىتىپ ئۆتتۈم، ئۇنىڭسىزمۇ بۇ يەردە مېنى تونۇمايدىغانلار يوق. تونۇمايدۇ دېسە، ئۆزلۈكىلا تونۇماسسىلەرمىكىن-هە، — هەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشتى. ساماساق مۇدىر مېهمانلارنىڭ كۈلكىسىگە جور بولغىنىچە ئوسمان ئەرشىنىڭ ئاغزىغا باققاندى. ئوسمان ئەرشى گېلىنى قىرىپ قويۇپ داۋام ئەتتى، — بەلكىم سالىمۇ بىزنى ئۇنتۇپ كەتسە كېرەك، لېكىن مەن ئۇنتۇمىدىم. مەكتەپداشلاردىن بولغاندىكىن ئۆزئارا ئىزدىشىپ ئۆتسەك ياخشى بولاتتى، ئەمما... — ئوسمان ئەرشى گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، — بولدىلا، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەي ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا كېلەيلى، مەكتەپنىڭ ئىشنى ئويلىشايلى، — ئوسمان ئەرشى گېپىنى توختىتىپ جاپپار هاشىمغا قارىدى. جاپپار هاشىم بىرئازدىن كېيىن سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە، مەكتەپنىڭ ئورنىنى باشقا جايغا يۆتكەپ ئولتۇرساق، چىقىم ئېشىپ كېتىدۇ. يېڭىدىن بىنا قىلىنغان مەكتەپنى هازىرقى بۇ هالەتكە كەلتۈرمەكمۇ ئاسان ئەمەس. شۇڭا، ئەسلىدىكى سىنىپ ۋە ئىشخانىلارنىڭ ئارقىسىدىكى ئورمانلىقنى يېڭىدىن سالماقچى بولغان قورۇلۇشقا ئاجراتساق، قورۇلۇشنى ئارقىغا تارتىپ قىلساق. شۇنداق قىلغاندا بىرىنچىدىن، يېڭى قورۇلۇش پۈتكىچە ئوقۇتۇش توختاپ قالمايدۇ، ئەسلىدىكى سىنىپ، ئىشخانىلاردىن پايدىلىنىپ نورمال ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ . ئىككىنچىدىن،

مەكتەپنىڭ ھازىرقى ئورنى كۆلەم، كۆكەرتىش جەھەتتىنمۇ ئۆلچەمگە يەتكەن مەكتەپ، ناۋادا باشقا يەرگە يۆتكىمەكچى بولغىنىمىزدا يېڭىدىن باغ بەرپا قىلىشقا، مەيدانلارنى تۈزەشكە توغرا كېلىدۇ، نۇرغۇن ماددىي كۈچ سەرپ بولىدۇ دېگەن گەپ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەكتەپنىڭ ھازىرقى ئورنىنى ساقلاپ قېلىپ، قورۇلۇشنى ئارقىغا تارتىپ سالغان ئەڭ مۇۋاپىق. ئوقۇغۇچى مەنبەسى كۆپىيىۋاتقان شارائىتتا مەيداننى كېڭەيتىشمۇ زۆرۈر ئىدى بولمىسا، شۇنداق قىلساق بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقالايدىكەنمىز. ئەمدى سىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭلارنى ئاڭلاپ باقايلى.

— مېنىڭچىمۇ سىلى دېگەندەك قىلساق ئوبدان بولىدۇ. يېڭى قورۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن كونا قورۇلۇشنى چاقساق، ئەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ ئورمان بەلباغلىرىنى تەييار قىلىپ، كۈزلۈككە ئورمان سالساق دېگەن قاراشتىمەن، بۇنىڭغا كەنتتىكىلەر ۋە سامساق مۇدىرنىڭ پىكرى قانداقكىن، — دېدى ئوسمان ئەرشى.

ئولتۇرغانلار ھاشىم جاپپار بىلەن ئوسمان ئەرشىنىڭ پىكرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلار قورۇلۇش ئورنى مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلىپ بولغاندىن كېيىن، يېڭىدىن قىلماقچى بولغان قورۇلۇشنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى، خىراجىتى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالدى. قورۇلۇش ئومۇمىي خىراجىتىنى يېزا، كەنت ۋە مائارىپ ئىشخانىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ نىسبەت بويىچە ئۈستىگە ئالىدىغان بولىدى. قورۇلۇشنى ھۆددە بېرىش ۋە قورۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىشقا مائارىپ ئىشخانىسى مەسئۇل بولغاندىن تاشقىرى، قورۇلۇشنىڭ كۈندىلىك نازارەتچىلىكىنى مەكتەپ ئۈستىگە ئېلىش قارار قىلىندى. ئاخىرىدا، جاپپار ھاشىم يولداشلارنى باشلاپ مەكتەپكە چىقتى، سىنىپ، ئىشخانا، باغلارنى ئارىلاپ، قورۇلۇش ئورنىنىڭ دەسلەپكى لايىھەسى ھەققىدە يوليورۇق بەردى. سامساق مۇدىر جاپپار ھاشىمغا قورۇلۇش سۈپىتىنى نازارەتچىلىك قىلىشنى بار كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلەيدىغانلىقى، بۇ

ئىشقا ئۆزى باش بولۇپ، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى سالى مۇئەللىمنى قوشۇمچە نازارەتچىلىككە تەيىنلەپ، ئىشنىڭ ھەربىر ھالقىلىرىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ ماڭىدىغانلىقى، مەسىلە كۆرۈلگەن ھامان تۈزىتىشكە بۇيرۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ سان ۋە سۈپەت بويىچە تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پوزىتسىيە بىلدۈردى. جاپپار ھاشىم باشچىلىقىدىكى يېزىدىن كەلگەن يولداشلار قايتماق بولۇشۇۋىدى، كەنت سېكرېتارى ئەركىن قوشۇلمىدى.

— بۇنداقلا ماڭساڭلار قانداق بولىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلۈكلىرىنى قۇربان قىلىپ، بىز ئۈچۈن پايپېتەك بولدۇڭلار، ئەمدىلىكتە مۇشۇنداقلا قايتساڭلار ئانچە ئادىل بولماس. كۆپ ھايال قىلمايمىز، ئاددىيلا بىر ۋاق دېھقان لەڭمىنىگە ئېغىز تېگىپ ماڭساڭلار.

شۇ ئەسنادا نايىپ ماگىزىن خۇددى بىراۋ ئىشارەت قىلىپ چاقىرىپ كىرگەندەكلا پەيدا بولدى.

— جاپپار شاڭجاڭ، كۈن چۈشتىن ئۆتۈپ كەتتى، سەھرا تامىقىمىزغا ئېغىز تېگىپ ماڭسىلا، — دېدى ئۇ، — كۆڭۈللىرىدىكىدەك بولمىسىمۇ، بىر ۋاقلىق غىزا تەييار قىلدۇق، يۈزىمىزنى قىلىپ قويسىلا.

ھېلىتىن كەنتنىڭ كەلەرىنىڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماي ۋېلىسىپىتنى تەقلەپ بولغان جاپپار ھاشىم نايىپ ماگىزىننىڭ دېگەنلىرىدىن سەل-پەل پەسكويغا چۈشكەندەك قىلاتتى.

— شۇنداق بولسۇن، كۆپ ھايال قىلمايمىز، — دېدى كەنت سېكرېتارى ئەركىن.

— چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، يېزىغا قايتقان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا تاماق يەيدىغان گەپ، تاماقمۇ تەييار بولدى بولغاي، بىر چوكىدىن ئېغىز تېگىپ ماڭايلى بولمىسا، — دېدى ئوسمان ئەرشى ئۆزىگە ئۆتۈنۈشلۈك تەرزدە قاراپ تۇرغان سامساق مۇدىرغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ماۋۇ گەپنىڭ جېنى بار، — دېدى سامساق مۇدىر.

ئوسمان ئەرشى بىلەن سامساق مۇدىرنىڭ كۆڭلى پەۋقۇلئاددە يېقىن بولۇپ، چوڭ - كىچىك ھەرقانداق بىر يىغىلىشلاردا بىللە دىگۇدەكچىلىكى بار ئىدى. سامساقنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، بۇزدىن ئىچىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان يۈز موچە يېرى، ئەللىك - ئاتمىشچە قويى، يەتتە-سەككىزچە كالىسى بار ئىدى. ئۇنىڭغا يانداپ قوشۇمچە توخۇ، كەپتەر باقمىچىلىقى بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. شۇنداق بولغاچ ئوسمان ئەرشىنىڭ يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرىغا ھە - ھۇ دەپ، ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقاتتى. بىراق، ئوسمان ئەرشىمۇ ئۇنچە گالۋاڭلاردىن ئەمەس بولۇپ، ئۆز قويرۇقىنى ئانچە تېز تۇتقۇزمايتتى، ھەر ئىشنى لايىقىدا، يارىشىقى بىلەن، ۋاقتىدا توغرىلاپ ماڭاتتى. سامساقنىڭ خەيرخاھلىقلىرىغا ئاز-تولا ھەق تۆلەش بەدىلى بىلەن ئادىمىلىك قەرزىدىن يىراق تۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. شۇنداقتىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى گۆشتىن پۈتۈلگەن، يۇمشاق نەرسە بولغاچ سامساقنىڭ قاپقىنىغا بىلىپ- بىلمەي دىگۇدەك دەسسەپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. «يېگەننىڭ ئاغزى ئۇيۇلۇپتۇ» دىگەندەك، ئوسمان ئەرشى ئۇنىڭ بىر قىسىم تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. گەرچە سامساقنىڭ ئوسمان ئەرشكە قويىدىغان ئالاھىدە تەلەپلىرى بولمىسىمۇ، يىغىن، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۆزى ئۈچۈن ئىككى ئېغىز ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ ماختاپ قويۇشىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ئىنئام، ئالاھىدە ئىش قىلىپ بەرگەنلىك بولاتتى. سامساق «ئادەم جاپا تارتىپ پۇل تېپىپ نېمە قىلىدۇ، ئۇنى يە يېگىلى، چاپان ئورنىدا كىيگىلى بولمىسا. ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى، ئابرۇيىنى كۆتۈرۈشكە ئەسقاتمىغان پۇلنىڭ ئەتىۋارى بولمايدۇ» دەپ ئويلايتتى، شۇڭا ئۇ، باشقىلار ئالدىدىكى يۈز- ئابرۇيىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىسە رازى ئىدى. ئوسمان ئەرشىنىڭ ئۇنىمغىنىغا قويماي ھەپتىدە بىر دىگۈدەك ھەر خىل سوۋغا- سالاملارنى يوللاپ تۇراتتى. بىر يېزىنىڭ مائارىپىنى بىر قوللۇق چۆرۈۋاتقان ئوسمان ئەرشى ئۈچۈنمۇ، سامساقنىڭ ئۇنچىلىك تەلىپىنى ئورۇنلاش قىيىن ئىش

ھېسابلانمىغاچ، ئاغزىدا ياق-ياق دېگەن بىلەن، كۆڭلىدە ئوسماننىڭ قىلغانلىرىدىن خۇشال بولاتتى، پەقەت ئۇ تاپتىن چىقىپلا كەتمىسە، قالدى ئىشلاردا دېگىنى دېگەندى. بىر قىسىم ئۇششاق ئىشلارنى كۆرمەس ۋە ئاڭلىماسقا سېلىپ يۈرۈۋېرەتتى، ئەلۋەتتە. سامساق شۇ تەرىقىدە ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى يېزا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ مۇدىرلىرىدىن سانىلىپ كەلگەندى. ئۇنىڭسىزمۇ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش قابىلىيىتى خېلىلا ئۇستۇن بولۇپ، گەپ-سۆزلىرى جايىدا، قىلغان ئىشلىرى ئادەم سۆيۈنگۈدەك دەرىجىدە ئىدى. ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇپ، ئىش قىلغاندا قىلچە يوچۇق قالدۇرمايتتى. شۇ سەۋەب، ھازىرغىچە ئۇ باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان قارىغول باشلانغۇچ مەكتىپىدىن بىرەر ئوقۇتقۇچى ياكى كەنت تەۋەسىدىكى دېھقان ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئەرز-شىكايەت قىلىدىغان ئەھۋاللار سادىر بولمىغانىدى.

ئەمدى جاپپار ھاشىم بىلەن ئوسمان ئەرشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ سامساق مۇدىر بىلەن ئوسمان ئەرشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش قويۇق ھەم سىرلىق ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە يىللىق ئەل-ئاغىنىدارچىلىق مۇناسىۋەتكە سۇ سىغمايدۇ دېگۈچىلىكى بار بولۇپ، جاپپار ھاشىم ئوسمان ئەرشىنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيتتى. ئوسمان ئەرشى تېگى-تەكتىدىن مۇشۇ يۇرتلۇق، بۇ يۇرتتا ئۇنىڭ گېپىنى يېرىدىغان بىرمۇ ئوقۇتقۇچى، كەنت رەھبىرى، ھەتتا بىرمۇ دېھقان يوق دېيەرلىك، يەنە كېلىپ باشقۇرۇش ماھارىتىگە پىششىق. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى، ھەتتا ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىكى بىر قىسىم رەھبەرلەر بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئۇ توغرۇلۇق گەپ-سۆز قىلىشتا ئويلىنىشقا سالاتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئۇنى قوللاپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن كەتمەن چېپىشلىرى جاپپار ھاشىم ئەمەس، يېزىدىكى ھەرقانداق بىر رەھبەرنىڭ ئۇنىڭغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشىگە يېشىل چىراغ ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئوسمان ئەرشىنىڭ بىر ئىغىز گېپى بىلەن جاپپار ھاشىم لاسىسىدە بولۇپ قالدى. تۇزۇت قىلماستىنلا نايۇپ ماگىزىنىنىڭ ئىززەت-ئىھتىرامىنى قوبۇل ئەتتى...

نايۇپ ماگىزىنىنىڭ مېھمانلىق ئۆيىگە سېلىنغان داستىخان يەل-يېمىش، تائاملار بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، قاراشتىنلا ھەشەمەتلىك ئىدى. ئالما، نەشپۈت، قوغۇن، تاۋۇز، قېتىق - قايماق، تۇخۇم، قۇرۇق يېمىشلەر، توخۇ گۆشى،كاۋاپلار، قورداق، پولۇ قاتارلىق تائاملارنىڭ ھەممىسى تەل قىلىنغان بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن قىلىنغان تەكەللۇپ سۆزلىرى جاپپار ھاشىمنىڭ ئىشتىھاسىنى خېلىلا ئاچقانىدى. تائاملار تارتىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەستىن بىر يەشىك ھاراق كەلتۈرۈلدى. جاپپار ھاشىم خىزمەت ۋاقتىدا، يەنە كېلىپ كۈپكۈندۈزدە ھاراق ئىچمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىشىدى، سامساق مۇدىر ئىغىز ئاچتى:

— بۈگۈن قائىدە بويىچە دەم ئېلىش كۈنى، ئۆزلىرى يېزىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقتىلىرىنى قۇربان قىلدىلا. سىلى شۇنداق قىلغان يەردە بىزلەرنىڭ بۈنچىلىك بىر ئىش قىلىشىمىز ھېچقانچە گەپ ئەمەس شاڭجاڭ. مەن بۈگۈنكى ئىشنىڭ ئىگىسى بولغاندىكىن بۈگۈنكى سورۇن ماڭا ھېساب بولسۇن، بارلىق چىقىملارنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي، ئۆزۈم يانچۇقتىن ئاتچوت قىلىۋالاي. دەم ئېلىش ئۆزىمىزنىڭ، يېمەك-ئىچمىكىمىز شەخسىينىڭ بولغاندىكىن بىرەر-بىرىمدەم كۆڭۈل ئاچقاچ پاراڭلاشساق يامىنى بولماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ياقلارغا ئۆتمىكىمۇ ئاسان ئەمەس، شۇڭا يۈزىمىزنى قىلىپ ئولتۇرۇپ بەرگەن بولسىلا خۇش بولۇپ قالاتتۇق.

— شۇنداق، شۇنداق، — تەستىقلىدى ئوسمان ئەرشى.

ئوسمان ئەرشىنىڭ دېگەنلىرىنى قالغانلارمۇ بىردەك قوللاشتى، جاپپار ھاشىمنىڭ بىرەر رومكىدىن ھاراق قۇيۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتى. ھاراق رومكىسى نۆۋەت بويىچە ئايلىنىپ سالىغا كېلىشىدى، سالى رەت قىلدى.

— مەن ئىچەلمەيمەن.

— نېمىشقا ئەمدى، سورۇننى كىچىك كۆرۈپ قالدىڭلىمۇ-يا،— دېدى جاپپار ھاشىم.

شۇ ئارىلىقتا كەنت سېكرېتارى ئەركىن يەنە بىر رومكىنى ئېلىپ جاپپار ھاشىمغا سۇنۇپ تۇرۇپ سۆز ئالدى:

— جاپپار شاگجاڭ، ماگىمۇ بىر رومكا كەلتۈرۈۋەتسىلە، شۇنچە يىلدىن بېرى سالى مۇئەللىم بىلەن بىرەر رومكىدىن سوقۇشتۇرۇپمۇ باقماپتۇق، ھەر ئىشنىڭ نۆۋىتى بار، بۈگۈن شۇ نۆۋەتنى كەپقالسا كېرەك.

— مەن، مەن ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ھاراقنى ئېغىزغا ئېلىپ باقمىغان.

— ئۇنداقتا نۆۋەتنىڭلارنى بىرەرسىگە ئۆتۈنۈپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ،— دېدى جاپپار ھاشىم.

شۇ ئەسنادا ئىدرىس ھوسەن بىر لېگەن كاۋاپ كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ، سالى مۇئەللىمنىڭ تەگقىسلىقتا قالغانلىقىنى كۆرۈپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشمەكچى، ئارىدىكى ئوڭايسىز ھالەتنى ئوڭشىماقچى بولدى-يۇ، ياش ۋە ھۆرمەت جەھەتتىن ئۆزىدىن ئۈستۈن بولغان مېھمانلار ئالدىدا ساقال تارغاقلىق قىلىپ كۆڭۈل ئازازلىقى تارتىۋالماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ ئېغىز ئاچمىدى. سالى مۇئەللىمگە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ سىرتقا ماگماق بولۇپ تەمشىلىپ تۇرۇۋىدى، ھېلىتىن ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسىلىپ ئولتۇرغان كەنت مۇدىرى سەمەت ئېغىز ئاچتى:

— ئىدرىس ئۇكام، سالى مۇئەللىم مېنى ئوقۇتقان دەپ يۈرەتتىڭ، ئېغىرىنى كۆتۈرۈۋەتمەمسەن.

— ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ، — سالى مۇئەللىم ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا ئېغىرچىلىق سېلىپ قويماسلىق، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن شۇنداق دەپ تۇرۇشى نايۇپ ماگىزىن گەپكە لوقما سالدى:

— ئۇستازىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرمىگەن شاگىرتنى قانداقمۇ لاياقەتلىك

شاگىرت دېگىلى بولسۇن، قانداق دېدىم ئىدرىس؟

— ئىچىۋەتسەم ئىچىۋېتەي. ئەينى يىللاردا سالى مۇئەللىم مېنى ئوقۇتىمەن دەپ ئاز جاپا تارتمىغان، ئاتام تەتۈرلۈك قىلىپ مۇئەللىمنىڭ كۆڭلىگە كۆپ ئازازلارنى بەرگەنىدى، بۇ بىر رومكا هاراق مۇئەللىمدىن ئاتام ۋە ئۆزۈمگە ۋاكالىتەن ئەپۇ سورىغىنىم بولسۇن، — ئىدرىس تاپىسىغا تىزداپ تۇرۇپ سالى مۇئەللىمگە قول سۇندى، رومكىنى قولىغا ئالدى-دە، گۈپپىدە كۆتۈردى.

ئىدرىسنىڭ پۇرلەشكەن چىرايى سالى مۇئەللىمنىڭ كۆڭلىگە بۇنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرىكى ئىشلارنى قايتا زاهىر قىلدى. سالى ساۋۇت شۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچى يىغىش ئىشىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىشلارنى قىلدى. ئىدرىسنىڭ ئۆگىنىشتىكى تالانتى، ناتىقلىقى، بولۇپمۇ تەبىئىي پەنلەردىكى ئۆتكۈرلۈكىنى ئويلاپ، بۇنداق ئەقىللىك بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئوقۇشىنى تولۇق تاماملىيالماي، يېرىم يولدا قالغانلىقىدىن، ئۆز ئەقىل-ئىدراكىغا تۇشلۇق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈندى. ناۋادا تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇغان بولسا نۇقتىلىق بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىدا گەپ يوق ئىدى، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئىدرىسنىڭ بۇ هالغا چۈشۈپ قېلىشىغا ئۇنىڭ تەرسا ئاتىسى هوسەن دېهقان سەۋەبچى ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ قېنى؟ ئاللىبۇرۇن يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ بولدى. ئۇنىڭ تاپقان مال-دۇنياسىچۇ؟ ئوغلىغا راهەت ئېلىپ كېلەلىدىمۇ؟ بالىنى پادا باقتۇرىمەن دەپ مەكتەپتىن ئايرىۋالدى-يۇ، ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۈپلا ئېغىر كېسەلدىن بىرىگە دۇچار بولۇۋىدى، تاپقان-تەرگىنىنىڭ هەممىسى دوختۇرخانىدا سورۇلۇپ تۈگىدى. ئۇ كەتتى، ئوغلى — ئىدرىس قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەش جىنىڭ كەتمەننى مۈرىگە سېلىپ كۈنبويى جاپالىق ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلىشتىن ئۆزگە يول يوق. باشقا تىجارەت قىلدى دېگەندىمۇ، جاپاغا چىداپ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەقىل، تالانت نابۇت بولدى دېگەن گەپ. جەمئىيەت

ئۇچۇن تۆھپە قوشالايدىغان بىر تالانت ئىگىسى نابۇت بولدى، دېگەن گەپ. ھەي، بىزنىڭ ئالدىمىزنىلا كۆرۈپ كېيىنلىكنى ئويلىمايدىغان مۇشۇ مىجەزىمىز... مانا ئىدرىس بىلەن تەڭ ئوقۇغان باللارنىڭ بەزىلىرى خىزمەتكە چىقىپ بولدى. ئۇلار مەكتەپ، زاۋۇت، كان-كارخانىلاردا، پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتامدۇ... ھەممىسى ساۋاتسىزلىقنىڭ، بىلىمسىزلىكنىڭ كاشىلىسى. سالىنىڭ خىيالىغا تۇرۇپلا ئاتىسىنىڭ دائىم ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان مۇنۇ گېپى كەچتى:

«ئوغلۇم، ئىنسان بۇ ئالەمگە مېھمان. يارالماق بولغانىكەن، ئۆلمەكمۇ بولىدۇ، ياخشى نام-ئاتاق بىلەن ياشىساڭمۇ، يامان نام-ئاتاق بىلەن ياشىساڭمۇ ھامىنى بىر ئۆلۈم، كونىلارنىڭ: ‹ياخشىغىمۇ بىر ئۆلۈم، يامانغىمۇ بىر ئۆلۈم› دېگىنى شۇ. شۇڭا، ئادەم ئۆمۈر مەنزىلىدىكى ھەربىر مىنۇتنى ياخشى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ھۈنەر، بىلىم، ماھارەت ئىگىلەپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئاز-تولا ئىش قىلىشى، دۇرۇس ياشىشى كېرەك. مېنىڭ سەندىن كۈتىدىغىنىم: مەكتەپتە ئوبدان ئوقۇ، ئىگىلەشكە تېگىشلىك بارلىق بىلىملەرنى ئىگىلە. بىلىم ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بايلىق، ئۇنى باشقىلار تارتىۋالالمايدۇ، نابۇت قىلىۋېتەلمەيدۇ، ئۇ ساڭا مەڭگۈلۈك ئەڭگۈشتەر بولۇپ، سېنىڭ پارلاپ نۇرلىنىشىڭغا مەدەت، كۈچ-قۇۋۋەت بولىدۇ. پەقەت بىلىم بىلەنلا سەن ئەتىۋارلىق، ھۆرمەتكە سازاۋەرسەن. ئادەم كىچىكىدىن مەلۇم نىشان بويىچە تىرىشىشى زۆرۈر. ئەڭ ياخشىسى سەن ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك كەسىپنى تاللا ئوغلۇم. سەۋەبى شۇكى، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەجىر-مېھنىتى بەدىلىگە باشقىلارنى نۇرلاندۇرىدىغان ئۆچمەس چىراغ، نادانلارنىڭ دىلىنى يورۇتقۇچى، ئۇلارغا يول باشلىغۇچى مەشئەل. ھازىر خەلقىمىز ئىچىدە ساۋاتسىزلىق، نادانلىق بىرئاز ئېغىر. بۇ ھال جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇن بولىدۇ. ئىشەنمىسەڭ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇۋاتقانلارغا، ھاياتلىق يولىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈرگەنلەرگە قارا! ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى زادى قانچىلىك،

بىلىم ـ ماھارىتىچۇ دىگەنلەر ئۇستىدە ئويلان. ئۇلار ئۆزىدىكى ھۈنەر ـ كەسىپ، بىلىم ـ ماھارىتىنىڭ كەمچىلىكى تولۇپلا يېتىرقاپ ھەم تىپىرقاپ يۈرۈشمەمدۇ. شۇڭا سەن، كەلگۈسىدە يارامىلىق بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا بەل باغلا. بۇ شەرەپلىك مۇنبەردە كەلگۈسى ئەۋلادلارنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش يولىدا ئۇن ـ تۈنسىز ئىزدەن. بۇ سېنىڭدىن كۈتىدىغان بىردىنبىر ئۈمىدىم. ئوغلۇم! ساڭا يەنە بىر گەپنى ئەسكەرتىپ ئۆتەيكى، ئۆلىماسى بولمىغان يۇرت خار ـ زەبۇن بولىدۇ. يۇرتىمىزنى تەرەققىي تاپسۇن، خەلق گۈللەپ ياشنىسۇن، ئەۋلادلار ياخشى كۈن كۆرسۇن دەيدىكەنسەن، ئىپتىقانلىرىمنى مەڭگۈ ئېسىڭدە ساقلا...»

سالى ساۋۇتنىڭ نەزىرى ئىدرىسنىڭ پۈرلەشكەن يادىكىغۇ چىرايىغا چۈشكىنىدە ئويلىنىشلىرى چوڭقۇرلاپ باردى. شۇ تاپ، ئۇنىڭ سورۇندىكى بولۇنۇۋاتقان تاتلىق گەپلەرگە، تىپكى ـ تەكتىگە قانداق مەقسەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ بولماس كۈلكە، تەكەللۇپلارغا رەغدادى بارمايتتى، بەزى گەپ ـ سۆزلەر ئەسلا قۇلىقىغا كىرمەيتتى، گويا ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالغاندەك، ھىممەتلەرگىمۇ تاۋى يوق ئىدى.

ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمۈلۈپ، ئىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر پەيتتە سورۇن ئاياغلاشتى. سالى ساۋۇت ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ تەكسىز خىياللارغا ئەسەر بولۇپ تاڭغا ئۇلاشتى.

## 2

مەكتەپنىڭ يېڭىلاپ سېلىنغان سىنىپ، ئىشخانا، تەجرىبىخانا ۋە باشقا تۇرلۇك ئەسلىھە ئۆيلىرىنىڭ سىرتى ئاچ سېرىق رەڭدە ئاقارتىلغان بولۇپ، مەكتەپكە ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. مەكتەپ ئالدىدا يېزىغا تۇتاشقان ئون نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول بولۇپ، يولنىڭ ئۇ تەرىپى باغ چىتلاق، بۇ تەرىپى بولسا سۇپسۈزۈك سۇلىرى

شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق ئىدى. ئېرىق بويلاپ سوقۇلغان قورشاۋ تامنىڭ ئىچ تەرىپى مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانى، مەيداننىڭ تۆت ئەتراپى بەش رەتتىن رەتلىنىپ سېلىنغان ئورمان بىلەن قاپلانغانىدى. قورشاۋ تامنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىرىدىن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئىشخانا بىناسىنىڭ يىگىرمە مېتىرچە بېرىسىدە گۈللۈك، گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بايراق خادىسى سۈپىتى بار ئىدى. لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل بايراق، بۇ ئورۇننىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان بىلىم باغچىسى ئىكەنلىكىنى شەرتسىز ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مەيداننىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان ۋالىبول، ۋاسكېتبول، يىنىك ئاتلېتىكا، تېكتاك توپ مەيدانلىرى سەھەردە يېتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايناق سورۇنىغا ئايلانغانىدى. شەرق ۋە شىمال تەرەپتىكى رەت-رەتتى بىلەن سېلىنغان ئورمانلىق ئارىسىدىن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرغان ئوقۇتۇش سىنىپلىرىنىڭ ئالدىدا چوڭچەك ئېيتىش ئويۇنى، چاچ ئۆرۈش ئويۇنى، يىگىنەم يىتتى ئويۇنى، ئۆي ياساش ئويۇنى، كۆز بېقىش ئويۇنى قاتارلىق ئۆسمۈرلەر ئەنئەنىۋى ئويۇنى ئوينىشىۋاتقان بالىلارنىڭ قىزىقارلىق ۋە جانلىق كەيپىياتى ئەۋج ئالغانىدى.

يېڭى مەكتەپ — يېڭىچە كەيپىيات. سالى ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېقىنقى بىر مەزگىللىك ئوقۇتۇش ھاياتى، ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان يىگىرمە نەچچە يىللىق ھايات مۇساپىسىدىكى بىرقەدەر تىنچ، خاتىرجەم ئۆتكەن مەزگىل ئىدى. شۇنداق، مەكتەپ ئۆزگەرتىپ قايتا سېلىنغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى ئاشۇرۇلدى. ئەسلىدىكى سەككىز ياشتىن يۇقىرى بالىلارنى قوبۇل قىلىدىغان تۈزۈم ئالتە ياشقا توشقان بالىلارنى قوبۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچى سانى ئاشتى. مۇناسىپ ھالدا ئىشتات كۆپەيتىلدى. تەجرىبىخانىلار سېلىنىپ، ئۆلچەملىك تەنتەربىيە مەيدانلىرى ياسالدى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنە- ئەسلىھەلىرى تولۇقلاندى. مەخسۇس ۋەزىپىدىكى

تەنتەربىيە، خەنزۇ تىلى، لابوراتورىيە، رەسىم دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى سەپلەندى. ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپلەر بويىچە نىشانلىق تەربىيەلەش يولغا قويۇلدى. ئىلگىرىكىدەك بىر ئوقۇتقۇچى بىر سىنىپقا مەسئۇل بولۇش، بارلىق پەنلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشقا خاتىمە بېرىلدى. ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئۇسكۇنىلىرى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ ئۈچ ئوقۇغۇچىغا بىر يۈرۈشتىن پارتا-ئورۇندۇق بولۇش تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئارقا سەپ ئىشلىرى خادىملىرى سەپلىنىپ، مەكتەپ يەرلىرى ۋە باغلىرىنى باشقۇرىدىغان، يۈگۈر-يېتىم ئىشلارغا چاپىدىغانغا ئادەم بار بولدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئوقۇتقۇچىلار ئەمگەكتىن ئازاد قىلىندى. مانا بۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر سالى قاتارىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى خاتىرجەم قانات يايدۇرۇشىغا ئاساس يارىتىپ بەرگەنىدى. بىراق، كۆنسايىن جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دەرس ئىسلاھاتى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارغا بىلىم كىرىزىسى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. دەرسلىك مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمەيلا بۇ قوشۇنغا كىرىپ قالغان ياكى ئەينى يىللاردىكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلى پۈتۈن كۈن ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەشتىن مەھرۇم قالغان بىر قىسىم پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارغا دەرسلىككە پاتالماسلىقتەك قىيىنچىلىقنى تۇغدۇرۇپ كەلگەنىدى. گەرچە يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى نۆۋەتتە جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان بۇ مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوقۇتقۇچىلارغا يېزا بويىچە ھەپتىدە بىرىم كۈن كەسپىي ئۆگىنىش قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۆگىنىش سالمىقىنىڭ زور بولماسلىقى، كەسپىي خىزمەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، يەنە كېلىپ مەكتەپلەرنىڭ تارقاقلىقى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار تۈپەيلى، ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىشمۇ قىيىن ئىدى. بۇنىڭغا ياندىشىپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇن قۇرۇلۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتىكى تەكشىسىزلىك ۋە ياش جەھەتتىكى پەرقىنىڭ چوڭلۇقىمۇ نۆۋەتتىكى دەرسلىك ئىسلاھاتىغا ئۇيغۇنلىشالماسلىقىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولۇپ، يېڭىدىن ئالىي، ئوتتۇرا

تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتناشقانلارنىڭ سانى تولىمۇ ئاز سالماقنى ئىگىلەيتتى. يېزا شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشى سەۋەبلىك، ھەر يىلى يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغان ئوقۇتقۇچىلار يىل ئۆرۈلمەستىنلا شارائىتى ياخشى بولغان باشقا يېزىلارغا يۆتكىلىپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى. ئۇلاردىكى ئىدىيە تۇراقلىق بولمىغاچ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئانچە چوڭقۇر چۆكۈپ كېتەلمەيتتى، ئەلۋەتتە. جۈملىدىن، مەكتەپ مۇدىرلىرى ئارىسىدىمۇ بۇ خىل پاسسىپ ئامىللار مەۋجۇت بولۇپ، پېشقەدەم سامساق مۇدىرمۇ دەل شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە «سامساق مۇدىر پېنسىيەگە چىقارمىش» دېگەندەك مىش-مىش گەپلەر كۆنسايىن ئۇلغىيىپ بارغان بولۇپ، سامساق مۇدىرنىڭ ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈگەن توشقاندەك، بىر-ئىككى قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا، بۇ ئەپقاچتى گەپلەرگە رەددىيە بېرىشلىرى ئوقۇتقۇچىلار ئېڭىدا بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا بولغان گۇمانىي تۇيغۇسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. سامساق مۇدىر ئۆزىنىڭ يەنە بىرقانچە يىل داۋاملىق ئىشلەيدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇمىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەكسىچە بولغانىدى. ناھىيە بويىچە، مەكتەپ مۇدىرلىرىنى بىر نۆۋەت ئومۇمىيۈزلۈك تەكشەپ ۋەزىپىگە قويۇش دولقۇنى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاز كۈنگە قالمىغان ۋاقىت ئىچىدە، سامساق توغرىسىدا ئېقىپ يۈرگەن مىش-مىش گەپلەر رېئاللىققا ئايلاندى.

كۆز شامىلىدەك بۇرقۇپ كەلگەن ئىسلاھات شامىلى پۈتكۈل مائارىپ سىستېمىسىدا يېڭى ئۆزگىرىش ياسىدى. سامساق پېنسىيەگە چىقىپ ئورنىغا يېڭى مۇدىر قويۇلدى.

ئەمدىلا يىگىرمە بەشنىڭ قارىسىنى ئالغان، قاپقارا قاشلىق كېلىشكەن مەكتەپ مۇدىرى يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا باقماي، كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ئۇستا، گەپ-سۆزلىرى تاتلىق، ھەرىكىتى چاققان ئىدى.

سامساق مۇدىرنىڭ پىنسىيە خەۋىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى سالى ئۈچۈن تۇتۇق ئاسمان ئېچىلغاندەك بىر خۇشاللىق بولسا، بۇ بويتاق بالا مۇدىرنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى پارلاپ چىققان قۇياش نۇرىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنى ئىللىتقىنىغا ئوخشاش شېرىن ھەم مەنىلىك ئىش ئىدى. ئىراق، يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بېرى سالىنىڭ پۇت-قولى زادىلا يەرگە تەگمىدى. بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇلىشىپ تەكرار كېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ كۆپلۈكى ئۇنى ئارامىدا قويمىغانىدى. سالى مەكتەپتىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى، قوشۇمچە كاسسىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئوقۇتۇش ۋە مالىيەگە دائىر ئۇششاق-چۈشەك ئىشلار ئۇنى خېلىلا ھاردۇرغانىدى. بۇنىسى ئاز كەلگەندەك، پاراللېل ئىككى سىنىپنىڭ ماتېماتىكا دەرسىنى تەييارلاپ ئۆتۈش، بىر سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى زىممىسىگە ئېلىشمۇ ئۇنىڭ باش تارتماس مەسئۇلىيەتلىرىدىن بىرى ئىدى.

بۈگۈن سالىنىڭ باش قېتىنچىلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ، كۆڭۈل خاتىرجەملىكى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان بىر كۈن بولدى. ئۇ يېرىم كېچىدە ئايالى بىلەن تازا سوقۇشۇپ، ئۆيىدىن چىققىنىچە مەھەللە يولى، ئېتىز-تىرگەن، باغلارنى نىشانسىز ئارىلاپ يۈردى. ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىغا نەچچە ئون مىنۇتچە قالغاندا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىشى، ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر بوۋاي ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنى يۆدىگىنىچە مەھەللە تەرەپتىن چىقىپ كەلدى.

— بالام، بىردەم دېمىمىزنى ئېلىۋالايلى، — بوۋاي بالىنى ئاۋايلاپ چۈشۈرۈپ، كۆۋرۈك بازىسىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن سالى بىلەن سالاملاشتى، — تىنچلىقمۇ مۇئەللىم. ئۆي مەكتەپنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بۇ تەرەپتىن كېلىۋاتسىدىلا، ئەتىگەندە بىرەر يەرگە بېرىپ كەلگەن ئوخشىمامدىلا ؟ — بوۋاينىڭ كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ قالغان ياش تامچىلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس يالتىرايتتى. ئۇ سالى بىلەن تىنچ-

ئامانلىق سورىشىۋېتىپ، بالىغا قايتىلاپ قارىدى ۋە ئۆكۈنۈش ئاھاڭىدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھەي، قارىسىلا بۇ نەۋرەمگە. ئۆز ۋاقتىدا باشقىلار شۇنچە نەسىھەت قىلسا قۇلاق سالماي، قىزىمنى ئاچامنىڭ ئوغلى بىلەن تويلاشتۇرۇپتىمەن، ئارقا ـ ئارقىدىن ئالتە بالىلىق بولۇۋىدى، تۆتى مېيىپ چىقتى. تۇنجىسى گاچا، ئىككىنچىسى پالەچ، ئۈچىنچىسىنىڭ ئاغزى جايىدا ئەمەس، مانا بۇ بالا بارغانچە دەسسىيەلمەس بولۇپ قالدى. كىچىكىدە ساقتى بولمىسا. بىر ئادەم يۆلەپ ماڭمىسا نەچچە مىتىر مېڭىپلا يىقىلىپ چۈشىدۇ.

— يىگىتنىڭ ئىسمى ئابلەتقۇ؟

— ئەسلىدە بار ئىكەن ـ دە.

— مەن بۇلارنىڭ سىنىپىغا ماتېماتىكا دەرسى بېرىمەن. ئىلگىرى ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەپتىكەنمەن، يېقىندىن بېرى قارىسام ئەھۋالى مۇشۇنداق، — سالى ئىچ ئاغرىتىش تەرزدە سۆزلەيتتى، — بەكمۇ چىرايلىق چوڭ بولۇپتىكەن. قاراپ تۇرۇپ مېيىپ بولۇپ قالغىنىنى. قانچىلىك ۋاقىت بولدى مۇشۇنداق ماڭالماس بولۇپ قالغىلى ؟

— بۇنداق بولۇپ قالغىلى ئىككى ئايچە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ساق ئىدى بولمىسا.

— دوختۇرخانىغا ئاپاردۇقمۇ ؟

— بىر ئاي ئىلگىرى ۋىلايەتلىك بىرىنچى دوختۇرخانىغا ئاپارغان.

— نېمە دەپ دىياگنوز قويىدى؟

— نېرۋا خاراكتېرلىك پالەچ، داۋالاش ئۈنۈمى تۆۋەن دەيدۇ. بۇنىڭدىن چوڭىمۇ كىچىكىدە ساپمۇساق ئىدى، چوڭ بولغانچە پالەچ بولدى. گاچا ئاكىسىنى ئۆيلەپ قويايلى دەپ خېلى جايغا قاتىرىغان بولساقمۇ بەش ئەزايى بېجىرىم قىز چىقمىدى. ئالغان خوتۇنىمۇ پاكىقاي. ھازىر ئۆيدە ئون بىر جان ئادەمدىن بەشى مېيىپ. ئۇنىسى ئازدەك ئاتىسى توگەپ كەتتى، چاپاغا مەن قالغان چېغىم. شۇ تاپ ئۆز ۋاقتىدا باشقىلارنىڭ نەسىھەتىگە كىرمىگىنىمگە مىڭبىر پۇشايمان...

بوۋاي نەۋرىسىنى يۆلەشتۈرگىنىچە سۆزىنى داۋام قىلماقتا ئىدى. بىراق، بوۋاينىڭ دېگەنلىرى سالىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ، بوۋاينىڭ ياردىمىدە ئىككى يانغا ئىرغاڭلىغىنىچە مىڭبىر جاپادا قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىنىڭ بىچارە ھالىتىگە قارىغىنىچە قېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېكرانىدا ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى، كەلگۈسى ۋارىسى بولغان قوشكېزەك پەرزەنتىنىڭ بىنورمال ھالىتى ئەكس ئەتكەندىن كېيىن، كۆڭلى بېغىدا كېچىدىن يۈز بەرگەن ئورۇنسىز ماجىرانىڭ كارتىنىلىرى بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

قايتا نىكاھتىن كېيىن، سالىنىڭ تۇرمۇشىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، ئايالىنىڭ نەچچە ئايدىن كېيىنكى تەكشۈرتۈش نەتىجىسىدە ئايان بولغان خۇش خەۋەر بىلەن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى جىمغۇر ھالىتىدە خېلىلا ئۆزگىرىش بولغانىدى.

ئايالىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولغانلىق خەۋىرى سالى ئۈچۈن راستىلا بىر خۇشاللىق بولۇپ، ئەمدى ئۇ كىشلەر نەزىرىدىكى بالا يۈزى كۆرەلمەيدىغان سالى ئەمەس، بەلكى پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بېجىرىم سالى، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەقىقىي ئەركەك زاتى ئىدى. شۇلارنى ئويلىغاندا سالىنىڭ كۆڭلى ئاسمانچە بولدى، ئۆز خۇشاللىقىنى ئايالىغا قانداق ئىپادىلەشنى، قايسى ئۇسۇل بىلەن رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيتتى. بالىنىڭ قوشكېزەك، يەنە كېلىپ ئىككىلىسىنىڭ ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلۇشى سالى ئۈچۈن تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خۇشاللىق بولدى.

«سالىغا يېڭى ئۆي ياراشتى» دېيىشەتتى بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بارلار...

كونىلار: «بىر خۇشاللىقنىڭ بىر خاپىلىقى بار» دەپ توغرا ئېيتسا كېرەك، سالىنىڭ خۇشاللىقى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. بالا تۇغۇلۇپ نەچچە ئون كۈن بولغاندا، زىبىدىخان ئانىنىڭ ئېيتقان بىر جۈملە بىمەنە سۆزى

ئۇنىڭ كېيىنكى ھايات مۇساپىسى ئۆچۈن ئازاب ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا زىبىدىخان ئانا نەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

ــ تووۋا، ماۋۇ بالىنىڭ موللاخۇن تازنى دوراپلا چۆشكىنىنى. ئادەم بالا دېگەننى كىمگە ئوخشىسۇن دېسە شۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىكەن... ــ دېگەنلەرنى ئۆزىمۇ تۇيماستىنلا ئاغزىدىن چىقىرىپ سالغانىدى.

شۇ چاغدا سالى بىلەن ئايزۆھرە بىر ـ بىرىگە قاراشقانىدى. ئايزۆھرەنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزاغان بولۇپ، ئانىسىغا قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماستىن:

ــ ئانا، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ــ دەپ رەددىيە بەرگەنىدى .

ــ مۇنداقلا دەپ قويدۇم قىزىم، ــ دېدى ئانا ئوڭايسىز بىر ھالەتتە، ــ قارىمامسەن ئىككىلىسى دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇرمامدۇ...

«موللاخۇن، ئانام نېمە دەپ بۇ تازنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ، يەنە كېلىپ بالىلارنى ئۇنىڭغا ئوخشاتقىنىچۇ، بۇنىڭدا بىر سىر بارمۇ نېمە... ئىسىم قۇرۇسۇن، كونىلىقتا قاتتىق ئىشىنىدىغان بىر ئادەم بىر كىچىدىلا رايىش بولۇپ قالدى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىزنى سىيىتاخۇنىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، نىكاھىمىزنى ئوقۇپ قويۇشنى قايتا ـ قايتا تاپىلىدى. بۇنىڭدا بىر سىر بولمىسۇن يەنە ... ياق، ياق، موللاخۇن دېگەن ئايزۆھرەنىڭ نەۋرە ئاكىسى. ھەرقانچە بولسىمۇ ئادەم تېپىلمىغاندەك ئۇنىڭ بىلەن ...»

باش ـ ئايىغى يوق چىگىش خىياللار سالىنى ئازابلىغاچ، تۈرلۈك ـ تۈمەن قىياسلار بىلەن تالاي كېچىلەر ئۇيقۇسىز ئۆتەتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغىنىدا بالىلىرىغا سىنچىلاپ قارايتتى ـ يۇ، بالىلىرىدىن ئۆز ئەكسىنى كۆرەلمەيۋاتقاندەك بىر ھېسسىياتنىڭ قاينىمىدا تىنىمسىز چۆرگىلەيتتى، يەنە دەرھال نەزىرىنى ئەپقاچاتتى.

سالىنىڭ تۇيغۇلىرى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. كۆڭلەرنىڭ ئۆتتۈشى

بىلەن بالىلاردا ئەكس ئېتىۋاتقان بىنورمال ئالامەتلەر، زىبىدىخان ئانىنىڭ ئېيتقانلىرى ئۆز قىياسلىرىنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەپ تۇرغاندەك قىلاتتى، شۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە شۈبھىلىنەتتى. بىراق، بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. كىمنى ئەيىبلەشنى، كىمگە شىكايەت قىلىشنى ئەسلا بىلمەيتتى... ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. بالىلاردا نە ئاگلاش، نە ھەرىكەت ئىقتىدار سېزىمى يوق ئىدى. ئادەتتە ئون تۆت، ئون بەش ئايدا ئايىغى چىقىدىغان بالا ئۈچ ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق ماڭالمايتتى. بالىلار ئادەتتىكى نورمال بالىلاردىن راستىلا پەرقلىنەتتى. قولاقنى يارغۇدەك يىغىسى كېچىچە ئارامлиق بەرمەيتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە مۇنداق بىر ئىشمۇ يۈز بەردى:

كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن يىغلاشقا كىرىشكەن بالىلار ئېغىر ياتقۇغىچە يىغىدىن توختىمىدى. سالى ئەر-ئايال بالىلارنى كەنت دوختۇرىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. بالىلار توختىماي يىغلايتتى. بىرى پەس بولسا، يەنە بىرى يىغلايتتى. كەنت دوختۇرى بالىلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن قورساق ئاغرىقى دورىسى ۋە قىزىتما دورىسىدىن بىرنەچچە بولاق دورىنى تۇتقۇزۇپ يولغا سالدى. سالىنىڭ كۆزى ئەمدىلا يۇمۇلۇشى، ئايزۆھرەنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئېشەك ئۆلسە كۆتى غېجەك تارتىپتۇ، دېگەندەك بالا يىغلاۋاتسا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقىنىنى. ئېشەك تەخىيىگە ئىگە بولماپتۇ، دېگەن شۇدە.

— ھەي، نېمە دەۋاتىسەن؟ مەن ئەتە يەنە ئىشلەيدىغان تۇرسام. بىردەم-يېرىمدەم كۆزۈمنى يۇمسام نېمە يامىنى. قارا چىرايىڭنىڭ بوپكەتكىنىنى.

— ۋۇيت، مېنىڭ چىرايىمنى چىشلەپ تارتماي، ئۆزلىرىنىڭ ھىلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا سەپسىلىپ باقسىلا غوجام. بولۇمسىزنى بىلدۈرۈپ بولالمىدىم، خۇرجۇن-خالتىسىنى تولدۇرۇپ» دېگەن شۇدە،

شۇنچە خورلۇقتا چىداپ ئولتۇرۇپ كەلسەم، ئۆزىنى بىلمەي تولۇق تېگىپ كەتكىنىنى. بالا يالغۇز مېنىڭكىدەك...

— نېمە، قايسى خورلۇق ئۇ، سەن نەدە خورلۇق تارتتىڭ؟ قېنى مەندىن يوشۇرۇپ كەلگەن سىرلىرىڭ بولسا ئېيتە. مەنمۇ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق سەندىن سورىماقچى ئىدىم. زادى قانداق ئىشلار يۈز بەرگەن؟— دېدى سالى زەردە بىلەن.

ئايزۆھرە ئۆز ئاغزىدىن پەملىمەي چىقىپ كەتكەن گېپىگە سەل پۇشايمان قىلدى. شۇنداقتىمۇ سالىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن تېخىمۇ ئۆكتەملىك قىلىپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى:

— سەن نېمە دەۋاتىسەن. مېنى تالاق قىلىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغىنىڭ مەن ئۈچۈن خورلۇق بولماي نېمىكەن. يەنە نەدىكى گەپنى دەپ يۈرۈيسەن. مېنى كىمگە ئوخشىتىپ قالدىڭ؟...

ئۆزىنى زورىغا بېسىپ ياتقان سالىنىڭ تاقىتى تاق بولدى.

— گەپ قىلمىسام، نېمە ھەددىدىن ئاشقانلىق بۇ. گەپ تالىشىپ يەنە سوقۇشۇپ ئولتۇرمايلى، دەپ جىم بولسام ئەزۋەيلەپ كەتتىڭغۇ ؟! سېنىڭ يالغۇز بالاڭ بولماي، ئورتاق بالىمىزدى-يا. نېمە ۋەجىدىن تا ھازىرغىچە ماڭالمايۋاتقانلىقىنى بىلىدىغانسەن؟ — سالى ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ سۆزلىدى، — ئۆتكەندە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا دوختۇرنىڭ دېگەنلىرى ئېسىڭدە باردۇ ؟...

بىر ئاي ئىلگىرى سالى بالىلارنى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتكەن، ئاخىرقى دىياگنوزدا دوختۇر بالىدا تۇغما نېرۋا پالەچ كېسىلىنىڭ بارلىقى، بۇنداق كېسەلنىڭ تۇلىراق ھاراق-شاراب، چېكىملىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى بولمىسا قانداشلىق مۇناسىۋەتتىكىلەر توي قىلغان ئەھۋال ئاستىدا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەنىدى. سالىنىڭ دوختۇرخانىدىكى ئىشلارنى تىلغا ئېلىشى كۆيۈۋاتقان ئوت ئۈستىگە ياغ سەپكەندەك بىر ئىش بولغانىدى. ئايزۆھرە ئۆز-ئۆزىنى كاچاتلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ،

ئەسەبىيلىك بىلەن سالىغا ئېتىلغان، سالى يېرىم كېچە بىلەن ئۆيىدىن چىققىنىچە مەكتەپ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ تاڭنى ئاتقۇزغانىدى...

سالىنىڭ كۆز نۇرىدا بىردىنلا ئۆيىدىكى ئىككى بوۋاقنىڭ ھالىتى ئەكس ئېتىشى بىلەن، يۈرىكى ئەلەملىك ئېچىشتى. ئۆز-ئۆزىگە ئۈنسىز نىدا قىلدى:

«ئاھ خۇدا! باللىرىم، سىلەرمۇ چوڭ بولغاندا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالارسىلەرمۇ؟ ناۋادا راستىلا شۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولۇپ قالساڭلار، ئۇ چاغدا مەن ... سالىنىڭ بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى، — ياق، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. ئۇلار چوقۇم ماڭىدۇ، ھامان بىر كۈنى ماڭىدۇ...»

سالىنىڭ كۆڭۈل غەشلىكى دەقىقە ئىچىدە تۇمان كەبى تارىدى-يۇ، كۆڭۈل ئالىمىگە كەچكەن قورقۇنچلۇق بىر سېزىم بىلەن تىنچلىقى يەنە بۇزۇلدى. ئۇ ئەمدى باللىرىنىڭ راستىلا نورمال ئەمەسلىكىگە شەكسىز ئىشەنگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئەلەم بىلەن ئۆز خىيالىنى داۋام قىلماقتا، ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىماقتا.

«... ئايزۆھرە، مەن سېنىڭ ۋە باللارنىڭ ئالدىدا جىنايەتكار. ھەممىسى مېنىڭ نادانلىقىمنىڭ، ئەخمەقلىقىمنىڭ كاساپىتى. مىجەزىمنىڭ ئوساللىقىنىڭ نەتىجىسى، — سالىنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ئەگىپ يۈرگەن ياش تامچىلىرى سىرغىشقا باشلىدى، — ئېھ خۇدا! قايسىبىر گۇناھىم ئۈچۈن بۇنداق قىسمەتلەرگە مۇپتىلا قىلغان بولغىيتىڭ-ھە!؟... باللارغا نىجاتلىق ئاتا قىلغايسەن. ئۇلارنى مۈشكۈللۈكلەردىن ئازاد قىلىپ، ئەركىن-ئازادە ماڭالايدىغان، بىمالال سۆزلىيەلەيدىغان، تەندۇرۇس، تەپەككۇرى تېمەنلەردىن قىلىپ يېتىلدۈرگەيسەن...»

— مۇئەللىم، سالى مۇئەللىم، ئەكرەم مۇئەللىم سىزنى چاقىرۋاتىدۇ. سالى ئوقۇغۇچىنىڭ چۈچۈك ئاۋازىدىن خىيالىنى يىغىپ،

ئەندىكىشلىك تۇيغۇدا ئەتراپقا قارىدى. ئەتىگەنلىك گىمناستىكىدىن چۈشۈپ سىنىپلارغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن بولۇپ، گۈللۈك ئالدىدا ئەكرەم ئۆزى تەرەپكە قاراپ تۇراتتى.

ئەكرەم بۇ مەكتەپكە مۇشۇ ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ بېشىدا تەقسىم قىلىنغان تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەمدىلا ئون توققۇزلارنىڭ قارىسىنى ئالغىنىغا قارىماي، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى سالاپەتلىك، گەپ-سۆزلىرى جايىدا ئىدى. ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى پېشقەدەم ئۇستازلاردەك كۆيۈنەتتى. خىزمەتتە بەكمۇ مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ھەربىر ئىشنى پۇختا قىلاتتى. بولۇپمۇ ھەربىر سائەتلىك دەرسلەرنى ئەستايىدىل تەييارلاش بىلەن، ۋاقتىدا تەستىقلىتىپ ئۆتەتتى. قىيىن مەسىلىگە يولۇقسا، پېشقەدەم ئۇستازلار بىلەن مەسلىھەت قىلىشاتتى، ئۇلارنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيەلىرىنى ئاڭلايتتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى مەكتەپتىكى ياشلارنىڭ ئالدى دېيىشكە بولاتتى.

— تىنچلىقمۇ مۇئەللىم؟

سالى ئەكرەمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۆزىنى نېمە ئىش بىلەن چاقىرتقانلىقىنى ئاڭقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقاندەك بىر تەرزدە ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— بىرىنچى سائەتتە دەرسىم بار ئىكەن، شۇڭا دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن تېزىسنى تەستىقلىتىۋالاي دېگەن.

ئەكرەم پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ يادىغا مەكتەپنىڭ دەرسلەرنى بىركۈن ئاۋۋال تەستىقلىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى كەچكەندى. ئۇنىڭ سىزمۇ، دەرسنى ۋاقىت قىستاپ كەلگەندە تەستىقلاتسا ئانچە ياخشى بولمايتتى، ئالىمادىس بىرەر مەسىلىدە ئېنىقسىزلىق بايقالسا، چۈشىنىپ، تۈزىتىپ ئۈلگۈرۈشكە ۋاقىت يار بەرمەيتتى.

— ئالدىڭىزدا خىجىلمەن مۇئەللىم.

— ئالدىن تەييارلاشقا ۋاقىت چىقىرالماپسىز-دە ؟ — دېدى سالى بوشقىنا ئاۋازدا.

— شۇنداق، مۇھىم بىر ئىش بىلەن دەرس تەييارلاشقا ۋاقىت چىقىرالماي قالدىم.

شۇ ئارىدا بىر ئوقۇغۇچى ئەكرەمنى تونۇلدى. سالى ئۇنى ئىشخانىدا ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ يورۇپ كەتتى. ئۇ، ئىش جوزىسىغا كېلىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشى، زۇلھاياتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بىر مەسىلىنى پەقەتلا بىرشەلمىدىم، غاچچىدە ئىشلەپ، ئىسمىڭىزنى شاققىدە يېزىۋېتىڭە ئەكرەم.

ئەكرەم ئۇنىدىمەستىن ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ تارتمىسىدىن كونسپېكتنى ئالماق بولۇپ ئۇستەلگە كېلىشىگە، زۇلھايات ئۇنىڭ دولىسىغا پاققىدە بىرنى قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — گاچا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — ئەكرەم قول ئىشارىتى بىلەن زۇلھاياتنى بەزلەشكە ئۇرۇناتتى، بۇلۇڭدىكى جوزىدا يېنىك تىنىپ ئولتۇرغان سالىنى ئىشارە قىلاتتى، بىراق، زۇلھايات ئۇنىڭ مەقسەت-مۇددىئالىرىدىن مۇستەسنا، ئەتراپىغا ئەسلا نەزەر سالمايتتى، — ۋاي-ۋۇي، گاچا، دەپ قويسام گاچىنى دورىغىلى تۇردۇڭغۇ ئەمدى، بولە ئىتتىك، ھازىرلا ئۆتىدىغان دەرس...

زۇلھاياتنىڭ كۆزى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان سالىنىڭ قارىدىغان چىرايىغا تىكىلگىنىدە يۈرەكلىرى گۈپۈلدەپ كەتتى، پۇتلىرى تىترەپ، ئاغزى گەپكە كەلمىدى:

— بۇ... بۇ... مەن.

— ھە، ئىككىلىگلار تېزىسگلارنى بۇياققا ئەپكېلىڭلار، مەن ئاۋۋال كۆرۈپ باقاي.

ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئوقۇتۇش گورۇپپا باشلىقلىرى باشقا كۈندىكىلەرگە قارىغاندا سەل ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىلار ئارام كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئالدىن تۈزۈپ كەلگەن نەچچە كۈنلۈك تېزىسلىرىنى بىراقلا تەستىقلىتىپ ئالىدۇ-دە، شۇ ئاساستا بىر تەرەپتىن دەرسلىرىنى ئۆتكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ

تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ، باھا سۆزى يازىدۇ، تۈزىتىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشكە پەقەتلا ۋاقىت ئاجرىتالماي قالىدۇ. مانا ئەتىگەندە بىر ئولتۇرغان سالى ئىككى سائەتلىك دەرس ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تېزىسلىرىنى كۆرۈپ، ئىمزا قويۇش بىلەن ئالدىراش ئۆتتى. ئۈچىنچى سائەتلىك دەرس قوڭغۇرىقى چېلىنىشى بىلەن، كۆرۈۋاتقان تېزىسلارنى جايىدىلا قاتلاپ قويۇپ سىنىپقا چاپتى.

دەرستىن ئەمدىلا چۈشۈپ تۇرۇشى، بىر ئوقۇغۇچى يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— مۇئەللىم، ئايالىڭىز چاقىرىدۇ، — دېدى.

سالى ئىلگىرىكى تەكرار چاقىرتىشلاردا يۈز بەرگەن ئىشلارغا قىياس قىلىپ: «ھەرقاچان باللارنىڭ قورسىقىغا تاماق بېرىپ بولالماي چاقىرتسا كېرەك. يا بولمىسا قىزىپ قالدى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. كۆز ئالدىدا كېچە يۈز بەرگەن جېدەل-ماجرا قايتىلاپ ئەكس ئېتىۋىدى، ئۆيگە كىرىشتىن سەل-پەل رايى سوۋىدى. ئۆز ئورنىدا دەقىقىلىك توختىدى. زىددىيەتلىك ئويلىنىش ئىچىدە، نېملا بولمىسۇن ئۆيگە بىر كىرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ چىقىشنى تايىن تاپتى.

يىراقتىنلا ئاڭلىنىپ تۇرغان خىرقىراق، ئەمما كۈچلۈك يىغا ئاۋازى سالىنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئەزدى. ئىچ-ئىچىدىن تاشقىنلانغان كۈچلۈك بىر ئېقىن تومۇرلىرىدا مەۋج ئۇرۇپ، بەدەنلىرى قىزىدى، ۋۇجۇدىدا جىددىيلىشىش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ئۆيئىچى شۇنچىلىك رەتسىز بولۇپ، ئورۇن-كۆرپىلەر بۇزۇلغان، چىنە-قاچىلار چېقىلغانىدى. باللار كاڭ ئۈستىدە ئانىدىن تۇغما ھالەتتە يىغىغا چۈشكەن، ئايزۆھرە بولسا چاچلىرى چۇۋۇلغان، تولا يىغلىغانلىق دەستىدىن بولسا كېرەك، قاپاقلىرى ئىششىغان، يۈز-كۆزلىرى بەتبەشىرە بىر ھالەتتە باللارنىڭ يىغىسىغا تەڭكەش قىلىۋاتقانىدى. ئۇ سالىنى كۆرۈپ ئېزىلىپ يىغلاشقا باشلىدى، ئۆز-ئۆزىنى كاچاتلىدى:

— بۇنداق كونىنى كۆرگۈچە ئۆلسەم بولماسمىدى. نېمە تارتقۇلۇق بۇ...

— بولدى ئۆزۈڭنى بېسىۋال. سەن بۇنداق يىغلاپ بەرسەڭ باللار قورقۇپ كېتىپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلىمامدۇ؟ — سالى باللارنى يۆگەككە يۆگىگەچ، ئايالىنى بەزلەيتتى، — قارا تۇرقۇڭغا، بوۋاق بالىدىنمۇ ئۆتە بولۇپ كېتىپسەن. بالا بىلەن تەڭ يىغلاپ ئولتۇرغىچە ماڭا بالدۇرراق خەۋەر بەرسەڭ بولماسمىدى.

— هارامدىن بولغان بالا بولغاندىكىن يىغلاپلا جېنى چىقسۇن دېدىم شۇ.

سالىنىڭ كۆڭلى جاراھىتى يەنە قوزغالدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە باللارنىڭ ئۆز پۇشتى ئەمەسلىكىنى جەزم قىلسىمۇ، ئەمما، باشقىلارنىڭ «بالا ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەس» دېيىشىنى راۋا كۆرمەيتتى. ھەممىدىن بەك ئەندىشە قىلىدىغىنى، بۇ سۆزلەرنى ئايالىنىڭ كۆتۈرۈپ چىقىشى ئىدى. «لەقەم نەدىن چىقار — ئۆيدىن» دېگەندەك، باشقىلار ئايزۆھرەنىڭ ئاغزىدىن «بۇ باللار سالىنىڭ پۇشتى ئەمەس» دېگەننى ئاڭلاپلا قالدىمۇ، ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ئۇ چاغدا سالى تۇغماسنىڭ ئاتىقىغا قالىدۇ- دە، تەگتۇشلىرى ئارىسىدا باش كۆتۈرەلمەيدۇ... مەيلى نېملا بولمىسۇن ئۇ ھازىر ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى. پىنھان كېچىدە بېجىرىلگەن ئۇ ئىشلارنى زىبىدىخان ئانا، ئايزۆھرە ۋە يەنە كىملەردۇر بىرقانچىلا كىشى بىلەن بىر خۇدالا بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بۇ باللارنىڭ ئۆز پۇشتى ئىكەنلىكىدىن شۇبھىلەنمەيدۇ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايدۇ. سالىنىڭ نامىغا شەك يەتكۈزمەيدۇ... بىراق، بۇ سىر ئايزۆھرەنىڭ ئۆز ئاغزىدىن تارالسىچۇ ؟ ئۇ چاغدا ئىش تامامەن ئەكسىچە...

سالى كۆڭۈل ئېكرانىدا ئەكس ئەتكەن قورقۇنچلۇق بۇ خىيال بىلەن چۆچۈپ كەتتى. بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە مىشىلداپ ئولتۇرغان ئايالىغا قاراپ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— نېمە ؟ نېمە دەۋاتىسەن؟ قىزىتماڭ ئۆرلەپ قالمىغاندۇ سېنىڭ؟!

— هه ئۆرلىدى قانداق. ئۆزۈڭ شۇنداق دېگەن تۇرۇقلۇق، نېمىگە چىچاڭشىيتتىڭ. هارامدىن بولماي نەدىن بولغان ئىدى بۇ شۇملار؟...

قاتتىق تەگكەن شاپىلاق ئايزۆهرەنى سەگىتتى. ئۇ ئەمدى كۆز ئالدىدىكى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى.

— ئاپلا ! بالا قىزىپ قالدىمۇ نېمە ؟

بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرغان ئايزۆهرە سالىنىڭ سۆزىدىن چاچراپ تۇردى. باللارنىڭ بېشانىسىنى تۇتۇپ كۆردى.

— قىزىپ قاپتۇ. تېز...تېزرەك بولۇڭ، كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ دوختۇرغا ئاپىرايلى.

ئەر ـ ئايال بالا دەردى بىلەن ئۆتتۈرىدىكى ئارازلىقنى ئۇنتۇپ، دوختۇرخانىغا چاپتى. شۇنداق، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلار مانا مۇشۇنداق بىر هالەتتە ئۆز رىتىمىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مىجەز ـ خۇلق، گەپ ـ سۆز، يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىدىن تارتىپ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىزىقىشى دېگەندەكلەرگىچە تامامەن ئوخشاش بولۇپ كەتمىگەن، يەنە كېلىپ ئىككى ئائىلىدە چوڭ بولغان كىشىلەرنىڭ توي قىلىپ بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، بىر يولىدىلا ئېجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ كېتەلىشى مۇمكىن بولسۇنمۇ؟ ئەر ـ خوتۇنچىلىقتا ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش گاھ تالىشىپ، گاھ يارىشىدىغان ئىشلار كۆرىمىز. مۇهىمى ئۆزئارا ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولۇشتا. ئۆزگىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق، قىزىقىشلىرىغا هەمدەمدە بولۇش بىلەن بىللە قايغۇسىغا قايغۇرۇش، خۇشاللىقىغا خۇشاللىنىش، ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، تېرىككەنگە ئېغىز يۇگۇرتمەسلىك، يېغىرىنى تاتىلاشتىن ساقلىنىش كېرەك. كۆپىنچە ئەر ـ خوتۇنلار ناهايىتى كىچىك مەسىلىلەردىمۇ ئۆز كۆزقارىشى بويىچە داۋلىيلىق پىكىر يۈرگۈزۈشىنىڭ ئورنىغا، قارشى تەرەپنىڭ كەمتۈكلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۇنىڭدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىشقا ئىنتىلىدۇ. نەتىجىدە، جېدەلنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىلىپ، مەسىلە مۇرەككەپلىشىدۇ. سالى ئەر ـ ئايال ئۆتتۈرىسىدىكى زىددىيەت بىرقانچە

يىلدىن بىرى مانا مۇشۇنداق تەرزدە ئىزچىل داۋاملىشىپ، دىگىز دولقۇنىدەك گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ پەسىيىپ كەلدى. بولۇپمۇ باللارنىڭ ئۈچ ياشتىن ئاشقان تۇرۇقلۇق ئايىغى چىقماسلىقى بۇ ئائىلىنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى كۈنسايىن ئىغىرلاشتۇرماقتا ئىدى. سالى ئۆز كۆڭلىگە سايىدەك ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، ئايزۆھرە بىلەن موللاخۇن ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم ئىشلار توغرىسىدىكى گۇمانىي قاراشلىرى ئىچىدە ئۈنسىز ئىزتىراپ چەككەن، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىر قىتىملىق ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان يەپ كەلگەن بولسا، ئايزۆھرە ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا يۈز بەرگەن ئاشۇ بىر قىتىملىق ئىشتىن ئىغىر خورلۇق ھىس قىلىپ كەلگەنىدى. ئايزۆھرە بۇ سەۋەنلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى سالىدىن كۆرەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە سالى بىر ۋىجدانىسىز، ئۆزىنى قاراپ تۇرۇپ باشقا بىر ئەرگە خوتۇن بولۇشقا قىستىغان ئەبگار، روھىي غالىبىيەتچى، چىدىماس. ئايزۆھرە شۇ قىتىمقى ئىشتىن كىيىن ئۆزىنى باشقىلار تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىنغان كىشىدەك ھىس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ دەقىقىدىن باشلاپ چىرايىدىكى خۇشاللىق جىلۋىسى ئۆچتى. ئەمدىلىكتە، ئىلگىرىكى باشقىلار بىلەن باردى-كەلدىنى ياخشى كۆرىدىغان، ھەر جايدا تۇمۇچۇقتەك سايراپ تۇرىدىغان مىجەزىدىن ئەسەر قالمىغانىدى.

ئايزۆھرەنىڭ جىمغۇر ھالىتى سالىنىڭ كۆڭۈل خەستىلىكىدە، گويا ئايزۆھرە ئۆزى ئۈچۈن بىرەر كىلىشمەسلىكنى پىلانلاۋاتقاندەك گۇمانىي قاراشنى شەكىللەندۈرۈشكە سەۋەب بولاتتى، دائىم بىرەر ئىشتىن ئۆز-ئۆزىچە خۇدۇكسىرەيدىغان، ئايزۆھرەنى باشقىلاردىن ئورۇنسىز كۈنلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

سەمەر بىلەن سەمى دوختۇرخانىدا ياتقىنىغا بەش كۈن بولغاندا مەكتەپ مۇدىرى ئەكرەم ۋە زۇلھايالارنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. سالى ئەر-ئايال بىلەن تىنچ-ئامانلىق سوراشقاندىن كىيىن، باللارنىڭ پىشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— بالىلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟
— ھەر ھالدا ياخشى. يەنە بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن چوڭ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى چىقىدىكەن، دوختۇر شۇ چاغدا ئېنىق بىر نەرسە دەيلى دەيدۇ، — دېدى سالى ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، — قارىغاندا بالىلاردا تۇغما مېيىپلىك كېسلى باردەك.
— كىچىك بولغاندىكىن داۋالاتسا ئۈنۈمى بولۇپ قالار؟
زۇلھاياتنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئەكس سادا قىلغاندەك سالىنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن خېلى ئۇزاق كەتمىدى. زۇلھايات دېگەنلىرىنىڭ ئېتىبارسىز قالغانلىقىدىن خىجىللىق ھېس قىلدى بولغاي، ئىرىنىقىنى سىنچىغىنىچە بالىلارچە غەمگە پېتىپ شۈكلەپ ئولتۇرۇپ كەتتى.
— چوڭراق دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ باقساق بولاتتى، — ئايزۆھرەنىڭ يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. ئۇلار باشلىرىنى يېنىك لىڭشىتىپ، ئېغىر تىنىپ ئولتۇرۇشاتتى، مەكتەپ مۇدىرى ئېغىز ئاچتى:
— شۇنداق، — مۇدىر مويىسىپىتلەردەك ئالدىرىماي، ۋەزىنلىك قىلىپ سۆزلەيتتى، — بالا كىچىك بولغاندىكىن ئۈنۈمى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ. بەلكىم، نېرۋا جەھەتتە قىسمەن يېتەرسىزلىك بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا چوڭراق دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ باققان ياخشى.
— قېنى، نەتىجىسى چىققاندا بىر گەپ بولار، — دېدى سالى ئىشكاپ تارتمىسىدىن نەرسە-كېرەك ئېلىۋېتىپ.
كارىۋات ئۈستىگە سېلىنغان داستىخانغا نان، ئالما، نەشپۈت، بانان قاتارلىقلار كەلتۈرۈلگەنىدى. ئۇلار مېۋە-چېۋىلەردىن ئالغاچ خېلى بىرمەھەل قىزغىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، كېيىن يەنە كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ خوشلاشتى...
— مۇدىرىڭلا ئۆزى ياش بولغان بىلەن ھەممە ئىشنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئېسىل ئادەم ئىكەن، — دېدى ئايزۆھرە مېھمانلار ئۇزاپ

بولغاندىن كېيىن.

— توغرا دەيسەن. بالا بولغىنى بىلەن بوۋاي سۆپەت. ئۇ دەسلەپتە كەلگەن ۋاقتىدا، ئەمدى كىچىك بالىنىڭ قولىدا جان تازا قىينىلىدىغان بولدى دەپ ئويلىغاندىم، ئەمەلىيەتتە بۇ بالا مۇدىر سابىق مۇدىردىن ئېشىپ چۈشتى ئەمەسمۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولغىنى تۈزۈك. ھەر نېمە دېمىگەنبىلەن يېڭى زاماننىڭ بالىلىرى. ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار كۆزقاراشقا ئىگە _ دە...

سالىنىڭ كۆڭۈل بېغىدا يېڭىچە بىر پىكىر ئېقىمى پەيدا بولغاندەك بولدى. شۇ تاپ ئۇ «يەنە بىر قېتىملىق ئوقۇش پۇرسىتى بولسا ئىدى، زامانغا لايىق بىر تەربىيەلىنىپ كەلگەن بولاتتىم» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى. ئەينى زامانلاردىكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلى قانغۇدەك بىلىم ئىگىلەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن بەكمۇ ئۆكۈنىدى. شۇنداق، بىلىمنىڭ قۇدرىتى ئۆتۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە داۋاملىق تەربىيەلىنىش نەقەدەر مۇھىم ئىدى. نۆۋەتتىكى مائارىپ ئىسلاھاتىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان نىشانلىق ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئەنە شۇنداق يېڭىچە تەپەككۇرغا ئىگە، جاپالىق ئىشلەش ئىرادىسى كۈچلۈك بولغان ئىلغار پىكىرلىك ياشلارلا ياخشى ماسلىشىپ كېتەلەيتتى. ئەكرەم، زۇلھايات مىسالى سانسىز يېڭى نوتىلار ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇلار يېڭى بىر ئەۋلاد مايسىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىكى تايانچ كۈچ ئىدى.

شۇ كۈنى سالى ناھايىتى ئوبدان ئۇخلىدى. ئەتىسى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، دوختۇرخانا ئىچىنى ئومۇميۈزلۈك بىر ئايلىنىپ چىقتى. دوختۇرخانا قورۇسى گۈل _ گىياھ، دەل _ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، باغچىنىڭ ئۆزى ئىدى. ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز بىنالار، گويا مېھمانسارايلاردەك بېزەلگەن كېسەلخانىلار...كۆز ئالدىدىكى ھەربىر مەنزىرە ئۇنى ئىختىيارسىز ئويغا سالاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاتا _ ئانىسى ۋە ھەدىسى ماھىرە، بۆۋىمەريەملەر نامايان بولدى. ئەينى يىللار مېدىتسىنا بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلغان بولسا، ئاتا _ ئانىسىنىڭ

يەنە نەچچە ئون يىل ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچى سۆيۈندى. ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياشنىڭ سۈس كۈل رەڭ نۇرىغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق سەپسالدى. شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياش ھارغىن قىياپەتتە ئاسمان بوشلۇقىدا ئېسىلىپ تۇراتتى. قۇياشنىڭ ئالدىرىماي-تىنىمەي كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئېگىز ئىمارەتلەر بىلەن بويى تالىشىپ ئۆسكەن سىبدە دەرىخىنىڭ قاپقارا ئۇچلىرىدىن يالقۇن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئەتراپ ئاقۇچ رەڭگە كىرگەندى.

سالىنىڭ كۆڭلى قۇياش نۇرى بىلەن تەڭ ۋىللىدە يورۇغاندەك بولدى. شۇ تاپ ئۇ يېڭى بىر دۇنيانى — ھەممە يەر شادلىققا، خۇشاللىققا تولغان، گۈزەللىككە پۈركەنگەن غايىۋى دۇنيانى كۆرگەندەك قىلاتتى...

# 3

مائارىپ سىستېمىسىدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان نىشانلىق ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنىڭ بۇ خىلۋەت كەنت مەكتىپىگە يېتىپ كەلگىنىگە ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى يىلچە بولغان بولسىمۇ، تېخىچە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلمىگەندى. ئوقۇتقۇچىلار سىنىپ بىرلىك قىلىپ تارقىتىپ بېرىلگەن ئىككىدىن دوسكىغا ئۆتمەكچى بولغان دەرسىنىڭ مۇھىم، قىيىن نۇقتىلىرى ۋە نىشانغا يېتىش سىناق سوئاللىرىنى تەييارلاپ كۆتۈرۈپ كىرگەندىن باشقا، ئالاھىدە كۆرسەتمىلىك قوراللاردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنمىغانىدى. ئىلگىرى بىر-ئىككى سائەتتە تەييار بولىدىغان تېزىسلار ئەمدىلىكتە تۆت-بەش سائەتتە ئاران تەل بولاتتى. ھەپتىدە نەچچە سائەتلەپ ئېلىپ بېرىلىدىغان، «نىشانلىق ئوقۇتۇشنى قانداق يولغا قويۇش» توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەرمۇ بىر خىل رىتىمدا بولۇپ، ياندىشىما دوسكىلارنى كۆپەيتىش، سايە چۈشۈرۈش ئاپپاراتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، دەرس مەزمۇنىغا ماس ھالدىكى

كۆرسەتمىلىك قورالLARنى تەييارلاش دېگەندەك كونا مەزمۇنلاردىن هالقىمايتتى. مەكتەپنىڭ بارى-يوق بىرلا سايە چۈشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ هەممە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا يەتمەسلىكى؛ دەرس مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپ قىسىم كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش قوراللىرىنى ياساش مۇمكىنچىلىكىنىڭ تۆۋەنلىكى؛ ياندىشىما دوسكىلار هەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەندە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتى دوسكا تەييارلاش بىلەن بولۇپ، دەرس مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا مەزمۇنلاردىن خەۋەردار بولۇشقا ۋاقىت ئاجرىتالمايدىغانلىقى قاتارلىق ئامىللار ئۈستىدە دادىللىق بىلەن پىكىر قىلىدىغانغا ئادەم يوق ئىدى. يوق ئەمەس، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر بايان قىلغاندا رەھبەرلىكنىڭ تەنقىدىگە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئېغىز ئېچىشقا هېچكىممۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. قىسقىسى، مەكتەپ ئىقتىسادىنىڭ ئاجىز بولۇشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتىشمەسلىكى، نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ مۇكەممەل بىر ئەندىزىنىڭ بولماسلىقى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتى تەكشۈرۈشكە تاقابىل تۇرۇش بىلەن ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈپ باهالاش كۆنتەرتىپىدىكى دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى، دەرس تەييارلىقى، تاپشۇرۇقلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتىلىشى، يوقلىما، يىغىن، ئۆگىنىش خاتىرىلىرى، نىشانلىق باهالاش قوللانمىسى، سىنىپ مۇدىرلىق قوللانمىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلار خىزمەت قوللانمىسى، ئائىلە سۆهبەت خاتىرىسى، ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش خاتىرىسى دېگەندەك ئىشلار ۋە نىسبەتلەرگە باغلاپ خۇلاسىلەش خىزمىتىنىڭ هۆددىسىدىن چىقىش يولىدا تىنىم تاپماي ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىق نىسبىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن كۈنبويى ئوقۇغۇچى يىغىش هەلەكچىلىكى بىلەن ئاldiراش. تەتىل مەزگىللىرى بولسا هەر خىل ئۆگىنىش، ياش،

ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسىغا دەرس ئۆتۈش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. كۆپ قىسىم مەكتەپلەردە بىر سىنىپقا بىردىنلا ئوقۇتقۇچى توغرا كەلگەچكە، زاپاس ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ بولماسلىقى سەۋەبلىك ئاغرىق-سىلاق، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىغىمۇ ۋاقىت ئاجرىتالمايتتى...

20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئالدىنقى بىرقانچە يىلى ئەنە شۇنداق گاڭگىراش ۋە ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. شۇ يىللارنىڭ بىر كۈنى سەھەردە قارىغول كەنت مەكتىپى ۋەھىملىك تۇسكە كىردى.

ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ھەرقايسى يېزا-مەيدانلارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ خۇلاسىلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئارائۆستەڭ يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئوسمان ئەرشى ئىشخانا كاتىپى (قوشۇمچە كاسسىر) ئەكرەمگە جىددىي تەلەپپۇز بىلەن بۇيرۇق سوقتى:

— دەرھال ئۇقتۇرۇش يېزىڭ. ئىدارە بۇ يىللىق باھالاش خىزمىتىنى باشلاپتۇ. باھالاش گۇرۇپپىسى يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال، يېزا مائارىپ ئىشخانىسى كۈچ تەشكىللەپ يېزا تەۋەسىدىن ھەرقايسى مەكتەپلەرنى ئالدىن بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى ئەتە سەھەردىلا مائارىپ ئىشخانىسىغا يىغىلىدۇ. مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ- ئوقۇتۇش، ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنى تەكشۈرىمىز. تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەكتەپلەرنىڭ يىللىق باھالاش خىزمىتىگە چېتىشتۇرۇلىدۇ. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى خادىملارنىڭ تامىقى تەكشۈرۈلگەن مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. كىمدىكىم بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە ماسلاشماي، خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدىكەن، مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مەكتەپلەرنى يىللىق نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ...

ئۇقتۇرۇش ناھايىتى تېزلا يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرگە

يەتكۈزۈلدى. قارىغول كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىمۇ جىددىي يىغىن ئېچىلىپ ئىشلار تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سالى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

يىغىن ئېچىلغان شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەرىكىتى جىددىي تۈسكە كىرگەن بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈلمىگەن تاپشۇرۇقلارنى تەكشۈرۈپ، تۈزۈلمىگەن دەرسلەرنى تەييارلاش، يوقلىما، خاتىرە ئىشلەكلەرنى بوياش، تاپشۇرۇق ئىشلىمەي نەتىجىسى ئاق قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، قوللانمىلارنى تولدۇرۇش دېگەندەك كەم قالغان كەسپىي ئىشلىرىنى تاماملاش بىلەن ئالدىراش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارغا «ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى» ، «ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەت ئۆلچىمى» ، «تۆتتە گۈزەل، بەش بولۇش »...قاتارلىقلارنى يادقا ئالدۇرۇش ۋە دەرسلەرنىڭ مۇھىم، قىيىن نۇقتىلىرىدىن تەكرار ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. سالىمۇ ئەنە شۇلار قاتارى تۈرلۈك ئىشلەكلىرىنى تەپسىلىي ۋاراقلاپ چىقتى. ئىشلەكلەر ھەرھالدا تولۇق بولۇپ، مۇھىمى ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قانداق تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسى ئىدى. تېخى نەچچە كۈن ئاۋۋالقى چارەكلىك سىناقتا سىنىپتىكى قىرىق بەش نەپەر ئوقۇغۇچىدىن لاياقەتلىك بولغىنى يىگىرمە سەككىز نەپەر بولغاچقا، بۇ ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلمىغاندا ئىشتىن چاتاق چىقاتتى. ئاۋادا دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچكە يەتمىسە مەۋسۇم ئاخىرىدا يېزا بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىنغاندىن باشقا، ئىش ھەققىمۇ تۇتۇپ قېلىنىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان تارتاتتى. سالىنىڭ بېشى خېلىلا قاتتى. ئۇيان ئويلاپ- بۇيان ئويلاپ، ئىلگىرىكى قوللانغان كونا ئۇسۇلنى قوللىنىشنى لايىق تاپتى. يوقلىمىنى ئالدى-دە، ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچى بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسى ناچار ئوقۇغۇچىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ رەتكە تىزدى. ئورۇن تەڭشەش ئېلىپ

بارغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارغا بۇ جىددىي ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ساۋاقداشلار، مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى مەكتەپلەرنى تەكشۈرۈپ باھالاشقا چىقماقچى، ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن كېلىدۇ. مەكتىپىمىز يېزا تەۋەسىدىكى ئوقۇغۇچى سانى كۆپ، نۇقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەكتىپىمىزگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشىدە شەك يوق. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتۈش ئۈچۈن ھەرقايسىڭلارنى قايتىدىن تەكشەپ ئولتۇرغۇزدۇم. ھەربىر ئورۇندۇقتا ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچى بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولماي كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىلاشتۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇلدى، — سالى ئوقۇغۇچىلارغا تەپسىلىي كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ساۋاقداشلار، مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇشتىكى مەقسەتنى چۈشەندىڭلارمۇ ؟

— چۈشەندۇق، — بىردەك چۇرقىراشتى ئوقۇغۇچىلار، — بىر- بىرىمىزگە ياردەمدە بولۇپ ئىمتىھاندىن ئورتاق ئۆتىمىز، ھەممىمىز لاياقەتلىك بولىمىز.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەتئىي تەلەپپۇزدىكى ياڭراق ئاۋازىدىن سالىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى. ئۇ ئۈمىدۋار كۆزلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا تەكشى يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ سۆزىنى يەنە داۋام ئەتتى:

— ئۇنداقتا ياخشى. يۇقىرىنىڭ مەكتەپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاخىرلاشمىغىچە يېڭى دەرس ئۆتۈلمەيدۇ. ماتېماتىكا، تىل- ئەدەبىيات، ئەخلاق، خەنزۇ تىلى قاتارلىق پەنلەردىن تەكرارلاشنى كۈچەيتىسەڭلار قانداق؟ سىلەرچە شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — بىردەك ۋارقىراشتى ئوقۇغۇچىلار سومكىلىرىدىن ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى ئېلىۋېتىپ.

مەكتەپ ئىچى قايناق بىر كەيپىياتقا چۆمگەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئىشلەكلىرىنى تەقلەش بىلەن، ئوقۇغۇچىلار تازىلىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش بىلەن تاكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلگۈچە ئالدىراش ئۆتتى.

يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ تەشكىللىشىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى مەكتەپلەرگە تەكشۈرۈش بىلەن ئاتلانغان بولۇپ، قارىغول كەنت مەكتىپىگە تەكشۈرۈش باشلانغان تۆتىنچى كۈنى سەھەردە يېتىپ كەلدى.

مەكتەپ ئىچى-سىرتى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلانغان بولۇپ، ھەممە يەر تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. ئوقۇغۇچىلار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ قاچانلاردا ئۆز سىنىپلىرىغا قەدەم باسىدىغانلىقىغا قىزىقسىنىپ، سىنىپ دېرىزىلىرىدىن مارىشاتتى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر سالىنىڭ ئۆيىدە تەييارلانغان ناشتىدىن كېيىن ئىشخانىغا كىرىپ كېلىشتى. مائارىپ ئىشخانا مۇدىرى ئوسمان ئەرشى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى، تەكشۈرۈش قەدەم-باسقۇچلىرى، ئۇسۇللىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى. تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ئوقۇپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، تەقسىمات دائىرىسى بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشلەكلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. سالىنىڭ ئىشلەكلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئەكرەم مەسئۇل بولغانىدى.

«ئەكرەم ئىلگىرى مەن بىلەن بىر يىلچە بىللە ئىشلىگەن. قانداقلا بولمىسۇن، خىزمەتداشلىق يۈزىنى قىلىپ، ئىشلەكلەردىن كۆپ يۇتاق چىقىرىپ يۈرمەسلىكى مۇمكىن، بىراق، ئىمتىھاندا قانداق بولۇپ كېتەر. ناۋادا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىناق نەتىجىسى يەنە لاياقەتسىز چىقىدىغان بولسا تۆگەشكىنىم شۇ...»

سالىنىڭ كۆڭلى تەشۋىشى بارغانچە ئېشىپ بارغان بولۇپ، سىنىپىدىن ئىمتىھان ئېلىشقا ئوسمان ئەرشىنىڭ مەسئۇل بولۇشى، ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

ئوسمان ئەرشى سالى بىلەن دارىلمۇئەللىمىندە پاراللېل ئوقۇغان

ساۋاقداشلاردىن بولۇپ، خىزمەتكە قاتنىشىپ بىر يىلدىن كېيىنلا ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى بولغان. شۇ يىللاردا مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ ناھىيە بويىچە داڭ چىقارغاندى. ئۇ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى سەرخىل، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسى يۇقىرى بولغاچ، ھەممە كىشىلەر ئۇنى ئوسمان زاۋۇت دەپ تەرىپلىشەتتى. ناھىيە بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدا، ئوسمان زاۋۇت دېسە تونۇمايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇ يىللاردا ئاۋئۈستەڭ يېزىسىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپى بىرقەدەر چېچىلاڭغۇ بولۇپ، تولۇقسىز مائارىپنىڭ ئاساسىي ئۇلى بولغان باللار مائارىپىدىكى بۇ خىل قاتماللىق يېزا رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. «يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا قابىل رەھبەردىن بىرنى سەپلەپ، ئاساس مائارىپنىڭ ئۇلىنى ياخشىلاش زۆرۈر» دەپ قاراشقانىدى رەھبەرلەر. كۆپ تالاش - تارتىشتىن كېيىن ئوسمان ئەرشى ئەڭ مۇۋاپىق نامزات بولۇپ تاللانغان ۋە مائارىپ ئىشخانىسىغا مۇدىر بولغان ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان، خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولۇپ كەلگەنىدى. شۇ سەۋەب، يېزا ياكى مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىرى ئالدىدىكى يۈز-ئابرۇيمۇ چوڭ ئىدى. بىراق، سالى بىلەن ئوسمان ئەرشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، بۇنى چۈشەنمەك ئادەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى. ئۇلار 1967-يىلىدىكى بېيجىڭغا بېرىپ رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن ئالاقە باغلاش پائالىيىتىدىكى سەپەرداشلاردىن بولسىمۇ، ئەيتاۋۇر نېمە سەۋەبتىندۇر ئوسماننىڭ سالىغا بولغان قارىشى ئانچە ياخشى بولماي كەلگەنىدى. سالى بۇ خىل سەۋەبنى، ئۆزىنىڭ شۇ قېتىمقى بېيجىڭ سەپىرىدە يۈز بەرگەن بىر قىسىم ئىشلارنى كەسىپداشلار ئارىسىدا سۆزلەپ يۈرگەنلىكىنىڭ كاساپىتىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى. شۇنداق، سالى شۇ قېتىمقى سەپەردە ئوسمان ئەرشىنىڭ داخىيەنگە ئاز قالغاندا قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ ئالاقە باغلاش سەپىرىنى داۋاملاشتۇرمىغانلىقى، شۇ قېتىمدا ئۇنى ئۇرۇمچىگە دوختۇرخانىغا

يەتكۈزۈش تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكى قاتارلىق ئىشلىرىنى خېلى كۆپ يەردە تىلغا ئالغانىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بىر قىسمىلىرى نەق مەيداندىلا، بۇ خۇددى يېرىم ھەج بولغاندەك بىر ئىش بولۇپتۇ، دەپ ئوسمان ئەرشىنى زاڭلىق قىلغاندەك قىلىسمۇ، ئەمما شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ئوسمان ئەرشىگە يەتكۈزۈپ بولاتتى. بۇ جەرياندا گەپنىڭ بىرى ئىككىگە كۆپىيەتتى.

بۇ ھال ئوسمان ئەرشىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم قارىغول كەنت مەكتىپىگە خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەلگەندە سالىنىڭ يۈزىنى يەرگە قارىتاتتى. شۇنچە كۆپ ئىشلار ئىچىدە سەۋەنلىكىنىڭ ساقلانماسلىقى مۇمكىنمۇ، ھەر قېتىم ئوسمانىنىڭ مەكتەپكە ئاياغ باسىدىغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگىنىدە سالى كېچە-كېچىلەپ ئىشلەكلىرىنى تولۇقلاپ، ئوقۇغۇچىلىرىنى تەكرار مۇزاكىرىگە تەشكىللەيتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا تىل تۇتۇقىدا قالماسلىققا تىرىشاتتى. ئەمما، ئىش ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئوسمان ھەر ئامال بىلەن سالىنىڭ خىزمىتىدىن يوچۇق ئېچىپ ئۇنى تەنقىد قىلاتتى.

سالى ئوسمان ئەرشىنىڭ دائىم ئۆزىدىن قۇسۇر ئىزدەيدىغانلىقلىرىنى ئويلىغىنىدا، بەدەنلىرىگە تىترەك ئولاشقاندەك بولدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈش ئىشەنچىسى سۇسلاشتى. شۇنداق، سالى ئوقۇغۇچىلارنى ئىلگىرىكى نەچچە قېتىملىق مەكتەپ تەكشۈرۈش ئىمتىھانىغا تەييارلىققا تەشكىللىگەندە ماتېماتىكىلىق فورمۇلا، مەسىلە، مىساللارنىڭ جاۋابلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا قايتا-قايتا يادقا ئالدۇرغان، تەكرار سىناق ئېلىپ قاتتىق پىشۇرغانىدى. ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ جەزمەن لاياقەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆڭلىدە شەكسىز جەزملەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىغانىدى. ئالدىنقى يىللىق مەكتەپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى بولۇپ، شۇ قېتىمدىمۇ ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنى ئون نەچچە كۈن مەخسۇس مۇزاكىرىگە تەشكىللەپ، دەرسلىكتىكى ھەربىر مەزمۇننى زىر-زىۋىرىگىچە تولۇق يادقا

ئالدۇرغان، مانيۇر سىناق ئورۇنلاشتۇرۇپ توقسان تۆت پىرسەنتلىك نەتىجە بىلەن ئىشەنچ تۇرغۇزغانىدى. لېكىن، تەكشۈرۈشتە قانداق بولدى. ئوسمان ئەرشى نەدىكى بىر كىتابتا يوق مەسىلىلەردىن سوئال چىقاردى. ھەربىر مەزمۇننى يادقا ئىلىشقىلا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار مەزمۇنى بىر بولسىمۇ، شەكلى ئوخشىمىغان ئىمتىھان سوئاللىرىدىن گاڭگىراپ نېمە قىلارنى بىلمەيلا قىلىشتى. ئاقىۋەت ئون سەككىز پىرسەنتلىك نەتىجە بىلەن يېزا بويىچە پاراللېل سىنىپلار ئارا ئارقىدىن سانىغاندا ئىككىنچىلىككە ئېرىشىپ يۈزى پۇق بولدى...

سالى تەشۋىشلىك خىياللار قاينىمىغا غەرق بولغان شۇ دەقىقىدە ئوسمان ئەرشى ئېغىز ئاچتى:

— ئىشلەكلەرنى تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقان بولسا، ئىمتىھان دېگى چېلىنسۇن. سىنىپ مەسئۇللىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز سىنىپىنىڭ ئالدىغا بوي تەرتىپى بويىچە تىزىپ چىقىڭلار.

سالى ئوقۇغۇچىلارنى بوي تەرتىپى بويىچە تىزىپ تۇرۇشى ئوسمان ئەرشى يېتىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى ئىگىلەپ چىققاندىن كېيىن، ئارىلاپ ئون بەش نەپەر ئوقۇغۇچىنى سەپتىن ئايرىپ چىقىپ، سىنىپقا كىرىشكە بۇيرۇدى ۋە سالىغا قاراپ:

— قالغان ئوقۇغۇچىلارنى مۇزاكىرىگە تەشكىللەپ قويۇپ، قەغەز، قەلەم ئېلىپ سىنىپقا كىرىڭلار، سىلىمۇ ئىمتىھان بېرىسىلەر، — دېدى.

«كۆرۈۋگە ماۋۇ تازىنىڭ قىلغان قىلىقىنى. قىلغىلى قىلىق تاپالمىغاندەك، ئوقۇتقۇچىنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تەڭ ئىمتىھان بېرىسەن دەۋاتقىنىنى. ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان سىناقتىن ئۆتەلمىگەن ئادەم مۇئەللىم بولدۇم، دەپ يۈرەمدىكىنا ! قاراپ تۇرۇپ ئادەم ھەجگاللاشتۇرغانلىقتە[1] - بۇ...»

سالى ئىچ -ئىچىدىن غەزەپلەنگىنىچە ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق

[1] ھەجگاللاشتۇرۇش — زاڭلىق قىلىش، كەمسىتىش مەنىسىدە.

غودۇرىدى. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ قويغاندىن كېيىن، ئىشخانىغا كىرىپ قەغەز، قەلەمنى تەقلەپ سىنىپقا چاپتى.

ئون بەش نەپەر ئوقۇغۇچى ھەربىرى بىردىن پارتىغا ئولتۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئوسمان ئەرشى دوسكىغا سوئال يېزىۋاتاتتى. سالى ئالدىنقى رەتتىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن دوسكىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى-دە، تېز-تېز قەلەم تەۋرەتتى.

سوئاللار قارىماققا ئاددىي بولسىمۇ، دەرسلىك ماتېرىياللاردىن چەتلەشتۈرۈلگەنىدى. سالى دەسلەپكى بىرقانچە مەسىلىلەرنى ناھايىتى تېزلا ئىشلەپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ئىككى سوئالدىكى مىساللارغا كەلگەندە ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ گويا بۇ مىساللارنى ھېلىلا ئۇچراتقاندەك بىر ھالەتتە دوسكىغا يېنىش-يېنىشلاپ قارايتتى. ئۇزاقتىن-ئۇزاق خىيالغا پاتاتتى. بىراق، ئىلگىرى نەچچە قېتىملاپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەنلىرى ئىچىدە، بۇنداق بىر مىسالنىڭ بارلىقى خىيالىدا زاھىر بولمىغانىدى. كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئوقۇغۇچىلارغا كۆز يۈگۈرتكەنىدى، ئۇلارنىڭ قىرىنداش ئۆچۈرگۈچنى چىشلىگىنىچە ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكلىرىنى كۆرۈپ، روھىي ھالىتى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى.

سالى ئەندىشە قىلغان ئىشلار ئاخىر يۈز بەردى. ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى يادقا ئېلىپ كۆنۈپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى ئۇچراتقان مەسىلە-مىساللاردىن باشقا ھېسابلارغا ئاز-تولا مېڭە ئىشلىتىپ ئويلىنىشقا رەغبىتى بارمايتتى. ئىمتىھان سوئاللىرىدىكى ھەربىر مەسىلە-مىساللار ئۇلار ئۇچراتقان يېڭى بىر ئۇقۇمدەك تۇيۇلغاچ، قەلەملىرىنى چىشلەشكىنىچە ئۆزلىرى يادقا ئېلىۋالغان ھېسابلاشلارنى ئويلىنىپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق ئولتۇرۇشتىن باشقىغا كاللا ئىشلەتمىگەنىدى...

ئىمتىھان قەغەزلىرىدىكى جاۋابسىز بوشلۇقلار ئوسمان ئەرشىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. بىر ياكى ئىككى ئوقۇغۇچى ئەمەس، ئونغا يېقىن ئوقۇغۇچى تەگىدىن تولا سوئاللارنى ئاق قويۇپ چىققان بولۇپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە لاياقەتلىك نومۇرغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلار سانى

يەتتە نەپەر ئىدى. بۇ نەتىجىنى ئومۇمىي ئوقۇغۇچىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، دەرس ئۆزلىششىش نىسبىتى ئوتتۇز بەش پىرسەنت بولغانىدى. بۇنىسى ئازدەك سالنىڭ ئاتمىش نومۇردىن ھالقىيالماسلىقى، دەرس ئۆزلىششىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى تولىكى سەۋەبنىڭ ئوقۇتقۇچىدا ئىكەنلىكىنى شەرتسىز ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

— ئوقۇتقۇچىنىڭ نەتىجىسى ئوقۇغۇچىلىرىدىن تۆۋەن تۇرسا بۇ سەۋەنلىكنى يەنە كىمدىن كۆرگۈلۈك. دېھقانلار ئۆزلىرى يېمەي، ئىچمەي، تاپقان - تەرگىنىنى باللىرىنى ياخشى ئوقۇتۇش ئۈچۈن سەرپ ئېتىۋاتسا، كەلگۈسىدىكى ئۈمىد-ئىشەنچىسىنى بىزگە ئىشىنىپ تاپشۇرسا، بىز ئۇلارغا مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرساق، بۇنى قانداقمۇ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ئىستىلىغا خاس دېگىلى بولسۇن؟ — ئوسمان ئەرشى چىڭقىلىپ سۆزلەيتتى، — دېھقانلارنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى نەگە كەتتى؟! قېنى ۋىجدان نۇقتىسىدا تۇرۇپ لىللا بىر گەپ قىلىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەجەبا خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بۇرچى مۇشۇنداق لاياقەتسىز ئىزباسار تەربىيەلەشمۇ؟ مۇشۇ نەتىجىلىرىمىز بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە بەرگەن تەمىناتىغا يۈز كېلەلەيمىزمۇ؟ خەلقىمىزگە ،ئاشۇ سەبىي قەلبلەرگە يۈز كېلەلەيمىزمۇ؟ خاتىرە ئىشلەكلىرىمىزگە تىزىۋەتكەن نومۇرلىرىمىز، يېزىۋەتكەن خەتلىرىمىز قانداق پەيدا بولۇپ قالغان؟ باللارنىڭ تاپشۇرۇق نومۇرلىرىچۇ؟ ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ دەرسلىك كىتاب دائىرىسىدىكى مەزمۇنلاردىن چەتلەپ كەتكىنى يوق، ئەلۋەتتە...

ئوسمان ئەرشىنىڭ تەكشۈرۈش خۇلاسە سۆزلىرى گويا ئۆزى ئۈچۈن ئېيتىلغاندەك ھېس قىلغان سالى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرالماي قالغانىدى. ئۆزىنىڭ ئوسمانىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈنگەنىدى. بىر مەكتەپتە پاراللېل ئوقۇغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى تەنقىد قىلغۇچى، يەنە بىرى تەنقىدلەنگۈچى بولۇش نېمىدېگەن ئازابلىق ئىش-ھە. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن قېلىشقۇدەك نەرى

بار. يەنە كېلىپ بىر خىل تۇرۇم، بىر خىل شارائىت ئاستىدا ئوخشاش بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى تىڭشاپ يېتىشىپ چىققان، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، يېشى، خىزمەت ئىستاژى دېگەندەكلەر تامامەن ئوخشاش...

سالى ھاقارەت ئىشتىۋالغاندەك سەزگۈ بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر ئازاب ئىلكىدە تولغاندى.

«مېنىڭ ئۇنىڭدىن قېلىشقۇدەك نەرىم بار. بىزنىڭ دىپلوملىرىمىزمۇ، مەدەنىيەت سەۋىيەمىزمۇ ئوخشاش. نوچى بولسا بىر سىنىپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ باقسۇنچۇ ؟ تۆرگە چىقىۋېلىپ ئاغزىدىن ماغزاپ چاچرىتىپ سۆزلەشنى كىم بىلمەيدۇ؟...»

سالىنىڭ ئۆز سەۋەنلىكلىرىنى بوينىغا ئالغۇسى كەلمىدى. مۇمكىن بولسىدى، ئوسمان ئەرشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئورنىنى كۆپ ئەمەس بىر مەۋسۇم ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ باققان بولاتتى. بۇ ئاغرىنىشلىرى ئاز كەلگەندەك شۇ كۈنى كەچتە يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇنىڭ ئۆچۈن يۈتمەس-تۈگىمەس باش قېتىنچىلىقى ئېلىپ كەلدى.

شۇ كۈنى كەچتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈچۈن داستىخان ھازىرلاندى. سورۇن تەجرىبىلىك ئوقۇتۇش سىنىپىغا راسلانغان بولۇپ، ئولتۇرۇشقا مەكتەپنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە كەنت كومىتېتىنىڭ سېكرېتار، مۇدىرلىرىمۇ قاتناشقانىدى. ئۈنئالغۇ قويۇلۇپ، تانسا، ئۇسسۇللار ئوينالدى. ھاراقلار ئىچىلىپ، قوشاقلار قېتىلدى. سالى ئەزەلدىن ھاراق ئىچىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىپ، نەچچە دورەمنى ئۆتكۈزەلىدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ھاراق ئىچىپ مەست يۈرگىنىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئانچە زورلاپ كەتمىگەنىدى. شۇ تەرىقىدە نەچچە شىشە قۇرۇقدالدى. سورۇن ئەھلى كەيپلىك ھالىتىگە كىرىشكەن بولۇپ، ھېلىتىن لام-جىم دېمەستىن تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشقانلارمۇ ئۆزئارا ھال-مۇڭغا چۈشۈشكەنىدى.

قايسىبىرى رومكىسىنى ئەمدىلا قويۇپ تۇرۇشىغا، ئوسمان ئەرشى سورۇن كەيپىدىن ئانچە رازى بولمىغان تەرزدە توۋلىدى:

— مامۇت ئاخۇن، هاراقتىن ئىككى شىشە كەلتۈرۈڭلار، ئۆزۈم بىر قويۇپ.

مامۇت مۇشۇ مەكتەپتىكى سالىدىن قالسىلا ياشقا چوڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرى بولۇپ، قولىقى يۇمشاق، ئايىغى چاققان ئادەم ئىدى. مەكتەپتىكى چوڭ-كىچىك يىغىلىشلاردا ئۇنىڭ رولى خېلىلا چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئالغۇ قويۇش، چاي-پاي، سەي-پەيلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش دېگەندەكلەرنى بىر قوللۇق قىلاتتى. سورۇندىكى چوڭ-كىچىك ئىشلار ئۇنىڭ نەزىرىدىن دەقىقىمۇ ساقىت بولمايتتى. ئانچە-مۇنچە بىر-ئىككى رومكا ئوتلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى-بۇنى دەپ يۈرۈپ ساقىينىڭ نۆۋەت هارىقى قويۇشقا ئاسانلىقچە تۇتۇق بەرمەيتتى. ناۋادا سورۇنلاردا مىللىي سازلار چېلىنىپلا قالىدىكەن، داپ بولسا داپنى، داپ تاپالمىغاندا لېگەننى چېلىپ، ناخشىنى بولۇشىغا توۋلاپ سورۇننىڭ هۆسنىگە هۆسن قوشاتتى.

— بولىدۇ ئوسمان مۇدىر.

مامۇت هايت دېگەننىڭ ئورنىدا ئىككى شىشە هاراقنى ئوسمان ئەرشىنىڭ ئالدىغا تىكلىدى.

ئوسمان ئەرشىنىڭ سىرىقتا مايىل چىرايىغا قىزىللىق تەپكەن بولۇپ، قولاقلىرىغىچە هۆپپىدە قىزارغانىدى. ئۇ جۈپ رومكىنى بىر باشتىن ئايلاندۇرغىنىچە بىرمۇ كىشىنى ئايرىپ قويمىدى، ھەتتا ئۇ ئىش-بۇ ئىش دەپ هېچكىمگە تۇتۇق بەرمەي كەلگەن مامۇتنىمۇ ئالا قويمىغانىدى. نۆۋەت سالىغا كەلگەندە، سەل ئىككىلىنىشتىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— قېنى سالى، ئىككىمىز بىر رومكىدىن سوقۇشتۇرۇپ قويايلى، — دېدى ئوسمان ئەرشى لىقلاپ قويۇلغان ئىككى رومكا هاراقنىڭ بىر رومكىسىنى سالىغا تەڭلەپ. سالى رايىشلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە قول قوۋۇشتۇرغىنىچە:

— ئوسمان مۇدىر، مەن ئەزەلدىن ئىچىپ باقمىغان، شۇڭا كەچۈرگەيلا، — دېدى.

— ئۇنىسى مۇهىم ئەمەس. گەپ هازىرقى مۇشۇ بىر رومكا هاراقنى

ئېلىش ـ ئالماسلىقىڭلىدا. شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا ساۋاقداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلساڭلار ئالىسىلەر، قىلمىساڭلار ئالمايسىلەر شۇ.

ــ هاراق بىلەن كۆڭۈلنى قانداقمۇ تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن؟ ــ سالى ئوسمان ئەرشىنىڭ تەكەللۇپ بىلەن سۇنغان هارىقىنى رەت قىلدى،ــ ساۋاقداشلىق، ئەل ـ ئاغىنىدارچىلىق مېھىر ـ مۇهەببەتنى هاراق بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلب تۆرىدىكى ئىززەت ـ هۆرمەت بىلەن بولىدۇ. هاراق ئىچكەندە بىر ـ بىرىنىڭ ئىززەت ـ هۆرمىتىنى قىلغانلىق بولسا، هاراقكەشلەر ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرماس ئىدى. بۇ نەرسە روهكىدا جىم تۇرغىنى بىلەن قورساققا كىرگەندە ئادەمنى مۆگدۈرىدۇ. ئەقلىنى بۇلغاپ، ئىمانىنى سۇسلاشتۇرىدۇ. شەيتىنىنى غالىب كەلتۈرۈپ جېدەل ـ ماجىراغا سالىدۇ...

ــ ۋاي ـ ۋۇي، بىر ئېغىز دەپ قويسام، ئەزۋەيلەپلا كەتتىڭلىغۇ ئەمدى. خۇددى بۇ تەرەپلىرىنى باشقىلار بىلمەيدىغاندەك. يامان تەرىپىگە ئېسىلىۋالماي، ياخشى تەرىپىنىمۇ كۆرۈڭلار بۇنىڭكى. بۇ نەرسىنىڭمىچۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بار. مۆرىمەسنى مۆرىتىدۇ. يۈزى نېپىز ئايال سۈپەت ئەرلەرنى ئەرلىك غۇرۇرغا، بېتى قېلىن پىخسىقلارنى مەرد، سېخىيغا ئايلاندۇرىدۇ. قېنى گۇپپىدە بىر ئىچىپ بېقىڭلار بۇنى.

ــ بولدى رەهمەت. ئۆزۈڭدىن بىرى ئىچمەيتىمەن، ئىچمەيلا قوياي.

ــ سىلىنىڭ مۇشۇ تەرىپىڭلار پەقەتلا بولمايدۇ. ئادەمنىڭ قىلچىلىك يۈزىنى قىلمايسىلەر جۇمۇ.

ــ ئۇنداق دېسىلە بولمايدۇ. مەن شۇ ئىچىپ كۆنمەيتىكەنمەن.

ــ ئېغىزغا ئېلىپ سۇ يۇتقاندەك يۇتىدىغان نەرسىگىمۇ كۆنۈش كېتەمتى. سىلى يا ئانىسىنىڭ ئۇغۇز سۈتىدىن ئاش ـ تاماققا ئۆگىنىلىدىغان زاكا بالىسى بولمىساڭلار.

ئەتراپتىكىلەردىن بىرقانچىسى تېلىققۇدەك كۈلۈشۈپ، ئارقىدىن سالا قىلىشقا كىرىشتى:

ــ بۇنچە جاهىللىق قىلغۇچە گۇپپىدە كۆتۈرۈۋەتسىلە ئىش پۈتمەمدىمۇ.

— ھېچبولمىغاندا قوللىرىغا بىر ئالمىلا. زادىلا ئىچەلمىسىلە مانا بىز بارغۇ.
— شۇنداق قىلسىلا. بىر رومكا ئىچكەنگە ئادەم ئۆلىدۇ، دەيدىغان گەپ بولمىسا يا. ئىلگىرى قانداق ئىچكەن بولسىلا ھازىرمۇ شۇنداق ئىچمەمدىلا ئۇنى.
گەپ تاياقتىن يامان، دېگەندەك سورۇندىكىلەرنىڭ ئۇنى - بۇنى دەپ گەپكە ياڭزاپ مازاق قىلىشلىرىغا سالى چىداپ بولالمايتتى. ئۇلارغا يەنە گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغاندەك قىلاتتى. سالى ئىلاجسىز ئوسمان ئەرشىنىڭ قولىدىكى بىر رومكا ھاراقنى ئالدى. تەكرار ئىككىلىنىشتىن كېيىن كۆزىنى چىڭ يۇمغىنىچە تاماققا گۇپپىدە ئاتتى.
— ھەببەللى، مۇشۇنچىلىكلا ئىش، — ئوسمان ئەرشى ئەتراپتىكىلەرگە تەكشى بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى، — نازلىنىپ ئولتۇرغىچە دەسلىپىدىلا مۇشۇنداق قىلىدىغان ئىش ئىدى...
سورۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ ئېغىر ياتقۇ بىلەن ئاخىرلاشتى. سالى ئەمدىلا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ تۇرۇشى، بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
— سالى مۇئەللىم، مىجەزلىرى قانداقراق ؟
— ئەكرەم.
سالى ئەكرەمنى ئاۋازىدىن تونۇۋالغانىدى. بىرقانچەيلەن سالىنىڭ ئۆيىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشتا تۇرۇشاتتى.
— يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ كەلمەيمىزمۇ ؟ — دېدى ئەكرەم.
— بۇنچە كەچتە يەنە نەگە بارىمىز ؟
— يۇرسىلە نايۇپكامنىڭ ئۆيىگە كىرىمىز، — ئەكرەم سالىغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ داۋام قىلدى، — ئەنۋەر ئاشۇ يەردە خېلى بالدۇرلا بىر سورۇن تەييار قىلىپ قويۇپتىكەن.
— نايۇپ ئاخۇننىڭ ماگىزىنىغىمۇ؟
— شۇنداق، — ئەكرەم سالىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەشتۈردى، — يۇرسىلە.
— ماڭسىلا مۇئەللىم، بىردەم - يېرىمدەم ئۆز پارىڭىمىزنى قىلىشىپ

كېلەيلى، — دېيىشتى ئەنۋەر، تۇرغۇن قاتارلىق ئەكرەمگە ھەمراھ بولۇپ ماڭغان ياشلار.

نايۇپ پىرىكازچىكلىكتىن باشقا يەنە قوشۇمچە بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۈندە بىرەر پاقلاننىڭ گۆشىنى كانارىغا ئاساتتى-دە، جىگلاپ ياكى پىشۇرۇپ دېگەندەك، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجى بويىچە سېتىپ چىقىراتتى.

ئەكرەم قاتارلىقلار نايۇپ ماگىزىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە، نايۇپ ماگىزىن ئەر-ئايال مېھمانلارنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرۇشقان بولۇپ، ئۆيئىچى مەززىلىك شورپا پۇراقلىرى بىلەن تولغانىدى.

— ۋۇي سالى مۇئەللىمغۇ بۇ، — نايۇپ ماگىزىن سالى مۇئەللىمنىڭ تۇنجى قېتىم ماگىزىنىغا ئۆز رايى بىلەن ئاياغ باسقىنىدىن ھەيران قالغانىدى. ئۇ سالىنىڭ پىشقان ئانار دەك ھۆپپىدە رەڭ ئالغان چىرايىغا قاراپ، كۈلگىنىچە سۆزلەيتتى، — قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە. بۇگۈنزە جىق ئەركەك كىشىدەك ئىش قىلىپلا. ماگنىمۇ داۋالىسىمەن دەپ ھاراقتا ئېغىز تەگمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى، بۇگۈن ھەممىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ قانغىچە ئىچىشەيلى.

بىر لىگەن قوي گۆشى داستىخانغا كەلتۈرۈلۈشى، نايۇپ ماگىزىن بىر شىشە ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئەكرەمنىڭ ئالدىغا قويدى-دە، كۆڭۈل ئىزھارى قىلدى:

— بۈگۈن ئەزىز مېھمانلارنىڭ قەدىمى ئۆيىمىزگە يەتتى. ئىنىمىز ئەكرەممۇ مۇشۇ مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كەتكەن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان تۇنجى قېتىم بىزنى يوقلاپ كىردى. سالى مۇئەللىمنىڭمۇ نەچچە ئايلاردىن بېرى بۇياقلارغا ئۆتۈشى تۇنجى قېتىملىق ئىش. شۇڭا، مەن سورۇننىڭ دەسلەپكى كۆڭۈل ئىزھارى قىلىپ ئالدىڭلارغا قويدۇم، قالدى-قاتتىسىنى ھەرقايسىمىز بولغاندىكىن، ئازنى كۆپكە تاۋاپ قىلىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ جۈندەپ كېتەرمىز.

— شۇنداق... شۇنداق.

نـايوُپ ماگىزىنىنـىڭ سـۆزىنى ھەممەيلەن بىـردەك تەستىقلىـشىپ، ئەگـەرمگە قاراپ  ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئولتۇرۇشتى.

ـــ قىنـى ئالغـاچ ئولتـۇرۇڭلار. مەن خىـزمىتىڭلاردا بـولاي. لىكىنـزە يۇزۇمنى قىلماي قولـۇمنى قايتۇرساڭلار خاپا بولـۇپ قـالىمەن جۇمـۇ، ـــ ئەگـرەم ھـاراقنى پىيالىگە تولـدۇرۇپ قويـدى، ـــ مانـا ھەممىمىـز مۇشـۇ ئۆلچەمدە ئىچىمىز، كىم ئۆز نۆۋىتىنى ئالمايدىكەن، ھـاراقنى شـۇ كىـشى قويىدۇ.

ھـاراق ئـۆز نۆۋىتىـدە ئايلىنىـپ، شىـشىلەر بىكارلانغانـدا يىگىـدىن تولۇقلىنىپ تۇردى. ئىختىيار قىلغانلار كـۆڭلىنى ئىپادىلەپ بىـر ـ ئىككـى شىـشىدىن ھـاراق سىتنۇپلىـشىپ، سـورۇننىڭ داۋاملىشىشىنى كاپـالەتكە ئىگە قىلىشتى. شۇلار قاتارىدا سالىمۇ بوش كەلمىدى.

ـــ ئىنىمىز تۇرغۇنجان كۆپ كايىپتۇ، بىزمۇ قاراپ تۇرساق بولماس،ـــ دېدى سالى نايوُپ ماگىزىنغا ئىككى بوتۇلكا ھاراقنىڭ پـۇلىنى سـۇنۇۋېتىپ. بـۇ سالىنىڭ مۇشـۇ ئۆمرىـدە تـۇنجى رەت ھـاراق ئۇچـۇن پـۇل چىقىـم قىلىـشى بولغاچقىمۇ، ئۇنىڭ قوللىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىتـرەپ كەتتـى. يۈرىكـى جىغىدە قىلىپ ئۆتكۈنچە ئىچىشىشتىن كېيىن، تەدرىجىي ياخـشىلىنىپ ئـۆزىنى ئـازادە ھـېس قىلـدى. كۈلـۈپ تـۇرۇپ سـۆزىنى داۋام ئەتتـى، ـــ ئۇكـىمىز ئەگرەم يۆتكىلىپ ماڭغانـدىمۇ ئۇزىتىۋالالمىغـان، مۇشـۇ پۇرسـەتتە لايىقىدا بولمىسىمۇ ئازراق كۆڭلۈمنى ئىپادىلەپ قوياي.

ئـۇلار نـايوُپ ماگىزىنىنـىڭ ياتـاق ئۆيىـدە ئولتۇرۇشـقان بولـۇپ، ئىچكىـرى- تاشـقىرى بـۇ ئىككـى ئېغىزلىـق ئۆيىنـىڭ ئىچكىرىـسىدىكى ماگىزىن، تاشقىرىدىكىسى ياتـاق ئىدى. نـايوُپ مـاگىزىن دۇكانغا كـۆپ قـاتراپ يۈرمەسـلىك ئۇچـۇن بىـر يەشـىك ھـاراقنى ئوچـاق بېـشىغا قويىۋۇالغانىدى.

ـــ مانا ئىككى شىشە مەي، ـــ توۋلىدى نايوُپ مـاگىزىن يەشـىكتىن ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى سۇغۇرۇپ ئالغانـدىن كېيىن سالىغا تەڭلىگەچ.

سالى ھاراقنى قولىغا ئالدى. بوتۇلكىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، سـىرتىدىكى

چۈشەندۈرۈشلەرگە ئۈبدان بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئەكرەمگە سۇندى:

— ماۋۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، لايىقىڭدا بولمىسمۇ قوبۇل كۆر ئۇكام.

— مۇئەللىم، سىلى كايىپ ئولتۇرمىسىلىمۇ بولاتتىغۇ ؟

— ئەسلىي ئۆزۈم خۇسۇسىدا بىر سورۇن قىلسام بولاتتى.

— ياقەي مۇئەللىم. بىز كۈنىدە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتقانلار تۇرساق، ئۇنچە تۈزۈت قىلىش كېتەمدۇ...

ئىنلارنىڭ ئاچچىق قاۋاشلىرى مەھەللە جىمجىتلىقىنى بۇزغان بولۇپ، نايۇپ ماگىزنىڭ كىملەرگىدۇر كايىشلىرى سالىنىڭ ئارامىنى بۇزدى. ئولتۇرغان ئورنىغىلا يىقىلىپ چۈشۈشكەن سورۇن ئەھلى جەڭگاھتا يارىلانغان ئەسكەرلەردەك ئېغىر تىنىشىپ پۇشۇلدىشاتتى. سالى تاڭ خورازلىرىنىڭ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ چىللاشلىرىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئاخشام ئولتۇرغان ئورنىدا يېتىپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، قىلغانلىرىدىن پۇشايمان يېگەندەك بولدى. ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاپىسىغا چۈشتى. ئايىغىنى سىيلاشتۇرۇپ تاپقاندىن كېيىن ساپمىلىدى، پۈتىنى سۆرىگىنىچە ھويلىغا چىقتى.

سۈتتەك ئايدىڭ كېچە. ئەتراپ شۇنچىلىك يورۇق بولۇپ، يىتتۈرۈپ قويغان يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ ھايالىشمايلا تېپىۋالغىلى بولىدۇ دېگۈچىلىكى بار ئىدى. سالى ئەمدىلا قورۇ شادىسىغا يېقىنلاپ كېلىشىگە، نايۇپ ماگىزنىڭ كەنت ئىشخانىسى تەرەپتىن كېلىۋېتىپ سۆز ئاچتى:

— مۇئەللىم، بۇ ۋاق بولغاندا نەگە بارىدىلا ؟

— تاڭ...تاڭمۇ سۈزۈلۈپ قاپتۇ، ئۆيگە قايتايمىكىن دەيمەن.

— تاڭ ئاتقاندا بىراقلا چىقسىلا بولاتتىغۇ ؟

— باللار ئەنسىرەپ قال... قالمىسۇن دەيمىنا.

— يا بولمىسا بىللە ئاچقىپ قوياي.

— بو...بو...بولدى، ئاي ئايدىڭ بولغاندىكىن ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسىلە.

— ماقۇل ئەمىسە، ئەتە كۆرۈشەيلى.
— خو...ش، ئەتە كۆ...رۈشەيلى.
ئايزۆھرە يولدىشىنىڭ ئاخشام قايسى چاغلاردا ئۆيگە قايتىپ كىرگىنىنى بىلمەيتتى. سەھەردە سەمەر بىلەن سەمىنىڭ تەگلا ئىگراپ قوپۇشىدىن كۆزىنى ئېچىپ، سالىنىڭ تاپىسىدىلا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى توپا-تامانىنىڭ دەستىدىن كۆرگۈسىز بىر ھالەتكە كېلىپ قالغان بولۇپ، كىشىنى يىرگەندۈرەتتى. ئۇ ئېرىنى مىگىبىر جاپادا يۆلەشتۈرۈپ ئۈستۈن چىقارغاندىن كېيىن بېشىغا ياستۇق قويۇپ بەردى.
سالى چۈشكە يېقىن ئورنىدىن تۇردى. ئۈستىباشلىرىدىكى رەسۋاچىلىقنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ھەرقانچە ئويلاپمۇ بىرەر جايدا يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى جەزم قىلالمىدى. كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ يانچۇقلىرىنى سىلاشتۇردى. قايتىلاپ ئاختۇرۇپ كۆرۈۋىدى، تۈنۈگۈن كەچتە سېلىۋالغان ئون بەش يۈەن پۇلى ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى.
«قىزىق ئىش، تېخى تۈنۈگۈن كەچتە سېلىۋالغان پۇل بىر كېچىدىلا غايىب بوپتۇ-يا، بۇ ئۆيدە باشقا ئادەم بولمىسا يا، باللارنى ئالدىمىكىن دېسەم، ئۇلار پۇل خەجلەشنى بىلمىسە...»
سالى گۇمانىي قاراش بىلەن ئايزۆھرەگە تىكىلەتتى. ئايزۆھرە بولسا ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش... سالى خوتۇنىنىڭ دىققىتىنى تارتىش مەقسىتىدە ئۈنلۈك قىلىپ سۆزلىدى:
— تۈنۈگۈن 15 يۈەن پۇلنى چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويسام كېچىدىن يوقاپ كېتىپتۇ.
ئۇ ئايالىنىڭ پەرۋاسىز ھالىتىدىن سەل تېرىككەندەك بولدى-دە، كۆڭلىدىكىنى ئۇدۇللا ئېيتتى:
— سىلى ئېلىپ قويدۇڭلىمۇ يا؟
— نېمىنى، نېمىنى ئۇ مەن ئېلىپ قويدىغان؟

— پۇل، — تەكرارلىدى سالى بارماقلىرى ئارقىلىق پۇل سانىغانىنىڭ ئىشارىتىنى قىلىپ، — شۇ نەرسىنى كۆردىڭىزمۇ دەۋاتىمەن. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟

— توۋا دېسىلە، — يولدىشىنىڭ پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغانـدەك يامان ئەلپازىنى بىلگەچكىمۇ ۋە ياكى ئىچىشقان يەرگە تۇز سەپمەي دېگەنـنى ئويلاپ قالدىمۇ، ئايزۆھرەنىڭ تەلەپپۇزى خېلىلا يۇمشاپ قالغانىدى، — سىلىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرىدىغانغا بېشىم ئونمىدى مېنىڭ، — دېدى ئۇ ھېسداشلىق نەزىرىدە يولدىشىنىڭ جىددىي، ئەمما تولىمۇ مىسكىن چىرايىغا بېقىپ.

— ئۇنداقتا يەر يۇتۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ئاخشام ئوينىغان يەرلىرىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرسىلە، — سالىنىڭ سۆزى ئايزۆھرەنىڭ زەردىنى قايناتقاچ ئاۋازىمۇ قوپال ئىدى، — قايسى خوتۇن خەققە بەرگەنلىكلىرى ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان چېغى.

— ھەي، تۈزۈك بىر گەپ قىلە. نەدىكەن شۇ پۇل خەجلەيدىغان چوكانلار.

— ئۆزلىرى بىلىدىغانلا ؟

— تولا گەپ يورغۇلاتماي پۇلنى چىقىرە.

— قايسى پۇلنى ؟

— خۇپسەنلىك قىلما. سەنزە مېنى ھاراق ئىچىپ كاللىسىدىن كېتىپ قالدى، دەپ چاغلاپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ پۇلنى سەن ئالمىساڭ كىم ئالىدۇ؟

— ئادەمگە قارا چاپلىمىسىلا.

— كىم ساڭا قارا چاپلاپتۇ؟

— قارا چاپلىغان بولماي نېمە ئۇ؟

....

ئەر-ئايال شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق گەپ تەگەشتى. بىردە يۇمشاق، بىردە قاتتىق تەگىشىپ، ئاخىر چىڭىغا چىقىشتى، خېلى يەرگىچە

دېيىشتى. ئايزۆھرە ھەس ـ ھەستە بولۇپ، ئىچىگە پاتماي يىغلاشقا باشلىۋىدى، سالى ئۇنى تار يەردىن قىستاشقا كىرىشتى:
ــــ قەتئىي ئالمىدىم، دەپ تۇرۇۋالساڭ ماڭا قەسەم ئىچىپ بەر.
ــــ قەسەم!؟
ــــ ھەئە، قەسەم ئىچەلىسەڭ سېنىڭدىن ئۆتتۈم .
ــــ ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئىچ.
ــــ مەن نېمە دەپ قەسەم ئىچكۈدەكمەن؟
ــــ ئۇنداقتا مەن نېمە دەپ قەسەم ئىچكۈدەكمەن؟
ــــ پۇلنى مەن ئالمىدىم، دەپ قەسەم ئىچ.
ــــ قەسەم ئىچىش گۇناھ.
ــــ گۇناھ؟ پۇلنى راستلا ئالمىغان بولساڭ قەسەم ئىچىشتىن قورقمايسەن. گۇناھى بولسا ساڭا ئەمەس، ماڭا بولىدۇ.
سالىنىڭ قاتتىق قىستاپ تۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدە، ئايزۆھرە قولىغا قۇرئاننى ئالدى، كۆز ياشلىرىنى مۆلدۈردەك تۆككىنىچە قەسەم سۆزى قىلدى:
ــــ ئېھ ئاللا ! سەن ھەممىگە قادىرسەن. قەسەم قىلىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئىلاجسىزلىقتىن ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا قەسەمگە ئۇلتۇرۇۋاتىمەن. مېنى كەچۈرگەيسەن، ــــ ئايزۆھرە قۇرئاننى باغرىغا باسقىنىچە ئېيسەدەيتتى، ــــ بىر تەكىيگە باش قويغىلى خېلى يىللار بولغان تۇرۇقلۇق، ئون بەش يۈەن پۇلنى دەپ قەسەم ئىچىشكە قىستىدى. مەن شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى: سالىنىڭ پۇلىنى ھەرگىز ئېلىۋالمىدىم، يالغان ئېيتقان بولسام مېنى يەر يۇتسۇن، دوۋزىخى بولاي...
ــــ بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلغىلى بولمايدۇ، يەنە تۇز دەسسەپ قەسەم قىل، ــــ سالى ئايزۆھرەنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا شۇنداق دېدى.
ــــ دەسسىمەيمەن. كونىلاردا: «تۇز دەسسىگەن كور بولار» دېگەن گەپ بار. تۇز دېگەن ئۇلۇغ نەرسە، دەسسىگۈڭ بولسا ئۆزۈڭ دەسسە، ــــ

دېدى ئايزۆھرە سالىنىڭ بىمەنە تەلەپلىرىدىن خورلۇق ھېس قىلىپ.
— مانا... مانا دېمىدىممۇ، بىر يەرلىرىگىدىن خۇدۇكسىرەيسەن ـ دە...
ئايزۆھرە سالىغا نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلگەندىن كېيىن بىر بۇردا ناننى يەرگە قويدى ـ دە، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:
— يارانقۇچى ئۇلۇغ ئاللا. ئامالسىزلىقتىن قىلىۋاتقان گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن،— دېدى . ئارقىدىنلا ناننى دەسسەپ تۇرۇپ، بايا دېگەنلىرىنى تەكرارلىدى...
«ئاپلا، ئازغىنا پۇلنى دەپ ئۇنى قىستاپ ئۆلتۈرمىسام بوپتىكەن...»
ئايزۆھرەنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان زارلىنىشلىق يىغىسى سالىنى ئويلاندۇرغانىدى. ئايزۆھرە قەسەم سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى كارىۋات ئۈستىگە تاشلاپ يىغلىغىنىچە پەسكويغا چۈشمىگەنىدى. كەچكىچە يىغلىغاچ قاپاقلىرى غورىدەك ئىششىپ چىققانىدى.

# ئالتىنچى باب

# جازا

## 1

بۈگۈن يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى جىددىي تۈسكە كىرگەنىدى. يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى تېخى بىر سائەتنىڭ ئالدىدا تارقىتىلغان ئۇقتۇرۇشنىڭ روھى بويىچە مائارىپ ئىشخانىسى يىغىن زالىغا تەل بولۇشقان بولۇپ، بەزىلىرى قانداق مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بارلىقىنى بىلمەك بولۇشقاندەك بىر-بىرىگە مەنىلىك بېقىشقىنىچە ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇشقان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۆزئارا ئويلىغانلىرى بويىچە پىكىر بايان قىلىشاتتى. شۇ تەرزدە ئون بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئوسمان ئەرشى سۇرلۇك بىر قىياپەت بىلەن يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى-دە، ئىشىك تەرەپكە قويۇلغان يالغۇز كىشىلىك سافاغا تاشلىنىپ، ھەربىرەيلەنگە تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن چاي ئۈستىلىگە يېيىلغان ماتېرىياللار ئارىسىدىن بىر پارچە ھۆججەتنى قولىغا ئېلىپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا كۆرسەتكەچ سۆزىنى باشلىدى.

— ئەتىگەندە ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ «مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئۆگىنىش تەربىيە پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش»

توغرىسىدىكى ھۆججىتىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ھۆججەت روھىنى جىددىي يەتكۈزۈش، سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش زۆرۈر بولغاچقا ھەرقايسىڭلارنى يەنە چاقىرتىشقا مەجبۇر بولدۇق...

ئوسمان مۇدىر ھۆججەت مەزمۇنىنى يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا توختالدى. نۆۋەتتە بىر قىسىم جايلاردا ئاز ساندىكى دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار دىندىن پايدىلىنىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنى قايمۇقتۇرۇپ، ۋەزىيەتنىڭ نورماللىقىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى، خەلق ئىچىدىكى تىنچ ۋەزىيەتنى بۇزۇپ، ئاممىنىڭ مال-مۈلكى ۋە ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئۇلار يەنە تىخ ئۇچىنى ياش ئەۋلادلارغا قارىتىشتەك رەزىل سۇيىقەستنى پىلانلىغانلىقى، شۇنداق ئىكەن، ھەرقايسى جايلار، بولۇپمۇ مائارىپ سىستېمىسى بۇ ئىشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆگىنىش- تەربىيە پائالىيىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، مەكتەپلەردە ئاتېئىزم تەربىيەسىنىڭ سالمىقىنى زورايتىش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىچىدىكى دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتىل مەزگىللىك بوش ۋاقتىنى پايدىلىنىپ يەر ئاستى دىنىي ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىدا ساۋاق ئېلىش مەسىلىلىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنى جىددىي ئېنىقلاپ چىقىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغاندى، ئاخىرىدا ئارائۆستەڭ يېزىلىق مائارىپ سىستېمىسى ئۆگىنىش-تەربىيە پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىسىملىكى ۋە بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرى ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. مەكتەپ مۇدىرلىرىدىن بۇ خىزمەتلەرنى پىلان بويىچە سىستېمىلىق قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىن ئاخىرلىششى بىلەن مەكتەپ مۇدىرلىرى ئالدى - كەينىگە قارىماي مەكتەپلىرىگە چېپىشتى. جۈملىدىن قارىغول كەنت مەكتىپىنىڭ مۇدىرىمۇ ئۇدۇل مەكتەپكە قايتىپ كەلدى-دە، نۆۋەتچى ئوقۇتقۇچىغا

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تېزدىن يىغىشنى ئۇقتۇردى. يىغىن سۇرلۇك بىر ھالەتتە ئېچىلدى. ئاۋۋال مائارىپ ئىشخانىسىدا ئېچىلغان يىغىننىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاندىن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، دەسلەپكى باسقۇچتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش ۋە ئۆز-ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىش خىزمەت كۆلىمىنى ئاشۇرۇپ تېپىشكە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئوقۇ- ئوقۇتۇش، تۇرمۇش جەريانلىرىدا بىلىپ-بىلمەي سادىر قىلغان سەۋەنلىكلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈزىتىش پىكرىنى يېزىش تەلەپ قىلىندى.

مائارىپ ئىشخانىسىدا يىغىن ئېچىلىپ، نەچچە سائەت ئۆتمەستىن يېزا تەۋەسىدىكى بارلىق مەكتەپلەردە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆز-ئۆزىنى ئانالىز قىلىش، ئېنىقلاش، ئۆگىنىش، تەربىيەلەش خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك ئاتلاندى. بۇ خىزمەت يالغۇز ئارائۆستەڭ تەۋەسىدە ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ناھىيە تەۋەسىدە ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغانىدى. ئەمما، سالى ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ ئويىچە بۇ ئىش گويا ئۆزى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك ئىدى. ئۇ، ئۆز-ئۆزىچە: «بۇ بەلكىم ئوسمانىنىڭ ماڭا قارىتىپ چىقارغان بىر قېتىملىق جازالاش ھەرىكىتى بولسا كېرەك. تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدا مەكتەپ تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن خۇلاسە قىلىپ، مېنى يېزا بويىچە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ جازالىغاننى ئاز دەپ، يەنە بىر قېتىم ئوسال قىلماقچى... ئۇنىڭ ئۆچى نېمانداق قاتتىق؟ ئەينى يىللاردا ئۇنىڭغا يامانلىق قىلمىغانىدىمغۇ؟ ئۇنى تېزدىن دوختۇرغا ئاپىرايلى دېگىنىمنىڭ ئۆزى بىر ئەخمەقلىق بولسا كېرەك...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەتتى. كەچكىچە شۇ خىيال بىلەن ئىچ پۇشۇقىدا يۈرۈپ، ئىشتىن چۈشۈپلا ئۆيگە قايتىپ كىرىۋىدى، ئوغلى سەمەر چۇۋۇرلىغىنىچە ئالدىغا چىقتى:

— دادا، ئاپام يىغلاۋاتىدۇ.

— ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، مەكتەپتىكى باش- ئايىغى ئۈزۈلمەس ئىشلار ئاز كەلگەندەك، ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇشالماي ماڭقىسنى ئېقىتىپ ئادەمنى بىسەرامجان قىلغىنىنى، — سالى ئوغلىنى يېتىلەپ ئۆيگە كىرىۋېتىپ شۇنداق دېدى. ئوچاق ئالدىدا مىشىلداپ ئولتۇرغان ئايزۆھرەگە بىزارلىق تۇيغۇسى بىلەن سەتلا بىر قارىدى-دە، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى، — ۋوي، تامىقىڭنى ئېتىپ باللارنىڭ قارنىنى تويغۇزماي، يەنە نېمىگە مىشىلدايسەن؟ نېمە بولدى ساڭا ؟

— مېنى خورلىغىنىڭغا يىغلاۋاتىمەن. قىلغان-ئەتكىنىڭنى سەزمەي يۈرۈۋاتامسەن تېخى؟

— مەن نېمە قىلدىم ساڭا. يىغلىغۇنىڭ جېنى چاپلىشىپ قالمىغاندۇ-ھە ؟

— ئۆتكەندە پۇلۇڭنى سىرتتا خەجلەپ كىرىپ مېنى قارىلاپ، قەسەم قىلدۇرغانلىقىڭنى ئويلاپ خورلۇق ھېس قىلدىم. ئادەم قىلمايدىغان ئىشنى قىلىپ ماڭا ھاقارەت كەلتۈردۈڭ، — ئايزۆھرە ئېسەدىگىنىچە بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ چىڭقىلىپ سۆزلەيتتى، — شۇ كۈنى مەنمۇ ساراڭدەك، سەندەك بىر بولۇمسىزنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناپتىمەن. ئىسست سار يەپ كەتكەن ئەقلىم.

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، — سالى قولىنى شىلتىغىنىچە دېۋىتىپ كەلدى، — ھېلى بىكار.

— ھە، ھېلى نېمە قىلاتتىڭ؟ قېنى كېلە.

— ھېلى بىكار، كونا خامانىنى سورۇپ جېدەل تېرىغىنىڭغا بۇرنى- قۇلىقىڭغىچە تويغۇزىمەن.

— بۇرنى-قۇلىقىڭغىچە؟ قېنى كۆرەرمىز كىم تويىدىكىن.

— قانداق، گېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ سېنىڭ؟

— بولمامدىغان، ئەلۋەتتە بار.

— كۆكەمىلىك قىلماي ئېيتە گېپىڭنى.

— ساڭا دەيدىغان گېپىم يوق. گەپنىچۇ دەيدىغان يەرگە بېرىپ ئېيتىمەن، تەشكىلگە ئېيتىمەن.

— قايسى گەپنى؟ نەگە بېرىپ، كىمگە ئېيتماقچىدىڭ؟ بىلىپ قالاي، تاڭلا بەش كۈندە بىرەر گۈندىخانىغا كىرىپ قالسام، نېمە گۇناھ قىلغىنىمنى ئاڭقىرالماي قالماي يەنە.

ئايزۆھرە ئۈندىمىدى. كاللىسىدا بايىلا زۇلھايانتىن ئاڭلىغانلىرى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى:

سەمەر بىلەن سەمى ئاشۇ يىللىرى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا داۋالانغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق باللار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ ئىككى ئايچە داۋالىتىلدى. ئۇلارغا مېڭىدە سۇ بار، دېگەن دىياگنوز قويۇلغان بولۇپ، كېسەل ئاسارىتىدىن ئۇزۇل-كېسىل قۇتۇلغۇچە ھەر يېرىم يىلدا بىر قېتىم قەرەللىك تەكشۈرۈپ دىياگنوز قويۇلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىل جەرياندا باللار دوختۇرخانىغا قەرەلىدە ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ تۇرۇلغان، دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى باللار دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلمىدى. سالىنىڭ بۇ ئىشقا ۋاقتى يەتمىگەن، ئايزۆھرەنىڭ ئۆزى يالغۇز بۇنچە يىراق سەپەرگە ئاتلىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەمەرنىڭ سالامەتلىكىدە كۆپ ياخشىلىنىش بولغان، ئەقلىي ئىقتىدارى ئاساسەن يېتىلىپ نورماللىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ، سەمىنىڭ ئەھۋالىدا ئانچە زور ئۆزگىرىش بولمىدى. روھىي ھالىتى كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىپ بارغانىدى. ئەر-ئايال ئولتۇرسا-قوپسا باللارنى ئوبدان تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇشنى ئويلايتتى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە ئۇزاقتىن-ئۇزاق پاراڭغا چۆشۈپ كېتەتتى...

ئالدىنقى كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن سالى ئېلىپ بە كىتابنى كۆتۈرۈۋالغىنىچە ئوقۇتقۇچىنى دوراپ يۈرگەن ئوغلى سەمەرنى چاقىرىپ: «ئوغلۇم، بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان باللارنى تىزىملاش باشلاندى، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغىن، بولامدۇ؟» دېۋىدى، سەمەر رەت قىلدى:

— يالغۇز ئوقۇمايمەن، سەممۇ ئوقۇسۇن.
— ئۇكاڭنى كېلەر يىلى بېرەيلى، سەن ھازىر ئوقۇغىن، بولامدۇ؟
— ياق...ياق، سەمى ئوينىسا مەن مەكتەپتە ئوقۇيمەنمۇ؟
— ماڭا قارا بالام، ئۇكاڭ تېخى كىچىك. ئۇمۇ سەن بىلەن تەڭ بولغاندا ئوقۇسۇن، سەن بۇ يىل ئوقۇغىن. مەن ساڭا يېڭى سومكا، قەلەم، قەلەم ئۇچلىغۇچ، يەنە تېخى يوگۇرۇش ئايىغى ۋە جىق دەپتەر ئېلىپ بېرىمەن، بولامدۇ ؟
— راستمۇ؟
— راست بولمايچۇ.
سەمەر ئاتىسىنىڭ دېگەنلىرىگە خېلىلا قىزىققان بولسىمۇ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يەل توپنى قوغلاپ يۈرگەن ئىنىسى سەمىگە قاراپلا يەنە يىغلىۋالدى:
— ئوقۇمايمەن... ئوقۇمايمەن، سەمى بىلەن توپ ئوينايمەن، — سەمەر قولىدىكى كىتابنى چۆرۈپ تاشلىدى-دە، يۈگۈرۈپ بارغىنىچە سەمى قوغلاپ كېتىۋاتقان توپنى كاپپىدە قىلىپ تۇتۇۋالدى، سەمىنىڭ يىغىسىغا بىپەرۋا ھالدا چۇقان سالغىنىچە سىرتقا قاراپ چاپتى:
— تۇتۇۋالدىم...تۇتۇۋالدىم...ھوي...ھوي...
سالى ئوغلىغا مەكتەپكە بېرىش ھەققىدە كۆپ خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. سالىمۇ «بالىنى يىغلىتىپ ئولتۇرماي، ئەتىگىچە قوشنىلارنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بالىلىرى مەكتەپكە ماڭغىنىنى كۆرسە ئوقۇش قىزغىنلىقى قوزغىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئىشىغا مېڭىۋەرگەنىدى. مانا، ئارىدىن نەچچە سائەت ئۆتمەيلا سالىنىڭ ئويلىغىنى كەلدى. سەمەر چۈشتىن كېيىن سىرتتا ئويناۋېتىپ، قوشنىسىنىڭ ئوغلى مەردانىنىڭ سومكا ئېسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگىنىچە:
— ئانا...ئانا... مەردان مەكتەپتە ئوقۇپتۇ، مەنمۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن. دادامغا دە، ماڭا سومكا، دەپتەر-قەلەم ئېلىپ بەرسۇن، — دەپ جىدەل قىلىپ تۇرۇۋالدى...

ئايزۆھرە بۇ خەۋەرنى سالىغا يەتكۈزۈپ، تۇيۇقسىز خۇش قىلىۋېتىش مەقسىتىدە ئىشخانىغا قاراپ چاپقانىدى. مەكتەپ مەيدانىدا بىر قۇچاق تاپشۇرۇقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە سىنىپ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان زۇلھايات بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ۋوي، بۇنچە ئالدىراش نەگە ماڭدىڭىز ھەدە؟ — دېدى زۇلھايات ئايزۆھرەگە.

— سەمەر مەكتەپتە ئوقۇيمەن دەيدۇ. ئىككى كۈننىڭىياقى دادىسى نەسىھەت قىلىسمۇ قۇلاق سالمىغان، شۇڭا بۇ خۇشاللىقنى سالىغا ئېيتاي دەپ مېڭىشىم، ئىشخانىسىدا باردۇ ـ ھە؟

— بار، لېكىن بەك ئالدىراش، — زۇلھايات بىرنەچچە قەدەم ئۇزاپ ماڭغاندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ توۋلىدى، — ھەدە، ئايزۆھرە ھەدە، توختاپ تۇرۇڭ.

ئايزۆھرە زۇلھاياتقا يېقىنلاپ كەلدى. زۇلھاياتنىڭ چىرايىدىكى بىنورماللىقنى كۆرۈپ «چىرايلىرى ئۆڭسىلەڭ بولۇپ كېتىپتۇ، بىرەر ئىش بولدىمۇ نېمە؟» دېگەنلەر كۆڭلىگە كېچىشى بىلەن، ۋۇجۇدى ۋەسۋەسىگە چۈشكەندەك بولدى.

— نېمە گەپ بار ئىدى سىڭلىم؟

— ئالاھىدە بىر گەپمۇ ئەمەس. شۇ...شۇ... — زۇلھايات سەل ـ پەل دۇدۇقلاپ گېپىنى ئىچىگە يۇتتى. ئايزۆھرەنىڭ بىرئاز جىددىيلىك تەپكەن چىرايىغا قاراپ، دەققىلىك ئويلىنىشتىن كېيىن كۆڭلىدىكىنى تۆكتى، — مەكتىپىمىزدە بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن جىددىي يىغىن ئېچىلدى. نۆۋەتتە مائارىپ سىستېمىسىدا ئاتېئىزم تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش، سىرتقى كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ مەكتەپلەرگە سوقۇنۇپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلىدىكەن. مۇدىرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەربىر ئىشچى ـ خىزمەتچى ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئوبدان تەكشۈرۈپ، نامۇۋاپىق مەسىلىلەرنى، يەنى دىنغا ئىشىنىش ئەھۋالىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تېپىپ چىقىدىكەنمىز.

— ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشى ئەجەبمۇ تۈگىمەيدىكەن. بىر كۈنى نىشانلىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويىمىز دېسەڭلار، بىر كۈنى تەجرىبىلىك ئوقۇتۇشنى قانات يايدۇرىمىز دەيدىكەنسىلەر. بىر كۈنى ئاتا ـ ئانىلار مەكتىپى قۇردۇق دېسەڭلار، يەنە بىر كۈنى نىمىتى، ھېلىقى دەم ئالماي دەپتەر بويايدىغان ئىش.

— قايسى ئىشنى دەيدىلا ؟

— ۋۇي، نەچچە ئايدىن بېرى دەپتەر بوياپ يۈردۈڭلارغۇ؟

— ھە، ئىككى ئاساسەنني دەيدىغان ئوخشىمامدىلا؟

— توغرا...توغرا، ئىككى ئاساسەن، — ئايزۆھرەنىڭ چىرايىدا جىددىيلىك ئارىلاشقان سۈس كۈلكە ئەگىيتتى، — نەچچە ئون يىل ساۋاتسىزنى ئوقۇتىمىز، دەپ پايپېتەك بولۇشتى ئۇلار. ئەمدىلىكتە يەنە نېمە...نېمە تەربىيەسى، نېمە دېدىڭىزا سىڭلىم؟

— ئاتېئىزم تەربىيەسى.

— شۇنداقمۇ؟ — ئايزۆھرە قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، — مانا قاراڭ، ئادەم دېگەنچۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ سىرتقا چىقمىسا، ئانچە ـ مۇنچە ماتېرىيال كۆرۈپ، خەۋەر ـ پەۋەرلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرمىسا، مانا مۇشۇنداق تۈرۈك بولۇپ كېتىدىغان گەپكەن. ئىككى ئېغىز گەپنى دېيەلمەي كېكەچ ئادەمدەك ھىتتى ـ پىتتى دەپ تىلىمنى چايناپ كەتتىم دېسە... ھە راست، بۇ ھەرىكەتنىڭ مەقستى نېمىكەن ئەمدى؟

— نېمە بولاتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى دىنغا ئىشىنىش مەسىلىلىرى، كەسپىتىكى بوشاڭلىق، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ئەخلاقىغا يات قىلمىشلارنى تېپىپ چىقىش، تۈزەش ئىكەن.

— دىنغا ئىشەنگەنلەرنى قوشۇنۇڭلاردىن ھەيدەمدىكەن؟

— ياقەي، ھەيدىمەيدۇ، ئۆز خاتالىقىنى تونۇتۇپ، توۋا قىلدۇرىدىغان، ئىدىيەسىنى ساپلاشتۇرۇپ كاللىسىنى سەگەكلەشتۈرىدىغان گەپ.

— مۇنداق دەڭە.

ئايزۆھرەنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ قېتىمدا سالىنىڭ ئۆزىگە قەسەم

قىلـــدۇرغانلىقلىرى نامايـــان بولۇۋاتـــىدى، ئۇنىـــڭ قىلغـــانلىرى دىنغـــا ئىشەنگەنلىك بولامدۇ ـ قانداق ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ قالـدى. دەقىقىلـىك تاللاشتىن كېيىن سالىنىڭ قىلغانلىرى مۇشۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ تۈزەش دائىرىسىدىكى ئىشلار ئىكەنلىكىنـى جەزم قىلـدى. زۇلھاياتنى دەرسـىگە كېچىكتـۈرۈپ قويماسـلىقنى نەزەردە تۇتـۇپ، ئۇنىـڭ بىـلەن خوشلاشـماق بولۇپ تۇرۇۋىدى، زۇلھايات يەنە ئېغىز ئاچتى:

ــ ھەدە، ئاڭلىسام سالى مۇئەللىم ئۆتكەندە سىزنى قەسەم قىلدۇرۇپتىكەنغۇ؟

ــ نېمە؟ نەدىكى بولمىغۇر گەپنى كۆتـۈرۈپ يۈرۈيسىز سـىڭلىم، ــ كايىدى ئايزۆھرە.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، مەندىن يوشۇرغۇدەك قانچىلىك ئىش ئىدى ئۇ. سىز دېمىسىڭىزمۇ، سالى مۇئەللىمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغانمەن.

ــ قۇلىقىڭىز خېلى ئۇزۇن ئوخشامدۇ؟ نەدە تۇرۇپ ئاڭلىغانىدىڭىز؟

ــ ئۆتكەندە ئەكرەم كەلگەنـدە مېنىـڭ ياتىقىمدا ئاڭلىغان. ئەكـرەم ئىككىسى ھاراق ئىچىۋېتىپ دېيىشكەن. مۇئەللىم بىـلەن چوقۇشـۇپ يۈرمەڭ يەنە، ــ دېدى زۇلھايات مېڭىشقا تەمشىلىۋېتىپ، يەنە، ــ ئۇ كۈنى مۇئەللىم كۆپرەك ئىچىپ سالغانىدى، شۇ ئىشلارنى چاقچاق ئورنىدا دەپ سالدى، ــ دېگەنلەرنى قوشۇپ قويدى.

ئايزۆھرەنىڭ بېشى پىرقىراپ كەتتى. سالىنىڭ شۇنچىلىك دۆتلۈك قىلغىنىدىن، ئۆز چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ يۈرگىنىدىن قاتتىق خاپا بولۇپ، ئارقىسىغا يېنىپ ئۆيىگە قايتىپ كىرگىنىچە يىغلاشقا باشلىغانىدى.

...

ــ پاقا تەشكەن سويمىدەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرغىنچە، دەيدىغىنىڭنى ئېيتمامسەن قېنى! ــ تولۇقـدى سالى خىيال بىلەن جىمىپ كەتكەن ئايزۆھرەگە قاراپ، ــ سەنزە قالايمىقان بىلجىرلاپ مېنى قورقۇتىمەن، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟...

باللارنىڭ يىغىسى بىلەن ئۇلارنىڭ پارىڭى ئۈزۈلدى. باللار قورساق دەۋاسى بىلەن ئۆكتە قوپۇشقانىدى. ئايزۆھرە باللارنىڭ قولىغا بىرەر تالدىن كەمپۈت تۇتقۇزۇپ بەزلەپ پەس قىلغاندىن كېيىن تاماققا تۇتۇندى...

## 2

ئىنساننىڭ ھاياتلىق مەنزىلى مۇرەككەپ ھەم مۈشكۈل بىر جەريان. ئىنسان ئەنە شۇ مەنزىلدە گاھ خۇشاللىق ئىلكىدە ئالەمچە شادلانسا، گاھ ئازاب ئىلكىدە قاتتىق پۇچىلىنىدۇ. ئۆز تەقدىر پەلەكىنىڭ كاجلىقىدىن ئۆكۈنىدۇ، ھەتتا بۇ ئالەمگە تۆرىلىپ قالغانلىقىدىن پۇشايمان يەيدۇ. بۇ ھەممە ئۈچۈن، جۈملىدىن سالى ئەر-ئايال ئۈچۈنمۇ ئورتاق، ئەلۋەتتە. ئالتۇن كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىدە سالى ئۆزى ئويلاپ يەتمىگەن ئىشلار تۈپەيلى تەشكىلنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى. جاۋابكارلىققا تارتىلىشنىڭ سەۋەبكارى ئۆز ئايالى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە ئىچ-ئىچىدىن قاتتىق ئازابلاندى.

ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى سالى ئەتىگەنلىك ناشتىلىقتىن كېيىن ئوغلى سەمەرنى ئەگەشتۈرۈپ كەنت ئەتراپىدىكى ئېتىز-دالالارنى ئايلانماق بولۇپ ئۆيىدىن چىقتى. ئارقا رەتتىكى كېسەك قورۇلمىلىق بىر دوم ئۆينىڭ ئۇدۇلىغا كېلىشكە ۋىلىسىپىت يېتىلىۋالغان بىرىنىڭ زۇلھاياتنىڭ ياتىقىدىن چىقىپ كەلگەنلىكىنى چېلىقتۇردى. زەن سېلىپ قارىۋىدى، ئەكرەم ئىكەنلىكى نامايان بولدى. سالى ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلمەي تۇرغىنىدا زۇلھايات چىقىپ كەلگەنىدى. سالى ئۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئەكرەم توۋلىدى:

— مۇئەللىم، سالى مۇئەللىم، — ئەكرەم تېز-تېز قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتاتتى. سالى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئۆز ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا زۇلھاياتنىڭ يۈزىنى تۇتقىنىچە ياتىقىغا كىرىپ

كەتكەن ھالىتى سالىنىڭ كۆز نۇرىدىن قىچىپ قۇتۇلالمىغانىدى.
— سەھەردە ئوغلىڭىزنى ئېلىپ نەگە ماڭدىڭىز؟ — ئەكرەم يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ شۇنداق سورىدى.
— قارىسام ھاۋا بەكلا ئوچۇق تۇرىدۇ. شۇڭا ئەتراپنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي دەپ مېڭىشىم.
ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن سۆھبەتنى داۋام ئەتتى:
— ئۆزىڭىزچۇ، قاچان كەلگەنىدىڭىز ؟
— مەن...
ئەكرەم ھوپپىدە قىزارغىنىچە گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېچىگە يۇتتى، سالى ئەكرەمنى ئوسال ھالدا قويغانلىقىنى پەملەپ، گەپنى دەرھال باشقا ياققا بۇرىدى:
— قايتماق بولۇپ ماڭغان ئوخشىمامسىز؟
— شۇنداق، بۈگۈن ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىمەكچى ئىدۇق، شۇڭا قايتىپ ماڭدىم.
— ھە راست، بۇ ئايمۇ چىقىپ كېتەي دېدى، تېخىچە مائاش توغرۇلۇق گەپ بولۇنمايدىغۇ؟ ئوقۇتقۇچىلار چۇرقىرىشىپ كېتىۋاتىدۇ.
— مالىيە پونكىتىدىكىلەر ناھىيەگە يىغىنغا كېتىپ كېلىپ بولالمىدى. شۇڭا، مائاش تەستىقلىتىش ئىشى كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى. ئېھتىمال مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە تارقىتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.
— ئۇنداق بولغاندا بەكمۇ سۈرۈلۈپ كەتمىگۈدەك.
— خوش ئەمىسە ،كېيىن كۆرۈشەيلى.
— ئۆيگە كىرىپ ناشتا قىلىپ ماڭمامسىز؟
— رەھمەت، مەن مېڭىۋېرەي...
سالى ئوغلىنى ئەگەشتۈرگىنىچە كەنت ئارقىسىدىكى چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۆنېيتىش تەرەپتىكى مەھەللىگە سوزۇلغان تار ھەم توپىلىق يولغا كىردى. يولنىڭ ئىككى تەرىپى نەچچە ئون رەتتىن قاتار كەتكەن ئورمانلىق، ئورمانلىقنىڭ شەرق تەرىپى ئائىلىلىكلەرنىڭ

باغباراڭلىرى، شىمالىي تەرىپى بولسا چەكسىز كەتكەن سالا ئېتىزلىق ئىدى.

قاشا، ئېتىز، دەل ـ دەرەخ، تاغ ـ دالالار يېشىل قېنىق رەڭگە كىرگەن بولۇپ، يول بويىدىكى ئورمانزارلىق، باغ چىتلاقلىرى، ئېتىز ـ تىرگەنلەر ئارىسىدىكى قويۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپ، چاتقاللىقلاردا قۇشلارنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرى، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ چىرىلدىغان، ۋىڭىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

سالى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوششۇقچە چىقىدىغان توپىلارغا قاراپ چوڭقۇر ئۇھسىندى ۋە توپا كېچىپ كېلىۋاتقان ئوغلىغا قاراپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا توۋلىدى:

— يولنىڭ چېتىدىكى قاتتىق يەردە ماڭ، ئايىغىڭ توپا ئاستىدا قالمىسۇن يەنە.

— دادا، بۇ يولدا نېمىشقا توپا جىق؟ دوغاپقىلا ئوخشايدىكەن دېسە.

— شۇنداق، بۇ دېگەن يەر مېگىسىدىن ھاسىل بولغان قېتىق، توپا دوغاپ، — سالى دېگەنلىرىگە ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى.

— سەن مېنى گوللاۋاتىسەن. يەرنىڭمۇ قېتىقى بولامدۇ ؟!

— بولمايچۇ، ھەممە نەرسىنىڭ قېتىقى بولىدۇ ـ دە.

— ئۇنداقتا ئادەم مېگىسىنىڭمۇ قېتىقى بولامدۇ ؟

— بولىدۇ. ئادەم مېگىسىنىڭ قېتىقى بولىدۇ. ئەگەر مېگىنىڭ قېتىقى چۇۋۇلۇپ كېتىدىغان بولسا ئۆلدى دېگەن گەپ.

سەمەر ئاتىسىنىڭ دېگەنلىرىدىن بىرئاز گاڭگىرىغاندەك بولۇپ، دەقىقىلىك ئويلىنىشتىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— چۈشەندىم، ئۆتكەندە ئاپام ئۆيدە قوينىڭ كاللىسىنى پىشۇرغاندا، مېگىسىنى چېقىپ ئىچىدىن قېتىقىنى ئېلىپ بەرگەن. يەنە تېخى قوي كاللىسىنىڭ مېگە قېتىقىنى يېسە، ئادەمنىڭ كاللىسىغا پايدا قىلىدۇ. جىگەر جىگەرگە، تال تالغا پايدا قىلغاندەك، مېگە مېگىگە پايدا قىلىدۇ، دېگەنىدى...

— دادا، قۇشقاچ نېمىشقا ئۇچالايدۇ؟ — دەپ سورىدى سەمەر باغ

چىتلاقلىرىدىن پۇررىدە ئۇچۇپ، بىشىدىن ئەگىپ ئۆتكەن بىر توپ قۇشقاچلارنى كۆرۈپ.

— قانىتى بولغاچقا ئۇچالايدۇ.

— ئۇنداقتا، ئادەمگە قانات بېكىتسە ئۇمۇ ئۇچالامدۇ ؟

— ئەلۋەتتە. ئادەملەر قانداق قىلىپ ئۇچۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، ئاخىر ئايروپىلاننى ئىجاد قىلدى ئەمەسمۇ؟

سەمەر كۆزى كۆرگەن ۋە ھېس قىلغانلىرى بويىچە توختىماي سوئال سورايتتى. سالىمۇ ئىرنىمەستىن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ چىقاتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئۆزلىرىنىڭ مەھەللە ئائىلە ئولتۇراق ئىچىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قىلىشقانىدى.

— دادا، ئۆيىمىزگە كەلدۇق.

سەمەر يۈگۈرگىنىچە سالىدىن بۇرۇن ھويلا ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ھويلا ئىشىكىنى ئاچماق بولدى-يۇ، قۇلۇپلانغانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. سالى يانچۇقىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئەمدىلا سۇغۇرۇپ ئېلىشى، غەلۋە قىلدى:

— ئەكەل، ئاچقۇچنى ماڭا بەر. ئۆزۈم ئاچىمەن.

— ئەخمەق، بۇنىڭغا ئاچقۇچ كېتەمدۇ، — سالى ئوغلى بىلەن چېقىشىپ قەستەنگە يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى سۇغۇرۇپ ئالغانىدى. سالى قۇلۇپنى شۇنداقلا بىر تارتىۋىدى، «چارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن قۇلۇپ ئېچىلدى.

— ھوي...ھوي، — سەمەر سارغىيىپ يەرگە چۈشكەن ئاندا- ساندا يوپۇرماقلار ۋە شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلگەن چاۋار-چاتقاللار قاپلىغان ھويلا ئىچىدە ۋارقىرىغىنىچە ئايلىناتتى.

ھويلا ئىچىگە قەدەم بېسىشى بىلەن سالىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

نەچچە ئون سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئۆرلەپ چىققان شور توپا كىشىگە مىسكىنلىك تۇيغۇسىنى بېرەتتى. سالىنىڭ نەزىرى ئاستى قىسمىدىن غېرىچچە ئاپئاق شور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۆي تېمىغا چۈشۈۋىدى، يۈرىكى

ئېچىشقاندەك بولدى. قەلب ئالىمىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئايىغى تەگكەن بۇ مۇقەددەس تۇپراق ئاستا ـ ئاستا خارابىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەندەك، يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن باشقىچە بىر تۇسكە كىرىپ، ئۆز ئىزناسىدىن ئەسەرمۇ قالمايدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى.

«بىر ئايچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ قورۇغا ئاياغ باسالمىغانىدىم، خۇددى نەچچە ئون يىل تاشلىنىپ قالغان خارابىلىكنىڭ ئۆزىگىلا ئايلىنىپ قاپتۇ». سالى كۆز ئالدىدىكى خارابە مەنزىرىلەرگە قارىغىنىچە، ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلاتتى:

«تۇۋا، ئۆي دېگەندە ئادەم ئولتۇرمىسا، ئۆيگە ئوخشىمايلا قالىدىكەن، خۇددى خارابىلىكنىڭ ئۆزى... ئاتا ـ بوۋامدىن تارتىپ نەچچە ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن بۇ زېمىن مېنىڭ قولۇمدا مۇشۇنداقلا خارابىلىشىپ كەتسە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇنداقلا تاشلىۋەتمەسلىكىم، ئەجىر قىلىپ تۈزۈشۈم، كۆكەرتىشىم كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ زېمىنىغۇ...»

ئۇ باغبارااڭلارنى ئايلانغاچ ئاندا ـ ساندا چېكىلىگەن ئۈزۈملەردىن بىر ـ ئىككى تال تېتىپ كۆردى.

— پاھ ! قالتىس چۈچۈك.

سالىنىڭ كۆڭۈل غەشلىكلىرى بىرئاز تارىغاندەك بولدى . شۇنداق، ئەجىر ـ مېھنەت بىلەن ئاپىرىدە بولغان ھەرقانداق نەرسە ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ شېرىن، ئەڭ تاتلىق. ئۇنىڭ لەززىتىنى ھېچقانداق بىر بال شەربەت باسالمايدۇ. خۇددى قايسىبىر پەيلاسوپنىڭ: «كىشى قايسى نەرسىگە كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرگەن بولسا، شۇ نەرسە ھەممىدىن ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك» دەپ ئېيتقىنىغا ئوخشاش...

سالى ئىشقا چىقىش ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ ئۆيگە يېنىپ كەلدى. ئوغلىغا ئەتە مەكتەپكە بېرىشىنىڭ تەييارلىقىنى ئوبدان قىلىشنى تاپىلىغاندىن كېيىن، ئىشقا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيدىن چىقتى.

مەكتەپ ئىشخانىسى نەچچە كۈندىكىدىن باشقىچە بىر تۇسكە

كىرگەن بولۇپ، ھەممەيلەن ئۆگىنىش خاتىرىسىنى تولۇقلاش، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇملۇق ئوقۇتۇش پىلانىنى يېزىش، ئوقۇغۇچىلار سانىنى بېكىتىش، دەرس تەييارلاش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئىدى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ھەممەيلەن قولىدىكى ئىشنى قويۇپ دىققەتنى مەركەزلەشتۈردى. مۇدىر بىر كۈنلۈك خىزمەتلەرنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن كۆپچىلىكتىن بىر يىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئاخىرقى بۇ بىر كۈننى ئوبدان ئۆتكۈزۈشنى، قىلچىمۇ سەۋەنلىك سادىر قىلماسلىقنى، بولۇپمۇ يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ تەتىل مەزگىللىك ئۆگىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، چۈشتىن بۇرۇن ھەرقايسى يىللىقلارنىڭ ئوقۇغۇچى سانىنى بېكىتىش، يىللىق خىزمەتلەردىكى ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى ۋە مەكتەپ دەرىجىلىك ئىلغار شەخسلەرنى تۇرغۇزۇش، خاتىرە ئىشلەش، ئوقۇتۇش پىلانلىرىنى تولۇقلاش ئىشلىرى ئورۇنلاندى. چۈشتىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشقاچ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى، مەكتەپلەرنىڭ يازلىق تەتىلدىكى بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ۋە كەسپىي ئۆگىنىش پائالىيىتى ھەم ئوقۇش باشلاش تەييارلىق خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ خۇلاسە قىلىش، خىزمەتلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى يىللىق خىزمەت باھالاپ دەرىجىگە تۇرغۇزۇشقا، مۇنەۋۋەرلەرنى بېكىتىشكە چېتىشتۇرۇلاتتى. ئەنە شۇ ۋەجىدىن مۇدىردىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىلارغىچە ھەممەيلەن بۇ ئىشقا يوكسەك ئەھمىيەت بىلەن قارىشاتتى...

تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ۋاقىت ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئوسمان مۇدىر باشچىلىقىدىكى بەش نەپەر خادىمدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردىن ئاشقاندا مەكتەپ

مەيدانىدا ھازىر بولدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مائارىپ پارتىيە باش ياچېيكىسىغا قاراشلىق ئۈچ بىرلەشمە ياچېيكىنىڭ شۇجىلىرى بىلەن بىللە، مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ كاتىپ، كاسسىر ۋە مائارىپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان يولداش ئەكرەممۇ بار ئىدى. ئۇلار خىزمەتلەرنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ چىقتى. ھەربىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆگىنىش خاتىرىسى، تەسىرات، ئۆز - ئۆزىنى ئانالىز قىلىش دوكلاتى، مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىش ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش تەدبىرى تۈزۈش... دېگەندەكلەرنى بىرمۇبىر كۆرۈش بىلەن بىللە يەنە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىش، پىكىر ئېلىش، سوئال سوراش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىنى سىناپ كۆردى. ئاخىرىدا قارىغول كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ بۇ قېتىمقى تەتىل مەزگىللىك سىياسىي، كەسپىي ئۆگىنىشتە لاياقەتلىك بولغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە مەكتەپتىكى ئون نەچچە نەپەر خادىمدىن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆگىنىشنى قەتئىي بوشاشتۇرماي، بايقالغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام قانات يايدۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنى خەلق تەرىپىدىن ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي، دادىل ئىلگىرىلەپ، مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىش يولىدا ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇشقا چاقىردى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خىزمەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ مېڭىشى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇلارنى تاپانداپ دېگۈدەك ئىشخانىدىن چىقىشتى. بەزىلەر يۇخادىن چىققۇچە بىر ئۇخلىماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىشسا، بەزىلەر قانغۇچە ئىچىپ پەيز قىلىشىدىغانلىقىنى، يەنە بىر قىسىملار بولسا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يوقلىيالمىغان تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ، بىردىن-ئىككىدىن تارقاشماقتا ئىدى.

پەقەت سالىلا بۇنداق خىياللاردىن مۇستەسنا ئىدى. شۇنداق، ئۇنىڭ نەدىمۇ بىر تۇغقان قېرىنداشى، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرى بولسۇن... قېيىنئانىسى زىبىدىخان ئانا ئالەمدىن ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان ئۇ ئەنە شۇنداق يېگانە. ئىلگىرى ئانچە-مۇنچە ئىچى پۇشقان كۈنلىرىدە ئايالى ۋە باللىرىنى ئېلىپ ئايلىنىپ كېلىدىغان ئۇ مەھەللىمۇ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئۈچۈن يوچۇن ئىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ، ئۆزىنىڭ نەقەدەر غېرىب، مىسكىنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. تۇرۇپلا ئۆيىنى — ئەتىگەندىن ئوغلى سەمەر بىلەن يوقلاپ چىققان، غېرىبلىق بورىنى ئۇچۇپ تۇرىدىغان كونا زېمىننى سېغىنىپ قالدى-دە، مەھەللە تامان يول ئالدى...

سالى قورۇ ئىچىدە ئۆزىنى تىڭشاپ بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۆيئىچىدىكى چىنە-قاچا، ئورۇن-كۆرپە، كىگىز-پالاسلارغا قاراپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئاتا-ئانىسىدىن قالغان، ئۆزىگە نەچچە ئون يىل ھەمراھ بولغان بۇ تەۋەررۈكلەر ئۇنىڭ بىردىنبىر قىممەتلىك بايلىقى ئىدى. شۇنداق بولغاچ ئۇ، مەكتەپ قورۇسىدىكى بىر يۈرۈش يېڭى ئۆيگە كۆچىدىغان ۋاقىتتا، ئاتا-ئانىسىنىڭ روھىنى قورۇندۇرماسلىق يۈزىسىدىن بۇ تەۋەررۈكلەرنى جايىدىن قوزغاتمىغانىدى. ئۇلار يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىنكى ئىككى يىل جەريانىدا ھەر چارشەنبىدە بۇ ئۆيدە تۈنەپ، پەيشەنبىسى ئاتا-ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشلار ئەسلىمىگە ئايلانغانىدى.

سالىنىڭ كۆز ئالدىدا مەرھۇم ئاتىسى ساۋۇت مەمەت، ئانىسى مەرەمخان ۋە ھەدىسى ماھىرەلەرنىڭ سىيماسى ھازىر بولدى. شۇ تاپ، ئانىسى ئوچاق بېشىدا سالى ئۈچۈن ئاش سېلىش بىلەن پايپېتەك بولسا، ھەدىسى ماھىرە تاپىسىدا چۆپ ئېشىۋاتاتتى. ئاتىسى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئەل-ۋەتەن، ئىلىم-ئېرپان، ئادىمىيلىك ھەققىدە نەسىھەتلەرنى قىلماقتا ئىدى. قاياقتىندۇر ھەدىسى بۇۋىمەريەمنىڭ

ئىچىنىشلىق نالە-پەريادى ئاڭلانغاندەك بولۇۋىدى، دەرھال يان تەرەپتىكى قازناق ئۆيگە يۈگۈردى. قازناقتا ئەمدىلا ئاياغ بېسىشقا، ئاۋاز باشقا بىر ياقتىن چىقتى. يەنە ياتاق ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۆيئىچىدە نە ئاتا-ئانىسى، ھەدىسى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى سالىنىڭ سەزگۈسى ئىدى. شۇ چاغدىلا سالى ئۆزىنىڭ يېگىلىشكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ روھى قورۇنغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ ۋۇجۇدىنى يىغا قاپلىدى، ئۇنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلىۋالغۇسى، بار ئاۋازى بىلەن ئاتا-ئانا، ھەدە، سىلەر قەيەردە؟ دەپ توۋلىۋالغۇسى كەلگەنىدى. سالى ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ، كاڭ تاپىسىغا تىزداپ چىققاندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا ئالغا قاراپ سىلجىپ ھەدىسى بۆۋۈمەريەم نەچچە ئايلاپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان يەرگە كېلىپ توختىدى-دە، مەھكەم چاپلانغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلىدى.

«جېنىم ھەدە! مەن ساڭا ئوبدان قارىيالمىدىم. قىلچىمۇ راھەت كۆرمەي، ئازاب-ئوقۇبەت بىلەن كېتىپ قالدىڭ. ھەدە ! مەندەك بەگباش، ئەقىلسىز ئىنىڭنى كەچۈر. ئەينى يىللاردا تارتقان خورلۇقلىرىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۆيدىكىلەرگە تىنمىغانلىقىمنى، شۇ ۋەجىلىك ياشلىق باھارىڭنىڭ ۋاقىتسىز چەيلىنىپ بۇ ئالەمدىن بالدۇرلا كېتىپ قېلىشىڭغا سەۋەبچى بولغانلىقىمنى كەچۈر. شۇنچە خورلىنىپ قايتىپ كەلگىنىڭدە ھالىڭ نېچۈن دېمەستىن، جەڭگى-جېدەل بىلەن ھەسرەت-پىغانىڭنى ھەسسىلەپ ئۆرلەتكەنلىكىمنى، تىمەن بىر ئەركەك زاتى تۇرۇقلۇق سېنى خورلىغان نائەھلىلەردىن قىلچىلىك ھېساب ئالمىغانلىقىمنى كەچۈر...»

سالى بىر مەھەلدىن كېيىن ئورنىدىن ئاستا تۇردى. ئۆيئىچى-سىرتىنى پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇ چاچتى. يوتقان-كۆرپىلەرنى قېقىشتۇرۇپ تازىلىدى. گۈگۈم چۈشۈشكە ئاز قالغان بىر پەيتتە ئۆيدىن يېنىپ چىقتى.

ئۇ ئوغلىنى ئۇدۇل ئۆيىگە ماڭدۇرۇپ ئۆزى كەنت قورۇسى بىلەن ئايلىنىپ ماڭغانىدى. نايۇپ ماگىزىنىنىڭ قورۇسى ئۇدۇلىدىن ئەمدىلا

ئۆتۈپ تۇرۇشىغا كەنت بوغالتىرىنىڭ تونۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سالى مۇئەللىم، ۋوي سالى مۇئەللىم. كەمبەغەلدىن قاچمىسىلا دەيمەن، — كەنت بوغالتىرى تونۇلغىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى. سالىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىملىغىنىچە سورۇنغا تەكلىپ ئېتىپ، نايۇپ ماگىزىنىنىڭ قورۇسىغا يېتىلەپ كەلدى.

هويلىغىلا قۇراشتۇرۇلغان تاۋۇكادا ئوقۇتقۇچىلار، كەنت كادىرلىرى، دېھقانلاردىن بولۇپ ئون بەشچە ئادەم ئولتۇرۇشقانىدى.

— ھە، سالى مۇئەللىمنى قارشى ئالايلى، — دېدى بوغالتىر سالىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، مىرابقا كۆز قىسىپ، يۈز گىراملىق ئىستاكانغا تولدۇرۇپ قويۇلغان ھاراق رومكىسى سالىغا سۇنۇلدى، — قېنى مۇئەللىم، ھېلىتىن مەكتەپتىكىلەردىن ئۆزلىرىنى سورىغاندۇق. نەگە كەتكەنلىكلىرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۆيلىرىدىن سورۇشتە قىلساق، ئۇلارمۇ ئۇقمايدىكەن. كۆڭلىمىز يېرىم ئولتۇرۇشقان، مانا، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆزلىرى يېتىپ كەلدىلە. ياخشى مېھمان تائام ئۈستىگە، دېگەن شۇ دە...

بوغالتىرنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن سورۇن ئەھلىنىڭ ھەۋەسى قوشۇلۇپ، سالىنى بۇ بىر رومكا مەينى رەت قىلىش ئىمكانىيىتىدىن يىراقلاشتۇرغانىدى. بۇ ئەھۋالنى ئويلاپ يەتكەچ سالىمۇ ئانچە تۈزۈت قىلمايلا ئىستاكاننى قولىغا ئالدى-دە، قايسىبىر مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان مۇنۇ رۇبائىيسىنى ئوقۇدى:

*مەست ئەمەسمەن، مەستانىمەن، مەستلىك ـ قاراملىق،*
*قاراملارچە ئىچ ! «مەي ھالال، كەيپى ھاراملىق»،*
*نەق ئىمان شۇ مەي خۇمارى بەرگەن ئاراملىق،*
*قىلغاي شاراب خۇي-مىجەزنى قابىل، ياراملىق !...*
*دەيمەن شۇڭا: مەست بولغۇدەك ھاراق ئىچمەك تەس...*

سالى يادقا ئېلىۋالغانلىرىنىڭ دەل پەيتىدە ئەسقاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولغاچ، كەيپى خۇش ئىدى. ئۇ رومكىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە قولىنى ئۇزۇن سوزدى:

— خوش!

رۇبائىينىڭ سېھرىي كارامىتىدىن مەستخۇشلانغان سورۇن ئەھلىمۇ سالىغا تەڭكەش قىلىپ رومكا ۋە چاي پىيالىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشتى:

— خوشە!...

— خوش!... خوش!.. خوش!...

سورۇن شۇ تەرىقىدە يۇقىرى كەيپىيات بىلەن داۋاملاشماقتا ئىدى.

— نايۇپكا، پاقلان گۆشىدىن ئوخشىتىپ كاۋاپ تارتامدىلا؟ — دېدى سالى دۇكاندىن پات-پاتلا چىقىپ، تاۋكا ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن نايۇپ ماگىزىننى تووۋلاپ.

— ۋۇي، قالتىسقۇ مۇئەللىم. نەچچە يىلنىڭياقى هاراق ئىچمەي يۈرۈيتتىلە، يېقىندىن بېرى خېلىلا كۆتۈرىدىغان بولۇپ قالدىلىغۇ ئەمدى.

— سىلىنى خېرىدارسىز قالمىسۇن دېدىمغۇ شۇ. قارىسام بوينىڭلىنى قىسىپ قاپسىلە. ھېلىتىن بىرى ئالتە-يەتتە مەرتەم كېلىپ بولدۇڭلا بولمىسا.

سورۇندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى. نايۇپ ماگىزىننىمۇ ئۇلارغا تەڭكەش كۈلدى ۋە سالى مۇئەللىمگە قاراپ:

— ئەللىك زىخ ئۆتكۈزەمدىم يا ؟ — دېۋىدى، سالىمۇ ھازىر جاۋاب بولدى:

— سورۇندىكىلەر بولدى دېگۈچە ئۆتكۈزۈۋېڭلار...

سورۇندىكىلەرنىڭ سانى ئاينىپ ئوتتۇزچە بولدى. خېلى كېچىگىچە داۋام ئەتتى. ھاراقلارمۇ چوققا بېشىغا بىردىن دېگۈدەك توغرىلىنىپ ئىچىلدى. گىرادۇسى توشقانلار بىردىن-ئىككىدىن قېچىشىپ ئاخىرىدا تۆت-بەشچە كىشى قېلىۋىدى، نايۇپ ماگىزىن «خوتۇنىنىڭ ئانچە مىجەزى يوقلۇقىنى، شۇڭا دۇكاننى بالدۇرراق يىغىشتۇرۇپ، ئىشىكنى

تاقىمىسا بولمايىدىغانلىقى» نىي ئېيتىپ، ئۇلارنى ئۆيلىرىگە قايتىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭسىزمۇ سورۇندا بىرەر پىيالە چاي، بىرەر بۇردا نان چاغلىق نەرسىلەر قالمىغانىدى. سالى ئۇلپەتداشلىرى بىلەن سورۇننى ئاخىرلاشتۇرۇشقا كېلىشكەندىن كېيىن، قورۇدىن يېنىپ چىقتى. كەنت ئالدىدىكى مەكتەپ بىلەن مەھەللىگە تۇتاش چوڭ يولغا ئايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

ئاي ئەمدىلا تۇغۇشقا باشلىغان چاغ. ئەتراپ خېلىلا قاراڭغۇ ئىدى. سالى مەكتەپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرىپ كەلگىنىچە چىراغ يېنىپ تۇرغان بىر ئۆيگە قىزىقسىنىپ قالدى. «شۇ كەمگىچە چىراغ ئۆچمىگەنگە قارىغاندا ئولتۇرۇش قىلىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلايتتى ئۇ. دېرىزە تۈۋىگە يېقىنلاپ كېلىشى چىراغ ئۆچۈرۈلدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ — ياتاق ئىچىدىن بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سىرتتا ئادەم باردەك قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئەر.

— ئادەم بولسا چىراغنى ئۆچۈرەمسىز؟ ياندۇرۇڭ، — قىز خۇددى سىرتتىكى ئىنسان ئاڭلاپ قوي، دېگەندەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەيتتى، — قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما، دەپتىكەن. ئىشى بولسا كىرىۋەرسۇن، — سالى ئۆزىنى چەتكە ئالدى. رام تۈۋىدە پۈكلىنىپ ئولتۇرغىنىچە، ئەتراپقا ئاستا سەپسالدى-يۇ، زۇلھاياتنىڭ ياتىقىنىڭ دېرىزىسىگە كېلىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

«ئاپلا ! ئەكرەم كەلدى دېگەن گەپ. ئاياغ تىۋىشىمنى ئاڭلاپ قالغان چېغى. مەن ئىكەنلىكىمنى بىلمىسىلا بولاتتىغۇ بۇلار. نېمە دەپ كەلدىم بۇياققا. ناۋادا ئەكرەم چىقىپ قالسا، ئىشىم چاتاق. ھەر باب بىلەن...خىزمەت تەكشۈرۈش، ئۇنىۋان باھالاش...ھېچبولمىغاندا ھېساباتىمنى تەكشۈرگەندە بولسىمۇ ئەدىپىمنى بېرىدۇ. ھېساب ئالماي قويمايدۇ...»

— مەن چىقىپ قاراپ باقاي.

سالى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، بۇ يەردىن دەرھال ئايرىلماق بولۇپ، ئۆزىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئاتتى، ئەمما، نەچچە قەدەم مېڭىپلا يىقىلىپ چۈشتى.

— ۋايجان!

سالى ياتاق ئالدىدىكى ئېتىزلىقنى بويلاپ مەكتەپ مەيدانى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەك بولغانىدى، ئويلىمىغان يەردىن ئېتىز تىرگىنىدىكى كاۋا پېلىكىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكەنىدى.

ياتاق ئىشىكى ئېچىلىپ بىرى چىقىپ كەلدى. سالى ئۆزىنى ئوڭشاپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغىماق بولدى-يۇ:

— سالى مۇئەللىم، — دېگەن ئاۋازدىن داڭ قاتتى، — ئۆزلىرى، — دېدى ئەكرەم سالىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدىكى توپا-تۇمانلارنى قېقىشتۇرغاچ.

— مەن...مەن...مەنشۇ...

— زۇلھايات بىلەن جىددىي مەسلىھەت قىلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، شۇڭا كەلگەن، قايتاي دەپ تەمشىلىپ تۇرسام گۈپپىدە يىقىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ كەتتى. ئەسلىي سىلى ئىكەنلا-دە.

— مەن... مەن... مەنشۇ، كۆپ ئىچىپ سىلىپ، ئۆيىنى تاپالماي بۇ ياقلارغا ئۆتۈپ ساپتىمەن.

— قېنى بۇياق بىلەن، تۈز يولچە ماڭسىلا.

ئۇلار ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئەكرەم ياتاق يېنىغا يانداش ياسالغان لەمپە ئىچىدىن ۋېلىسىپىتىنى سۆرەپ چىقتى. دەقىقە ئىچىدە يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلگۈدەك سالىغا قاراپ توۋلىدى:

— سالى مۇئەللىم، قوپسىلا ئورۇنلىرىدىن، ئۆيلىرىگە كىرىپ ياتسىلا.

ئەكرەم سالىنى سۆرەشتۈرۈپ يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە بىر قولىدا ۋېلىسىپىتىنى يېتىلىگەچ، يەنە بىر قولىدا سالىنى يېتىلەپ ماڭدى. ئىچىدە: «ساقالغا چار سانجىلغان بىر ئادەمنىڭ بالىلارچە ئىش قىلىپ، ئىشىك مارىلاپ يۈرگىنىنى. قايسى زامان بۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ

ئۆزىچە قورساق كۆپۈكى تارتىۋالغاندەك بولدى. سالىغا ئۆزىنىڭ زۇلھايات بىلەن توي قىلىشقا خېلى بۇرۇنلا پۈتۈشۈپ بولغانلىقىنى ئېيتماق بولدى. يۇ، يەنە نېمە سەۋەبتىندۇر ئېيتقۇسى كەلمىدى. تۇرۇپلا مۇنداق بىر خىيالغا كېلىپ قالدى:

«ھەرقانچە پۈتۈشۈپتى دېگەندىمۇ، توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ خەلقئالەمگە رەسمىي جاكارلىماي تۇرۇپ، ئۇيەر-بۇيەردە يۈرمىگۈلۈكتە. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئوغۇلغىمۇ، قىز بولغۇچىغىمۇ سەت. بولۇپمۇ يېزا يېرى دېگەندە بۇنداق قائىدە-يوسۇن، ئەنئەنىگە ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئەخلاق-ئېتىقادقا يات قىلمىشلار بىرەركىمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپلا قالىدىكەن، گويا ئۆلۈم خەۋىرىدەك ناھايىتى تېزلا جاھانغا پۇر كېتىدۇ. ھەممە كىشىنىڭ ئەيىبلىشىگە دۇچار بولىدۇ. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە بىلىپ تۇرۇپ قىلغان قىلىقىنى بۇ بولۇمسىزنىڭ. ناۋادا سەزمەي قالغان بولساق قانداق قىلار بولغىيتتى-ھە. ئىشكنى قۇلۇپلاپ مەكتەپتىكىلەرنى چاقىرىپ چىقىشى... ياق، ئۇنىڭدىنمۇ قەبىھ. بەلكىم كەنتتىن بىرقانچە دېھقاننى باشلاپ چىقىپ چاۋىمىزنى چىتقا يېيىشى... نېمىدېگەن قەبىھ، نېمىدېگەن رەزىل-ھە...»

— ھە، كەل...كەلدۇق، ئۆي... ئۆيگە كەلدۇق، — سالى ئۆيىنىڭ ئارقا رېمىنى كۆچەپ ئۇرغىنىچە توۋلىدى، — ئاي...ئايزۆھرە، ئىشىكىڭنى ئاچەۋە.

ئەكرەم سالىنى سۆرەپ دېگۈدەك ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ تۇرۇشى، چىراغ يورىدى.

— خوش مۇئەللىم، مەنمۇ قايتاي، ئۆزلىرىمۇ ئۆيلىرىگە كىرىپ ئاراملىرىنى ئېلىۋالسىلا.

— ۋۇي، بۇنچە كېچىدە، قونۇپ ئەتە ماڭسىڭىز...

سالى ئارقىسىغا ئۆرۈلگەندە، ئەكرەم ئاللىبۇرۇن ئۆز يولىغا مېڭىپ بولغانىدى. ئەكرەمنىڭ ئۇزىشى سالىنىڭ مەستلىكىمۇ يېشىلدى. شۇ تاپ ئۇ ئۆز قىلمىشىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك ئەنە شۇ

ئىككى خىل قاراش ئىچىدە زىددىيەتلىك كۈرەشلەر قايىنمىغا چۆكۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئەكرەم سىڭىپ كەتكەن ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە تىكىلگىنىچە ئۆز-ئۆزىچە نېمىلەرنىدۇر دەپ شىۋىرلايتتى...

※ ※ ※

مەكتەپتە سالى توغرۇلۇق مىش-مىش گەپلەر پەيدا بولدى. گەپ كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سالى بىر ھەپتە ئىلگىرىكى بىر كۈنى كېچىدە ھاراق دېگەننى بولۇشىچە ئىچىپ كىرىپ، ئايالىنى راسا دۇمبالىغانمىش. باشقىلار بىلەن چاتىقىنىڭ بارمۇ-يوق، دەپ سوراققا تارتقانمىش. ئايالى ئۇنداق ئىش يوق، دەپ يېلىنىپ-يالۋۇرسا، ئەگەر دېگەنلىرىڭ راست بولسا قەسەم ئىچ، دەپ قىستاپ تۇرۇۋالغانمىش. بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرىمۇ كۆرۈلگەچ ئايزۆھرە سالىنىڭ بۇ قىلمىشىدىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىپ، مائارىپ ئىشخانىسىغا دارىستىملاپ بارغانمىش. سالىنىڭ قىلمىشى دىنىي خۇراپاتلىقنى تەرغىب قىلغانلىق بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ بولغاچ، ئۇنىڭ مەسىلىسى ناھىيەلىك مائارىپ سىستېمىسى ئۆگىنىش-تەربىيە پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىشخانىسىغا يوللانغان، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بۇ ئىشقا يۇكسەك ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرغانمىش. يېقىندا ئادەم كېلىپ بۇ ئىشلارنى ئېنىقلاپ ھەل قىلارمىش....

كىشىلەرنىڭ ئۇيەر - بۇيەردە ئۆزىگە قاراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇرلاشلىرى سالىنىڭ ئۇغىسىنى قايناتاتتى. مىش-مىشلاردىن بىخەۋەر بولغاچ، ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى خاتا قىلىپ قويغانلىق سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ غەيۋەت خالتىسىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئاڭقىرالماي پۇچىلىناتتى. بىراق، تۆمۈر ئىشتاننىڭ ئىچىدىكى ئوسۇرۇقنىڭمۇ بۇسى چىقىدۇ، دېگەندەك، بۇ خىل ھالەتمۇ ئانچە ئۇزۇن داۋام ئەتمىدى.

مىش ـ مىشلار پەيدا بولۇپ 3 ـ كۈنى سائەت 10 دىن سەل ئاشقان بىر مەزگىلدە، مەكتەپ مەيدانىغا «بېيجىڭ 212» تىپلىق بىر كىچىك ماشىنا كىرىپ كەلدى.

ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى بىلەن ھەممەيلەن سىنىپ، ئىشخانىلارنىڭ دېرىزىسىدىن باشلىرىنى سوزۇشقىنىچە، ئادەتتە كەمدىن ـ كەم پەيدا بولۇپ قالىدىغان بۇ شەيتان ھارۋىسىدىن كىملەرنىڭ چۈشۈپ كېلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشماقتا ئىدى. كۆرۈۋاتقان تېزىسلارنى جايىدىلا قاتلاپ قويۇپ، دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان سالى كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن ئىشخانىدىن چىقتى. ئۇ ماشىنىنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغۇچە، ماشىنا ئىچىدىن مائارىپ ئىشخانا مۇدىرى ئوسمان، مەزكۇر مەكتەپنىڭ سابىق مۇدىرى سامساق ۋە يەنە سالاپەتلىك كىيىنگەن يوغان قورساق بىر كىشى بىلەن ئېگىز بويلۇق ئورۇق بىر كىشى بولۇپ، جەمئىي تۆت ئادەم چۈشتى. شۇ ئارىدا موتوسىكلىتنى چاپتۇرغىنىچە ئەكرەم يېتىپ كەلدى.

— بۇياق مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سالى مۇئەللىم بولىدۇ، — دېدى ئوسمان ئەرشى كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول ئۇزىتىپ كەلگەن سالىنى مېھمانلارغا تونۇشتۇرۇپ.

ھەممەيلەن سالىغا مەنىلىك بېقىشقاندەك قىلاتتى. سالى مېھمانلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقان شۇ دەقىقىلەردە، ئوسمان ئەرشى مېھمانلارنى سالىغا تونۇشتۇرۇپ چىقتى.

سالاپەتلىك كەلگەن كىشى ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن، ئورۇق، ئېگىز كەلگەن يىگىت مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسىدىن ئىدى.

— سېكرېتارىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوسمان ئەرشى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان سالىدىن.

— مېنىڭ سىنىپىمغا دەرسكە كىرىپ كەتكەن.

— چاقىرىپ چىقىڭلار.

سالى نەچچە قەدەم مېڭىپ تۇرۇشىغا، مەكتەپ مۇدىرى سىنىپتىن چىقىپ كەلدى.

شۇ سائەتلىك تەنەپپۇستا سالى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان قاراشلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ-سۆز قىلمايتتى. بىر-ئىككىدىن باش بىر يەرگە كېلىپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشاتتى. سالى كارىدورغا چىققانىدى، مۇدىر ئىشخانىسىدىن ھېلىتىن كىرىپ كېتىشكەنلەرنىڭ بەس-مۇنازىرە قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۆز ئىسمىنى تىلغا ئالغان ئاۋاز سالىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى.

«بۇلار مەن توغرۇلۇق بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدۇ يا. بولمىسا بىكاردىن-بىكارغا ئىسمىمنى تىلغا ئالماس. ئۆستۈرەمدۇ يا. ئالمادىس بىرەر مەكتەپكە...»

سالى مائارىپ ئىشخانىسىدىكىلەر تەكشۈرۈشكە كەلگەن كۈنى كەچتىكى سورۇندا ئوسمان مۇدىر بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئەسكە ئالدى:

شۇ كۈنى كەچلىك ئولتۇرۇشتا شىر كەيىپ بولغان ئوسمان ئەرشى مەكتەپدىشى سالىنى چاقىرىپ سىرتقا ماڭدى.

— ئۆيۈڭلەردە خوتۇن-بالىلىرىڭلار باردۇ؟— دەپ سورىدى ئۇ سىرتقا چىقىپلا.

— بار.

— چاي-پاي قايناتقاندۇ-ھە؟

— ئەلۋەتتە قايناتىدۇ-دە.

— ساۋاقداش بولغىنىمىز بىلەن خوتۇن-بالىلىرىمىزنى تونۇمايمىز. يۈرۈڭلا تونۇشقاچ بىرەر پىيالىدىن قىزىق چاي ئىچىپ چىقايلى. سورۇن چىپىي ئادەمنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە يەقەتلا بارمايدىكەن، بەتتەم ھەم لاۋزا...

بالىلارغا نېمىلەرنىدۇر ئۆگىتىۋاتقان ئايزۆھرە مېھماننى كۆرۈپ

قولىدىكى ئىشنى تاشلىدى. مېھماننى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، داستىخان سالدى، يەل-يېمىش، قېتىق-قايماق، قوغۇن، تاۋۇزلاردىن كەلتۈردى، ناۋات دەملەپ چاي قۇيدى.

— پاھ ! ھەم ياش، ھەم كېلىشكەن خوتۇن ئېلىۋاپسىلەر جۇمۇ، — ئوسمان ئەرشى كەيىپ بىلەن قىزارغان كۆزلىرىنى ئايزۆھرەدىن ئۈزمەيتتى،— باشقىلار «سالىنىڭ خوتۇنىنىڭ جېنى بار» دېسە، نېمە دەيدىغاندۇ، جېنى بولمىسا ياشىيالامتى دەپتىكەنمەن، ئەسلى ئۇلار بىكار ئېيتماپتىكەن-دە، ھا...ھا...ھا...

— شۇنداق، شۇنداق، — تەكرارلىدى سالى مۇدىرنىڭ كۆلكىسىگە جور بولغاچ.

ئۇلار خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئەزەلدىن ئۆزىگە دۈشمەنلەردەك سۇر-ھەيۋە بىلەن قاراپ كەلگەن ئوسمان ئەرشىنىڭ رايىش، مۇلايىم تەلەپپۇزى سالىدا نۇرغۇن ئويلىنىشلارنى پەيدا قىلغانىدى.

— مۇنداق بولسۇن، بۈنىڭدىن كېيىن بېرىش - كېلىش قىلىپ ئىزدىشىپ ئۆتەيلى. بىز دېگەن قانداقلا بولمىسۇن بىر مەكتەپداش، ساۋاقداش، يېشىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. تۆت كۈنلۈك ئالەمدە ھەمدەمدە بولۇپ ئۆتەيلى. سىلىمۇ ئىلگىرىكى ئىشلارنى كۆڭلۈڭلەردىن چىقىرىۋېتىڭلار، بەزى چاغدا شۇنداق قىلمىساق ئادەم باشقۇرغىلى بولمايدىغان ئىشكەن. ھەممەيلەن بىزنىڭ مەكتەپداشلىقىمىزنى بىلگەچكە، دىققەت-ئېتىبارى بىزدە. سەللا دىققەت قىلمىساق ئۆسەك سۆز تارقىتىشىدۇ. سىلىمۇ ئوبدان ئىشلەڭلا. بىر ئۆمۈر باشقىلارغا بېقىنىپ ئىشلىمەي، بىرەر مەكتەپنى مۇستەقىل چۆرۈپ بېقىڭلا...

ئوسمان مۇدىرنىڭ خۇددى ئايزۆھرەگە ۋەدە بېرىۋاتقاندەك بىر ئەلپازدا ئېيتقانلىرى سالىنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغانىدى. ئۇ سورۇنغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆز نۆۋىتىنى قايتۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى. خېلى كۆپ ئىچتى. سورۇندىن يېنىپ نايۇپ ماگىزىنىڭكىدە ئىچتى...

ئەسلىمىسىنىڭ ئاخىرىدا سالىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولدى. ھەئە،

ئۇ شۇ كۈنى ئەتىگىنى يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئەسلىگىنىدە، ئاشۇ نىجىس ھاراقنى ئىچكەنلىكىدىن قاتتىق پۇشايمان يېدى. شۇ قېتىمقى جېدەل ئۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ كۆڭۈل ئاغرىقنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە قېتىملىق جېدەلمۇ ھاراقتىن ئىبارەت نىجىسنىڭ كاساپىتىن بولغانىدى.

«ھەي، كونىلار: ‹ھاراقنىڭ ئۆزى ھارام› دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. ھارام نەرسە بولغانلىقتىن ئەقىلنى بۇلغاپ ساراڭ قىلىدىكەن ئەمەسمۇ. ئادەم گاھى ۋاقىتتا مەستلىكىدە قىلغانلىرىنى ساقايغاندا ئويلىسا نومۇستىن ئۆلۈۋالغۇسى كېلىدۇ، ئىككىنچى ئاغزىمغا ئالماسمەن، دەپ قەسەممۇ ئىچىدۇ. شۇنداق دېيىدى-يۇ، نەچچە كۈن ئۆتەر-ئۆتمەي، ئەسلىمىسى خىرەلەشكەن، بىتاپلىقى ئوڭشالغىنىدا يەنە ئىچىدۇ...»

— سالى مۇئەللىم، ئىشخانىغا كىرىڭ.

ئەكرەمنىڭ ئاۋازى سالىنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئىشخانىدا جىددىي بىر كەيپىيات ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ھەممىيلەن دىققەت-نەزىرىنى مۇدىرنىڭ ئىش ئۈستىلىدە ئولتۇرغان سالاپەتلىك كىشىگە مەركەزلەشتۈرگەنىدى. سالى سامساق مۇدىرنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندىن ئورۇن ئالدى.

— سالى مۇئەللىم، بىزنىڭ كېلىشىمىزنىڭ مەقسىتىمىز سىزگە ئايدىڭ بولمىسا كېرەك. شۇڭا، مەن مەقسەتنى يورۇتۇپ ئۆتەي، — ئۇ كىشىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى شۇنچىلىك ئۇرغۇلۇق بولۇپ، قۇلاققا يېقىشلىق ئىدى. ئەتراپىقا تەكشى نەزەر تاشلاپ ئالدىرىماي سۆزلەيتتى، — يېقىندا مائارىپ ئىشخانىسى بىر پارچە ئەرز تاپشۇرۇپ ئاپتۇ، ئەرز مەزمۇنى بىزگىچە يېتىپ بارغانىكەن. ئەتىگەندە ئىدارە مەسئۇللىرى بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ كېلىشنى ئېيتىپ بىزنى بۇياققا خىزمەتكە ئەۋەتتى. شۇڭا، سىزنىڭ سابىق مەكتەپ مۇدىرىڭىز سامساق ۋە مائارىپ ئىشخانىسىدىن ئوسمان بىلەن ئەكرەمنى ئېلىپ مەكتىپىڭلارغا يېتىپ كېلىشىمىز. خىزمىتىمىزگە

يېقىندىن ماسلىشىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىشنىڭ كونكرېت جەريانىنى ئوسمان مۇدىر يەتكۈزىدۇ.

ئوسمان ئەرشىنىڭ بايانلىرىدىن ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. ئايزۆھرە سالىنىڭ ئۆزىنى كۆپ قېتىم قەسەم قىلىشقا زورلاپ، ھە دېگەندە ئۇرۇپ-دۇمبالاپ خورلىغانلىقلىرى ئۈستىدىن مائارىپ ئىشخانىسىغا شىكايەت قىلغانىدى. مائارىپ ئىشخانىسى بۇ ئىشنى مائارىپ ئىدارىسىگە نۆۋەتتىكى ئۆگىنىش-تەربىيە پائالىيىتىدە تېپىپ چىقىلغان مەسىلىلەر قاتارىدا يوللىغان بولۇپ، مەخسۇس تۈزەش گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ ئىككى نەپەر خادىمى سالىنىڭ مۇشۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېتىپ كېلىشكەنىدى.

— ئۇنداق ئىش يوق. قىسمەن چاغلاردا ئايالىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىنىم راست، لېكىن ئۇنى تالاق قىلىپ ئۆيدىن قوغلاپ سالغىنىم، قەسەم سۆزىگە قىستىغىنىم يوق، — دېدى سالى مەخسۇس تۈزەش گۇرۇپپىسىدىكى خادىملارنىڭ تەكرار سورىغان سوئاللىرىدىن بىزار بولغان بىر كەيپىياتتا، — ئايالىم ئۆزى ئۆز سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماق بولۇپ قۇرئان تۇتقان. ئىشەنمىسەڭلار ئۇنى چاقىرىپ كىرىپ يۈزلەشتۈرۈڭلار...

سالىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئوتتۇرىدىكى قاتماللىقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئايزۆھرەنى چاقىرتىشمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئايزۆھرەنى ئىشخانىغا چاقىرتتى. يولدىشى بىلەن يۈزلىشىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئايزۆھرە ئىشخانىدىكىلەرگە قاراپ داڭ قاتتى. ئىشنىڭ تېگى-ماھىيىتىنى كۆڭلى تۇيۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئىنكاس قىلغانلىرىدىن يېنىۋېلىشنى، ئەر-خوتۇن ئارىسىدا زورلۇق قىلمىشلىرىنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت بىر قېتىم ئۆزىنى ئاقلاش يۈزىسىدىن ئۆزلۈكىدىن قەسەم قىلىمەن، دەپ قۇرئاننى تۇتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشنى ئويلىدى، ئەمما،

ئۇلار سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرىۋاتقان دەقىقىلەردە، ئوسمان ئەرشىنىڭ قولىدىكى نەچچە ئون بەت ماتېرىيالغا نەزىرى ئېلىنىشى بىلەن ئويلىغانلىرى ئاللىقاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئوسمان ئەرشىنىڭ قولىدىكى ئايزۆھرەنىڭ نەچچە كۈن ئاۋۋال مائارىپ ئىشخانىسىغا ئۆزى يوللاپ بەرگەن شىكايەتنامە ئىدى. ئايزۆھرە كۆز ئالدىدىكى رېئال پاكىت ئالدىدا يالغان ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. لام-جىم دېمەستىن ئوسمان ئەرشىنىڭ جاۋابسىز قالغان سوئاللىرىدىن كېيىنكى، شۇنداقمۇ دېگەنلىرىگە باش لىڭشىتىپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى .

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق ئوسال ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. بىر ئۆيدە، يەنە كېلىپ نەچچە ئون يىل بىللە ياشاپ كەلگەنلەرنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىدىن بىرى شىكايەت قىلىشىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى تۈنجى رەت ھېس قىلغىنىدا، ئۆز قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان يېدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان، دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا جار سېلىپ توۋلىغۇسى، ئوسماننىڭ قولىدىكى شىكايەتنامىنى شارتتىدە تارتىپ ئالغىنىچە پارە-پارە قىلىپ يىرتىپ تاشلىغۇسى كەلدى، بىراق ئۇنداق قىلالمىدى.

ئايزۆھرە يولدىشىنىڭ تولىمۇ مىسكىن ھالىغا قاراپ ئىچ-ئىچىدىن يىغا قىستىدى.

«ھەي، ‹ئايال كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا› دېگىنى شۇ بولسا كېرەك. نېمە دەپ ئەرز قىلغاندىمەن. خۇددى مۇشۇ ئەرز بىلەن مەڭگۈلۈك ئادا-جۇدا بولۇپ كېتىدىغاندەك بىر ئىش قىلىپ ساپتىمەنغۇ... ‹ئوسما كېتىپ قاش قالىدۇ، سۇ كېتىپ تاش› دېگەندەك، بۇلار كېتىپ يەنە سالى بىلەن مەن قالىمەنغۇ. ئەجەب ئويلىماپتىمەنيا. ئىككى بالا بىلەن قويۇۋەتسە نەلەردە تېنەپ يۈرەرمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرى مېيىپ تۇرسا. ئوغۇل بالا ئاتا تەربىيەسى كۆرمىسە نېمىگە ئوخشاپ قالار... ھەرقانچە ياخشى بىر ئەرگە تەگدىم دېگەندىمۇ، بالىلارنى ئۆز ئاتىسىچىلىك كۆيۈنۈپ بېقىپ كېتەلىشى مۇمكىنمۇ ؟

بولدىلا، ھەممىدىن بىراقلا تېنىۋالاي. ياق، ئۇنداق قىلسام بولاردىن يەتكۈچە خاپىلىق ئىشتىمەن. باشقىلارغا بوھتان چاپلىغانىنىڭ ئېتىغا پاتىمەن... ئەمما، بۇ پېتىم بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ ئولتۇرۇۋەرسەم، سالىغا ئالىمادىس ئېغىر جازا بېرىپ قالسا، ئۇ ھالدا...»

ئايزۆھرە خىيالىنىڭ داۋامىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئاجىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنى يەنىلا لايىقىدا يۇغۇشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ۋە بۇ تەرەپلەردىن ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشنى جەزم قىلدى. ئاخىر ئۇ، ئۆزىنىڭ ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر قىسىم ئۇششاق ماجىرالارنىڭ بىرىنى ئىككىگە، ئازنى كۆپكە كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا چوڭ ئىشنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئەرزىدىن يېنىۋالىدىغانلىق توغرىسىدىكى ئىپادىسىنى بىلدۈردى. بىراق، ئەكرەمنىڭ ئايزۆھرەنى قەسەم قىلىشقا قىستىغانلىق ئىشنى سالىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن پەسكويىغا چۈشۈپ قالدى. تەكرار سوئال-سوراقتىن بىزار بولغان سالىمۇ ئاخىر راست گەپنى ئېيتىپ، ئايزۆھرەنىڭ يازغانلىرىنى ئېتىراپ قىلدى، سەۋەنلىكنى تامامەن بويىنىغا ئالدى.

ئايزۆھرەنىڭ ئەرزنامىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش خىزمىتى ئاخىرلىشىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى مەخسۇس تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ سالىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنامىسى ھەرقايسى مەكتەپلەرگە تارقىتىلدى. ئۇقتۇرۇش قارىغول مەكتەپكە يېتىپ كەلگەن كۈنى، ئوقۇتقۇچىلار دەرستىن چۈشكەن پەيتتە ئىشخانىدا يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا ئۇقتۇرۇش ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

سالىنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ھەممە نەرسە بىر خىل رەڭدە قاپقارا كۆرۈنەتتى. ئاشۇنچىلىك ئاددىي بىر ئىش، يەنە كېلىپ ئائىلىسىدىكى خۇسۇسىي ئىشقا تەشكىلنىڭ بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ

كىتىشلىرىنى ئىدىيەسىدىن پەقەتلا ئۆتكۈزەلمەيتتى.

«ئوقۇساڭ ئوقۇۋەر. ئىپقى قەغەز، قارىسى سىياھ» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە. ھۆججەت يەتكۈزۈلۈۋاتقان شۇ پەيتتە، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ دەقىقىلىك توختىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. مۇدىر سالىغا خۇددى تۇنجى ئۇچراشقان كىشىدەك قارايتتى. سالى مۇدىرنىڭ بۇنداق قاراشلىرىدىن نارازى بولغان بولسىمۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى.

«ئاشۇنچىلىك بىر ئىشقا يەنە نېمە جازا كەلمەكچىدى. بۇ گەپلەر قانۇندا بولمىسا يا... تەكەببۇرلۇق بىلەن قاراپ كەتكىنىنى، خېتىنى ئوقۇماي...»

سالى بىلەرمەنلىك قىلىۋاتقان دەقىقىدە، مەكتەپ مۇدىرى ئۇقتۇرۇشنىڭ داۋامىنى ئۇلاپ ئوقۇدى:

— خەلق ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ، كونا ئەقىدىلەرنى تەرغىب قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى ۋە نۆۋەتتە مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆگىنىش تەربىيە پائالىيىتىنى يولغا قويۇش چارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە تەتبىقلاندى... مەزكۇرغا ئۆز مەسىلىسىنى تونۇش ئىمپادىسىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككى دەرىجە ئىش ھەققىنى كېمەيتىش، ئالتە ئاي سىناقتا قويۇلۇپ ئىمپادىسىگە قاراش چارىسى بېرىلدى...

ئاخىرقى گەپلەر سالىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. يىغىن ناھايىتى سوغۇق تەرزدە ئاياغلاشتى. سالى ئۆز ئورنىدا قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى بىلمەيتتى. ئىشخانا ئىچىنى قاپقاراڭغۇلۇق قاپلىغان بىر چاغدىلا ئەسلىگە قايتىپ، ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

## يەتتىنچى باب

# كۆنداشلىق

### 1

مەكتەپ ئالدىدىن جەنۇبقا ئەللىك مېتىرچە يىراقلىقتىكى يولنىڭ دوقمۇشىغا ئورنىتىلغان، كۆك سىرلانغان قەلەي بوتكا قارىماققا توختىتىپ قويۇلغان ئاپتوبۇسنىڭ ئۆزىلا بولۇپ، سودا ـ سېتىق ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن يىراقتىن قاراشتا نەچچە ئون يىل ئاۋۋالقى يولۇچىلارنىڭ ھەپتىدە بىر قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇسقا ئىتتىرىشىپ چىقىۋاتقان ھالىتىنى ئەسلىتەتتى. بوتكا تاللانغان ئورنى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ ئەپچىللىكى بىلەن مەھەللە ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان بولۇپ، كۈنبويى ئادەم توختىمايدىغان بۇ دوقمۇشنى باشقىچە ئاۋات قىلىۋەتكەنىدى. بوتكىغا قەنت ـ گېزەك، سەرەڭگە ـ سوپۇن، گازىر ـ پۇرچاق، ئالما، نەشپۈت، ئۆپكە ـ زاسوي، لەگمۈك... قاتارلىق يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، دەپتەر، قەلەم دېگەندەك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى قويۇلغان بولۇپ، تەنەپپۇس ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەن يولۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن بېسىق ئىدى.

ئايزۆھرە كۆندۈزى سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولسا، كەچلىكى يەنە بىر كۆڭۈللۈك تىجارەتنىڭ غېمى — لەگچۈك ئۇيۇتۇش، ئۆپكە-زاسۇي قۇيۇش بىلەن ئالدىراش بولاتتى.

بۇ مەھەللىدە نايۇپ ماگىزىنىدىن باشقا بىرقانچە ئائىلىلىك دېھقان ئۆيلىرىگە كىچىك تىپتىكى دۇكانلارنى قۇرۇپ، ھاراق، تاماكا، قەنت-گېزەك سودىسى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، ئايزۆھرەگە ئوخشاش زاسۇيپەزلىك ۋە لەگچۈگچىلىكنى قوشۇپ تىجارەت قىلىۋاتقانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. بار دېگەندىمۇ ھەپتە ئارىلىقىدىكى بازار قوغلىشىپ تىجارەت قىلىدىغانلار ياكى ھېيت-بايرام، تۇي-تۆكۈن، مەشرەپلەردە ئاندا-ساندا قىلىپ قويىدىغانلار بىلەن چەكلىنەتتى. شۇ ۋەجدىنمۇ ياكى يېمەك-ئىچمەك تىجارىتىنىڭ سودا-سېتىق قىلغۇچىنىڭ چىراي قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتى چوڭقۇر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر قانداقتۇر بىر سەۋەب تۈپەيلى ئايزۆھرەنىڭ خېرىدارلىرى كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇپ بارماقتا ئىدى.

«يېمەك-ئىچمەك دېگەننى مۇشۇنداق چىراي دېسە چىرايىدا، گەپ دېسە گەپتە بار ، ئوچۇق-يورۇق، خۇش پېئىل، قاملاشقان چوكاننىڭ قولىدىن يېسە يېيىشلىك ھەم سىڭىشلىك بولىدۇ» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى بەزىلەر.

شۇ قاتاردا مەكتەپتىكى بويتاق يىگىتلەرمۇ ئانچە-مۇنچە بىكار ۋاقىتلىرى بولۇپلا قالسا ئاشۇ بوتكىغا قاراپ چېپىشاتتى. ئىلگىرى ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈچۈن قاتتىق ناننى ئىلمان چاي بىلەن يۇمشىتىپ يېيىشتىن باشقا ئامالى بولمىغان يىگىتلەر، ئەمدىلىكتە بىرىنچى سائەتلىك مۇزاكىرە ۋاقتى ياكى تەنەپپۇس ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ غىپپىدە چىقىشقىنىچە لەگچۈك ياكى ئۆپكە-زاسۇي بىلەن ناشتا قىلىشىۋالىدىغان بولغانىدى. گاھىدا مەكتەپ مۇدىرىنىڭمۇ بوتكا ئەتراپىدا ئەگىپ قالغىنىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئوخشىتىپ قۇيۇلغان ئۆپكە-زاسۇينى سۈيى بىلەن يېيىش ياكى ئاچچىق-چۇچۇك تەڭشەكلىرى ئوبدان تەڭشەلگەن

لەگپـۇگنى بىـر دانە ئىسـسىق گىـردە نـان بىـلەن يېـيىش ھەقـىقەتەن ھۇزۇرلۇق ئىش...

ئايزۆھرەنىڭ ھۇنىرى كۈندىن-كۈنگە كامال تېپىپ كەنـت تەۋەسـىدە خېلىلا تەسـىر قوزغىغانـىدى. دەسـلەپكى چـاغلاردا ئوقۇغـۇچى باللارنىـڭ بەش مـوچەنلەپ قىلغـان سودىـسىغا قاراشـلىق بـۇ بوتكىغـا ئەمـدىلىكتە پۈتكـۈل كەنتتىكىلەرنىـڭ كـۆزى چۈشـكەنىدى. نـايۇپ ماگىزىنىنـىڭ خېرىـدارلىرى ۋە يىـراق-يېقىنــدىكى قوشـنا مەھەلــلە دېھقانلىرىنىــڭ زاكوسكىــسى ئۈچۈنمـۇ مۇشـۇ بوتكىنىــڭ لەگپـۇڭ، ئـۆپكە -زاسـۈيلىرى توشۇلاتتى. شۇ ۋەجىدىن ئىلگـىرى ئوقۇغۇچىلارنىـڭ ئائىلىسىگە قايتىـشى بىـلەن تاقىلىــدىغان بوتكـا ئەمــدىلىكتە خېلـى كەچكىــچە ئوچـۇق تۇرىدىغان بولدى.

«خېرىدارىڭ بولمىسا زىبالىقىڭ نە كېرەك...»

شـۇنداق، بىـر تىجـارەتچى ئۈچـۈن ئـايىغى ئـۈزۈلمەس خېرىـدارىنىڭ بولۇشى تولىمۇ مۇھىم بولغىنىدەك، خېرىدار ئۈچۈن ئېھتىياجىنى كـۆزگە ۋە تىلغـا يـارىغۇدەك ئېسـىل مـال بـار دۇكـان بولـۇش بىـلەن بىلـلە، يەنە ئېھتىياجى چۈشكەندە ئۆز ھالىغا يېتەلەيدىغان ئۇبـدان بىـر سـودىگەرنىڭ بولۇشـىمۇ ئىنتـايىن مۇھىم. خېرىـدار بىـلەن تىجـارەتچى بىـر-بىرىنـى تولۇقلايـدۇ. ئۆزئـارا ھـاجەتمەن بولۇشـتەك زۆرۈرىـيەت تـۈپەيلى ئۈزۈلكـسىز مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلىنىدۇ. سودىگەر خېرىدارنىڭ ئېھتىياجىغـا ماس سودا پىرىنسىپى ئىگىلەش ۋە سـودا مېلىنـى تولـۇقلاش كويىـدا پـايپېتەك بولـسا، خېرىــدار سـودىگەرنىڭ مېلىنــى تـاللاش بىــلەن بىلـلە يەنە سودىگەرنىڭ سودا-سېتىقتىكى ئۆزلىرىگە قىلغان مۇئامىلىسى، تەسـىرىگە ئاساسەن سودا نىشانىنى (چـۆپقىتىنى) تـاللاش بىـلەن ئـاۋارە بولۇشـىدۇ. ناۋادا بۇ ئىككـى خىـل ئۆزئـارا تولـۇقلاش جايىـدا بولمايـدىكەن، ئـېلىم-سـېتىمدىكى ئەنــئەنە بۇزۇلـۇپ، سـودا ئىـشلىرىنى ساختىلىق قـاپلاپ كېتىدۇ...

سالى بۈگۈنمۇ نەچـچە كۈنـدىكى ئـادىتى بـويىچە، ئىـشتىن چۈشـۈپلا

مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى كۆۋرۈك لەڭگازىسىدىن ئورۇن ئالدى ـ دە، ئۇدۇلىدىكى بوتكىغا نەزەر تاشلىدى.

ساي تەرەپتىكى توپا يولدىن چىقىپ كەلگەن ئاتلىق ئۈچ كىشى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشقىنىچە بوتكا ئالدىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ئاتلارنى بوتكا يېنىدىكى قىڭغىيىپ قالغان يوغان سۆگەتكە باغلاپ قويغاندىن كېيىن، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تاپ باستۇرۇپ بوتكىنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشتى. بوتكىنىڭ رامى يول تەرەپكە، ئىشىكى باغ تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان بولۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى بوشلۇق پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئىككى پارچە كىگىز چوڭلۇقىدىكى دائىرە لاتا تارتىلىپ توسۇلغان، توسۇق ئىچىگە ئىككى دانە تاماق ئۈستىلى قويۇلغانىدى. ئۆپكە ـ زاسۇي ۋە لەگپۇڭ ئىچىدىغانلار ئاشۇ ئۈستەلدىن ئورۇن ئېلىشاتتى.

ئاتلىقلارنىڭ بوتكا ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكىنىچە قايتىپ چىقماسلىقى سالىنىڭ دىققىتىنى تارتقاندەك بولدى. بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ بوتكا يېنىغا كېلىشى، ئۇلارنىڭ پارىڭى ئاڭلاندى:

ــــ خانىم، يەنە بىر تەخسىدىن لەگپۇڭ، بىر كىلو زاسۇي توغرىڭا.

ــــ ۋوي ! ئادەتتە ئۆپكە ـ زاسۇينى بۇنچە كۆپ يېمەيتتىڭغۇ، بۈگۈن نېمە بولدى ساڭا. خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن كىشىدەك...ھېلىھەمدىمۇ ئادەم بېشىغا بىر كىلودىن يەپ بولدۇق بۇنى.

ــــ خاتالاشتىڭ. جۇرۇپكام ئۆپكە ـ زاسۇيغە ئەمەس، مۇنۇ چوكانچاققا قىزىقىپ، بىردەم بولسىمۇ ئۇزاقراق ئولتۇرۇۋېلىشنىڭ غېمى بىلەن بۇيرۇتۇۋاتىدۇ بۇنى، ــــ دېدى ئاۋازى غارالڭ ـ غۇرۇڭ چىقىدىغان يەنە بىرى.

«جۇرۇپ، جۇرۇپكام». سالىنىڭ يۈرەكلىرى گۈپۈلدەپ كەتتى.

ــــ ھەي ئالاقۇش، گەپنى ماڭا دۆڭگەمەي ئۇدۇلىنى ئېيتىۋەرمەمسەن. قارىسام كۆزۈڭنىڭ ئاق پاختىسى چىقىپلا قالدى، شۇڭا بىردەم بولسىمۇ كۆزىنىڭ يېتىنى ئۆلتۈرۈۋالسۇن، دېدىم شۇ.

— ها...ها...ها...

«ئەجەبمۇ تونۇشلا بىر ئاۋاز» سالى ساتما بوتكا ئالدىغا ئۆتۈپ كۆز ئالدىدىكى مۆجىزىدىن ھەيرانۇھەستە قالدى. سەپەرداشلىرى بىلەن قىزغىن بەس-مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتكەن كەكە ساقال كىشىنىڭ يول-يول تاراملار باسقان ياداڭغۇ چىرايىغا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسىلىشقا باشلىدى. گەرچە بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلەرنىڭ نۇرى سەل-پەل خىرەلەشكەن بولسىمۇ، چەبدەس ۋە جازىبىلىكى خىرەلەشمىگەن، ئۇۋچىلارغا خاس ھوشيارلىقىنى يوقاتمىغان بىر جۈپ كۆز سالىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندا يۈرەكلەر تىپچەكلەپ، نەپەسلەر قىسىلدى.

— سالى !

— جۇرۇپكا !

ئۇلار بىر-بىرىگە قۇچاق ئاچتى. ئۇزاقتىن-ئۇزاق قارىشىپ، تويماي بېقىشتى، يۈز-كۆزلىرىنى سىلاشتۇرغىنىچە كۆز يېشى قىلىشتى.

— ئۇكام، سېنى بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە، بۇنداق بىر پەيتتە ئۇچرىتىپ قالارمەن، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— مەنمۇ شۇ ئاكا. ئۆزۈڭ ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ھەرھالدا ئوبدان تۇردۇم ئۇكام.

— تۇرسۇنئايخان ھەدەمچۇ؟ ئوبدان تۇرغاندۇ؟

جۇرۇپىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ، كۆزلىرىدە ياشلار ئەگىپ قالدى. ئۇ كۆزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— رەھمەتلىكنىڭ كېتىپ قالغىنىغا توپتوغرا بەش يىل بوپقالدى. ئالدىنقى يىلى كۈزدە سىدىق كېتىپ قالدى.

— سىدىقكامۇ تۈگەپ كەتتىمۇ؟

— شۇنداق. بىچارە گۈلسارىخانمۇ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. ئۆزى تىكەندەكلا يالغۇز. نە بالىلىرى، نە يېقىنراق ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يوق.

گۈلسارىخانىنىڭ تولغان قەددى-قامىتى سالىنىڭ كۆز ئالدىدىن

ئۆتكەندەك قىلىپ، بۇنىڭدىن يىگىرمە توققۇز يىل مۇقەددەم بۇسارەمنى ئېلىپ خوشلىششىش ئالدىدىكى كۆرۈنۈشلەر نامايان بولدى. شۇنداق، ئۇ چاغدا گۈلسارىخان چىرايلىرى گۈلدەك پارقىراپ تۇرىدىغان، گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتتە چاققان، سىپمىزغىنا ئايال ئىدى. ئەمدىلىكتە بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى دېگەن نېمە گەپ. سىدىقچۇ ؟ قارىماققا مەڭگۈ يېڭىلمەس پالۋاندەك كۆچتۈڭگۈر كۆرۈنىدىغان تىمەن ئادەم ئىدى...تووۋا! دۇنيادىكى ئىشلار ئاجايىپ بولىدىكەن. بۇگۈن بار ئادەم ئەته يوق. ھەممە ئارزۇ-ئارمان، مال-دۇنياسىنى قالدۇرۇپ، قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق كېتىدىغان جاھانكەن بۇ.

سالى شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى تېتىرغا بىرەر قېتىم ئاياغ بېسىپ، ئەينى يىللىرى ئۆزىگە باشپاناھ بولغان سىرداشلىرى ۋە مەھەللىداشلىرىنى، كۆرگەن، بىلگەنلىرىنى يوقلىمىغىنىدىن پۇشايمان يېدى. كۆڭلىدە «ئادەم نى-نى ئىشقا كۈچ، ۋاقىت چىقىرىدىكەن-يۇ، خاتىرىلەشكە تېگىشلىك بولغان بەزى مۇھىم ئىشلارغا سەل قاراپ، پەيتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەن. ئاقىۋەت پۇشايمان يەيدىكەن. بىراق، ھەرقانچە پۇشايمان قىلىسمۇ ئورنىغا كەلمىگەچ، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىدىغان گەپكەن. شۇڭا، ئىنسان ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئامال بار ۋاقتىدا ئەمەلدە كۆرسىتىشكە ئالدىرىشى، بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرۇپ، ئاخىرىدا پۇشايمان يەپ، ھەسرەت-پىغان چېكىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشى تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن...» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— ئايزۆھرە، بۇياق ساڭا دائىم گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان جۇرۇپكام بولىدۇ، — سالى ئايالىنى جۇرۇپقا تونۇشتۇرۇۋىدى، جۇرۇپ ئايزۆھرەگە قاراپ قېتىپلا قالدى.

— تىنچلىقمۇ جۇرۇپ ئاكا، سالى ئۆزلىرىنىڭ ۋە تۇرسۇنئايخان ئاچامنىڭ گېپىنى دائىم سۆزلەپ بېرەتتى، — ئايزۆھرە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن مېھمانلار بىلەن قايتىلەتتىن سالام- سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، جوزىلارنى يىغىشتۇرغاچ، — خۇدايىم بۇگۈن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلىپتۇ. ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى.

— بۇ...بۇ... — جۇرۇپ بايىلا قىلغان چاقچاقلىرىدىن خىجىل بولۇپ، دۇدۇقلىغىنىچە سالىغا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى، — بۇ راستىلا سىنىڭ ئايالىڭمۇ ئۇكام ؟

— شۇنداق جۇرۇپكا، ئۇ نەچچە يىلنىڭياقى باللارنى بېقىش بىلەن ئائىلىدە ئىدى. باللارمۇ چوڭ بولۇپ مەكتەپكە كىرىۋىدى، «بىرەر ئىش قىلسام بولاتتى» دەپ تولا غەلۋە قىلىپ، توسقىنىمغا ئۇنىماي مۇشۇ كونا ئاپتوبۇس جازىسىنى سىرلاپ، يۆمەپ دېگەندەك بۇ بوتكىنى ئېچىۋالدى.

— بۇمۇ بولغىنى. ئادەم دېگەن بىرەر ئىش-ئوقەت بىلەن مەشغۇل بولماي، ئۆيدىلا ئولتۇرسىمۇ تولگۇشۇپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ هازىرقى كۈندە، بىر كىشىنىڭ قولىغا قاراپ جان باقىمۇ تەس. شۇڭا بىر ئۆينى بېشىغا كىيگەن ئەر-خوتۇن ئىككىلا ئادەم تەڭ كۈچ چىقىرىشى، بىرلىكتە هەرىكەتلىنىشى كېرەك.

— بىراق بۇ...

— نېمە؟ ئايالىڭنىڭ مۇشۇنچىلىك بىر تىجارەتكە تۇتۇش قىلغىنىدىن خۇشال بولماقتا يوق، نارازى ئوخشىمامسەن.

— مەنغۇ ئۇنداقمۇ ئويلاپ كەتمىگەن، بىراق...، — سالى گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېچىگە يۇتقىنىچە پاتىڭنى قاشلىدى، — بىراق، شۇ قوشنا - قولۇملار تولا گەپتە چىقىپ.

— نېمە دەپ ئەمدى ؟

— ئايالىڭنى بېقىش تەس كېلىپ تىجارەتكە سېلىپسىلەر، دېيىشىدۇ شۇ.

— ۋاي-ۋۇي ! شۇنچىلىك گەپمىتى. قايسىبىر كىشى بىرەر ئىش قىلسا گەپ تاپماي قالغان دەيسەن. ئۇ تەرەپلىرىنى ئويلىماي، ياخشى تەرەپلىرىنى كۆپرەك ئويلا.

— شۇنداق. قېنى ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.

— هە راست، ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ، دەپ ماۋۇلارنى ساڭا تونۇشتۇرماي ئۆز گېپىم بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن دېسە. قېرىغاندا كاللامدىن كەتكىلى تۇردۇممۇ نېمە. بۇلار بىزنىڭ قوشنا كەنتتىن... بىز

چاغئىرىق يىزىلىق ئۇرۇقچىلىق پونكىتىغا بۇغداي ئۇرۇقى ئۇقۇشقىلى ماڭدۇق. يېزىمىزدا بىز تېرىيمىز دېگەن ئۇرۇق سورتى تۈگەپ كېتىپتۇ. ئۈچەيلەن تۆنۈگۈن يېزىدا ئۇچرىشىپ قىلىپ، بىزگە لازىملىق ئۇرۇقنى بۇيىاقتىن ئىزدەپ باقايلى، دەپ مەسلىھەت قىلىشقانىدۇق. بوز بىلەن ئايلىنىپ ئەمدى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتۇق. مەھەللە يولىغا كىرگىنىمىزدە، ئوخشىغان زاسۋېنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بۇرنىمىزغا پۇرىغىلى تۇردى. بۇنداق ئوخشاپ كەتكەن تائام زادى قاياقتا، قايسى ساھىبجامالنىڭ ھۇزۇرىدا بولغىيتتى، دەپ ئىزدەپ كەلسەك، مانا بۇ ئاپتوبۇستىكى ساھىبجامال سىڭلىمىزغا مەركەزلەشتى ئەمەسمۇ. بۇنداق بىر پەرىزاتنىڭ ئايالىڭ بولۇپ قىلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن. ھا...ھا...ھا... — جۇرۇپنىڭ يۇمۇرلۇق تەلەپپۇزدا ئېيتقانلىرىدىن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى، — سىڭلىمىزنىڭ قولى گۈل ئىكەن. بۇنداق ئوخشىغان زاسۋېنى بىرلا يېگەن ئادەم ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ زاسۋېلىرىنى ياراتمىغۇدەك. لەڭپۇڭنى ئىچىپلا سالدىمۇ، نەچچە كۈنگىچە تىلىدىن كەتمەي ئۇۋالىدا قالغۇدەك...

— بەك ماختىۋەتتىلە جۇرۇپكا، — دېدى ئايزۆھرە يۈزلىرى قىزارغان ھالدا.

— بۇنىسى ئەمەلىيەتكەنغۇ سىڭلىم. ھېلىتىن بەش پىڭزا لەڭپۇڭ تۈگىدى، دېگەندەك قىلدىڭىز. بىزنىڭ يېزىدىكى ئەر-خوتۇن ئىككى يەردە غالتەك ئېچىپ لەڭپۇڭچىلىق قىلغانلارمۇ بىر كۈندە بەلكىم جىق بولسا شۇنچىلىك سودا قىلار. بىر كەنتتە تۇرۇپ بىر بازارنىڭ سودىسىنى يۆتكىۋالدىڭىز دېگەن گەپ...

سالى مېھمانلارغا يول باشلاپ ماڭدى. مېھمانلار ئاتلىرىنى يېتىلەشكىنىچە سالىغا ياندىشتى.

— ماۋۇ كەنتنىڭ بېغى، — سالى كۆز ئالدىدىكى بىر يۇرۇش قورۇلۇشلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — باغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۆيلەر كەنت ئىشخانىسى. ماۋۇ تەرەپتىكىلەر بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلىرى.

كېسەك قورۇلمىلىق بىر يوروش ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىدە پىششىق خىشتىن سېلىنغان ئۈچ دوم ئۆي بار بولۇپ، مەكتەپ بېغىغا يانداش سېلىنغان بىر يوروش ئۆينىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسى سالىنىڭ ئىدى.

مېھمانلار ئاتلىرىنى قاڭتۇرۇشۇپ ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئايزۆھرە داستىخان سېلىپ نان، چاي ۋە يەل-يېمىشلەردىن كەلتۈرگەندىن كېيىن تاماققا تۇتۇش قىلماق بولۇۋىدى، جورۇپ ئۈنىمىدى:

— سالى ئۇكام، بىز بۇگۈن تەرەپباللا كېلىپ قالدۇق. مەھەللىدىكى نەچچە يۈز ئائىلىلىك دېھقان بىزنىڭ يولىمىزغا قاراپ قالدى. بەكلا ئالدىرايمىز، شۇڭا تاماققا تۇتۇش قىلمىسۇن. يەنە بىر كۈنى كېلىپ ھال-مۇڭ بولۇشارمىز.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى جورۇپكا، شۇنچە ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن تۇرۇقلۇق، ئاران بىر دىدارلاشقاندا ئۇبدان ھال-مۇڭ بولۇشماي، مۇشۇنداقلا قايتماقچىمۇ؟ — سالى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتكەندى، — بىزمۇ ئۆي تۇتقان ئادەم. يەنە كېلىپ ھازىر كۈنمۇ خېلى كەچ بولدى، ئۇرۇق شىركىتىدىكىلەرمۇ ئىشتىن چۈشۈپ بولسا كېرەك، شۇڭا ھەر ئىش بولسا ئەتە بىرنېمە قىلىشمايمىزمۇ...

— دادا...دادا... تالادا ئات تۇرىدۇ، — سەمەرنىڭ چۈچۈك تىلى مېھمانلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— كەل ئوغلۇم، مېھمانلارغا سالام بەر، — سالى ئوغلىنى قۇچىقىغا تارتىپ تۇرۇپ دېدى، — قارا، ساڭا گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان ئۇۋچى داداڭ، جورۇپ بوۋاڭ كەلدى.

سەمەر مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن جورۇپ ئاكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىكىلىپ قاراپ تۇردى.

— ئوغلۇم، نېمىگە قاراۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى جورۇپ سەمەرگە قاراپ.

— دادام ئۇۋچىلارنىڭ كۆزى بولىدۇ. بىر نەرسىنى بىرلا كۆردىمۇ كۆز قارىچۇقىدا ئۇيۇپ قالىدۇ، دېگەنىدى. بىراق، سىزنىڭ كۆزىڭىزمۇ دادامنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. يەنە كېلىپ كۆزىڭىزدە ھېچنېمە ئۇيۇپ قالماپتۇ.

— مەن دېگەن ھەقىقىي ئۇۋچى ئەمەس. داداڭنىڭ دېگىنى ھەقىقىي ئۇۋچىلارنىڭ كۆزى ئوغلۇم.

سەمەر ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ توختىدى ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپ جۇرۇپقا يەنە بىر نۆۋەت سەپسېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاتىسىغا لاپپىدە بىر قارىدى ـ دە، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— بالىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — سورىدى جۇرۇپ قىزىقىپ.

— سەمەر.

— قالتىس تەربىيەلىنىپتۇ بۇ. مۇشۇ بىرمۇ ؟

— يەنە بىرى بار. ئىسمى سەمى. ئۇلار قوشكېزەك.

شۇ ئەسنادا سەمەرنىڭ تووۇلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— دادا، سەمى سۇ كېچىۋاتىدۇ...

ئۇستىبېشى لاي ـ پاتقاققا مىلەنگەن سەمى ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتقانىدى، سالىنىڭ ئۇستىبېشى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتتى.

— دا...دا...دادى مەن شىيمە.

سەمىنىڭ بىچارە ھالىغا قاراپ ھەممەيلەننىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى.

«تووۋا ! ياراتقۇچى ئىگەم بەندىسىنى ھەر خىل يارىتىپ قويىدىكەن. چىراي دېسە شۇنچىلىك چىرايلىق...»

— كىچىكىدە خېلى ياخشى بولۇپ قالغان. چوڭ بولغانچە گېپىنى تېپىپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى.

— چوڭراق دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ باقتىڭىزمۇ ؟ — سورىدى جۇرۇپنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قاڭشارلىق كىشى.

— ناھىيە ۋە ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئاپارغان.

— ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ باقمىدىڭىزمۇ؟
— ئۈرۈمچىگە بىر نۆۋەت ئاپىرىپ ئىككى ئايچە داۋالىتىپ كەلگەن، كېيىن بارغۇدەك بىر پۇرسەتمۇ بولمىدى. بوسۇغا داۋىنىدىن ئاشالماي ئۆتۈپ كەتتى كۈنلەر...
— داد...دادا شىيىمە.
سالى ئوغلىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن دەقىقىدە جۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:
— سالىغىمۇ تەس. ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ، تارتمىغان خورلۇقلىرى، كۆرمىگەن كۈنلىرى قالمىدى. بىر كىشىلىك ئىش ھەققى بىلەن ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ، پەرزەنتىنى ئوقۇتۇپ بىر ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىقىمۇ تەس. يەنە كېلىپ مائارىپ دېگەننىڭ گېپى جىق يەر. تەتىلى بار دېگەن بىلەنمۇ، ئۇ ئۆگىنىش، بۇ ئۆگىنىش، دەپ بىكار بولالمايدۇ. ئازراقلا قولى ئارىچۇل (بىكار، دېگەن مەنىدە) بولسا چوڭلارنى ئوقۇت دەۋاتقان. يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە «ئىككى ئاساسەن» گە ئىشلەيمىز، دەپ كېچىسىمۇ ئارامسىز كېتىۋاتامدۇ...
— «ئىككى ئاساسەن» دېگەن گەپ، ئاساسەن دەم ئالماسلىق بىلەن ئاساسەن ئۇخلىماسلىقمىش، — گەپكە لوقما سالدى چاشقان بۇرۇتلىرىنى تەتۈرىسىگە يۆگىۋالغان ياغاق يۈز مېھمان، — بىزنىڭ سىڭلىچاقنىڭ ئوغلىمۇ ئەپەندىم ئىدى، يازدىن ئىككى-ئۈچ قېتىمدەك سىڭلىمنى يوقلاپ بارسام ئۆيدە يوق، ئۇقۇشسام ئىككى ئاساسەن دېگەننى ئىشلىگىلى كېتىپتۇ. گاھىدا نەچچە كېچىلەپ ئۆيگە قايتماي ئىشلەيدىكەن...
— «ئىككى ئاساسەن» دېگەن زادى نېمىگە قارىتىلغان؟ — سورىدى ياندا ئولتۇرغان يەنە بىرەيلەن.
جۇرۇپ ياغاق يۈزگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، چۈشەندۈرۈپ دېدى:
— «ئىككى ئاساسەن» نىڭ بىرى توققۇز يىللىق تولۇقسىزنى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، يەنە بىرى بولسا، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار

ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، پەن ـ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش دېگەن گەپ. مۇشۇ ئىككى ئىش ئومۇملاشسا «ئىككى ئاساسەن» ئومۇملاشقان بولىدۇ.

ئاشخانا ئۆيىدىن چىقىۋاتقان «گاژ ـ گۇژ» قىلغان ئاۋاز جۇرۇپ ئاكىنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. ئۇ دەۋاتقان سۆزىنى توختىتىپ:

ــ ۋۇي ! سەي قورۇۋاتامدۇ نېمە، ــ دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەلدى.

ئايزۆھرە ئەتىگەندە توغراپ تەييار قىلىپ قويغان سەيلىرىنى قازانغا سېلىپ بولغانىدى.

ــ سىڭلىم، بولدى توختىتىڭ، باياتىن ئۆپكىدىن تازا يەپ قورساقنىمۇ تومپايتىپ بولدۇق. ئاش ـ نان پاتقۇدەك يەرمۇ يوق. يەرلەرنى ئاغدۇرۇپ قويغىلى ھەپتە بولۇپ قالدى. ئۇرۇقنى ۋاقتىدا چاچمىساق، ئاقىرىپ كەتكەن تۇپراقتا ئۇرۇق بىخلانمايدۇ. يالغۇز بىزلا ئەمەس، نەچچە يۈز ئائىلىلىك دېھقانمۇ ئوخشاش.

ــ مانا ھازىرلا تەييار بولىدۇ جۇرۇپكا، ھېچبولمىغاندا سەي بىلەن بىر بۇردا نان بولسىمۇ ئېغىز تېگىپ مېڭىشسىلا. شۇنچە يىراقتىن كېلىپ، ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا قايتىشسىلا ماڭا سەت بولىدۇ، يۈزىمىزنى قىلمىغان، بىزنى كۆزگە ئىلمىغان بولىسىلەر...

ــ ئايزۆھرە توغرا ئېيتىدۇ جۇرۇپكا. بىز دېگەن تۇپتۇغرا ئوتتۇز يىلچە دىدارلاشمىغان ئاكا ـ ئىنىلەردىن. بۈگۈن بىر كېچە ئوبدان ھال ـ مۇڭ بولۇشمىساق بولمايدۇ، ــ سالى ئىشكتىن كىرىۋېتىپ ئايزۆھرەنىڭ پىكرىنى تولۇقلاپ شۇنداق دېۋىدى، جۇرۇپ رەت قىلدى:

ــ دېگىنىڭىزمۇ ئورۇنلۇق ئىدى، بىراق، نەچچە يۈز ئائىلىلىك دېھقان بىزنىڭ يولىمىزغا قاراشلىق. ئۇرۇق ۋاقتىدا ھەل بولمىسا ھەيدەپ قويغان يەرلەر ئاقىرىپ كېتىدۇ. ئۆزىڭىزمۇ دېھقانىنىڭ ھال ـ كۈنىنى ئوبدان بىلىسىز. مۇشۇ بىر كۈن، بىر مىنۇت، بىر دەقىقىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، بىر يىللىق ھوسۇلدىن قۇرۇق قالسا بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق

ئىش بولىدۇ. شۇڭا، بۇگۈنچە قايتايلى. كېيىن يە سىز ئۆتەرسىز، يا بىز ئۆتەرمىز. ئۆيىنىمۇ كۆرۈۋالدۇق مانا. ھېچبولمىغاندا سىڭلىمىزنىڭ ئۆپكە-زاسۇيىنى يېگىلى بولسىمۇ كېلىمىز.

سالى ئەر-ئايال يەنىلا ئۇز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاخىر ئۇلارنى سەيگە ئېغىز تېگىپ مېڭىشقا كۆندۈردى. مېھمانلار بىر تەخسىدىن سەينى نان بىلەن يەپ قورساق ئەستىرىنى ئوبدانلا چىڭدىۋالغاندىن كېيىن، سالى ئەر-ئايال بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇلار مېھمانلارنى ئۇزىتىپ تۇرۇشقا، كەنت تەرەپتىن مەكتەپ مۇدىرى يېتىپ كەلدى.

مۇدىرنىڭ كۆزلىرى قىزارغان بولۇپ، پۇتلىرى ئالمىشىپ تۇراتتى.

— ھەدە، لەڭپۇڭلىرىڭىزدىن بارمۇ ؟ — سورىدى مۇدىر سالى بىلەن ئاددىيلا سالام قىلىشقاندىن كېيىن.

— يوق.

— ئۇنداقتا ئۆپكە-زاسۇيلىرىڭىزچۇ ؟

— تۈگىدى.

— ۋۇي، — مۇدىر ھېقىقىدىۋىدى، ھاراقنىڭ قاڭسىق ھىدى ئەتراپقا تارىدى. ئايزۆھرە تۇمشۇقىنى ئەتكىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى، — ئەجەب بالدۇرلا تۈگەپتا. بۈگۈن ئاز ئۇيۇتۇپ قويغان ئوخشىمامدۇ سالىكا-ھە؟

— بۈگۈن بالدۇرراق تۈگەپتىكەن.

— بىز ئېغىز تەگمەستىنلا تۈگەپ كېتىدىغان ئىشمۇ باركىنا تېخى.

مۇدىر شۇنداق دەپ كۈلۈۋىدى، ساپسېرىق چىشلىرى كۆرۈندى.

«ئەزەلدىن نىيىتىڭ دۇرۇس ئەمەس سېنىڭ. خەپ سەن پور چىشنى ھامان بىر كۈنى قولغا چۈشۈرمىسەم...»

سالى ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى چاندۇرماسلىق يۈزىسىدىن مۇدىرغا قاراپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى ۋە خۇشياقمىغان بىر تەرزدە:

— ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالاملا، ئىسسىق بىر پىيالە چاي دەملەپ بەرسۇن بولمىسا، — دەپ تەكەللۇپ قىلدى.

— بولدى. مېنىڭ يەنە ئازراق ئىشىم بار. پورتمانىمنى ئىشخانىدا ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن، شۇڭا يېنىپ چىقىشىم. سورۇنغا يەنە قايتىپ كىرمىسەم بولمايدۇ. يا بولمىسا بىللە كىرىپ چىقامتۇق؟

— بولدى، مەن كىرمەي.

— مەيلى ئەمىسە.

مۇدىر قانداقتۇر بىر چۈشىنىپ بولماس ھالەتتە سالىغا قاراپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن يولىغا راۋان بولدى. شۇ تاپ سالىنىڭ كۆڭۈل خەسلىكىدىن ئۆتكۈنچى بىر خىيال ئەگىپ ئۆتكەندەك قىلاتتى.

سالى ئۆزىگە جازا بېرىلگەن نەچچە ئايدىن بېرى ئەنە شۇنداق جىمغۇر، خىيالچان بولۇپ قالغانىدى. كۈنبويى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بوتكىغا نەزەر تاشلىغاچ خىيال سۈرۈش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ تېگىگە ھېچكىم يېتەلمەيتتى... ھازىر بولسا ئايالى بىلەن جەڭگى-جېدەل قىلماقتا يوق، چىڭراق بىر-ئىككى ئېغىز گەپمۇ قىلمايدۇ. نېمە قىلىدۇ، نېمە قىلمايدۇ، نەگە بېرىپ نەدە تۇرىدۇ، پەقەتلا كارى يوق. ئەنە، ئايزۆھرە بوتكا ئاچىمەن دېۋىدى، كۆپ قارشىلىق قىلمايلا ئۆز ئىختىيارىغا قويدى. ئىلگىرىكى ۋاقىتلار بولغان بولسا، ئايزۆھرەنىڭ سالىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ بۇنداق بىر ئىشنى قىلالىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. بىراق، يولدىشىنىڭ كۈندىن-كۈنگە جىمغۇر بولۇپ كېتىشى ئايزۆھرە ئۈچۈن گويا بىر شۇملۇقتىن بېشارەتتەك خەۋپلىك تۇيۇلاتتى. سالىنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە سۆكۈتتە ياتقان غەمكىن چىرايىدىن ئېغىر خورلۇقنى ھېس قىلغان ئايزۆھرە ئۇنىڭ قانداق بىر پىلانلارنى ئويلاۋاتقىنىغا بەكمۇ قىزىقاتتى...

كۈز كېتىپ قىش كەلدى. ھەممە يەر ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى سالىنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر قىتىملىق ئۇرۇش پارتلىدى.

ئۇ كونى يېزىلىق ماتارىپ ئىشخانىسىدىن ئوسمان ئەرشى بىلەن ئەكرەم ئىككىيلەن سالىنىڭ بىر يىللىق ھېساباتىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەنىدى. ھېسابات تەكشۈرۈشكە تۇتۇش قىلىنىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوسمان ئەرشى چالۋاقاشقا باشلىدى:

— قانداق ئىش بۇ، بىر چىنە قېتىق، بىر دانە تۇخۇمنىمۇ تىزىملاپ ھېسابقا ئاپارغان بارمۇ؟ تاس قاپتۇ ئىچكەن سۇنىمۇ پۇلغا سۇندۇرغىلى، مۇشۇنداقمۇ پېسەندىلىك بارمۇ؟ ئۆزۈڭلەر بىر كۆرۈپ بېقىڭلا قېنى، — ئوسمان ئەرشى قولىدىكى ئاق ھۆججەتلەرنى جوزا ئۈستىگە تاشلىدى، — شۇڭىمۇ بۇلارنىڭ بىر پىيالە سۈيىگە ئېغىز تەگكۈزۈشتىن قورقىدۇ ئادەم.

مەكتەپ مۇدىرى تېخى ئىككى كون ئاۋۋال ئۆزى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئىمزا قويغان ئاق ھۆججەتلەرگە تىكىلگىنىچە ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇردى. ئوسمان ئەرشى ئاچچىقى يامان، تىرتەك ئادەم بولغاچ پىرقىرىغىنىچە سۆزلەيتتى، — ھەي سالى، ھەي سالى، قاراپ بېقىڭلار قىلغان قىلىقىڭلىغا. ئوسمان كەلگەندە يېگىرمە تۇخۇم، ئوسمان كەلگەندە بىر توخۇ، ئوسمان كەلگەندە ئىككى چىنە قېتىق، بىر پىيالە قايماق... نېمە جىق ئوسمان ئۇ، مەن شۇنچىۋالا قورسىقى تويماس ئوسمانمۇ؟ ھەممىنى مەن يالغۇز يېدىممۇ؟ سىلى دېگەن ساقىلىغا ئاق سانجىلغان ئادەم، مۇشۇنچىلىك بىر ئىشلارنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلالمىساڭلا قانداق بولغىنى، «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى ئىگىسىگە كۆرسەتمەس» دېگەندەك، بەزى چىقىملارنى لايىقىدا بىر ئىش قىلىدىغان گەپقۇ...

كون بىلەن تەڭ ھېسابات خۇلاسىسى ئېلان قىلىندى. خۇلاسىدە، ئاق ھۆججەتكە چىقىم قىلغان يىگىرمە نەچچە مىڭ يۈەننىڭ باج تالونىنى ئالماشتۇرۇش، چىقىمنىڭ يەتتە ئۆلۈشىنى مەكتەپ مۇدىرى، ئۈچ ئۆلۈشىنى سالى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى بۇيرۇلغاندىن باشقا، ھېساباتتىن كەم كۆرۈلگەن قىرىق نەچچە يۈەن پۇل سالىنىڭ پاتىڭىغا ئايرىلدى ۋە مەكتەپ ھېساباتىنى يەنىلا سالى داۋاملىق تۇتىدىغانلىقى جاكارلاندى.

ھېسابات تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا سالىنىڭ ئۆيىدە ھازىرلانغان كەچلىك تاماققا داخىل بولۇشتى، تاماقتىن كېيىن مەكتەپ تەجرىبە سىنىپىدا قۇراشتۇرۇلغان سورۇنغا چىقىپ كەلدى. داستىخاندىكى نېمەتلەر مول بولۇپ، بۇيرۇق بويىچە ئىشتىن چۈشۈپلا تەل بولۇشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەر مېھمانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقانىدى. ئوسمان ئەرشى تۆردىن ئورۇن ئېلىپ، سورۇن ئەھلىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، مەكتەپ مۇدىرى باشلىنىش سۆزى قىلدى، سورۇننىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىشى بىلەن مۇزىكا چېلىندى.

ئوسمان ئەرشى كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە قاراپ ئىش تۇتۇشنى، خىزمەت بىلەن ئويۇننى ماسلاشتۇرۇشنى ئوبدان بىلىدىغان زېرەك ئادەم ئىدى. ئاغزى هاراققا تەگسىمۇ، ئاياللارنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ پىرقىرىۋالمىسا ھاردۇقى چىقمايتتى. ئۆزىمۇ سېمىز، دۈگىلەك ئادەم بولغاچقا ھاراقمۇ خۇددى كۆپكە قۇيۇلغاندەك ئوبدانلا سىڭەتتى. ئۆزىگە ھەمداستىخان بولغانلارنىمۇ قولاق مىدىرلىغۇچە ئىچمىسە بولدى قىلمايتتى. ئاخشىمى ھەرقانچە ئېغىر ئىچسۇن، ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، نەدىن بولمىسۇن بىر تەخسە پولۇ كەلتۈرۈپ سوقاتتى. ئۇنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى ئوبدان ئىگىلىگەن مەكتەپ مۇدىرىمۇ پەيتكە قاراپ ئىش تۇتۇشنى، قانداق غىزانى تەييار قىلىپ، قايسى ئۇسۇل بىلەن كۆڭلىنى ئۇتۇشنى ياخشى ئىگىلىۋالغانىدى. شۇ ۋەجىدىن يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئوسمان مۇدىر مۇشۇ مەكتەپكە ئاياغ باسقان چاغدىكى بىرقانچە قېتىملىق تاماقنى سالىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ سەۋەبسىزلا بولماستىن، ئوسمان مۇدىرنىڭ بىر-ئىككى يەردە ئايزۆھرەنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. بۈگۈنكى تەكشۈرۈشتىن ئالدىن خەۋىرى بولغاچ پاقلان گۆشى، كەپتەر، يەرلىك توخۇلاردىن تەييارلاتقاندىن باشقا، دەريا بويىدىكى مەھەللىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ دەريا بېلىقلىرىدىنمۇ نەچچە ئون تال ئەكەلدۈرگەنىدى.

ئەتىگەنىدىلا پايپېتەك بولۇشقان بىرقانچە ئاياللار ئاش ۋە سەيلەرگە، مەھەللىدىن تەكلىپ قىلىنغان كەسپىي كاۋاپچىلار قوي ۋە بېلىق گۆشلىرىدىن كاۋاپقا تۇتۇش قىلغانىدى. داستىخان ناھايىتى مول بولۇپ، يېزا شارائىتىغا نىسبەتەن توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تېپىلىدۇ دېگۈچىلىكى بار ئىدى.

كەينى ـ كەينىدىن قۇيۇلغان ھاراق ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ھېلىتىن قىزلارغا گەپ قىلىش ئەمەس، چىڭىراق قاراشقىمۇ ئەيمىنىپ ئولتۇرغان ئەكرەم ئەمدىلىكتە خېلىلا ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، سورۇندىن چۈشمەي ئويناماقتا ئىدى. ئوسمان ئەرشىمۇ ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇپ بەرگەن بولۇپ، كىمدىكىم دېگىنىگە ئىتائەت قىلماي ساقال تارايدىكەن، شۇ ھامان دەككىسىنى بېرىپ تۇراتتى. پۇتى كەلسۇن ـ كەلمىسۇن تانسىنى قولدىن بەرمەيتتى.

ــــ ھە سالى، ئايالىڭلىنى چاقىرمامسىلەر؟ ــــ دېدى ئۇ تانسا ئويناۋېتىپ...

ئوسمان ئەرشىنىڭ پۇت ـ قوللىرى ئۆز كونتروللۇقىنى يوقاتقاندەك ئۆزى بىلەن تانسا ئويناۋاتقان خانىمغا توختاۋسىز سۈركىلەتتى. خانىمنىڭ نارازىلىقى يۈزىگە تېپىپ چىققان بولۇپ، گاھ پۇتىنى، گاھ قولىنى ئوسماندىن قاچۇراتتى ـ يۇ، يەنە ئوسماننىڭ سۆزىنى كۈلۈپ تۇرۇپ: «قىزىمدەك كۆرۈپ، چېقىشىپ قويدۇم. قانداق قىلىدۇ دېسەم، خاپا بولدۇڭمۇ قىزىم...» دېگەندەكلىرىدىن چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ چاندۇرماسلىققا مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئوسماننىڭ چىشىغا تېگىپلا قويسا، يېنىك بولغاندا مەكتەپ مۇدىرىدىن دەككىسىنى يېيىشى، ئېغىرراق بولغاندا يىراق كەنت مەكتىپىدىن بىرىگە پالىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇنداق، ئوسمان مۇدىر قارىماققا دىتقاقنا كۆرۈنگەن، كالىلىسىدا ئانچە كۆپ تۈكلىرى قالمىغان، كۆرۈمسىزرەك ئادەم بولغىنى بىلەن كارامىتى چوڭ. مۇشۇ يېزىدىكى يۈز نەچچە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇنۋان بەلگىلەش، خىزمەت ئورنىنى تەڭشەش دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى

ئۇنىڭ قولىدىن چىقاتتى. كىمكى ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىكەن، يېزا مەركىزىدىن نەچچە ئون كىلومېتىر، ھەتتا ئەللىك ـ ئاتمىش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چەت، شارائىتى ناچار مەكتەپلەرگە يۆتكىلىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى.

— مۇئەللىم، ئايالىرىنى چاقىرسىلا، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەرشىنىڭ قول ئىشارىتى ئارقىلىق دېگەنلىرىگە جاۋابەن باش لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن سالى مۇئەللىمگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ قازان بېشىدا تۇرسا.

— چاقىرسىلا دېگەندىكىن چاقىرمامدىلا. قازان بېشىدا يەنە باشقىلارمۇ بولغاندىكىن يېتىشەلەيدۇ.

سالى مۇدىرغا بىر پەس تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە چىقىپ كەتتى ۋە ئانچە ھايالىشمايلا ئايزۆھرەنى ئالدىغا سېلىپ كىرىپ كەلدى. ئايزۆھرە ئىشىك يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا ئەمدىلا جايلىشىپ تۇرۇشى، ئوسمان ئەرشى ئېغىز ئاچتى:

— ۋوي قىزلار، ھەدەڭلەرگە ئورۇن بەرمەمسىلە.

— ۋوي، دىققەت قىلماپتۇق، — زۇلھاياتنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ھەممە قىزلار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، ئايزۆھرەنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى:

— ئايزۆھرە ھەدە، قېنى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭ.

— بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭ، ھەدە...

ئايزۆھرە زۇلھاياتنىڭ تەكەللۇپلىرىغا پىسەنت قىلماي، رام تەرەپتىكى چەترەك بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇۋىدى، زۇلھاياتنىڭ نىرۋىسى ئۆرلەپ كەتتى. ئەتراپىغا تېز ـ تېز كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئايزۆھرەگە قاراپ سەتلا بىر ئالايدى ـ دە، شەلپەردەك قىزارغىنىچە ئۆز ئورنىدىن ئورۇن ئالدى.

ئايزۆھرە يولدىشى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ مائارىپ ئىشخانىسىغا بارغىنىنىڭ سەۋەبىنىمۇ، بىرقانچە قېتىملىق ئائىلە ماجىراسىنىڭ سەۋەبىنىمۇ زۇلھاياتنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان دەپ قارىغاچقا، ئۇزۇندىن

بىرى ئۆز كۆڭلىدە زۇلھاياتقا غۇم ساقلاپ كەلگەنىدى. ئەنە شۇ ۋەجلىك بۇگۈنمۇ زۇلھاياتقا يەنە بىر قېتىم سوغۇق تەرزدە قارىغانىدى. زۇلھايات ئايزۆھرەنىڭ كۆڭۈل خەستىلىكىگە يوشۇرۇنغان بۇ تىلسىملاردىن بىخەۋەر بولغاچ، ئالدىراشچىلىقتا مىجەزى شۇنداق بولۇپ قالسا كېرەك، دەپ ئويلاپ كەلگەنىدى. بىراق، بۇگۈن ئۇنداق ئويلىمىدى. كۆڭلىدە، «بۇ ئايالغا نېمە يامانلىق قىلغان بولغىيتتىم، قايسى ئىشنى خاتا قىلىپ سالغاندىمەن؟...» دېگەنلەر ئەگىيتتى.

زۇلھايات خىيال قىلغانسېرى بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىدە قانداقتۇر بىر سىرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدەك قىلاتتى. شۇنداق، سالىنىڭ جازاغا ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبىنى زۇلھاياتتىن كۆرگەن ئايزۆھرە، زۇلھاياتتىن ھېساب ئېلىشنى ئويلىغان، كۆڭلىدە زۇلھاياتقا ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىق دەردىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېتىتىپ قويماقچى بولغان، نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىكى بىر كۈنى قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالغانىدى.

ئۇ كۈنى ئايزۆھرە يولدىشى بىلەن ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئېتىزلىقتا سەيلەرنى پەرۋىش قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى، ئەكرەم يېتىپ كەلدى.

— پاھ، قالتىس ئوخشاپ كېتىپتىغۇ بۇ سەيلەر. جاگدۇلىرىڭىز خاڭگادەكلا يوغىناپتۇ، ھا...ھا...ھا... — ئەكرەم سەيلىك تىرگىنىدە سارغىيىپ ئالتۇنرەڭگە كىرگەن يوپۇرماقلار ئارىسىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان جاگدۇلارنى ئىما قىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

— شۇنداق ئۇكام، بىز تېرىغان جاگدۇ كۆزۈڭگە خاڭگا كۆرۈنگەنكە قارىغاندا، ھېلىتىن بىرەر ئۆيىنىڭ ئىشكىگە ئۇسۇپ سالمىغانسەن-ھە؟!

ئۇلار تەڭلا كۈلۈشتى. سالام-سەھەتتىن كېيىن ئەكرەم «زۇلھاياتنىڭ يانىقىدا يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ دېرىكىنى بىلىدىغان-بىلمەيدىغانلىقى» نى سورىۋىدى، سالى ئۇندەپ بولغۇچە

ئايزۆھرە لوقما سالدى:
— زۇلھاياتنى دەمسىز ؟
— شۇنداق.
— بۈگۈن پۈتۈنلەي قويۇپ كەلمىگەنمىدىڭىز ؟— ئايزۆھرە قاش-قاپاقلىرىنى سوزۇپ، كۆزلىرىنى ئويناتقىنىچە مەسخىرىلىك بىر كۈلكە بىلەن شۇنداق دېۋىدى، سالى قۇلاقلىرىچە قىزىرىپ كەتتى.
— نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم.
— ئۇنداقتا سىزگە ئوچۇقىنى ئېيتاي. بىراق، بىرلا شەرتىم بار.
— نېمە شەرت ئۇ؟ قېنى ئېيتىڭە.
— گەپنى مەندىن ئاڭلاپ، زۇلھاياتقا دارتىملىسىڭىز بولمايدۇ.
— ۋاي -ۋۇي، كىچىك بالا چاغلاپ قالمىغانسىز مېنى-ھە؟
— سىزگە دېسەمچۇ، يېقىندىن بېرى زۇلھاياتنىڭ ياتىقىغا كېلىدىغان يىگىتلەر كۆپىيىپ قالدى. تېخى تۈنۈگۈن موتوسىكلىت مىنىۋالغان بىر يىگىتنىڭ ئارقىسىغا مىنىۋاپتىكەن. ھېلىتىنىراق ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىت مىنىۋالغان يەنە بىر يىگىت بىلەن چىقىپ كەتتى.
— ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىت مىنىۋالغان ؟
— شۇنداق.
سالى ئايالنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەچ، ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىۋىدى، ئايزۆھرە بىگىز بارمىقى بىلەن ئاغزىنى ئىشارە قىلىپ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ قويىدى. بۇ ئۇنىڭ سىر ئاربلاشماڭ دېگىنى ئىدى.
— بۇ... بۇ...
ئەكرەم دۇدۇقلىغىنىچە ئۇنىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېتىپ قالدى.
— ھەي، سەن نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ — سورىدى سالى ئەكرەم يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن.
— بولدى قىلىڭە. بىزگە قىلغانلىرى ئازمىدى ئۇ سىغىزخاننىڭ. ئېرىڭىزدىن ئاڭلىدىم، دەپ ئاغزىمدىن گەپ ئېلىۋېلىپ ئەكرەمگە

چاقتى. ئەكرەمدىن مائارىپ ئىشخانىسىدىكىلەر خەۋەر تېپىپ، «ئىبرىگىمزىنىڭ سىزگە قەسەم قىلدۇرغىنى توغرىسىدا ئىسپات يېزىڭ، بىز ئۇنىڭغا تەربىيە-نەسىھەت قىلىمىز» دەپ مېنى قىستىدى. بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ يۈرسەم، بۇ سېغىزخان جاۋۇلداپ يۈرۈپ كاللامنى قوچىدى، — ئايزۆھرەنىڭ چىرايلىرى تاتارغان بولۇپ، كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىمەكتە ئىدى. ئۇ سالىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاقىۋەت نېمە بولدى. ھەممە تارتقۇلۇقنى مەن تارتتىم، سىزنىڭ ئىش ھەققىڭىزنى تۆۋەنلەتتى. ئەر-خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق يېتىپ قالمىسۇن، دېگەننى پەقەتلا ئويلىمىدى، — ئايزۆھرە ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۆزىنى سالىغا تاشلاپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئىسەدىگىنىچە سۆزلەيتتى، — نەچچە ئايغىچە ماڭا تەتۈر قاراپ يۈردىڭىز. تا ھازىرغىچە ئوچۇق چىراي ئاچمايسىز...

— شۇنداقتىمۇ بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ، ئەكرەمنىڭ كۆڭلىگە گۇمان سالمساڭ بولاتتى.

— ئۇلارمۇ ئازابنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېتىپ باقسۇن دېدىم شۇ.

— قان بىلەن قاننى يۇغىلى بولمايدۇ. ئىتنى چىشلىدى، دەپ چىشلىگەن نەدە بار؟

— ئۆزىڭىزمۇ ئۇلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ يۈرەتتىڭىز، ئەمدىلىكتە نېمە بولدى سىزگە، تۇرۇپلا ئۇلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ كەتتىڭىزغۇ؟...

ئەكرەم بىلەن زۇلھايات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سوغۇقچىلىق ئۇرۇقى چېچىلغانىدى. زۇلھاياتنىڭ ئۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بولمىغاچ ئەكرەمنى باشقا بىرى بىلەن تېپىشىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ يۈردى. ئايزۆھرەنىڭ يوق يەردىن گەپ تېپىپ ئەكرەمنىڭ كۆڭلىدە تۈگۈچ شەكىللەندۈرۈپ قويغانلىقىنى ئەسلا خىيال قىلمايتتى. ئايزۆھرە بۇنىڭ ئەكسىچە زۇلھايات ئۇ ئىشلاردىن ئەكرەم ئارقىلىق خەۋەر تېپىپ بولدى، دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىنى زۇلھاياتتىن قاچۇرۇپ يۈرەتتى.

— ئايزۆھرە، تانسا ئويىنساق ـ قانداق؟

ئوسمان مۇدىر بىر رومكا ھاراقنى سالىغا سۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغىلىۋېتىپ ئايزۆھرەنى تانسىغا تارتتى. ئايزۆھرە سالىغا كۆز قۇيرۇقىدا قارىدى. سالى رومكىنى چىڭ سىقىملىغىنىچە ئوسمانغا نەپرەتلىك تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— مەن تانسىنى ئانچە ئۇقۇپ كەتمەيمەن مۇدىر، — ئايزۆھرە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئوسمان مۇدىرغا سالام تەرەققىسىدە ئېگىلىپ ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن ئورنىدا ئولتۇرماق بولۇۋىدى، ئوسمان مۇدىر بولدى قىلمىدى.

— تانسا دېگەننى مۇشۇنداق ئاممىۋى سورۇندا ئويناپ ئۆگىنىدىغان گەپ، كىممۇ تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇسسۇل بىلىدىغان بولۇپ تۆرەلگەن دەيسىز. پاقا جىنىدا قۇمچاققا ئايلىنىپ ئاندىن سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىدۇ ئەمەسمۇ.

سورۇندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئايزۆھرە ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇزىكا رىتىمىغا ئەگەشتى.

— سالى بىلەن ئىككىمىز مەكتەپداش ھەم كەسىپداش. شۇنداق بولغاندىكىن بىزمۇ ناتونۇشلاردىن ھېسابلانمايمىز. شۇڭا، بىر قىسىم ئىشلاردا بەك تارتىنىپ ئولتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — ئوسمان ئەرشى ئالىقانلىرىنى تېخىمۇ كەڭرى يېيىپ، كۈچ بىلەن ئايزۆھرەنى ئۆزىگە تارتىۋىدى، ئايزۆھرە كەينىگە داجىپ ئۆزىنى قاچۇردى، — تانسا دېگەننى بەك تېيىشىپ كەتسە يارىشىملىق بولمايدۇ، ئۆزىڭىزنى ئەركىنرەك تۇتۇڭ ئايزۆھرە...

ئوسمان ئەرشى ئايزۆھرەگە خۇددى خام يەۋېتىدىغاندەك تىكىلەتتى. چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئۇرۇناتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سالىنىڭ نۇقسانلىرىنى يورۇتۇپ ئۆتەتتى. ئايزۆھرە بولسا ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىپادىسىز ھالدا، ئەس ـ يادى بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ كويىدا ئىدى.

نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئىچىلگەن ھاراق سالىنى خېلى ئاۋارە قىلدى. ئاخىرىغىچە ئولتۇرۇشقا كۆپ كۈچەپ باققان بولسىمۇ، بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئوسمان ئەرشى دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە غىپپىدە چىقىپ، ئۆيگە قاراپ چاپتى. ھېلىتىن يولدىشىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان ئايزۆھرە ئارقىسىدىن چىقىپ باقماق بولۇپ مېڭىۋىدى، مەكتەپ مۇدىرى يولىنى توسۇپ:

— ھەممىمىز قېچىپ كەتسەك بولمايدۇ، ئىچمىگەندىكىن چىداپ ئولتۇرايلى، — دېدى چالۋاقاپ.

— سالى ئەزەلدىن ھاراق ئىچەلمەيتتى، شۇڭا ئەنسىرەپ قالدىم. يولدا يىقىلىپ قالمىسۇن دەيمەن شۇ، — دېدى ئايزۆھرە.

— مەن ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، سىلى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، — دېدى مۇدىر سەت ھىجىيىپ. ئايزۆھرە ئالىيىپ قويدى...

سورۇن يېرىم كېچە بىلەن ئاخىرلاشتى. ئايزۆھرە ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئاۋۋال كات قىرغىقىدا تۈگۈلۈپ ياتقان سالىنى نېرى سۆرەپ جايلاشتۇردى، ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قويغاندىن كېيىن، قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى.

پاكىزلاپ قويغان بولسىمۇ، قۇيۇشقا ئۆلگۈرەلمىگەن ئۆپكىگە سۇ ماگدۇرۇۋاتاتتى، ئىشىك يېنىك چېكىلدى. ئۇ قولىدىكى ئىشنى قويۇپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىك يېنىغا كېلىپ سىرتقى تاۋۇشقا قۇلاق سالدى.

— خاتىرجەم بولۇپ ئىشىكنى چەكسىلە.

— سالىنى يالغاندىن يېتىۋالدىمىكىن دەيمىنا.

— مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتتى... مەن كىرىپ كەتتىم ئەمىسە.

ئايزۆھرە سىرتتا پىچىرلىشىۋاتقانلارنىڭ ئەكرەم بىلەن ئوسمان ئەرشى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. «نومۇسنى بىلمەيدىغان قېرى خوراز، مېنى كىمىڭگە ئوخشىتىپ قالدىڭ؟ نوچى بولساڭ ئىشىكنى يەنە چېكىپ باقە

قىنى». ئايزۆھرە ئىشىك كىشىكىگە يۆلەپ قويغان دەمنى ئېلىپ تەييارلىق ھالىتىگە ئۆتتى. ئىشىك دەسلەپ بوش ھەم رىتىملىق قېقىلىپ، تەدرىجىي كۈچەپ ئۇرۇلدى.

كېچە، پۈتكۈل جاھان تىمتاسلىققا چۆمۈلگەن بولۇپ، مەھەللە تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان خورازلارنىڭ چىللاشلىرى ۋە ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى، ئارقىدىن ئوسمان مۇدىرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئايزۆھرە...ئايزۆھرە، بۇ مەن، ئوسمان، سىرت بەكلا سوغۇق، توڭلاپ كەتتىم، ئىشىكنى ئېچىڭ...

كۈچلۈك ئىتتىرىشتىن ئىشىك لوكى ئۆزىنى قويۇۋەتتى. گۈلدۈر-غاراپ قىلغان قورقۇنچلۇق ئاۋاز بىلەن ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى، ئوسمان ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ ئۇدۇل تامغا ئۇسۇپ يىقىلدى.

چۆچۈپ ئويغانغان سالى ئورنىدىن مەڭدەپ تۇرى-دە، تاشقىرىقى ئۆيگە يۈگۈرۈپ چىقتى. ئوسمان ئەرشى يەردە ئىككى پۈكلەنگىنىچە خارتىلدايتتى. قاتتىق زەربىدىن ئۇنىڭ پېشانىسى يېرىلغان بولۇپ، تەپچىپ چىققان قان مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى. سالى ئوسمانغا يىرگىنچلىك نەزىرىدە بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، نەزىرىنى ئايزۆھرەگە يۆتكىدى ۋە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى:

— نېمەڭگە نېمەڭ يېتىشمەي خەقنى ئۆيگە چىللىغانىدىڭ؟ بۇ ئىشنى قانداق يىغىشتۇرىسەن ئەمدى، ھە. خەلقئالەم ئالدىدا نېمە سەتچىلىك بۇ؟...

ئايزۆھرە نېمە دېيىشنى ۋە نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەيتتى. ئۆزىنىڭ گۇناھسىز تۇرۇپ تىل-ئاھانەتكە قالغانلىقىدىن نالە قىلاتتى. بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلۇقى رېئاللىق بولسىمۇ، چۈشەندۈرۈشكە تىلى ئاجىز ئىدى.

— ھەي، ئەقلى - ھوشىڭىز جايىدىمۇ سىزنىڭ. ئىشكنى خەق بۇزۇپ

كىرسە، مېنى نېمە دەپ تىللايسىز؟ — دېدى ئايزۆھرە ئاخىر ئېغىز ئېچىپ.

— ھەممە ئىش كۆز ئالدىڭدا تۇرۇپمۇ يەنە چوڭ گەپ قىلىسىنا، مانا ئەمىسە، — سالى ئايزۆھرەنى بىر شاپىلاق سالدى.

ئايزۆھرە قان - قان يىغلاۋاتقان شۇ دەقىقىدە ئوسمان ئەرشى ئورنىدىن سەنتۈرۈلۈپ قوپتى - دە، ئۆزىگە چېكەتكىدەك قاراپ قېتىپ تۇرغان سالىغا بىر مۇشت ئاتتى. ئىشنىڭ چېگىغا چىقىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئايزۆھرە ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

— مۇدىر، ئوسمان ئەرشى بىلەن سالى مۇشتلىشىپ كەتتى.

ئەكرەم ئۇ كۈنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىدە ئارام ئالغانىدى. ئۇ، ئىشنىڭ جەريانىدىن تولۇق خەۋىرى بولغاچ، سالىنىڭ ئۆيىگە مۇدىردىن ئاۋۋال يېتىپ كەلدى ۋە ئوسمان ئەرشىنىڭ ئاستىدا خارقىرىغىنىچە تېپىچەكلەۋاتقان سالىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئوسمان ئەرشى سالىنىڭ مەيدىسىگە مىنىۋالغان بولۇپ، كانىيىنى بار كۈچى بىلەن بوغۇۋاتاتتى. كېكىردەكنىڭ كۈچلۈك بوغۇلۇشىدىن نەپەسى قىسىلغان سالى پۇت - قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە تېپىرلايتتى.

— ئوسمان مۇدىر، ئوسمان مۇدىر، بولدى قىلىسلا، سالى ئۆلۈپ قالمىسۇن يەنە، — ئەكرەم ئوسمان ئەرشىنى كۈچەپ تارتاتتى، — قوللىرىنى قويۇۋەتسىلە دەيمەن. ئادەم ئۆلسە خۇنىنى تۆلەيدىغان گەپ، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە...

مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئەكرەم مىڭبىر تەسلىكتە جېدەلنى بېسىقتۇرۇپ، ئوسمان ئەرشىنى يۆلەشتۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

## 2

ئىللىق قۇياشنىڭ ئاتەش نۇرىغا چۆمۈلۈۋاتقان پۈتكۈل كائىنات

مەۋجۇداتلىرى ھاياتلىق سىمفونىيەسىگە چۆمۈلگەن، كىشىلەر ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشچىلىقلىرىغا ھازىرلانغانىدى. ئەمما، سالى ئانىسى ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس. يېرىم كېچىدە يۈز بەرگەن كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىك سەۋەبلىك، بۇ ئائىلىدىكى ئىللىقلىق گويا تاڭ قۇياشى بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن شەبنەم تامچىسىدەك بىراقلا يوقالغان بولۇپ، ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن سوغۇق نۇر يېغىپ، كۆڭۈلسىز بىر ھالەت ھۆكۈم سۈرگەنىدى. تاياق زەربىسىدىن يۈز-كۆزلىرى كۆكەرگەن ئايزۆھرە يوتقانغا بېشىنى پۈركىگىنىچە ھۆكرەپ يىغلايتتى. سالى ئانىسى بىلەن تەڭ يىغىغا چۈشكەن باللارنى بەزلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. باللار خېلى كۆپ بەزلەشتىن كېيىن يىغىدىن توختىدى. ئاتىسى تەييارلاپ بەرگەن ناشتىلىقتىن كېيىن مەكتەپكە قاراپ يول ئېلىشتى.

ئادەم مەستلىكىدە قىلغانلىرىنى كەيپى يانغاندا ئويلىسا نومۇس بىلەن يەرگە كىرىپ كېتىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن ئۇيىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايدۇ-يۇ، يەنىلا ئۆز سەۋەنلىكلىرى ئارىسىدىن پايدىلىق بولغان بىرەر ئۇچۇرنىڭ چىقىپ قېلىشىغا تەقەززا بولۇپ، ئۆز سەۋەنلىكىنىڭ تولۇپ يىلتىزىنى تۇرمۇش ئەسلىمىلىرىدىن ئىزدەشكە تىرىشىدۇ.

مەستلىكى يېشىلگەن سالىمۇ ئەنە شۇ تېمىدا تەپەككۇر يۈرگۈزمەكتە: ئايزۆھرەنى نېمە ۋەجىدىن ئۇرغانلىقى، قايسى ئىشلارنىڭ نېرۋىسىغا تەسىر قىلغانلىقى، ئوسمان مۇدىر بىلەن نېمە ۋەجىدىن تۇتۇشۇپ قالغانلىقى ۋە بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا قانداق چۈشەندۈرۈشىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلانماقتا ئىدى. دەل شۇ پەيتتە ئايزۆھرە ئېغىز ئاچتى:

— خېتىمنى بەر. مەن سەن بىلەن ئەمدى ئۆي تۇتمايمەن.

— بۇ گەپنى ئالدىراپ ئېغىزدىن چىقارمىغۇلۇق.

— نېمە قىلغانغا مېنى ئۇراتتىڭ، «ئېشەككە كۈچى يەتمىسە، توقۇمنى

ئۈرۈپتۇ» دەپ، خەقنە كۆچۈك يەتمىسە مېنى ئۇرامسەن؟ — ئايزۆھرە كۆكەرگىنىچە سالىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى، — مەن زادى قايسى ئىشنى خاتا قىلدىم، قېنى ۋىجدانىڭ بىلەن ئېيتە ؟ مەن بىرى بىلەن يامان ئىش قىلىپ ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىپتىمەنمۇ ؟ ئېيتتە...

ئۇلار خېلى بىرمەھەل جېدەللەشتى، سەۋەبلىكنىڭ زادى كىمدىن ئۆتتۈلگەنلىكى ھەققىدە كۆپ مۇنازىرە بولدى.

— مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكتۈڭ، — دېدى سالى ئايزۆھرەنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويغان جانلىق ھەم پاكىتلىق سوئاللىرى ئالدىدا يەنە مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ.

— يۈزۈمنى تۆكتۈڭ؟! قانداقسىگە سېنىڭ يۈزۈڭنى تۆككەن بولۇپ قالدىم ؟

— تىجارەت قىلىمەن، دەپ يايما ئاچتىڭ. باشقىلار مېنى ئىش ئورنى يوق خوتۇننى ئېلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، خوتۇننى كوچىغا چىقىپ سودا قىلىشقا قىستاپتۇ، بىر خوتۇننى باقالماپتۇ. شۇنىمۇ ئەر سانىغىلى بولامدۇ، دېيىشتى. مانا بۇ يۈزۈمنى تۆككەن بولماي نېمە؟

— توۋا، بىر ئائىلىنى قامداش ئۈچۈن تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىممۇ گۇناھ بوپتىمۇ؟! ھەي، خەقلەرنى شۇنداق دېدىمۇ دەيلى، شۇ گەپلەرنى سەن كۆتۈرۈپ يۈردۈڭمۇ؟! شۇنداق دېگەنلەرگە لايىقىدا بىر گەپمۇ قىلالمىدىڭمۇ؟ ھازىر دېگەن قايسى زامان؟ تۆت توك - توك ئىش ھەققىگە قاراپ، گېزىرىپ ياشامدۇق... سېنىڭ نەرىڭمۇ بىر مەلۇماتلىق كىشىگە، زىيالىيغا ئوخشىسۇن؟...

ئايزۆھرەنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. ئائىلە ئۈچۈن ئەر - ئايال ئورتاق كۈچ چىقىرىش، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ھەممىنەپەس بولۇش زۆرۈر ئىدى. بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، ئىقتىسادنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكىدەك ئۈچۈر زامانىسىدا تېخىمۇ شۇنداق. بۇ نۇقتىنى سالى ئوبدان بىلىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم ئەل قاتارى ياشايمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۆز قابىلىيىتىگە تۇشلۇق قىممەت

يارىتىش يولىدا ئىزدىنىش ۋە ماددىي ئېھتىياجىنى قامدىيالىغۇدەك ئىقتىسادىي ئاساس يارىتىش يولىدا تىرىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ تولۇق چۈشىنىدۇ. شۇنداق، ئۇ ئايالىنىڭ دېگەنلىرىدىن بىرئاز گاڭگىراپ قالدى. يەنە تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، چاپىنىنىڭ پېشىنى قېقىپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەمدىلا ئىش ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋۇندى، مۇدىر توۋلىدى:

— سالى مۇئەللىم، بۇياققا چىقسىلا.

«تېزنى باسسا مېزى، دەپ يەنە نېمە گېپى باردۇ بۇنىڭ...»

نېمىلەرنىدۇر كارتىلىدىتىپ يېزىۋاتقان مەكتەپ مۇدىرى بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغان سالىغا قاراپلا داڭ قاتتى.

«تۇۋا، بىر كېچىدىلا چىرايلىرى پۈرلىشىپ، خۇددى گۆردىن چىققاندەك تاتىرىپ كېتىپتىيا. بىرەر كېلىشمەسلىك بولدىمۇ قانداق؟!...»

مەكتەپ مۇدىرى ئۆتكۈنچى خىيالدىن يېنىپ سالىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى:

— قېنى سافاغا كېلىپ ئولتۇرسىلا، — مەكتەپ مۇدىرى بىر ئىستاكان قايناق سۇنى ساجىغا كەلتۈرۈۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قانداق، مىجەزلىرى ئوبدان تۇرۇپىلىمۇ؟

— يامان ئەمەس.

— ئۆيدە باشقا ئىش بولمىغاندۇ؟

— ياق، ئۆلۈم-يېتىم ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. باللار مەكتەپتە، خوتۇن ئۆيدە قالدى. مەن ۋاقچىراق بولسىمۇ ئىشقا چىقاي، دەپ چىقىشىم.

سالىنىڭ دېگەنلىرىدىن مۇدىرنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولسىمۇ، گەپنىڭ سىپىسقلىقىدىن يەنە بىر يەرلىرىدىن غەزىپى تاشقىن بولدى.

«خۇددى جېدەلنى مەن تېرىپ قويغاندەك، تەپ تارتماي دېگەن گەپلىرىنى كۆرمەمدىغان...»

مۇدىر سالىنىڭ دېگەنلىرىگە لايىقىدا بىر گەپ قىلىشنى ئويلاپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى-يۇ، بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ئۈنىنى ئىچىگە يۇتتى. تولكۇرۇكىنى غۇرتتىدە يۇتقاندىن كېيىن سالىغا يەر تېگىدىن كۆز يۈگۈرتتى.

سالىنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، ياش خالتىسى ساڭگىلىغان. ئەزەلدىن ئانارنىڭ پوستىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان مەڭزى تاتارغانىدى. يۈز-كۆزلىرى بەدرەڭ بولۇپ، نەچچە كۈندىن بېرى سۇ تەگكەندەك ئەمەس ئىدى. چاپىنىنىڭ ياقىسى ئىچىگە قاتلانغان بولۇپ، تۈگمىسى ئىلگىرى-كېيىن ئېتىلگەچكە، قارىماققا ئەقىل-ھوشىدىن ئازغان كىشىدەك كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

— سىنىپلىرىغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، كەچكىچە ئارامىڭىزنى ئوبدان ئېلىپ ئەتە چىقسىلا، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى سالىنىڭ تۇرقىغا قاراپ قىستاپ كەلگەن كۈلكىدىن مىڭبىر تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن سالماق بىر ئاھاڭدا.

سالى ئۈندىمىدى. ئۇ مۇدىرغا تىكىلگىنىچە ئىپادىسىز ئىدى. كۆڭلىدە بولسا، نەچچە يىل ئاۋۋال يۈز بەرگەن سامساق ماجىراسى ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. شۇ دەۋرمۇ ئۇ سامساق مۇدىر بىلەن ئۇرۇشقانلىق سەۋەبى بىلەن شۆبە مەكتەپكە پالىنىپ، چەت جاڭگالدا تارتمىغان جاپاسى ئاز قالغانىدى. ئۇ مەكتەپ ھېلىھەمدىمۇ بار. ناۋادا شۇ ئىشلار قايتا تەكرارلىنىپ قالسا... ياشلىقىدىغۇ بىردە ئاچ، بىردە توق، بىردە كۆلۈپ، بىردە يىغلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان گەپ. ئەمدى بولغاندا قانداق قىلغۇلۇق. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ، شۇ ئىش يەنە تەكرارلىنىپ قالسا ئايالى بارغىلى ئۇنامدۇ؟ باللىرىچۇ؟ باللارنى قانداق قىلىدۇ؟

— ئەتە؟ — سورىدى سالى بوشقىنا بىر ئاھاڭدا.

— شۇنداق. قارىسام تازا ئوبدان ئارام ئالالمىغاندەك قىلىدىلا، شۇڭا كەچكىچە ئارام ئېلىپ ئەتە چىقسىلا. سىنىپلىرىغا تۇرسۇن مۇئەللىمنى بىر-ئىككى سائەت قاراپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. تۇرسۇن

چىققاندىن كېيىن ئۆزۈم بىر-ئىككى سائەت يىغلىپ قالغان دەرسلەرنى ئۆتىمەن.

سالى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ دېگەنلىرىگە ئانچە ئىشەنچ قىلالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. «كېچە شۇنچە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرسە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە كېلىپ بىر كۈن ئارام ئېلىش، دەپ كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشلىرىچۇ ؟ ئەجەبا ئوسمان ئەرشى بىرنېمە دېمىگەنمىدۇ ؟...»، سالىنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىز بىر ئوي كېچىشى، يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ كەتتى. «توغرا... توغرا، ئوسمان ئۇ، نەدە يۈرىدىغاندۇ. شۇنچە كېچىدە يېزىغا كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەتىگەندىلا كېتىپ قېلىشىمۇ ئەسلا...»

سالى ئوسمان ئەرشىنى خېلىلا چۈشىنەتتى. ئوسمان ئەرشى تەشكىللەش قابىلىيىتى يۇقىرى، پىرىنسىپال ئادەم بولۇپ، مۇناسىۋەتكە پىششىق ئىدى. مائارىپ خىزمىتىگە بولغان زور ئىشتىياقى، خىزمەتلەردىكى تۆرگۈنلۈكى سەۋەبلىكمۇ ياكى دېگىنىگە كۆنمەيدىكەن كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر قامالاپ پەجىمگە ئالىدىغان ئىتتىك مىجەزى سەۋەبلىكمۇ، يېزا تەۋەسىدىكى ھەرقانداق بىر ئوقۇتقۇچى تۇرماق، كەنت كادىرلىرىمۇ ئۇنى كۆرسە «خوش» دەپ تۇراتتى.

بىر قېتىم ئۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەت نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىدا ئۆزى مەسئۇل بولغان سايلام رايونىدىكى خەلقلەرگە يىغىن ئاچىدۇ. ئەمدىلا سۆزنى باشلاپ، «يېقىندىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ئالدىدا تۇرغان يېزا باشلىقىنى بىز كۆرمىدۇق. ئۇ كىشى ئاق ئادەممۇ، قارا ئادەممۇ بىلمەيمىز» دېيىشىگە، بولغۇسى يېزا باشلىقى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرايدۇ:

— سىلى كۆرمەكچى بولغان ئادەم مانا مەن، مەن سىبرىق شۇ.

ئەتراپتىكى ئاما ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپ، «ھەي، چاتاق بولدى، بۇ ئادەم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ، ئەتىسلا ئوسمان ئەرشىنىڭ مائارىپ

گەنسىلىكىنى[1] ئېلىپ تاشلايدىغان بولدى. «پۇت يۇگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۇگۈرۈكى باشقا» دېگەن شۇ دە...» دېيىشىدۇ.

بولغۇسى يېزا باشلىقى سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوسمان ئەرشى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بىراق، تەشكىل كۆرسەتكەنىكەن، بىزمۇ تەشكىلنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە ئىشىنىشىمىز، سايلامنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئاۋاز بېرىشىمىز كېرەك...

بولغۇسى يېزا باشلىقى سايلامدىن ئوڭۇشلۇق چىقىپ رەسمىي ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوسماننىڭ تەقدىرى باشقىلار ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، مەرتىۋىسى ئېلىپ تاشلانماق تۇگۇل، تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ شۇجى ھەم مۇدىرى، يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

شۇنداق، ئوسمان ئەرشى ئۆزىنىڭ خاتا كەتكەن سۆزىنىمۇ بىردەمدىلا ئوڭشاپ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش جەھەتتە خېلىلا قابىلىيەتلىك سانىلاتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق قابىلىيەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغاچ، خىزمەتكە قاتنىشىپ بىر يىلدىن كېيىنلا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى بولغان. ئۇ مەسئۇل بولغان مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئۆتۈش نىسبىتى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلگەچ، تېزلا داڭ چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ «ئوسمان زاۋۇت» دەپ تەرىپلىشىگە مۇيەسسەر بولغانىدى. تەشكىل ئۇنى يېزا باشلانغۇچ مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا مۇدىر قىلىپ يۆتكىگەندىن كېيىنمۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، مەزكۇر يېزىنىڭ مائارىپ خىزمىتىنى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدۇرغانىدى. مائارىپ ئىشخانا مۇدىرى بولغان 15 يىلدىن بېرى، ئۇ

---

[1] مائارىپ كەنسى — مائارىپ ئىشلىرىنى قىلغۇچى.

يۇقىرى - تۆۋەن مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، خىزمەتلەرنى قاتتىق قوللۇق بىلەن تۇتۇپ كەلدى، يېزا رەھبەرلىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتتى. مەكتەپ مۇدىرلىرىنى ئىشلىتىش بىلەن دەم ئالدۇرۇشقا تەڭ كۆڭۈل قويدى. ئۇ ھوقۇق تۇتقان شۇنچە يىلدىن بېرى، مائارىپ ئىدارىسى ۋە يېزا رەھبەرلىرىدە كۆپ قېتىم ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا تەۋرىنىش بولمىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ، پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇپ، ئىدارە، يېزا رەھبەرلىرى ياكى مەكتەپ مۇدىرلىرى مەيلى كىم بولسۇن چوڭ-كىچىك دېمەستىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، خىزمىتىدە بولدى. خىزمەت ئۈستىدە دىلىنى رەنجىتىپ قويغان بولسا ئايرىم ۋاقىت چىقىرىپ كۆڭلىنى ئالدى، داستىخان سېلىپ كۆڭۈل تۈگۈچلىرىنى يەشتى، چىشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

بىراق، سالى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوسمان ئەرشى ئۇنچىۋالا كەم-كوتىسىز ئادەم ئەمەس. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىرەر كىمگە بولغان ئۆچى باشقىلارغا قارىغاندا ئالاھىدىرەك بولۇپ، بىر ئىشقا قارىتا دەماللىققا ئىنكاس قايتۇرمىغاندەك قىلاتتى-يۇ، پەيت تېپىپ ئەدىپىنى بەرمەي قالمايتتى. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇنچىلىك ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشقا تامامەن قادىر ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ قوياتتى...

— شۇنداق قىلسىلا، بۇگۈن ئارام ئېلىپ، ئەتە چىقسىلا، — مەكتەپ مۇدىرى قەلەمنى قويۇپ يازمىسىنى ئاۋايلاپ قاتلىغاندىن كېيىن كونۋېرتقا ئېھتىيات بىلەن سالدى. ماتېرىيال ئىشكاپىدىن قول سومكىسىنى ئېلىپ، كونۋېرت بىلەن لازىمەتلىك ماتېرىياللىرىنى سالدى ۋە تېخىچە ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرغان سالىغا قاراپ، — يېزىغا بارىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى، بېرىپلا كېلىمەن. ئۆزلىرى ئۆيلىرىگە كىرىپ ئارام ئېلىپ تۇرسىلا، — دېگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى.

سالى ئۆيىگە قايتىپ كىرگەنىدە ئايزۆھرە نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۆي يىغىشتۇرۇلۇپ، پاكىز تازىلانغان بولۇپ، قارىماققا

ئـايزۆھرە بـۇ ئۆيـدىن چىقىـپ كېتىدىغانـدەك، شـۇ كەتكىـنىچە مەڭگـۈ قايتىپ كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

— ئەمدى كەتسەم ھەرگىـز قايتىـپ كەلمەيـمەن. خېتىمنـى بەرسـەڭ ئىككىنچـى ساـڭا قارىمـايمەن. سـەندەك بىـر ئادەمنىـڭ بـارلىقىنى ئەسـلا ئەسـكە ئېلىـپ قويمـايمەن، — دېـدى ئـايزۆھرە سـالىنى كـۆرۈپلا قەلەم ئېلىپ كېلىـپ سـۆزىنى داۋام قىلـدى، — خېتىمنـى بۇگـۈن بەر دېـسەم ئۇنىمايسەن. ماڭا تىلخەت يېزىپ بەر. قاچان دېسەڭ شۇ چاغدا كېلىـپ خېتىمنى ئالىمەن. بالىنى ئۆزۈم ئالىمەن، باشقا نەرسىلەر ساڭا قالىدۇ.

— پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپانىنى ئوتقا سالغىلى، ئىتنـى چىـشلىدى، دەپ چىشلىگىلى بولمايدۇ. تۇرمۇش دېگەن ئەنە شۇنداق رەڭـدار نەرسـە. ئۇنىڭ قاتمۇ قات دوقاللىرى، ئەگرى-توقـايلىرى بولـدىغان گەپ. مۇشـۇ ئىـشنى دەپ ئاجراشـساق ئوبـدان بولمايـدۇ. ئۆزىمىزگىمـۇ، بـالىلارغىمۇ ياخشى ئەمەس. مۇھىمى بالىلارغا ئوبدان بولمايدۇ. بىزغۇ ھەرنېمە قىلىـپ ئۆتۈپ كېتەرمىز، بالىلار قانداق قىلىدۇ؟ كىمگە بويۇن قىسىدۇ؟ ئاتـا-ئانىسى بار تۇرۇپ يېتىملىك دەردى تارتسا ياخشىمۇ؟

— قانچىلىك بەدەل تۆلىسەم بـالىلىرىمنى ئـۆزۈم بـاقىمەن. سـەندىن بىر پۇڭلۇق نەرسە تەلەپ قىلمـايمەن. ئـۆي-بىـسات سـاڭا قالىـدۇ، قايتا توي قىلساڭ يەنە باللىق بولالايسەن.

— مەن باللىق بولۇشـنىڭ غېمىنـى قىلمىـدىم. دەۋاتقىـنىم، بىـزلەر ھايـات تـۇرۇپ بـالىنى يېـتىم قىلىمىزمـۇ ؟ ئاتىـسىز يـاكى ئانـىسىز چـوڭ بولغـان بالىنـىڭ روھىيىتـىدىكى نۇقـسانلارنىڭ قانچىلىـك دەرىجىـدە بولـدىغانلىقىنى، بۇنـداق روھىـي كەمتۈكلۈكنىـڭ بالىنىـڭ كەلگۈسـىگە قانچىلىـك تەسـىر كۆرسـىتىدىغانلىقىنى سـەن چۈشىنەمـسەن؟ بولمايـدۇ، ھەرقانچە بەدەل تۆلىسەكمۇ بـالىلارنى ئورتـاق بېقىـپ قاتارغـا قوشۇشـىمىز كېرەك، ئايزۆھرە. يەنە كېلىـپ بالىنىڭ بىرى بېجىرىم ئەمەس. مۇشـۇنداق ھالەتتە خېتىڭنى بەرسەم، تەڭرى ئالدىـدا كەچۈرگۈسـىز گۇناھقـا مۇپتىـﻼ بولماسمەنمۇ؟ مېنى كەچۈر. ئاخشام ئۆزۈممۇ بىلمەيـمەن. نېمىـشقىدۇركى،

يېقىنقى بىرقانچە ئايدىن بۇيان، بولۇپمۇ سەن بوتكا ئېچىپ تىجارەت باشلىغاندىن بۇيان كۆڭلۈم پەقەتلا جايىدا بولماي كەلدى. نەگىلا باراي بىرى سەن توغرۇلۇق گەپ - سۆز قىلىۋاتقاندەك، مېنى مازاق قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. كىشىلەرنىڭ ساڭا شەھۋانىي كۆزىدە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك بىر ھېسسىيات بىلەن قان- قېنىمدىن دەرغەزەپكە كېلىمەن. نېمىشقىدۇر كۆنبويى ساڭا ھەمراھ بولۇپ، سېنى ھېچ يەرگە چىققۇزماي ئۆيدىلا باققۇم كېلىدۇ.

— بولدى، ئۇنداق گەپلىرىڭنى كۆپ ئاڭلاپ كەتتىم. سەن بىر تۈلكە. مۇشۇ سۆزلىرىڭ بىلەن ھەرقانداق بىر ئايال زاتىنى ئالدىساڭمۇ بىردەمدىلا ئىندەككە كەلتۈرەلەيسەن...

— ماڭا مۇنداق مۇئامىلە قىلساڭ بولمايدۇ. مېنىڭ دەۋاتقانلىرىمنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتسەڭ بولاتتى. مەن بىلىمەن، مۇشۇ دەقىقىدە ئۆزۈڭنى مەندىن ئايرىلساڭلا ئەڭ بەختلىك بولۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىسەن.

— توغرا ئېيتتىڭ. سېنىڭدىن ئايرىلساملا بەختلىك بولالايمەن.

— ئىراق، سەن يىراقنى ئويلىشىڭ كېرەك. ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ باللار چوڭ بولغاندا، بىزدىن دادام، ئاپام قېنى دەپ سورىماسمۇ ؟ ئۇلار ئۆي-ئوچاقلىق بولۇش ئالدىدىكى ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۆز ئاتام، ئۆز ئانام بولغان بولسا دېگەنلەرنى خىيال قىلماسمۇ؟ ھەممە ئادەم پۇلنى دەپ ياشاۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئۆز پۇشتىدەك كۆرۈپ ئەتىۋارلاپ باقىدىغان ئاتا-ئانا بولغۇچىدىن قانچىلىك باردۇ؟ بىز كەلگۈسى مۇساپىمىزدە ئەنە شۇنداق بىرەرسىنى ئۇچرىتالايمىزمۇ - يوق؟ ئاجرىشىپ باشقا بىر ئادەم بىلەن توي قىلدۇق دېگەندىمۇ ھېچقانداق جەڭگى - جېدەلسىز ئۆتۈپ كېتەلەيمەنغۇ دەپ كېسىپ ئېيتالىشىمىز مۇمكىنمۇ ؟...

سالى خېلى ئۇزاق سۆزلىدى، ئايزۆھرە يەنە يىغلاشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇ كۆڭلى ئازار يېگەنلىك ياكى سالىنىڭ ئاجرىشىش تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سالىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئۆزىنى

تۇتۇۋالالماي يىغلىغانىدى. شۇ دەقىقە ئۇ، مەرھۇم ئاتىسى ئاۋۇت داموللا ۋە ئانىسى زىبىدىخاننى ئەسلەپ قالغانىدى. ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالمىغان بولسا، قىرى قىز بولۇپ، سالىدەك بىر نامرات ئەپەندىمگە ياتلىق بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا بۇنداق خورلۇق تارتمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەن، شور پېشانىلىكىدىن ئۆكۈنگەنىدى. ئايزۆھرە بىرھازا يىغلاشتىن كېيىن خىيال قاينىمىغا پاتتى. ھايات مۇساپىسىدىكى ھەربىر قەدەملىرىنى، ئەگرى-توقايلىقلارنى، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىسسىق-سوغۇقلارنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، سالىنىڭ ياش ئەللىكتىن ھالقىغاندا قىلىپ يۈرگەنلىرىدىن بىزارلىق ھېس قىلغانىدەك بولۇپ، چوڭقۇر ئۇھسىندى. ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:

«ئىنسانىنىڭ ھاياتلىق مەنزىلى نېمىدېگەن ئەگرى-توقاي ھەم مۇشەققەتلىك-ھە ! ئادەم بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ كۆز ئاچقان ئاشۇ دەقىقە يىغا بىلەن مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىكەن. يىغا بىلەن تۆرەلگەنىدەك يىغىغا ئەسرا بولۇپ ياشايدىكەن. راھەت بىلەن پاراغەت، جاپا بىلەن مۇشەققەت، ئازاب بىلەن خۇشاللىق ھەردائىم ھەمراھ بولۇپ، گاھ كۈلۈپ، گاھ يىغلاپ ئۆتىدىكەن. بەزىدە بېشىغا تۇيۇقسىز قونغان ئامەت قۇشىدىن چەكسىز ئېيتخارلىق ۋە ھۇزۇر ھېس قىلسا، يەنە بەزىدە بېشىغا تۇيۇقسىز كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق ۋە خاپىلىقلاردىن دەرد چېكىپ، ھەسرەتتە قالىدىكەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ياشىماق بەكمۇ تەس ئىكەن، ھەقىقەتەن تەس ئىكەن، بولۇپمۇ ئادەمدەك ياشىماق...»

## سەككىزىنچى باب

# خىجالەت

## 1

شۇ قېتىمقى كۆڭۈلسىز ۋەقەدىن كېيىنكى بىر مەزگىل، سالىنىڭ كۆڭلى دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆتتى. بىرەركىم بىلەن باردى-كەلدى قىلمىدى. تۇرلۇك يىغىلىش، پائالىيەتلەرگە ئەسلا قاتناشمىدى. تۇيۇقسىز بىرى كېلىپ ئۆزىنىڭ يىراق بىر مەكتەپكە يۆتكەلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغاندەك ساراسىمە ئىچىدە، پات-پاتلا مەكتەپ دەرۋازىسىغا قاراپ قويىغاندىن باشقا، قۇلىقى گاس، تىلى سۆزلىمەس بولۇپ قالغاندەك، ھېچقانداق بىر ئىشقا ئارىلاشماي، خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە ياشاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەس-يادى سىرتتىن كىرىپ كەلگەن كىشىدە، كۆڭۈل ئەندىشىسى بولسا، ئۆزى ئۇچۇن پايدىسىز بولغان شۇم خەۋەرنىڭ كېلىپ قېلىشىدا ئىدى. ئەندىشىسىنىڭمۇ ئورنى بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئالىمادىن باشقا بىر يەرگە يۆتكىلىپ قالسا، شەخسىي زېمىنىدىن ھازىرقىدەك خەۋەر ئالالمايدۇ، مۇھىمى، ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا ۋاقتى-قەرەلىدە چىقىپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلالمايدۇ، باللارنى ئوبدان ئوقۇتالمايدۇ، ئىككى ئارىلىق بولۇپ، كۆپ رىيازەت چېكىدۇ. قىسقىسى،

ياش بۇ يەرگە يەتكەندە ئېغىر كېلىدۇ...
سالى سەھەردىلا مەكتەپكە يېتىپ كېلىپ، ئىشخانىلارنى تازىلاپ، سۇ سەپتى، گۈللەرنى سۇغاردى. ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپ، مەيدانلارنى تازىلاشقا تەشكىللىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشقا چىقىش ۋاقتىنى تىزىملاپ بولغاندىن كېيىن گىمناستىكىغا داڭ ئۇردى.
ھەيۋەتلىك بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئاخىرلىشىپ، گىمناستىكا ئوينالدى. گىمناستىكىدىن كېيىنكى دەرس قوڭغۇرىقى چېلىنغاندا سالىنىڭ قورسىقى كوركىراپ كەتتى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا كىرىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قورساقنى ئەستەرلەپ چىقىش خىيالى بىلەن ئەمدىلا بوسۇغا ئاتلاپ تۇرۇشى، يېزا پوچتىكىشى يېتىپ كەلدى ۋە يىراقتىنلا توۋلىدى:
— سالى مۇئەللىم، بۈگۈنكى نۆۋەتچى مۇئەللىم كىم بولغىيتتى-ھە؟
— نۆۋەتچى مەن ئۇكام.
— مەنمۇ دەل جايىنى تېپىپ سوراپتىمەن، — پوچتىكەش شۇنداق بىر كۈلۈۋىدى، ئەزەلدىن يۇمۇق كەلگەن ئۇنىڭ كۆزى بىر نۇقتىغا تۈگۈلۈپلا يوقاپ كەتتى، — ئۇنداقتا ماۋۇ گېزىت-ژۇرنالنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئىمزالىرىنى قويۇپ بەرگەن بولسىلا بوپتىكەن.
ھازىر بۇ مەكتەپتە 18 نەپەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، بۇلاردىن مەكتەپ مۇدىرى، خەنزۇ تىلى، تەنتەربىيە دەرس ئوقۇتقۇچىسى ۋە لابورانتنى چىقىرىۋەتكەندە، مەكتەپتىكى 14 سىنىپقا بىردىن ئادەم توغرا كېلەتتى، كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلار خەنزۇ تىلى ۋە تەبىئەت دەرسىدىن باشقا بارلىق پەنلىرىنى ئۆزلىرى ئۆتەتتى. بىرەر-يېرىم كۈن رۇخسەت سوراش، ئاغرىق-سىلاق بولۇپ يېتىپ قېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچ، ئۆلۈم- يېتىم ئىشلىرىدىن باشقا چاغدا كىمدىنكىم رۇخسەت سورىسا بىر سائىتىگە ئۈچ سائەتلىك مائاشى تۇتۇلاتتى. بۇنىڭسىزمۇ ھەربىر ئادەمنىڭ پاتىنىدا بىر سىنىپ بار، ناۋادا ئۇ ئىش-بۇ ئىش بىلەن دەرسلەر ۋاقتىدا ئۆتۈلمىسە، باللارغا ئوبدان ئۆزلەشمەي

يىللىق سىناق نەتىجىسى بەلگىلەپ بېرىلگەن دەرس ئۆزلەشتۈرۈش كۆرسەتكۈچىدىن چۈشۈپ كەتسە، ئوخشاشلا ئىش ھەققى تۇتۇلاتتى. مانا مۇشۇنداق تۈرلۈك ئامىللار سەۋەبلىك ھېچكىممۇ ئادەتتىكى كېسەل ۋە بىۋاستە قانداشلىقى بولمىغان تۇغقانلار، تونۇش-بىلىش، ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىغا خىزمەت ۋاقتىدىن ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرىشقا پېتىنالمايتتى. نۆۋەتچىگە مەكتەپنىڭ شۇ بىر كۈنلۈك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى يۈكلىنەتتى. كىمدىنكىم نۆۋەتچى بولغان كۈنى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىرەر ئىش چىقىپلا قالىدىكەن، نۆۋەتچى خادىم مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغان بولغاچ، نۆۋەتچى بولغان ئادەم ئەتىگەندە بىر چىققانچە كەچكىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارقىسىدىلا يۈرەتتى. بىر سائەتلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان چۈشلۈك ئارام ۋاقتىدىمۇ مەيدان، سىنىپلارنى ئارىلايتتى. يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى نۆۋەتچىلىك قىلماق تېخىمۇ مۈشكۈل بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشلۈك ئاراملاردا ئۆستەڭلەردە سۇغا چۆمۈلۈپ، كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە يولۇقۇپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەكتەپ ئەتراپىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىنى مارىلاشقا توغرا كېلەتتى.

پوچتا يوللانمىسى تىزىملاغ دەپتىرىنىڭ «بىر پارچە خەت» دېگەن ئىستونىغا كۆزى چۈشۈۋىدى، سالىنىڭ قولى تىترەپ كەتتى.

«نېمە خەت بولغىيتتى. چوقۇم مەن توغرۇلۇق كەلسە كېرەك.»

كونۋېرت ئۈستىگە:

«بۇ خەت قارىغول كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى مۇدىرىغا تېگىدۇ.

ئارائۆستەڭ يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىدىن» دەپ يېزىلغاندىن باشقا ئۇچۇر بېرىلمىگەنىدى. بۇ ھال سالىنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. ئۇ، دەقىقىلىك ئويلىنىشتىن كېيىن خەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئاخىر تاپتى.

«ئىشكاپ تارتمىسىغا تىقىپ قۇلۇپلىۋەتسەملا ئىش پۈتمەمدۇ».

سالىنىڭ كۆڭلى سەل-پەل ئارام تاپقاندەك قىلدى-يۇ، يەنە «پوچتىكەشنىڭ كەلگىنىنى بىرەرسى كۆرۈپ قالغان بولسىچۇ» دېگەنلەر خىيالىغا كېچىشى، دەككە-دۈككىسى قايتىلاپ ئەدىدى.

«كونىلار: ‹ئاشكارىلانمايدىغان ئىش يوق، كالپۇكتىن تاشقىرى چىش› دەپتىكەن، بەك قىلسا شۇ ئىش ھەققىدىن تۇتىدىغان ياكى مەكتەپتىن مەكتەپكە ئالماشتۇرىدىغان ئىشقۇ. يىلدا ئۇ مەكتەپتىن بۇ مەكتەپكە ئالمىشىپ ئورنى ئىسسىماي كېلىۋاتقانلارمۇ چىداپ كېلىۋاتقان يەردە ماڭا نېمە قورقۇش. گېزى كەلسە ئۆينى يۆتكىمەي، ۋېلىسىپىت بىلەن قاتراپ ئىشلەرمەن شۇ...»

سالى شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشىغا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سالى مۇئەللىم، خەت كەپتىمۇ؟

— ھە...ئە...خەت...خەتمۇ؟

سالىنىڭ قوللىرى غال-غال تىترەيتتى. ئالىقان كەڭلىكىدىكى كونۋېرت كۆز نۇرى كەڭلىكىگە پاتمايۋاتقاندەك، ئەنە شۇ ۋەجىلىك كونۋېرت ئۈستىدىكى خەتلەرنى سەگگىرمەيۋاتقاندەك ئىدى.

بۈگۈن يېتىپ كەلگەن خەت ئۈچ پارچە بولۇپ، ئىككى پارچىسى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارغا، يەنە بىر پارچىسى مەكتەپكە — مۇدىرغا كەلگەنىدى. سالىنى ساقلاپ تاقەتى تاق بولغان مۇدىر ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. خەتلەرنى تىمسقىلاپ تۇرغان سالىغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، شىرە ئالدىغا كېلىپ مەكتەپكە كەلگەن ھېلىقى خەتنى قولىغا ئالدى.

— ئۆتكەنكى يىغىندا جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش بار دەۋاتقان، ھەقاچان شۇ ئىشمىكىن، — مۇدىرنىڭ كونۋېرت ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن سالىنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى، — شۇ ئىشكەن. ئۆزلىرىگە ئىش چىقىپتۇ. ئىش ھەققى تەڭشەش ئىشى بىلەن يىغىن ئېچىلىدىكەن. ناھىيەگە بېرىپ ئۈچ كۈن كۇرسقا قاتنىشىپ كېلىدىكەنلا مۇئەللىم.

«ئۇھ». سالى ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلدى. كۈلۈپ تۇرۇپ سۆز ئالدى:

— بۇ بىر مۆجىزە بوپتىغۇ.

— قانداق دەيدىلا؟

— مەن خىزمەتكە قاتناشقان ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ئوقۇتقۇچىلارنى يېزىدا ئىلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت ۋە يىغىندىن باشقا ناھىيەگە يىغىنغا چاقىرىپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم، يېقىنقى بىرقانچە يىلنىڭ ئاقى ئىشلار ياخشىلىنىپ، ئۆزلۈكسىز تەربىيەنىڭ باھانىسىدە ئانچە-مۇنچە شەھەر كۆرۈپ كېلىدىغان بولدۇق. ئەمدىلىكتە ناھىيەگە يىغىنغا بارىدىكەنمىز.

ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— شۇنداق، زامان تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. مائارىپنىڭ ئىشلىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەنە ئىككى ئاساسەن يولغا قويۇلۇۋىدى، مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۆلچەملىك سىنىپ، پارتا-ئورۇندۇق، تەنتەربىيە، تەجرىبە ئەسلىھەلىرى ۋە تەجرىبە بازىسى بولماسلىق مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىندى. بەزى رايونلاردا كومپيۇتېر، تىل، يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش سىنىپلىرى قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، پات ئاردا بىزنىڭ مۇشۇ مەكتەپتىمۇ شۇنداق شارائىت يارىتىلىدۇ.

— شۇنداق بولسا ئوبدان بولاتتى. دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۇسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلاتتى،— دېدى سالى. ئۇ سەل ئىككىلەنگەندەك بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرىدىن سورىدى:

— مەندەك بىر كاردىن چىققان ئادەم قاتنىشىدىغانغا، نېمە يىغىن بولغىيتتى-ھە ؟

— نېمە يىغىن بولاتتى، ھېساب باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، كىچىك خەزىنىگە قارشى تۇرۇش يىغىنىكەن. ھېساب باشقۇرۇش بويىچە كۇرس ئېچىلسا كېرەك.

— بۇ يىغىنغا بىزنىڭ قاتنىششىمىزنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى. بىر يەشىلىك بورغا كۈچىمىز يەتمىگەن مەكتەپتە، يەنە نەدىكى كىچىك خەزىنە بولسۇن. ھېسابنىڭ ھەممىسى مائارىپ ئىشخانىسىدا بولغاندىكىن مەن بارمىسامۇ بولار؟

— ئۆزلىرى دەپ باقسىلا قېنى ؟

— مېنىڭچە، ئەمدى ھېسابقا يېقىن يولىماي، كۇرسقا ياشلاردىن بىرى بېرىپ كەلسۇن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشخانىغا دەپ ھېسابنى بىر تەكشۈرتەيلى، ئاندىن ھېسابنى شۇ كىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئاستا ـ ئاستا ئۆگىتىپ كېتەيلى. ئادەم قېرىغاندا قەدەم قىسقىراپ قالىدىكەن. بىر سىنىپنىڭ ئىشى بىلەن يەنە ھېسابقا چېپىپ بەكلا يېتىشەلمەي قالىدىكەنمەن.

— ئۇسمان مۇدىرغا ئادەم تولۇقلاپ بېرىش توغرۇلۇق بىرقانچە قېتىم ئېغىز ئاچسام، تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئويلىشىۋاتىمىز، دەيدۇ بولمىسا، لېكىن ئادەم مەسىلىسى قاچان ھەل بولىدۇ، ئېنىق بىرنېمە دېمەك تەس.

— ۋايتاڭ. مائارىپتا ئادەم مەسىلىسى ئۇزۇل ـ كېسەل ھەل بولمىقى تەس جۇمۇ. مەن خىزمەتكە قاتناشسام ئادەم يېتىشمەيدىكەنتۇق. ھازىرمۇ شۇ. يېزا دېگەندە ئارام، تەتىل دېگەنلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئىشلەيدىغان گەپكەن. ئۆتكەن يىلى شەھەردە بىر ساۋاقدىشىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئەھۋاللىشىۋېتىپ، ھەپتىدە نەچچە سائەت دەرس بېرىسەن، دېسەم، بىر خىل تەييارلىق بىلەن توققۇز سائەت دەيدۇ. شەھەر بولغاندىكىن شۇنداق بولغىنى مۇۋاپىق، دەپ ئويلاپ بىرنېمە دېمىدىم، لېكىن ئۇ بۇ سوئالنى مەندىن قايتىلاپ سورىغاندى، مەن بىر سىنىپنىڭ مۇدىرلىقىنى، خەنزۇ تىلى، تەنتەربىيە، تەبىئەت پەنلىرىدىن باشقا پەنلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، دەپ جاۋاب بەرسەم، تولا پوچىلىق قىلماي ئىشىڭنى قىلە، بىر جىنىڭغا نەچچە خىل تەييارلىق بىلەن دەرسكە كىرىپ، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈپ، نەتىجە خۇلاسىلەپ قانداقمۇ يېتىشىسەن؟ ساڭا ئۈچ ـ تۆت كىشىلىك ئىش ھەققى بەرمەيدىغاندۇ

دەيدۇ. قىسقىسى، دېگەنلىرىمگە پەقەتلا ئىشەنمىدى.

— مەكتىپىمىزنىڭ شارائىتىنى شەھەر مەكتەپلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، يېزىمىزدىكى باشقا مەكتەپلەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا ياخشى دېيىشكە بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىمىز، مەخسۇس تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىمىز، لابوراتورىيىمىز بار. «ئىككى ئاساسەن» نىڭ تەكشۈرۈشىدىن بالا قوغلاپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان ئىشلىرىمىزمۇ ئاساسەن تۈگىدى...

مۇدىرنىڭ سۆزلىرى سالىغا ھەر كۈنى ئەتىگىنى مەھەللىمۇمەھەللە قاتراپ بالا قوغلاپ يۈرىدىغان كۈنلەرنى ئەسلىتىپ قويدى. ئۇ كۈنلەردە، ئوقۇتقۇچىلار قايسى كۈننى كۆرمىگەن دەيسىز. تەتىلدە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمەت ۋەزىپىسى بويىچە، ساۋات چىقىرىش كۇرسىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا چاپمىسا تېخى. تەتىلمۇ تەتىل بولمىغان. ھازىر بۇ ئىشلارمۇ ئۆز رىتىمىغا چۈشتى. مەكتەپ شارائىتىمۇ ياخشى، ئىلگىرىكىدەك ھەر يىلى كۆز كىرىشى بىلەن سىنىپ-ئىشخانىلارنىڭ ئۆگزىسىگە لاي سالىدىغان، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان ئىشلارمۇ يوق. ھۆددىگە بېرىپ تولختاملىشىۋەتسە، يىل ئاخىرىدا پۇلىنى يىغىپ ھېسابقا ئۇرۇۋەتسىلا بولىدۇ...

— شۇنداق قىلسىلا، بۇ قېتىمقى كۇرسقا ئۆزلىرى بېرىپ كەلسىلە، قالدى ئىشلارنى كېيىن دېيىشەيلى. ئىشخانىدىكىلەرنىڭ ھېساب تەكشۈرىدىغانغا قاچانلاردا چولىسى تېگىدۇ، مۇشۇ پۇرسەتتە ئەكرەم بوغالتىر بىلەن سۆزلىشىپ باقسىلا.

ناھىيەدە ئېچىلغان ئىككى كۈنلۈك كۇرس ئاخىرلاشقان كۈنى كەچتە سالى ئەكرەمنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ناھىيە بازىرىدىكى بىر ساماۋارخانىدا تاماققا ئولتۇردى. ئەكرەمنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولۇپ، ئوچۇق - يورۇق ئىدى. پاراڭ ئارىلىقىدا سالى ئىلگىرى ئېلىپ تاشلانغان ئىككى دەرىجە ئىش ھەققىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-

يوقلۇقى ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ:

— خوتۇنىنىڭ ئىش ئورنى بولمىغاچ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقمۇ ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا توختىتىپ قويغان مائاش دەرىجەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتى بولامدۇ-يوق، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ باقسىڭىز. باشقا تەرەپلىرى بولسا مەنمۇ قاراپ تۇرمايتتىم، — دېدى.

— يانچۇقىمىزدىن بەرمىگەندىكىن، بۇ ئىشنى ئوسمان مۇدىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي. ھەل بولۇپ قالسا ھەممىمىزگە ياخشى.

ئارقا-ئارقىدىن ئىچىلگەن ئىككى چەينەك مۇسەللەس سالىنى خېلىلا تۇتقاندى. ئۇ ئەمدى گەپنىڭ تېمىسىنى زۇلھاياتقا يۆتكىدى.

— زۇلھايات بىلەن توي قىلمىقىڭىزمۇ خېلى تەسكە چۈشتى. بۇ ئىشتا مېنىڭمۇ سەۋەنلىكىم بار ئەكەرەم.

— بۇ ئىشلارنى قانداقمۇ سىلىدىن كۆرگىلى بولسۇن. بىز خەقتە ئاشۇنداق بىر-بىرىمىزنى كۆرەلمەيدىغان ئەھۋاللار بار. بۇ يالغۇز ھازىرقى زامانىنىڭ ئىشى بولماستىن، ئەلمىساقتىن ساقلىنىپ كەلگەن يامان ئادەتكەن. سىلى دەپ ئۆتكەندەك، باشقىلارنىڭ يالغان-ياۋىداق سۆزلىرى بىلەن تاس قايتىمەن ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغىلى.

— ھېلىقى ۋاقىت ئېسىڭىزدىمۇ ؟

— قايسى چاغنى دەيدىلا ؟

— ئايزۆھرە ئىككىمىز سەيلىكتە تۇرغان بىركۈنى، سىز مەكتەپكە كېلىپ زۇلھاياتنى سورىغان ۋاقتىڭچۇ؟

— ھە، ئېسىمگە كەلدى. بىر شەنبە كۈنىغۇ دەيمەن.

— شۇنداق. ئۇ كۈنى ئايزۆھرە سىزگە يالغان سۆزلىگەندى، بىراق، مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ سىزگە راست گەپنى قىلمىدىم. ئۇ كۈنى زۇلھايات مەكتىپىمىزدىكى بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىگە، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشكىلى چىقىپ كەتكەن، — سالى ھېلىلا ئەكرەم قويۇپ قويغان نۆۋەت ھارىقنى گۈپپىدە قىلىپ كۆتۈرۈۋەتكەندىن

كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — راستىنى ئېيتسام زۇلھايات ھەقىقەتەن تېپىلغۇسىز ئېسىل بالا، دائىم باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپلا يۈرىدۇ. بىرلا يېتەرسىزلىكى شۇكى، خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈنمۇ، گەپنى ئۇدۇللا دەيدۇ. پەقەت يالغان سۆزلەشنى بىلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ ئايزۆھرە بىرمەزگىل ئۇنىڭدىن يامانلاپ يۈردى. ئۇ مېنىڭ ئىككى دەرىجە مائاشىمنىڭ تۆۋەنلىتىۋېتىلىشىدە زۇلھاياتنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، دەپ قارىغاچ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەنە شۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ، ئاراڭلاردا سوغۇقچىلىق پەيدا قىلدى. بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ ئەكرەم. ئايزۆھرە ھەدىڭىزنى كەچۈرۈۋېتىڭ.

— سالى مۇئەللىم، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى. سىلى مېنىڭ ئۇستازىم. مەن يېڭى خىزمەتكە چىققاندا ماڭا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتكەن، تۇز-تاماق بەرگەن. مەن سىلەردىن ھەرگىزمۇ يامانلاپ يۈرمەيمەن. ئايزۆھرە ھەدەم شۇ ئىشلارنى تونۇپ يەتكەن بولسىلا بولدى. مەن ئويلايمەنكى، بىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى، خاتالىق سادىر قىلىش بولماستىن، ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ يېتەلمەسلىكتۇر. ھازىر زۇلھايات ئىككىمىزنىڭ ئەھۋالى ياخشى. ئوماققىنا بىر بالىمىزمۇ بار. ئۇمۇ يېزىدىكى ئىشلار بىلەن ئالدىراش.

زۇلھايات توغرىسىدىكى بۇ بىر جۈملە سۆز كىتابخانلارنى گاڭگىرىتىپ قويمىدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ. شۇنداق، بىز سالى توغرىسىدا سۆزلەۋېرىپ، ئەزىز ئوقۇرمەنلىرىمىزگە زۇلھايات توغرىسىدا ئۈچۈر بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇق.

زۇلھايات ھازىر ئارائۆستەڭ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش جەريانلىرى مۇنداق ئىدى:

سالى ئائىلىسىدىكى كۆڭۈلسىز ئىشلار بولۇنۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمىگەن بىر كۈنى، مەكتەپ مەيدانىدا يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئولتۇرىدىغان مەخسۇس ماشىنا پەيدا بولۇپ قالدى. ھەممە كىشىلەر خۇددى سالىغا بىر ئىش بولىدىغاندەك ئەندىشىلىك بىر تەرزدە قارىشىپ

تۇرغان پەيتتە، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىسىنىڭ رەئىسى ماشىنىدىن چۈشۈپ كەلدى. مەكتەپ مۇدىرى بىلەن سوغۇققا سالاملاشقاندىن كېيىن بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، مەكتەپ مۇدىرى بارلىق خادىملارنى ئىشخانىغا يىغىش بۇيرۇقىنى سوقتى. ئەتىگەنلىك گىمناستىكىدىن ئەمدىلا چۈشۈپ، سىنىپقا كىرىشكە ئۈلگۈرمەيلا، ماشىنىغا قارىشىپ تۇرغان بىرقانچەيلەن تەرەپ-تەرەپكە چېچىشقىنىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە خەۋەر يەتكۈزدى.

— ھەرقايسىڭلارنى چاقىرتىشىمىزدا مۇنداق بىر ئىش بار، — دەپ سۆز باشلىدى رەئىس، — خەۋىرىڭلاردا بولسا كېرەك، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ھاۋانىسا نەچچە ئاي ئىلگىرى ناھىيەگە خىزمەت ئالمىشىپ كەتكەن، يېقىندا يەنە بىر نەپەر ئايال مۇئاۋىن يېزا باشلىقى تولۇقلىماقچى، شۇڭا بۇگۈن مەكتىپىڭلاردىكى زۇلھاياتنىڭ رايىنى سىناپ بېقىشقا كەلدۇق. زۇلھايات كىچىكىدىن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان، قوش تىللىق، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، يېشى ۋە سىياسىي قىياپىتى جەھەتتىن يۇقىرىنىڭ خادىم تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز ئۇنىڭ خىزمەت ئىپادىسى، ئىستىلى، تىرىشچانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن ھەرقايسىڭلارنىڭ پىكرىنى ئالماقچى...

رايىنى سىناش قەغىزى تارقىتىلغاندا سالى «ئىستىلى» دېگەن گىرافىكىنىڭ «ناچار» دېگەن ئىستونىغا چوڭ قىلىپ بەلگە ئۇرغانىدى. زۇلھاياتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ئىستىلى، خىزمەت قابىلىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە تەشكىلنىڭ ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش پىرىنسىپىغا تامامەن چۈشىدىغانلىقى سالىغا بەش قولدەك ئايان بولۇپ، زۇلھاياتنىڭ تەكتىنى سىناش قەغىزىگە ھەممە جەھەتتىن «مۇنەۋۋەر» دېگەن باھانى بېرىشكە ھەقلىق ئىدى، ئۆز كۆڭلىدىمۇ شۇنداق بىر ھېسسىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەمما، سالى كۆڭلىدىكىنى ئەمەلدە ئىپادە قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدا، قانداقتۇر بىر تىل بىلەن ئىپادىلىمەك قىيىن بولغان ھېسسىيات قىسچىلىقى سەۋەب بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇ

ئۆزىنىڭ نېمە ۋەجىلىك زۇلھاياتنىڭ ئىستىلىغا «ناچار» دېگەن باھانى بەرگەنلىكىگە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيتتى. سالى زۇلھاياتنىڭ بىرەر ناشايان ئىشلىرىنى چېلىقتۇرغانمۇ؟ زۇلھايات راستلا شۇنداق قىزمۇ؟ ياق، ئەمەلىيەتتە زۇلھايات يۈزى تۆۋەن قىز، بىرەر يات جىنسنى كۆرسە پۇت ـ قوللىرى ئالمىشىپ ماڭالماي قالىدۇ دېگۈچىلىكى بار، ئەخلاقى، ئەقلى، شەرم ـ ھايادا تەڭ يېتىلىپ چىققان ئوبدان قىز. ئۇنداقتا، سالىنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا زۇلھاياتقا ئەخلاقتا ناچار دېگەن نام ـ ئاتاقنى بېرىشىگە زادى نېمە سەۋەب بولدى؟ زۇلھاياتنىڭ سالىنىڭ ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى قىسمەن يېرىكچىلىكمۇ؟ ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس. بۇنىڭدىكى تۈپكى زىددىيەت شۇ يەردىكى، سالىنىڭ كۆزىگە سىغمىغىنى زۇلھايات بىلەن ئەكرەمنىڭ بېرىش ـ كېلىشلىرى ئىدى. گەرچە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق نورمال داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، سالىدەك تام تۈۋىدە يوشۇرۇن كۆرۈشۈپ، بىرقانچە ئېغىز پاراڭلاشقاندىن باشقىسىنى چەكتىن ئاشقانلىق دەپ بىلىدىغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، چەكلىمىدىن ئاشقان ئۇچرىشىش، شەرم ـ ھايادىن چەتلىگەنلىك، ھاۋايى ـ ھەۋەس ئوتىدا پۇچىلىنىپ، ئۆز ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا ئۇرۇنغانلىق ئىدى. ھازىرقى زامان ياشلىرىغا خاس مۇھەببەتلىشىش ئۇسۇلى سالىنىڭ دىتىغا زادىلا سىغمىغانىدى. مانا مۇشۇ سەۋەب، سالى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا زۇلھاياتقا ئىستىلدا ناچار دېگەن ھۆكۈمنى ھەدىيە قىلغانىدى. ئۇنىڭ نەزىرىچە، توي قىلماستىنلا بىر يىگىتنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقان بىراۋنىڭ، ئاۋام ـ خەلققە باش بولىدىغان بۇنداق زور ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشى ناتايىن ئىدى... سالىنىڭ ئويلىغانلىرى تەشكىل ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. شۇ ئىش بولۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي زۇلھايات مۇئاۋىن يېزا باشلىقى نامزاتى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كىرىپ قالغان، سايلامدىن ئوڭۇشلۇق چىققاندىن كېيىن ھازىرقى ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغانىدى...

سالى شۇ ئىشلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، خىجىللىق ھېس قىلىۋاتقان پەيتتە ئەكرەم ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈنچە سۆھبىتىمىز مۇشۇنچىلىك بولسۇن، قالدى گەپ بولسا كۆرۈشۈپ تۇرغاندىكىن كېيىنچە بىر نەرسە دېيىشەرمىز، — ئەكرەم چەينەكتىكى قالدۇق مۇسەللەسنى ئىككى ئىستاكانغا تەڭشەپ قۇيدى. بىر ئىستاكاننى سالى مۇئەللىمگە سۇنۇپ، يەنە بىر ئىستاكاننى ئۆزى ئالدى، — قېنى ئەمسە، بۈنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق، تۇرمۇشىمىزنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى، ھەممىمىزنىڭ تېنى سالامەت بولغاي...

## 2

بۈگۈن ئاينىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىنىڭ ئىككىنچى كۈنى. ئالاھىدە بىر ئەھۋال بولۇپ قالمىغاندا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى تارقىتىلىدىغان كۈن بولۇپ، يېزا تەۋەسىدىكى ئون ئىككى مەكتەپنىڭ كاسسىرلىرى مائارىپ ئىشخانىسىغا كېلىپ، مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىپ قايتتى.

يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ مۇئامىلىسىگە تاقىلىدىغان بۇنداق چوڭ ئىش ئۆز كۈنىسىدىلا ئاخىرلىشىدىغان بولغاچقا، ئەكرەم بۇ كۈنى ئادەتتىكىدىن ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ، سەھەردىلا ئىشخانىغا چىقىپ تۆرلۈك ئالدى-بەرگۈنى ھېسابلاپ چىققاندىن كېيىن مالىيە پونكىتىدىن ھېسابقا پۇل ئاغدۇرۇپ چىقتى. بانكا خادىمى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى يورۇتۇپ قويغاندىن كېيىن ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلدى. ئىشخانىغا تەڭدىن تولا مەكتەپلەرنىڭ كاسسىرلىرى كېلىپ بولغان بولۇپ، ئەكرەمنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. ئەكرەم ئۇلار بىلەن بىر قۇردىن سالاملىشىپ چىققاندىن كېيىن، ئالدىنقى كۈنى يېزىپ تەييارلاپ قويغان مائاش ۋەدىمىس، ھېسابات دەپتىرى، پۇل بۇيرۇپ بېرىش

ئۇقتۇرۇش قەغىزى، نەق پۇل چېكى، تامغا، تۇجاڭزا دېگەندەكلەرنى تەقلىدى. كاسسىرلارنىڭ يېتىپ كەلگەن ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ئىش ھەققى تارقىتىشقا تەمشىلىپ تۇرۇۋىدى، سالىنىڭ سالام بەجا كەلتۈرگىنىچە كىرىپ كەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئۇ بوسۇغا ئاتلاپلا.

ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئەكرەممۇ قولىدىكى ئىشنى قويۇپ، تىنچ-ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى:

— مىجەزلىرى قانداقراق؟ قېنى سافاغا ئۆتسىلە.

— خۇداغا شۈكۈر.

— كۇرستا ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارنى تۈگىتىپ بولالىدىلىمۇ؟

— بۇ ئاڭلىماققا ئاددىي بولغان بىلەن، ئورۇنلىماق تەس ئىشكەن. قالغانلار قانداق قىلىشتىكىن، مەن زادىلا قاملاشتۇرالمىدىم جۇمۇ.

ئەتراپتىكىلەرمۇ سالىنىڭ گېپىنى تەستىقلىشىپ، ھېسابنى بانكا ھېساباتى بويىچە تۆت پاچاق ھالەتكە كەلتۈرۈشنىڭ ئانچە ئوڭاي ئەمەسلىكى، بۇ ئىشقا مەخسۇس خادىم بولمىسا يېتىشەلمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەنتلەردە يۈگۈرۈپ چىققانغا تالونى تەييار ماگىزىنلار بولمىغاچ، مال سېتىۋېلىشتا تالونى بار يەردىن سېتىۋالىمەن، دەپ ئولتۇرغىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشىپ، كۇرستا ئورۇنلاشتۇرغان «مالىيەنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش» مەسىلىسىدىكى باش قېتىنچىلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەكرەم ھەممەيلەننىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ:

— بۇ ھەقتە تەشكىلنىڭمۇ ئويلىغان يېرى باردۇ. چامىڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىپ تۇرمامسىلەر، كېيىنچە بىر گەپ بولار، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ، ئىش ھەققى ئېلىش نۆۋىتى سالى مۇئەللىمگە كەلدى. بىراق، سالى مۇئەللىم سافادا ئولتۇرغىنىچە مۈگدەشكە

باشلىغان بولۇپ، ئەكرەمنىڭ ئۆزىنى كۆتۈپ تۇرۇشلىرىدىن بىخەۋەر ئىدى.
— سالى مۇئەللىم، نۆۋەت ئۆزلىرىگە كەلدى، — دەپ تولۇقلىدى ئەكرەم.
تەكرار تولۇقلاشتىن چۆچۈپ ئويغانغان سالى ئورنىدىن تۇرماق بولۇپ شۇنداقلا قوزغىلىشى، بىلىكىگە ئارتىۋالغان چاپىنى قولىدىن سىيرىلىپ چۈشتى. چاراڭگىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دىۋانغا يېيىلغان ئاپئاق سۇيۇقلۇق ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.
— ۋۇي ! بىرىگە ئەپكەلگەن قېتىقمۇ نېمە ؟
— ياقەي، ئۆيىگە ئېلىپ كەتكىلى ئالغان بولغىيتتى.
— توۋا دەڭلا، قېتىق دېگەن سەھرادا تۇرسا، بازاردىن سېتىۋېلىپ نېمە قىلىدۇ؟
— بالىلىرى بازارنىڭكىنى ئىچىپ باقايلى، دېگەن بولسا دەيمىنا.
ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشتى. ئۆزىنى مازاق قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەردىن سالىنىڭ يۈزى قىزىرىپ ماللاقىچە قىزارغان بولۇپ، ئۇستىۋىنىڭ قاراشقىمۇ قۇربى يوق ئىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ، ئايالى ئايزۆھرەنى غايىۋانە تىللاۋاتاتتى:
«قېتىق - قايماق دېگەن بازاردا جىق. بىر ئاپقۇرى ئون كويغا يارىمايدىغان نەرسىگە خەق قاراپ قويمايدۇ، دېسەم، ئۆزىمىزنىڭ بولغاندىكىن ئالغاچ بېرىڭلار، بازارنىڭ قېتىقى ئۆينىڭكىگە يەتمەيدۇ، دەپ تولا كوتۇلداپ كۆتەرتىپ قويغان بىرنېمىسىنى كۆرمەمدىغان. خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى تۆكتىغۇ مېنىڭ. خوتۇن كىشىنىڭ گېپىگە كىرگەن ئەر كىشىنىڭ ئۆزى ئەخمەق زادى. بىرنەچچە چىنە قېتىققا ئىندەككە كېلەمتى ئۇلار...»
سالى ئەتىگەندە ئايالىغا، بۈگۈن يېزىغا ئىش ھەققى ئالغىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئايزۆھرە ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالدى:
— باشقىلارغا ئىشىمنى ھەل قىلىپ بەرسىڭىز، دېيىشىنغۇ دەپسىز، ئەمدى قۇرۇق قول بېرىۋەرمەي، ئانچە - مۇنچە ئۆيدە بارىنى ئالغاچ بېرىڭ.

— كىمگە دەيسەن؟

— كىمگە ! ئەكرەمگىچۇ. شەھەردىكى كۇرسقا بارغاندا، جازالاپ ئېلىۋەتكەن ئىككى دەرىجە مائاشىمنى تولۇقلاپ بېرىش يولىنى مېڭىپ بېقىشنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم دەۋاتاتتىڭىزغۇ ؟

— ھەئە، شۇنداق دېگەنىدىم، بىراق، ئۆيدە ئېلىپ بارغۇدەك نىمە بار ؟

— نىمە بولاتتى، ھېچبولمىغاندا ئاۋۇ چار ئىنەكنىڭ قېتىقى بار.

— قېتىق !؟ — سالىنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى، — بىر چىنىسىنى ئىككى كويغا ساتىدىغان خۇنى ئەرزان بىرنېمە تۇرسا ئۇ.

— ۋاي-ۋۇي، قۇرۇق قول بارغىنىڭىزدىن ياخشى بولار. كونىسىراۋا قۇتىسىغا قاچىلاپ بېرەي، ئالغاچ بېرىڭ.

ئايزۆھرە يىگىلا ئۇيغان ئۇچ چىنە قېتىقنى ئىككى دانە كونىسىراۋا قۇتىسىغا قاچىلاپ، سالىنىڭ چاپان يانچۇقىغا سېلىپ قويغانىدى.

— بولدى مەن تازىلىۋېتەي، — ئەكرەم سالى مۇئەللىمنىڭ نىمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ شۇنداق دېدى. سۈپۈرگە، شازىلارنى ئېلىپ كېلىپ چېقىندىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلىدى ۋە سالى مۇئەللىمنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە، تەسەللى ئورنىدا، — ھېچقىسى يوق مۇئەللىم. بىرىگە ئەكەلگەن بولسىڭىزمۇ ياكى ئۆيىڭىزگە ئېلىپ ماڭغان بولسىڭىزمۇ، ئوخشاشلا نىيىتىڭىز تېگىل بولدى، — دېدى.

— ئەتىگەندە بالىنىڭ ئانىسى ئۆزىڭىزگە ئالغاچ بېرىشىمنى تاپىلاپ يانچۇقۇمغا سېلىپ قويغانىدى. كالانپايلىقىمدىن...

— ياخشى كۆڭۈل ماڭا تېگىل بولدى مۇئەللىم. ئايزۆھرە ھەدىمىز ئوبدان تۇرغاندۇ ؟ بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولدىمۇ ؟

— ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. يېقىندا كەنت سېكرېتارى كەنتكە تەقسىم بولغان نەسىللىك ئىنەكتىن بىرنى، بىرىگە تۇتقۇزۇپ بولغۇچە بېقىپ تۇرغان بولسا، دەپ يېتىلەپ كىرىپتىكەن، ئىنەك بېقىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا سىزنى سۈت-قايماق بىلەن پارقىرتىۋەتكۈدەكتە.
— نەدىكىنى دەيسىز، ئۇبدانلا ئۇچ كۈن ئىچىسگىز چىقىپ قالىدىغان گەپكەن.
— باللارچۇ ؟
— سەمىنىڭ كېسىلى باشقىچە تۇرىدۇ. يېقىندىن بېرى جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى.
— دوختۇرغا كۆرسەتتىڭىزمۇ ؟
— ئۈلۈشكۈن يېزىلىق شىپاخانىغا ئەپكەلگەنىدىم، نېرۋا كۈچلەندۈرۈش دورىسى ئىچىپ باقسۇن، دەپ مەرۋايىتتا ئوخشايدىغان پارقىراق بىر نېمىدىن تۆت قۇتا يېزىپ بەردى، شۇنى ئىچۈرۈۋاتىمىز.
— ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان بولسا ئوبدان بولاتتىكەنتۇق.
— شۇنداق، ئۇرۇمچىگە يەنە بىر نۆۋەت ئاپىرىپ باقاي دېگەنىدىم، ئىقتىساد مەسىلىسىدە كاللام قېتىپ تۇرىدۇ.
— بىرقانچە ئايلىق مائاشىنى ئالدىن بېرىپ تۇرىدىغانغا ئوسمان مۇدىر بىلەن كۆرۈشۈپ باقاملىيا؟
«شۇ ئىشتىن كېيىن، ئوسمان ئەرشى بىلەن بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىپ باقمىسام، ئەمدىلىكتە نېمە دەپ بارىمەن قېشىغا...» سالىنىڭ بېشى پىرقىرىغاندەك بولدى. سەل ئىككىلىنىشتىن كېيىن سۆز ئالدى:
— نېمە دەپ كۆرۈشەرمەن ئۇنىڭ بىلەن.
— مەن كۆرۈشۈپ باقاي بولمىسا.
— مەيلى.
— ئۇنداقتا بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ بەرسىلە.
سالى بىردەمدىلا بىر پارچە ئىلتىماسنى يېزىپ پۈتكۈزدى. ئىلتىماس توختىتىپ قويغان ئىككى دەرىجە مائاشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىش ۋە 5000 يۈەن قەرز پۇل ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدا يېزىلغانىدى. ئەكرەم ئىلتىماسنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئوسمان ئەرشى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

— ئۆزى كىرەلمەمدىكىنا ؟ — سورىدى ئوسمان ئەرشى ئىلتىماسنىڭ باش-ئايىغىغا شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، — سالى ئۆزى قېنى؟
— ئىشخانىدا قالدى.
— ئۆزىنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار.
ئوسمان ئەرشى ئاستا دەسسەپ كىرگەن سالىنىڭ باش-ئايىغىغىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇستىباشلىرى نىمكەش بۇ مەكتەپدىشىنىڭ تۇرقىغا يىرگەنگەندەك بىر ئەلپازدا، يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. سالى سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشى سۆز ئالدى:
— ئىلتىماس يازغان ئادەم ئۆزۈڭلەر كىرىۋەرمەي، نېمە باشقىلارنى ئارىغا چۈشۈرۈپ يۈرۈيسىلەر؟ بىز يا قان چىچىشىپ كەتكەنلەردىن بولمىساق. قارىغاندا مەن ھەممىنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتىپ يۈرسەم، سىلە ئاداۋەت ساقلاپ كېلىۋاتقان ئوخشىمامسىلە؟ — سالى ئۈندىمىدى. ئوسمان ئەرشى ئىلتىماسنى تولۇق ئوقۇپ چىقتى، بىرئاز ئويلىنىشتىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بالىنىڭ ئىشى بولغاندىكىن جىددىي مۇئامىلە قىلمىساق بولمايدۇ. سىلى - بىز كىم ئۈچۈن ياشايمىز؟ بالام دەپلا ياشايمىز. بالىلىرىمىزنى ياخشى ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇش ئارزۇسىدا كېچىنى-كۈندۈزگە ئۇلاپ دېگەندەك ياشاپ كېلىۋاتىمىز. ئازغىنا تۆت توك-توك مائاشنى دەپ ئارام ئالماي ئىشلىشىمىزمۇ ئاشۇ بالا ئۈچۈنغۇ. ئائىلە خاتىرجەم مۇھىتقا ئىگە بولمىسا خىزمەتمۇ خىزمەت بولمايدۇ. 5000 يۈەن قەرزنىڭ ئىشىنى ئەكرەم ھازىرلا بېجىرىپ بەرسۇن. ھۆججەت يېزىڭلار تەستىقلاپ بېرەي. توختىتىپ قويغان ئىككى دەرىجە مائاشىڭلارنىڭ ئىشىنى تەشكىل بىلەن كۆرۈشۈپ بىرنەرسە دەيلى، شۇنداق قىلساق سىلىچە بولامدۇ ؟
— رەھمەت سىلىگە.
— تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماي، رۇخسەت سوراش خېتىنىمۇ يېزىڭلار، سوراق كۈنىگە پۇل تۆلتماسلىق توغرىسىدا تەستىق سېلىپ بېرەي...

تۇرمۇشتا بەزى ئىشلار كۈتۈلمىگەن بىر پەيتتە ئۆز قارارىنى تېپىپ، ناھايىتى ئوڭايلا ھەل بولۇپ قالىدۇ. ئادەم مۇشۇنداق تۇيۇقسىز ئاسايىشلىقتا ئېرىشكىنىدە قەلبى ئالەمچە شادلىنىپ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن تولۇق ھۇزۇر ئالغاندەك بىر ھېسسىياتتا، ئۆزىنى بەخت ئالىمىنىڭ چەكسىز بوستانلىقىدا كۆرىدۇ. بۇ پەيتتىكى ھېسسىياتنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشمۇ بەسىي مۈشكۈلدۇر. شۇنداق، سالى ئويلىمىغان يەردىن يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا بەكمۇ ھەيران قالدى. چەكسىز خۇشاللاندى. ئوسمان ئەرشىنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا چىن دىلىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇنىڭ قولىدا ھازىر 5000 يۈەن نەق پۇل بولغاندىن باشقا، يەنە ئوغلىنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ كېلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئون بەش كۈنلۈك رۇخسەت قەغىزىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئوغلىنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ كېلىش ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ مەكتەپكە يېتىپ كېلىپلا بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى بۇ خۇش خەۋەرنى ئايالىغا يەتكۈزۈش بولدى.

— ئايزۆھرە ! قارا بۇ پۇللارغا، — دېدى سالى بوسۇغا ئاتلاپلا.

— ۋوي، نېمانچە كۆپ پۇل بۇ ؟ بۇ ئايلىق مائاشىلىرىغا ئەجەب كۆپ پۇل كەپتىيا ؟

— خاتالاشتىڭ. بۇ ئىش ھەققى ئەمەس. ئىش ھەققىمنى تېخى ئالمىدىم.

— ئۇنداقتا بۇ پۇللارنى نەدىن تېپىۋالدىڭلا ؟

— تېپىۋالدىڭلا ؟ ماڭا بىرى پۇل تاشلاپ قويماس؟

— ئۇنداقتا بۇ پۇل؟

— قېنى تېپىپ باقە ؟

— ئادەمنى تەقەززا قىلماي ئوچۇقىنى ئېيتمامدىلا ؟

— ئوچۇقىنى ئېيتسام، بۇ 5000 يۈەن پۇلنى سەمىنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قەرز ئالدىم.

— كىمدىن ئالدىلا ؟

— مائارىپ ئىشخانىسىدىن.

— مائارىپ ئىشخانىسىدىن؟! — ئايزۆھرە يولدىشىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنمىگەندەك بىر قىياپەتتە سۆزلەيتتى، — ئوسمان ئەرشى سىلىگە پۇل بېرىپ تۇرۇشقا قوشۇلدىمۇ؟

— شۇنداق. يەنە تېخى ئون بەش كۈنلۈك رۇخسەتمۇ بەردى. ھېلىقى ئىككى دەرىجە مائاشىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدىم، رەھبەرلىك بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، دەپ جاۋاب بەردى.

— ئەجەب بىر قىپكىتىپتا !؟ بىرەر ئىشنى پىلانلاۋاتقان بولمىسۇن يەنە.

— ۋاي-ۋۇي، بىززە ئاجايىپ خەق جۇمۇ، بىرى ئىشىمىزنى ھەل قىلىپ بەرمىسە، ئانداقكەن، ماندافكەن دەيمىز، ئىشىمىزنى ھەل قىلىپ بەرسە ئۇنىڭغا ئەسلا چىدىمايمىز، — سالى چالۋاقىغىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە مېڭىۋىدى، ئايزۆھرە ئۇنىڭ يولىنى توستى:

— سەكرەپ كەتمەيلى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تىللاپ ئولتۇرىدىغان ئادەم، نەچچە سائەتنىڭ ئىچىدىلا ئۆزگىرىپ قاپتىمىزغۇ ؟

— شۇنداق، مەن ئۇنى خاتا چۈشىنىپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ياشاش پىرىنسىپى بار ئىكەن. بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئالاھىدىرەك بولۇپ، خۇشاللىقىغا خۇشاللىق، قايغۇسىغا قايغۇ ئاتا قىلالايدىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قەھر-غەزىپى ئېنىق دېگەن گەپ.

— ئەمدى ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلمايدىكەنلا-دە ؟

— شۇنداق، مەن ئۇنىڭ ئەركەك مىجەزىگە قايىل بولۇپ قالدىم.

سالى پۇلنى ئايالىغا تۇتقۇزۇپ، سەمىنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ مېڭىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلغاچ تۇرۇشنى تاپىلىغاندىن كېيىن ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى.

# 3

كۆچلۈك گۈدۈك ئاۋازى بىلەن ۋوگزالغا كىرىپ كەلگەن پويىز پۈشقۇرغان ئۆكۈزدەك كەينى-كەينىدىن گاز پۈۋلەپ ئاستا-ئاستا توختىدى. ۋاگون ئىشىكىنىڭ ئىچىلىشى بىلەن ئۆچرەتتە تۇرغان يولۇچىلار ئالغا قاراپ سىلجىشتى.

— ئالدىڭغا قاراپ ماڭ ئوغلۇم، — سالى سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان سەمىگە قاراپ ۋارقىرايتتى،— كۆزۈڭگە قاراپ ماڭ، پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشىسەن.

— قارا...ئانىڭغا قارا، ئاۋۇ خوتۇن كىشى بۇرۇت قويۇۋاپتۇ...

سەمى نېرىقى رەتنىڭ ئارقىسىدىراق كېلىۋاتقان بىر كىشىنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ سۆزلىگەنىدى. سالى ئۇ كىشىگە سىنچىلاپ سەپسالغاندىن كېيىن چاپىنىنىڭ ياقىسىنى قاتتىق بىرنى چىشلىدى،ئىچىدە: «تـوۋا خۇدايىم، زامان ئاخىرى دېگەن شۇمۇ نېمە. بىر ئوبدان كېلىشكەن يىگىت تۇرۇپ چېچىنى دولىسىغا چۈشۈرۈۋالغىنى نېمىسى ئەمدى. باللىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەرسۇن ئىلاھىم» دېگەنلەرنى تەكرارلىغاچ ئوغلىغا قاراپ يەنە دېدى:

— بوش گەپ قىل، ئاڭلاپ قالسا جېدەل بولىدۇ.

— خوتۇن كىشىدىن قورقمايمەن.

— ئەستا ما باللىنى، جېدەل تېرىيسەن ھېلى. ئۇ دېگەن ئەر كىشى، چېچىنى ئۇزۇن قويۇۋاپتۇ شۇ.

— بىزنىڭ مەھەللىدىكى باللار نېمىشقا چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ياكى بولمىسا قىسقا قويۇۋالىدۇ، دادا؟

— بۇنى مەن ئۆيگە بارغاندا دەپ بېرەي.

— ياق، ھازىر دەپ بېرسەن، بولمىسا يىتىۋالىمەن.

— ئۇنداقتا پويىزغا چىققاندا دەپ بېرەي، بولامدۇ بالام؟

— راستمۇ ؟

— ساڭا ۋەدە بېرەي.

— دادا، پويىز ئۇچامدۇ ؟

— ياق.

— پويىزدا تەرەت قىلغىلى بولامدۇ ؟

— بولىدۇ.

— چالما بارمۇ؟...

— ئەستا، ئاز گەپ قىل.

ئۇلار پويىزغا چىقىپ، ئورنىغا جايلىشىپ تۇرۇشى پويىز قوزغالدى.

— دادا، سەن پويىز ھەيدىيەلەمسەن؟ — سورىدى سەمى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ياق.

— ئېشەك ھارۋىسى ھەيدىگەن ئادەم پويىزنى ھەيدىيەلمەمدا ؟

— ئەخمەق، پويىزنى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟

— ئېشەك دېگەن ئاڭسىز تۇرسا، ئاڭسىز ھايۋاننى باشقۇرغان ئادەم تۆمۈردىن ياسالغان نەرسىنى باشقۇرۇپ كېتەلمەمدا ؟

— سەنزە، نەدىن ئۆگەندىڭ بۇلارنى؟

— مۇئەللىمىمىز دەرس ئۆتكەندە شۇنداق دېگەن.

— ئېشەك ھارۋىسى ھەيدىيەلىگەن ئادەم پويىزنى ھەيدىيەلەيدۇ دېگەنمىدى ؟

— ياقەي، كۆڭۈل قويساڭلار ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ دېگەن. ئۆزۈمچە شۇنداق ئويلاپ قالدىم. مېنىڭچە، پويىز ھەيدەش ئېشەك ھارۋىسى ھەيدەشتىن تەس ئەمەس.

— ئۇنداقتا سەن چوڭ بولغاندا پويىز ھەيدەيدىغان ئادەم بول.

— ياق، مەن پويىز ھەيدىمەيمەن.

— ئۇنداقتا نېمە ئىش قىلىسەن؟

— ساقچى بولىمەن. ئاكام ئىككىمىز ساقچى بولۇشقا پۈتۈشكەن.

— ساقچى بولۇش ياخشىمۇ ؟

— ياخشى. بىز ئىككىمىز ساقچى بولۇپ، ئەسكى ئادەملەر...

سەمىنىڭ چىرايى بىردىنلا سارغىيىپ كەتتى، بەدەنلىرى تىترەپ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. كۆز گۆھىرى تارتىشىپ ئاغزىدىن كۆپۈكلەر چىقىشقا باشلىغانىدى، ئەتراپتىكىلەر پاتىپاراق بولۇشۇپ پويىز ساقچىلىرىغا خەۋەر قىلىشتى. پويىز ساقچىسى خىزمەتچى ۋە باشقۇرغۇچىلاردىن بولۇپ بىرقانچەيلەن نەق مەيدانغا تەل بولۇشتى..

— بۇنداق كېسەلگە بىز ئامال قىلالمايمىز، — دەپ جاۋاب بەردى تۆمۈر يول ساقچىلىرىنىڭ فورمىسىنى كىيىۋالغان ئېگىز بويلۇق كىشى سەمىنىڭ يۈرەك رىتىمىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان سەپداشلىرىغا. ئۇلار ئىچىدىكى بىرەيلەن سالىغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن ئالدىمىزدىكى ناھىيە بېكىتىگە يېتىپ بارىمىز، پويىز ئۇ بېكەتتە ئالتە مىنۇت توختايدۇ. بالاڭنى دوختۇرخانىغا يۆتكىمەكچى بولساڭ ماۋۇ جەدۋەلگە ئىمزا قويۇۋەت. بىز رەسمىيەت ئۆتەپ بېرەيلى، بالىنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇرساڭ، بىلىتىڭ يەنىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

سالى يولۇچىلاردىن بىرىنىڭ تەرجىمانلىقىدا پويىز ساقچىلىرىنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشەندى. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنىمۇ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. بىراق، ئوغلىنىڭ ئەھۋالى ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان بولغاچ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى:

— سىلەر قورقۇپ كەتمەڭلار. بالام بۇنداق بولۇپ قالغىلى بىر يىلچە بولدى. گاھىدا مانا مۇشۇنداق تۇرۇپلا كېسىلى قوزغىلىدۇ. بىر ئۇخلاپ ئويغانغاندەك بولۇپ، يەنە نورماللىشىپ قالىدۇ. كىچىكىدە نېرۋىسىدا ئۆسمە ياكى سۇ بار بولۇشى مۇمكىن دەپ دىياگنوز قويۇلغان، كېيىن داۋالاش ئارقىلىق ياخشى بولۇپ كەتكەنىدى، يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان مانا مۇشۇنداق بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. بۇ قېتىم بالامنى دوختۇرخانىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن تەشكىلدىن رۇخسەت سوراپ

يولغا چىقىشىم. باشقا چوڭ خەۋپ يوق.

پويىز ساقچىلىرى سالىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىرئاز پەسكويغا چۈشۈشتى ۋە ئۇ تەرىپى بولسىمۇ ئىمزا قويۇپ بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سالىغا ئىمزا قويدۇردى. ئۇلار ئىككى نەپەر پويىز خادىمىنى بالىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە قالدۇرغاندىن كېيىن ئۆز ۋاگونلىرىغا چىقىپ كېتىشتى.

پويىزنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى بىر خىل رىتىمدا بولۇپ، ناگان ـ ناگاندا قاتتىق گۈدۈك چېلىپ قوياتتى. گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا تولغىنىپ، تاغ ـ داۋان، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ توختىماي چاپاتتى. بۇنى پەقەت دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغانلارلا ئېنىق پەرق ئېتەلەيتتى. ئۇنداق بولمىغاندا تاراقشىغان ئاۋازدىن باشقا سىلكىنىش ۋە ئالاھىدە بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ بۇيرۇلۇش بولمىغاندا پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. سالى ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە دېرىزە ئەينىكىدىن يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر سالماقتا، كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىلىرىدەك ئۆتۈپ تۇرغان تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە: تاقىر تاغ، جەزىرە، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاسفالت يول، مەھەللە ۋە بوستانلىقلارغا، كۆۋرۈكلەرگە تىكىلگىنىچە خىيال قاينىمىغا غەرق بولماقتا ئىدى. تۇرمۇش مۇساپىلىرىدىكى ھەربىر دەقىقىنى ئەسلەيتتى. ئىنسان ھاياتىدا بىر قېتىم يۈز بەرگەن ئىشنىڭ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئورۇن ۋە شەخسلەر بويىچە يەنە بىر قېتىم قايتىلىنىش ئېھتىماللىقىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى؛ ئىنسان ئۆمرىنىڭ گويا ئاتقان ئوقتەك، بىر ئۆتۈپ مەڭگۈ قايتىلانمايدىغانلىقىنى؛ ئادەمنىڭ ياشاش مۇددىئاسى مەلۇم بىر نىشان بىلەن باغلانمىغىنىدا، ھايات ئەسلىمىسىدە خاتىرە بولغۇدەك ياكى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرگۈدەك ھېچقانداق بىر ئەسلىمىنىڭ بولمايدىغانلىقى...بىراق، كۆپىنچە ئادەم بۇ قانۇنىيەتنى بەكمۇ كېچىكىپ چۈشەنگەنلىكى سەۋەبلىك، دۇنيادىن نام ـ نىشانسىز، ئىزسىز كېتىپ قالىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلىقىدا ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ پەند ـ

نەسىھەتىگە ئوبدان قۇلاق سېلىپ، ياشلىقنى ئىلىم - ئىرپان بىلەن بېزەپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشقا ئىلھام - مەدەت ئېلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆڭۈل خاتىرىسىگە قايتىلاپ پۈتەتتى. گەرچە ئۆز پۈشتىدىن تامىمغان بولسىمۇ، قىزىل قۇرت ۋاقتىدىن تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغان ھەم ئائىلىسىنىڭ كەلگۈسى چىرىغى، ئەۋلاد نەسەبىنىڭ ۋارىسى بولغان ئوغلىنىڭ بۇنداق نىجىس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى. ئاللادىن ئۇنىڭغا شىپالىق تىلەيتتى.

— دادا، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇقمۇ ؟ — دەپ سورىدى سەمى يېرىم كېچە بىلەن كۆزىنى ئېچىپ.

— ئاز قالدۇققۇ دېيمەن. تاڭ ئاتسىلا يېتىپ بارىمىز. قانداق ئوغلۇم، ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ ؟

سەمىنىڭ چىرايى ئەسلىگە كېلىپ قالغان بولۇپ، گەپ - سۆزلىرىمۇ جايىدا ئىدى.

— نېمىگە دېيسەن ؟

— بىرەر يېرىڭ ئاغرىمايدىغاندۇ ؟

— ياق.

سالى ئوغلىنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە يەنە قايتىلاپ گەپ سورىمىدى. ئۇنىڭغا قۇچىقىدا ئۇخلاۋېرىشنى تاپىلاپ، ئىككى ئورۇندۇق ئارىلىقىدىكى جوزىغا باش قويدى...

پويىز چۈش بىلەن ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا كىرىپ كەلدى. ۋوگزالدا ئادەملەر مىغ - مىغ بولۇپ، سەللا دىققەت قىلمىسا ئاسانلا بىر - بىرىنى يوقىتىپ قوياتتى. ئاتا - بالا ئىككىيلەن يېتىلەشكىنىچە ۋوگزال سىرتىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا چىقىپ كەلگەندىن كېيىن، كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ شەھەر مەركىزىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

سەمى دوختۇرخانىدا ياتاققا ئېلىنىپ ھەپتە بولغان كۈنى سالى ئۆيىگە تېلېفون قىلدى. ئايزۆھرە تېلېفوننى قولىغا ئېلىپلا يىغلاپ كەتتى:

— بالىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ ؟ دوختۇرلار نېمە دەيدۇ ؟

— ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىپ، ئالدىرىماي سۆزلە. بۇنداق يىغلاپ كەتسەڭ، ئاغزىمغا گەپ كەلمەي قالىدىكەن. سەمەرچۇ، ئۇ ئۇبدان تۇرغاندۇ ؟

— ياخشى تۇرۇپتۇ. دەم ئېلىش كۈنى كېپتىكەن، تۈنۈگۈن كەچتە مەكتەپكە كەتتى.

— ئۆزۈڭچۇ، ساق ـ سالامەت تۇردۇڭمۇ؟

— ھەئە، ساق ـ سالامەت تۇردۇم.

— مەھەللە كويلارچۇ، تىنچ ـ ئاماندۇ؟

— تىنچلىق، ھە راست، ئوسمان مۇدىرنى تەكشۈرۈۋېتىپتىمىش.

— قالايمىقان سۆزلىمە، نېمىگە تەكشۈرىدىكەن ئەمدى ؟

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يېڭىدىن مۇدىر كېلىدىكەن، شۇڭا ھېساب تەكشۈرۈۋېتىپتۇدەك.

— مۇنداق دېمەمسەن. ھېساب تەكشۈرۈش دېگەن نورمال ئىش تۇرسا، ئوسمان مۇدىرنى تەكشۈرۈۋېتىپتۇ، دېسەڭ ئادەمنى ساراسىمىگە سېلىپ قويىدىكەنسەن.

— دوختۇرلار بالىنى تەكشۈردىمۇ ؟

— تەكشۈردى، يەنە داۋاملىق تەكشۈرۈۋاتىدۇ. ھازىرچە مېڭىدە ئۆسمە يوقتەك.

— بولسا ساق چىقسۇن ئىلاھىم.

— دېگىنىڭدەك بولغاي، ئۆزۈڭنى كۆپ ئاسرا. ئارتۇقچە غەم يەپ كەتمە، بۇ يەرنىڭ داۋالاش شارائىتىمۇ ئالاھىدە ياخشى، دوختۇر ـ سېستىرالىرىمۇ مەدەنىي ئىكەن. بىمارلارغا شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىسەڭ ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن. ئۇلار ھەقىقەتەن ئىلمىي ئىكەن.

— كۈندە تېلېفون قىلىپ تۇرۇڭلار، ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن.

— ماقۇل.

ئۇلار خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. سالى تېلېفون بوتكىسىدىن چىقىپ، سەمىگە تاماق بۇيرۇتقاچ قورسىقىنى توقلىۋالغاندىن كېيىن سەمىنىڭ تامىقىنى ئېلىپ ياتاققا قايتىپ كىردى ۋە ئوغلىنىڭ تامىقىنى يېگۈزۈپ قويماق بولدى.

— ئەكەل ئۆزۈم يەي، — دېدى سەمى قوشۇقتىكى تاماقنى ئۆزىگە تەڭلەپ كەلگەن ئاتىسىغا قاراپ، — مەن يا كىچىك بالا بولمىسام، ئۆزۈم يەي.

— بولدى، مىجەزىڭ بولمىغاندىكىن مەن يېگۈزۈپ قوياي.

— ئۆزۈم يەي ئاتا.

— تاماق يېگۈزۈپ قويۇشۇمغا قارشىمۇ سەن؟

— ياقەي، چوپچوڭ بولۇپ قالغاندا سەت تۇرىدىكەن. قارا مانا، ساپساق تۇرمامدىم؟

سەمى تاماقنى قولىغا ئېلىپ دادىسىغا قاراپ بۇدرۇققىنا بىرنى كۈلگەندىن كېيىن تاماق يېيىشكە كىرىشىپ كەتتى. سالى ئوغلىنىڭ تاماق يېيىشىگە قاراپ ئولتۇرغىنىچە خىيالغا پاتتى.

«مىش-مىش گەپ ئاخىر رېئاللىق بوپتۇ. ئوسمان مۇدىرنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن مائارىپ گەنسى كېلىدىكەن دېگەن گەپلەر پەيدا بولۇپ قالغىلى بىرەر يىلدىن ئاشقان. پېنسىيەگە چىقىدۇ دېگىلى يېشى تېخى ئاتمىشقا توشمىسا، بۇنداقلا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتسە نېمىشمۇ قىلار ئەمدى. كادىر دېگەن شۇ، تەندۇرۇس، ياش ۋاقتىدا راسا ئىشلەيدىغان، قېرىپ كارغا كەلمىگەندە تاشلىنىپ قالىدىغان گەپكەن. ساق ۋاقتىدا ئىشلەڭگە ئادەم بولغان بىلەن، ئاغرىپ ياتقاندا ھالىڭ نېچۈك دەيدىغانغا ئادەم چىقمايدىغىنى بەك قىزىق. ئوسمان ئەرشىنىڭ ئورنىغا كىمنى بەلگىلىگەندۇ، ئەجەب سوراپ باقماپتىمەنا...كىم بولسا بولمامدۇ. نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. كىم بولمىسۇن ئىشلەڭ دەيدىغان گەپ. ئەمما، ئوسماندەك كەسىپنى چۈشىنىدىغان، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغان يەنە بىرىنىڭ كېلىشى ناتايىن...»

— نېمىنى ئويلاپ كەتتىڭ ئاتا؟ — سەمى تاماق قاچىسىنى سۈنۈۋېتىپ سالىدىن سورىدى، — قارىسام يېقىنىنىڭياقى تولا خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدىڭ. بىرەر غەم - ئەندىشەڭ بارمۇ نېمە؟
— ياقەي، ئۆتكەن ئىشلارنى مۇنداقلا ئەسلەپ قويدۇم شۇ.
— قارىسام چىرايىڭ، روھىي كەيپىياتىڭمۇ ئانچە نورمال ئەمەستەك تۇرىدۇ. بىرەر شۇم خەۋەر ئاڭلاپ قالمىغانسەن - ھە؟
— باشقا گەپمۇ يوق، ئاپاڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئوسمان مۇدىرنىڭ ئورنىغا باشقا بىرى كېلەرمىش.
— قايسى ئوسمان مۇدىر؟ مائارىپ گەنسىما؟
— شۇنداق. قايسىبىر ۋاقىتتا بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولغان پاكىنەك، يوغانباش ئادەم شۇ.
— ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. مەن ئالدىنقى يىلى يېزىلىق شىپاخانىدا داۋالىنىپ ياتقاندا، ئايالى بىلەن يوقلاپ كىرگەن ئادەم شۇغۇ دەيمەن.
— ھە شۇ، شۇ چاغدا كەنجى قىزىنى بىللە ئېلىپ كىرىپتىكەن.
— تولۇق ئېسىمگە كەلدى. چاقچاقچى ئادەمدەك كۆرۈنگەن ماڭا.
— قانداق دەيسەن؟
— سېنىڭ ئېسىڭدە قالمىغان ئوخشايدۇ. ئوكۇل چۈشۈپ بولالماي، ئىچىم بەك پۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ دېسەم، نېمە دېگىنىنى بىلەمسەن؟
— نېمە دېگەنىدى؟
— سەن ياش ھەم قاۋۇل بولغانىدىكىن، تومۇرىڭدىن ئالغىچە، سۈمۈرۈپ بىر - ئىككى ئوتلاپلا تۈگىتىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ — دېگەنىدى.
— سەن نېمىدەپ جاۋاب قايتۇرغانىدىڭ ئوغلۇم؟
— مەنمۇ؟ ئۇنىداق قىلسا زەھەرلەپ قويمامدۇ؟ — دېگەنىدىم، ئوسمان مۇدىر:
— ئۇنداقتا سېنىڭ تومۇرىڭنىڭ زەھەر سۈزگۈچىدىن مەسىلە چىققان بولىدۇ، — دەپ مېنى كۈلدۈرىۋەتتى.
— راستلا يۇمۇرلۇق گەپ بوپتۇ.

— ئۇ ئادەمنى قېرىغاندا نەگە يۆتكەيدىكەن ئەمدى؟
— ئۇنى ئۇقمىدىم.
— باشقىلار ئۇ ئادەمنى مائارىپنى خېلى چىڭ تۇتىدۇ، دېيىشىدىكەندۇق.
— شۇنداق. ئاچچىقى يامان بولغان بىلەن كەسپكە بېرىلەتتى، ئوغۇل بالىدارچىلىقى بار، مەرد ئادەم ئىدى.
— مائارىپتا بەك تولا ئادەم ئالماشتۇرامدۇ نېمە ؟
— قانداق دەيسەن؟
— مەن بىلسەم، ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ تۆت - بەشتەك مۇدىر كېلىپ بولدى. باشلىقنىڭ گېپىنى شۇنداقلا يىرىپ قويسا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن.
— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئىسلاھات دەۋرى بولغاندىكىن، دەۋر روھىغا ماسلىشالمىغانلارنى ئالماشتۇرمايمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ قوشۇننى مۇرەككەپ دېيىمىز.
— باشقىلار مائارىپتا ئۇششاق گەپ تولا دەيدىكەن.
— ساڭا ئوخشاش ئۇششاق بالىلارنى تەربىيەلەيدىغان كەسىپ بولغاندىكىن، ئۇششاق گەپ تولا بولماي، يەنە نېمە تولا بولسا بولاتتى. ئاتا-ئانا بولغۇچى بىر بالىغا تەربىيە ئىشلەپ بولالماي زار-زار قاقشاۋاتقان بولغۇنكى كۈندە، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ قىرىق-ئەللىك بالىنى يېتەكلەپ مېڭىشىنى ئاسان دەمسەن!؟ ئوقۇتقۇچىلىق ھەقىقەتەن مۇشكۈل، ئەمما شەرەپلىك كەسىپ. شۇنداق بولغانىكەن، ھەرقانداق بىر مائارىپچى ئۆز خىزمىتىدىن پەخىرلىنىشى كېرەك. جەمئىيەت ئەزالىرىمۇ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا مېھنەت- تەرىنى تۆككەن ئاشۇ جاپاكەش باغۋەنلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرۈشى، ھۆرمەتلىشى كېرەك.
— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن ئاتا. ئوقۇتقۇچىنى باشقا ھەرقانداق بىر كەسىپكە قويغىلى بولسىمۇ، ئەمما، باشقا كەسىپتىكىلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا خالىغانچە تەكلىپ قىلغىلى بولمايدىكەن، شۇڭا، ئوقۇتقۇچىنى پۈتكۈل جەمئىيەت ھۆرمەتلىشى كېرەك، دەپ قارايمەن.

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ. دېگىنىڭدەك بولسۇن ئوغلۇم، — سالى ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە يېنىشلاپ سۆيدى، مەڭزىنى سىلاپ تۇرۇپ داۋام ئەتتى، — سېنىڭمۇ ياراملىق بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلىمەن. ئوسمان بىلەن ماڭىمۇ بۇ كەسىپكە ئاياغ باسقىلى خېلى زامانلار بولۇپ قالدى. بىز خىزمەتكە قاتناشقاندىن بېرى دەرسلىك نەچچە قېتىم ئىسلاھ قىلىندى، سىياسەت يېڭىلاندى، ۋەزىيەتتە كۆپ ئۆزگىرىش بولدى. تەرەققىيات زور بولۇپ، زامان يېڭىلاندى. بىراق، كالللىمىز يېڭىلانمىدى. ئۆگىنىش پۇرسىتى بولمىغانلىقتىن سەۋىيە يەنىلا ئەينى يىللاردىكى پېتى قېلىۋەردى. ھازىرقى دەۋرنىڭ روھى بويىچە ئېيتقاندا، بىز دېمەتلىكلەرنىڭ ياشلارغا ئورۇن بوشىتىپ ئىككىنچى سەپكە چېكىنىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى. تەشكىلمۇ شۇ تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتسا كېرەك...

— خۇدا نېسىپ قىلسا چوقۇم ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى تاللايمەن ئاتا...

— شۇنداق قىل ئوغلۇم. بۇ كەسىپنىڭ جاپاسى بولغان بىلەن، ئۆزىگە تۇشلۇق راھىتىمۇ بار. تەربىيەلەپ چىققان ئوقۇغۇچىلىرىڭ جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورنىنى تېپىپ، ئۇتۇق قازانغاندا ئۆزۈڭدىن شۇنچىلىك سۆيۈنىسەن، ھاردۇقۇڭ چىقىپ قالغاندەك بولۇپ، تارتقان جاپايىڭنى ئۇنتۇپلا كېتىسەن. ئوقۇغۇچىلىرىڭ سېنى «مۇئەللىم» دەپ چاقىرغاندا بولسا راھەتلىنىپ قالىسەن. ئۇنىڭسىزمۇ، باشقىلارغا ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىتىش ئەلمىساقتىن ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىزمۇ قەدىمدىنلا مۇدەررىسلىك قىلىپ، ئەۋلاد تەربىيەلەشكە كۆپ كۈچ چىققارغانىكەن. مەسىلەن: پورتىدىن، كومراجىۋا، سۇجۇپ، پىرخۇيلان، ئاقارى ماندا (بەي مىندا)، مۇيۇنچۇر بۆگۈخان، سىنقۇ سېلى تۇتۇڭ، ئاپرىنچۇر تېكىن، ئەبۇ نەسىر فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەيىن مەھمۇد كاشغەرىي، جەمالىددىن كاشغەرىي، ئىمادۇددىن كاشغەرىي، تاتا تۇڭا، مەخسۇت بەگ، تۆمۈر تۈبرۈك (لو

مېڭشەن)، جەمال قارشى، مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفىي، ئەلىشىر نەۋايى...
قاتارلىقلارمۇ ئەۋلاد تەربىيەلەشتەك ئۇلۇغ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان، ـــ سالى سۆزلەۋېتىپ تومپۇچكا ئۇستىدىكى قەغەزگە كۆزى چۈشتى. ئېلىپ قارىۋىدى، دوختۇرخانىنىڭ ھېسابات ئۇقتۇرۇش قەغىزى ئىكەنلىكى ئايان بولدى. ئۇنىڭدا سەمىنىڭ ئالدىنقى كۈنىدىكى داۋالاش چىقىم ئەھۋالى خاتىرىلەنگەنىدى. مەلۇم بولدىكى، مائارىپ ئىشخانىسىدىن قەرز ئېلىپ كەلگەن 5000 يۈەن، ئۆيدە يىغىپ قويغان 10 مىڭ يۈەن، جەمئىي 15 مىڭ يۈەن پۇلدىن 11 مىڭ 300 يۈەن پۇل دوختۇرخانىغا كەلگەن 11 كۈن ئىچىدە پاك-پاكىز تۈگىگەنىدى. قالدى پۇل كۆپ بولغاندا بىر ھەپتىلىك بولۇشى مۇمكىن. سەمىنىڭ تۇرقى شۇ. ساق چېغىدا شۇنچىلىك تىمەن، كېسىلى قوزغالدىمۇ ئەسەبىي ساراڭنىڭ ئۆزى. ھازىرغىچە كېسەلنى داۋالىماق تۈگۈل، ئېنىق دىياگنوز قويۇلمىغان تۇرسا، قالدى ئازغىنا خىراجەت بىلەن كېسەلنىڭ ياخشى بولۇپ كېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟! ــ سالىنىڭ بېشى يەنە قاتتى:

«ھەي يوقسۇزلۇق. ئۆزىدە يوق ئالەمدە يوق، دېگەن شۇ-دە. بىرىدىن سورىسا پۈتىسە پۈتتى، پۈتمىسە خىجالەت بولۇپ يۈزى قىزىرىدىغان گەپ. قەرز ئالدى دېگەندىمۇ، قەرەلىدە قايتۇرۇش كېرەكتە...»

ئاتا-بالا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە سۈكۈتكە پاتقانىدى...

# توققۇزىنچى باب

# قازا

## 1

ئوسمان ئەرشىنى مائارىپ ئىشخانا مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇپ، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەنلىك ئۇقتۇرۇشىنىڭ تارقالغانلىقىغىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە ھەپتە بولۇپ قالدى. ئوسمان ئەرشى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا دوختۇرخانىغا داۋالىنىشقا چاپقان بولۇپ، دەسلەپتىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئانچە خەيرلىك بولمىغانىدى. نەچچە ئون يىل داۋاملاشقان ئۆت ياللۇغى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانىدى.

كېسەللىك ئەھۋالى راستلا شۇنداقمۇ-ئەمەس، بۇنىڭغا ۋاقىت، جەريان كېرەك ئىدى. ئەمما، ئاخىرقى تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققىچە مەزكۇر يېزىدا بولۇنغان گەپ-سۆزلەر ئاز ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ ئوسمان ئەرشى ئەمەل ئاغرىقى بولۇپ قاپتۇ، دېگەن ئۆسەك سۆزلەر ھەممە يەردە ئېقىپ يۈرەتتى. شۇنىڭغا ماس ھالدا يەنە، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن مائارىپ ئىشخانا مۇدىرى ئابباس بەكرى توغرىسىدىمۇ قىزىق پاراڭلار پەيدا بولغانىدى. بەزىلەر ئۇنى، خىزمەت تەجرىبىسى مول،

باشقۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك كىشىكەن دېيىشسە، بەزىلەر، ئاياللار بىلەن تانسا ئوينىشقا ئامراق كىشىكەن دېيىشتى. ئەسلىدە بىر سىنىپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچى ئىكەندۇق، يۇقىرىغا قاتراپ يۈرۈپ بۇ ئەمىلگە ئىگە بوپتۇ، دېگۈچىلەرمۇ بولغانىدى. كىشىلەر مەيلى نېمىلا دېيىشمىسۇن، رەھبەرلىك بەنزىسىدە ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن يېزىنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدا قىسمەن ئۆزگىرىشلەرمۇ بولۇنغانىدى. بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى ئالمىشىپ، قائىدە - تۈزۈملەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن، ئىلگىرىكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رۇخسەت كۈنىگە مائاش تۆتۈش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، يىللىق سىناپ تەكشۈرۈشتىكى دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى بويىچە دەرىجىگە تىزىش تۈزۈمى، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىپ كۆرسىتىش، نەتىجىسىگە ئاساسەن دەرىجىگە تۇرغۇزۇش تۈزۈمىگە، مەۋسۇمدا بىر ئىمتىھان ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك سىناپ تەكشۈرۈپ دەرىجىگە تۇرغۇزۇش چەك تارتىپ تەكشۈرۈپ دەرىجىگە تۇرغۇزۇشقا ئۆزگەرتىلگەنىدى. بىراق، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن بۇ تۈزۈملەر، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەھىمىسىنى يەڭگىللىتىشتە مەلۇم دەرىجىدە ئىجابىي رول ئويناپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رولى گەۋدىلىك بولۇشى ناتايىن ئىدى. «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە» دېگەندەك، ئۇزۇندىن بۇيان جانجان مەنپەئەتكە چېتىلىدىغان ئىقتىسادىي ئامىل بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتىگە چېتىشتۈرۈلمىغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە كۆنۈپ كەتمىكى ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئىلغارلارنى سايلاش ئىشلىرىدا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كۆرسەتكىنىگە ئېغىپ كېتىشتەك نامۇۋاپىق ھادىسىلەردىن ساقلىنىش تېخىمۇ تەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئابباس بەكرى تېخى ئەمدىلا ئوتتۇز بەشنىڭ قارىسىنى ئالغان، بوي- بەستى ئېگىز، گەۋدىلىك كىشى بولۇپ، قارىماققا ئېغىر-بېسىق ئىدى. گەپ-سۆزلىرى سالماق، كىيىنىش ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرى رەتلىك

بولۇپ، خۇشخۇي كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قامەتلىك بەستىگە خۇددى گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرگەندەك خويمۇ ياراشقان قاملاشقان چىرايى ۋە گەپ-سۆزدىكى ئىلمىيلىكى قوشۇلۇپ، كىشىدە ھەر خىل ئويى-پىكىرلەرنى پەيدا قىلىپ قويۇشى تەبىئىي ئىدى. ئۇنىڭ تۈرلۈك پائالىيەت، يىغىلىشلاردىكى ئاكتىپ پوزىتسىيەسىمۇ ئۇ توغرىسىدىكى ئەنە شۇنداق ئۆسەك سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبكارى بولسا، باشقۇرۇشتىكى ئىلمىيلىكى نەچچە ئون يىل قاتتىق تۇرۇم، قوپال مۇئامىلىدە باشقۇرۇلۇپ كەلگەن ۋە شۇنداق باشقۇرۇلۇشقا كۆنۈككەن ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار «ئاباس گەنسى باشقۇرۇشتا ئاجىز ئىكەن، ئويۇن-تاماشىغا ئىپى بولسىمۇ، خىزمەتكە ئىپى يوق ئادەمكەن» دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ ئۈلگۈرگەنىدى. مائارىپنى ھەقىقىي ماھىيىتىدىن چۈشىنىدىغانلار بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە «ئىلمىي ئادەم دېگەن بەرىبىر ئىلمىيلىكنى تەكىتلەيدۇ. بىر ئىشقا ئالدىراقسانلىق بىلەن ھۆكۈم چىقارماستىن، ھەر تەرەپتىن تولۇق ئانالىز قىلىپ، ھەممە ئادەم قايىل بولغۇدەك بىر سەۋەب بىلەن بىر نىمە دەيدۇ. قارىغاندا ئاباس ياش بولغان بىلەن يېزىمىز مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ كېتەلەيدۇ...» دېيىشمەكتە ئىدى.

سالىنىڭ ئويلىغانلىرىمۇ كېيىنكىلەر بىلەن بىردەك بولۇپ، ئاباس بەكرى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن يىگىتسىن ۋەزىپىگە قويۇلغان مەكتەپ مۇدىرلىرى بىلەن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان مەكتەپ مۇدىرلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىغا قايىل بولۇپ قالغان، ئاراتۆستەڭ مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈشتە ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغانىدى.

ئاباس بەكرى يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئىشقا چۈشۈپ ھەپتە ئۆتمەستىنلا بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىنى بىر يولىدىلا تەگىشىدى. ئالماشتۇرۇلغانلار، كونا ئەندىز بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇشقا

كۆنۈپ كەتكەن، مەكتەپ باشقۇرۇشتا نۆۋەتتىكى مائارىپ ئىسلاھىتىنىڭ تەلىپىنى چىقىش قىلالمايۋاتقان، يېگىلىق يارىتىش تىپىدىكى مائارىپ قوشۇنى بەرپا قىلىشتا رولى ئانچە ياخشى بولمىغانلار ئىدى. ئۇلار 1970 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىزمەتكە قاتناشقان بولۇپ، مەزكۇر يېزا مائارىپىنىڭ بۈگۈنگە ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى قوشقان، باشقۇرۇش تەجرىبىسى مول، مۇناسىۋەت ئىلمىگە پىششىقلاردىن بولسىمۇ، نۆۋەتتىكى يېڭىچە مائارىپ ئىسلاھاتى ئەندىزىسىگە دېگەندەك كۆنۈپ كېتەلمەيۋاتقانلاردىن ئىدى. ناۋادا ئۇلار باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتىگەندە، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى داۋاملىق بىلەن يۈرگۈزگىلى بولمايلا قالماستىن، نۆۋەتتە تەكىتلىنىۋاتقان «ئىككى ئاساسەن» ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالماقمۇ مۈشكۈل ئىدى. ئارائۆستەڭ يېزىسى ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» نى يولغا قويۇش لايىھەسىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، نەچچە يىللىق جاپالىق كۈرەشلەر داۋامىدا ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىرقەدەر ياخشى نەتىجىلىرى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا نەتىجىسى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان بولسىمۇ، نۆۋەتتىكى «ئىككى ئاساسەن» ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدىكى ۋەزىپىلەر يەنىلا مۈشكۈل ۋە جاپالىق ئىدى. بولۇپمۇ «قوش تىل ئوقۇتۇش» خىزمىتىنى ئۇگۇشلۇق قانات يايدۇرۇش ۋە ئوقۇش يېشىدىن ئىلگىرىكى مائارىپ تەربىيەسىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنىڭ سالمىقى، قىيىنلىق دەرىجىسى زور بولۇپ، داۋاملىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ئاباس بەكرى مانا مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىنى تەڭشەش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا سەلبىي تەسىر قىلىدىغان بىر قىسىم قائىدە - تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئىشلەنگەن خىزمەتلەرمۇ ئوخشاشلا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىتىغا سىغمىغانىدى. بۇ ھەقتە بولۇنۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. سالى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈمى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغىنىدا بۇ قوشۇندا داۋاملىق ئىشلەۋېرىشتىن رايى قايتقانىدەك بولىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رولى بولمىغان بۇنداق تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ھېچقانداق بىر ئەھمىيىتى يوق ئىدى. قىسقىسى، ئۇ ئاباس بەكرىنىڭ بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىنى تەگشىشكە قايىل بولسىمۇ، مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى ئىلمىيلىكنى چىقىش قىلغان يېڭى تۈزۈملەرنىڭ بېكىتىلگىنىگە چىن دىلىدىن قايىل ئەمەس ئىدى.

سالى سابىق ئۇسمان مۇدىرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئۇققان كۈنى كېچىچە كىرپىك قاقماي دېگۈدەك تاڭغا ئۇلاشتى. باش توخۇ بىلەن كۆزى ئەمدىلا يۇمۇلۇۋىدى، قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆردى.

چۈشىدە بىپايان دەشت، چۆل-جەزىرىنى، چەكسىز قۇم بارخانلىرىنى كۆردى. ھايت-ھۇيتنىڭ ئىچىدە، دەسسەپ تۇرغان قۇرۇقلۇقنى پاسىل قىلىپ، كۆز ئالدىدىكى ھەممە يەر دېڭىزغا ئايلانغان بولۇپ، سابىق مۇدىر ئۇسمان ئەرشى شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان سۇ ئۈستىدە قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى، بار ئاۋازى بىلەن «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلايتتى. سالىنىڭ مۇدىرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئىستىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولسىمۇ، شىددەتلىك ئېقىننىڭ ئۆزىنىمۇ بىراقلا يالماپ يۇتۇۋېتىشىدىن قورقاتتى. بىراق، ئۇسمان ئەرشىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازىغا چىداپ بولالمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھايات-ماماتلىق پەيتتىكى تاللاش سالىنى ھەر خىل ئوي-پىكىرگە مۇپتىلا قىلسا، ئىنسانىي پەزىلەت ئۇنىڭ ۋىجدانىنى چۇلغايتتى، ئۇسماننى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ھەرقانداق خېيىم-خەتەردىن باش تارتماسلىقنى

ئۆندەيتتى. سالى ئىككىلىنىش ئىلكىدە تۇرغان شۇ پەيتتە، يەنە بىرقانچە كىشىلەرنىڭ سۇ ئىچىدىكى ئىچىنىشلىق ھالىتى كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى.

— قۇتقۇزۇڭلار!...

زاھىر، نەجمى، رەمتۇل...يەنە نۇرغۇن كىشىلەر، سالىنىڭ خىزمەتداشلىرى، نەچچە ئون يىللىق ئوقۇتۇش كۈرىشىدە ھەمنەپەس بولغان كەسپداشلىرى ئىچىنىشلىق نالە قىلىشماقتا.

«ئاھ خۇدا ! نېمە قىسمەت بۇ. قايسىبىر گۇناھلىرى ئۈچۈن بۇنداق قىسمەتكە مۇپتىلا قىلغانسەن ئۇلارنى؟» دەقىقە ئىچىدە توپان سالى تۇرغان تەرەپكە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. سالى بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى.

گۇگۇم پەردىسىنى يىرىپ ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلگەن ئاي نۇرى تەبىئەتكە يېڭى يورۇقلۇق ئاتا قىلىپ، جاھان تىلسىماتلىرىنى ھاياتلىق كۈرىشىگە ئاتلىنىشقا دالالەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، سۇتتەك ئايدىڭ نۇرنى ھەممە يەرگە سېخىيلىق بىلەن تاراتقانىدى. سالى شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز ئېگىز تۆپىلىكلەر بىلەن ئورالغان ياردائلىق ئىچىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. توپان زەربىسىدىن شەكىللەنگەن ياردائلىق چوڭقۇر ھەم كەڭرى ئىدى.

قۇياش چىقىپ جاھان يورىدى، سالى ئەتراپقا ئەندىشىلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتتى. ئەتراپتا ھېچكىم يوق، پەقەت ئۆزىلا ھالاكەت دېڭىزىدا گىگانت قەد كۆتۈرگەن توغراقتەك يېگانە ئىدى. ئەمدى ئۇنى قايتىلاپ سوئال باستى. ئەتراپتىكىلەر قېنى؟ مېنىڭ كەسپداشلىرىم، ئۇلار نەگە كەتتى؟ شۇ ئەسنادا تۆپىلىكتىن كىملەرنىڭدۇر توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سالى مۇئەللىم، بىز بۇ يەردە. دەرھال بۇياققا چىقىڭ...

بىر توپ كىشىلەر... بەزىلىرى تونۇش، بەزىلىرى ناتونۇش. سالى ئۇلارغا خېلى بىرمەھەل قارىغان بولسىمۇ، ئۆزى ئىزدەۋاتقانلارنىڭ سىيماسى زاھىر بولمىدى.

— ياق...ياق...

ئايزۆھەرەنىڭ كۆچلۈك ئۈۋىتىشى بىلەن ئەندىكىپ كۆزىنى ئاچقان سالى ئەتراپقا قارىدى. ئۇ كىملەرنىڭدۇر ئىز - دېرىكىنى قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى...

«ئەجەب چۈش كۆرۈپتىمەن» دەيتتى ئۇ كۆرگەن چۈشىنى خىيالەن ئەسلەپ. سالىنىڭ ئۇيقۇسى شۇ بۇزۇلغىنىچە قايتىلاپ كەلمىگەنىدى.

— تەييارلىق كۆرۈپ قويۇڭلار، ئوسمانىنى يوقلاپ كېلەيلى، — دېدى ئۇ، ئەتىگەنلىك ناشتا تەييارلاۋاتقان ئايزۆھەرەگە.

— ئوسمان مۇدىرنى دوختۇرخانىدىن قايتۇرۇپ كەپتىمۇ؟ — سورىدى ئايزۆھەرە.

— شۇنداق، ئۈچ كۈن بوپتۇ قايتۇرۇپ كەلگىلى.

— كېسىلى قانداقراقتۇ ؟

— دوختۇرلار قايتۇرۇپ كېتىڭلار دېگەنمىش.

— نېمە كېسەلدۇر شۇنچە دەپكەتكۈدەك.

— مەنمۇ ئېنىق ئۇقمىدىم. كونىلاردا: «كېسەلنى كېچىدە يوقلىما» دەيدىغان گەپ بار، شۇڭا بالدۇرراق بارايلى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سالى ئەر-ئايال ئوسمان ئەرشىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

يېزا مەركىزىدىن يۈز مېتىرچە يىراقلىقتىكى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلە ئولتۇراق رايونىدىكى ئىككى موچە زېمىنغا سېلىنغان ئون نەچچە ئېغىز ئىككى يۈرۈش ئۆينىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكىسى 1990 - يىللاردا سېلىنغان، ئاستى ئۇلىدىن رامغىچە پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلۇپ، ئۈستى كېسەك بىلەن قويغان كارىدورلۇق يەتتە ئېغىز ئۆي؛ كۈنپېتىش تەرىپىدىكىسى تېخى ئىككى يىل بۇرۇن پىششىق خىشتىن سېلىنغان، پېشايۋانلىق ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، يول بىلەن قورۇ ئارىلىقىدىن يەتتە-سەككىز مېتىرچە ئورمانلىق ئېلىنىپ، تېرەك قويۇلغانىدى. ئاسمان-پەلەك ئۆسكەن تېرەكلەر يولغا قاراپ سايە تاشلىغان بولۇپ، يېزا

بىلەن كەنت ئارىسىدىكى تاشيولغا ئۆزگىچە ھۆسن قوشاتتى. بازا قوپۇرۇلۇپ ئورنىتىلغان يوغان تۆمۈر دەرۋازا قورۇنى سىرلىق كۆرسىتەتتى. ئىلگىرى كىرىپ-چىقىۋاتقانلار بىلەن ئاۋات كۆرۈنىدىغان بۇ قورۇ ئەمدىلىكتە تىنچ ئىدى. دەرۋازىدىن كىرىش بىلەنلا شەرق تەرەپ ئۆي پېشايۋىنىغا قارىتىپ ياسالغان تال قالىق كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. تال قالىقتا تاش ئۈزۈم، سوقا ئۈزۈم، ئامبىركا يەر شارى، مۇناقى... قاتارلىق سەرخىل سورتلار بولۇپ، كۈن نۇرىدا كۆزنى چاقنىتاتتى.

سالى تال قالىق يېنىدىكى كىچىك ئىشىك ئارقىلىق، مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ يىگىرمە نەچچە خىل سورتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان كەم-كوتىسىز باغقا ئۆتۈپ، باغنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا نەزەر سالدى.

باغ گويا جەننەتنىڭ ئۆزى ئىدى. قىپقىزىل پىشقان ئالما، نەشپۈت، چىلان.. ئوخشىغان سەي - كۆكتاتلار...

ئىشىك ھالقىسىنىڭ شاراقلىشى بىلەن ئوسمان ئەرشىنىڭ ئايالى پەردە چىقىپ كەلدى ۋە سوۋغا-سالاملارنى كۆتۈرۈشكىنىچە يولىغا قاراپ تۇرغان سالى ئەر-ئايالنى كۆرۈپ چوڭقۇر سالام بەجا كەلتۈردى. تىنچ-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن مېھمانلار ئۆيگە تەكلىپ ئېتىلدى:

— ئوسمان ئىسسىق ياتاي، دەپ مۇشۇ كونا ئۆيگە بېكىنىۋالدى. قېنى ئىچكىرىگە ئۆتۈشسىلە.

سالى ئۆيگە كىرىپلا ئوسمان ئەرشىگە قاراپ داڭ قاتتى. قوۋۇزلىرىدا گۆش ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، مەگزى قىپقىزىل، بەستلىك ئادەم بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، كۆزلىرى ئىچكىرىلەپ، چىرايى تاتارغان بولۇپ، توختىماي يۆتىلىپ، قەي قىلاتتى.

سالى ئوسمان ئەرشى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئوسمان ئەرشى خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ، ئورنىدىن قوزغىلالماي سالىنىڭ سالىمىنى يېتىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ دەقىقە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تارام ئاقتى. باللاردەك ھېقىقداپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭلار، ئالدىڭلىغا چىقالمىغانلىقىمنى ئەپۇ قىلىڭلار.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، خۇدا كېسەللىرىگە شىپالىق ئاتا قىلىدۇ، — سالىنىڭ نەزىرى ئوسمان ئەرشىنىڭ ياش تامچىلىرى سىرغىغان ياداڭغۇ مەڭزىگە چۈشكىنىدە يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى. ئىچ-ئىچىدىن يىغا قايناپ كۆز چاناقلىرى قىزاردى. ئوسمان ئەرشىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىملىغىنىچە سۆزىنى داۋام ئەتتى، — ئۇزۇن ئۆتمەي ساقىيىپ كېتىدىلا، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

— ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ئايان. ئىچىم ئېچىشىپ ئاغرىپ، چىدىيالماي قالىمەن. قارىغاندا ئاشىقازان ياكى ئۆتتە چوڭراق بىر جاراھەت بولسا كېرەك.

ئوسمان ئەرشى لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە يەرگە تايىنىپ گەۋدىسىنى تىرەشكە باشلىۋىدى، سالى دەرھال يۆلىدى ۋە سەل ئارقىسىغا سۈرۈپ جەنگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن سورىدى:

— زادى نېمە كېسەلگە تايىن تاپتى؟ — سالىنىڭ چىرايى تولىمۇ مەيۈس بولۇپ، ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، — شۇ كەمگىچە ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقلىرىنى ئاڭلىمىغاندىم.

— دەسلەپتە ئۆت ياللۇغى، دەپ دىياگنوز قويۇلغان، كېيىن ئاشقازاننىڭمۇ دەردى بار ئىكەن، دەپ نەچچە قېتىملاپ تەكرار تەكشۈرۈش قىلدى. زادى نېمە كېسەللىكىمنى ئۆزۈمگە ئېنىق دېمىدى، — ئوسمان ئەرشى ئايالىغا لاپپىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، دەقىقىلىك سۈكۈتكە پاتتى. پەرىدە پىيالىلەرگە چاينى لىقلاپ قۇيۇپ چىقىپ كېتىۋىدى، ئۈمىدسىزلەنگەن كۆزلىرىنى سالىغا تىكىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — دوختۇرخانىدىن ھەيدىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. قارىغاندا كېسىلىم ئالاھىدىرەك ئوخشايدۇ. پەرىدەنىڭ يېقىنقى كۈنلەردىكى روھىي كەيپىياتىنىڭ سولغۇن بولۇشىمۇ ئادەمنى ئويغا سالىدۇ. ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا قارىسىلا ۋۇجۇدۇمغا يىغا ئولىشىدۇ. كۆكرىكىمدىكى كارىزچەك تالغاندەك بىر ئالامەت بىلەن بىقىنىم تېلىپ ئاغرىغىلى ئون يىلچە

بولغانىدى، دەسلەپ سورۇنلاردا ياشلىق قىلىپ ئىچىپ سالغان بىر - ئىككى رومكا ئىچىملىكنىڭ ۋاقىتلىق ئاۋارىچىلىكى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ پەرۋاسىز يۈرۈۋېرىپتىمەن، كېيىنچە خېلىلا قاتتىق ئاغرىپ ئاۋارە قىلىدىغان بولدى. يېزىلىق دوختۇرخانىغا كىرىپ تەكشۈرتسەم، ئۆت ياللۇغى بار ئىكەن، بىرقانچە كۈن ئوكۇل ئۇرساق ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دېيىشتى. دېگەندەك، ئۈچ-تۆت كۈن ئوكۇل ئۇرغۇزۇپ ياخشىلىنىپ قالدىم. نەچچە ئون يىل مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەل بولغانلىكىن دەپ، سەل قاراپ چوڭراق دوختۇرخانىغا كۆرۈنمەپتىمەن. بالىلارنىڭ نەچچە قېتىملىق ئۇرۇمچىگە بېرىپ تەكشۈرتۈپ بېقىڭ، دېگەن تەكلىپىنىمۇ رەت قىلىپ، «خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا ئۈرۈمچىدە نېمە بار» دېگەن يەرلىرىمۇ بولغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ھازىرغىچە ئاشقازىنىمدا قانىش ياكى قاتتىق ئاغرىشتەك غەيرىي ئالامەتلەر كۆرۈلمىگەنىدى. بىرنەرسىمۇ يانمايتتى. يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ دىياگنوزى بىلەن، ئۆت ياللۇغۇم بار، دەپ شۇ كېسەلگە قارىتا قولىقىم ئاڭلىغاننى قىلىپ يۈرۈۋەرگەنىدىم. ھالا بۇ گۈنگە كەلگەندە ئاشقازان، ئۆت، جىگەر دېگەندەك ئىچكى ئەزالاردىن چاتاق چىققىنىنى كۆرمەمدىغان. ئۇرۇمچىدىكى دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆت بىلەن ئاشقازاننىڭ ئاغرىق ئالامەتلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋالمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ.

— بەك ئېغىر ئەمەستۇ ؟

— ئېغىر ئەمەسقۇ دەيدۇ، ئەمما ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىپ، يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالىتىڭلار دېگىنىگە قارىغاندا يېنىكمۇ ئەمەستەك. ئادەتتىكى ئاشقازان ياللۇغى بولسا بۇ ۋاقىتچە ئانچە - مۇنچە ئۇنۇمى كۆرۈلگەن بولاتتى. ھېچبولمىغاندا كېسەللىك خاراكتېرىنى ئەينەن ئوتتۇرىغا قويغان بولاتتى. يەيدىغان رىزقىم بولسا ياشارمەن، بولمىسا ئامانەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ ئورنى يوق. ئالىمادىس ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا نامىزىمغا كېلىپ ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرەرسىلە جۇمۇ.

— ياپياش تۇرۇپ نەدىكى يوق خىياللارنى قىلمىسىلا. يۈز ياشقا كىرگەنلەرمۇ يەيدىغان رىزقىمىز بار، دەپ كۆڭلىنى توق تۇتۇپ ياشايدىكەن، — سالى ئوسمان ئەرشىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، ئىچىدە، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئادەتتىكى كېسەل ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرگەنىدى. ئادەتتىكى كېسەل بولسا كېسەللىك ئەھۋالىنى يوشۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن؟ قارىغاندا كوچا - كويلاردا ئېقىپ يۈرگەن گەپ-سۆزلەرنىڭمۇ ئاساسى باردەك. ئۇنىڭ ئېغىر بىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغىنىمۇ راستتەك ئىدى.

سالى شۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ، رام تەرەپكە قويۇلغان ئىش ئۈستىلىدە زېھنى بىلەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان ئائىشەگە قاراپ قويدى.

ئائىشە بالىنىڭ كىچىكى بولۇپ، بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتى.

«ھەي، مۇشۇ بالا ئۇچۇن بولسىمۇ يەنە بىرقانچە يىل ياشىسا بولاتتى. ئاغزىدا پارىڭى بولغان بىلەن كۆڭلى تۈز، كەسپىگە ئىشتىياقى بار ئېسىل ئادەم ئىدى. ھەقىقىي ئەركەك تۈكى بار دېسە، مانا مۇشۇنداق لەۋزى ھالال، ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرگۈچىلىكى بار، پۇل، مال-دۇنيانى دوست تۇتۇپ كەتمەيدىغان، قەھر-غەزىپى، مېھىر-مۇھەببىتى ئوچۇق-ئاشكارا ئادەمنى دېيىش كېرەك. بىراق، ئۇ ھازىر بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئالىمادىن ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا راستلا تەڭسىزلىك بولىدۇ. ھەممىدىن بەك ئائىشەگە ئۇۋال بولىدۇ...»

— ئەجەل كەلسە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، — ئوسمان ئەرشىنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى سالىنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ ئاۋۋال ئوسمان ئەرشكە، ئاندىن ئايزۆھرەگە ئاستىرتىن قارىدى. ئايزۆھرە نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىۋاتسا كېرەك، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە سۈكۈتكە پاتقانىدى. ئوسمان ئەرشى چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىغاندىن كېيىن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — راست گەپنى قىلسام، نەچچە كۈندىن بېرى ئۆلۈپ قالسام بالىلىرىم قانداق قىلار، دەپ كۆپ

ئەندىشە قىلدىم. بولۇپمۇ قىزىم ئائىشەنىڭ غېمىنى بەكرەك يېدىم. ئۇ تېخى كىچىك، كۆپ ئىشلارنى ئۇقۇپ كەتمەيدۇ. پەرىدەنى ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئىش ئورنى يوق. ھازىرغىچە بىرەر ئىش - ئوقەت قىلىپ باقمىغان. سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى ئەمەس. تۇرمۇش بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىپ كېتەلىشى ناتايىن. بالىنىڭ چوڭىنى ئوغۇل دەپ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىپتۇق. مەكتەپتە ئانچە ياخشى ئوقۇپ كېتەلمىگەچ، ئالدىراپ - تېنەپلا چوڭلار مائارىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ ناھىيەمىزدە ئېچىلغان بىر يىللىق ئوقۇش تارىخى ھازىرلاش سىنىپىدا ئوقۇتۇپتىمەن. ئەسلىي ئۇ سىنىپ ئىش ئورنىدىكىلەرنىڭ ئوقۇش تارىخى ھازىرلىشىغىلا ماسكەندۇق. ئەمدىلا تولۇقسىزنى تاماملىغان بالىنى ئوقۇتۇپ سايتۇق. شۇنچە كۈچەپمۇ بىرەر ئىشنىڭ پېشىگە ئېسىلدۇرالمىدۇق. ئاخىر كەنتنىڭ ئەللىك مو تاۋار يېرىنى ئوتتۇز يىللىق توختام بىلەن ئېلىپ، يەر تېرىشقا پاتۇردۇم. ئوغۇلنىڭ ئىككىنچىسى بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىغا چىقتى. بەش بالىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقىنى ئاران بىر. باللار تېخى كىچىك، ئانچە ئىش ئۇقۇپ كەتمەيدۇ. ئۆزئارا ياردەم، كۆيۈمىنىڭ تېگىگە يېتىپ كېتەلىشىمۇ ناتايىن. شۇڭا، قۇم چېچىلغاندەك چېچىلىپ، ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرەرمىكىن دەپ بەكمۇ ئەنسىرەيمەن. باللىرىم باشقىلار ئالدىدا غېرىبسىنىپ قالمىسا بولاتتى، — ئوسمان ئەرشى يەنە بىر قېتىم ئۇھسىندى، — ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىشنىڭ سەۋەبىنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلىپ يەتكەندەك قىلىمەن. ئەسلىي ئادەم ئۆلۈم ئالدىدا جانغا ئەمەس، باللارغا تارتىشىدىكەن ئەمەسمۇ. بىز بىر ئۆمۈر بالام دەپلا ياشايدىكەنمىز، جان ھەلقۇمغا يەتكەن مۇشۇ دەقىقىلەردىمۇ يەنە شۇلار ئۈچۈن ۋايىم يەيدىكەنمىز، لېكىن باللار بۇنى ئاسانلىقچە چۈشىنىپ كېتەلمەيدىكەن. قىلىۋاتقانلىرىمىزنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالماي، بىزدىن ئاغرىنىدىكەن، كېيىن ئۆزلىرى ئاتا - ئانا بولغىنىدا دېگەنلىرىمىزنىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى تۇرغان گەپكەن، ئەمما ئۇ چاغلاردا بىز ئاللىبۇرۇن ئۇ ئالەمدە.

ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتساممۇ، بالىلىقىمدا رەھمەتلىك ئاتام دائىم دېگۈدەك: «ئوسمان، مۇشۇ ئىت مىجەز خۇيۇڭنى ئۆزگەرتمىسەڭ، ئۆز بېشىڭغا چىقىدۇ» دەيدىغان. ئاتامنىڭ بۇنداق دېيىشىنىڭمۇ ئاساسى بار بولۇپ، ھە دېسىلا باشقىلار بىلەن ئاسانلا جېدەللىشىپ قالاتتىم. ئۆزۈمنىڭكىنىلا راست دېگەچ، باشقىلار مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئۆچ ئىدى. ئاتا ـ ئانام بىلەنمۇ گەپ تالىشىپ يىرىكلىشىپ قالاتتىم. بىر قېتىم ئانام مېنى قويغا چۆپ تاشلاپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۆگزىگە چىقتىم. بىر باغلام چۆپنى بىرلا تېپىۋىدىم، چۆپ بىلەن تەڭ قوتانغا ــ قىغ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتۈم. ئانام ئېغىلغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى ـ دە، مېنى يۆلەشتۈرگىنىچە: «بالام، ئىش دېگەننى پەم بىلەن قىلساڭ بولمامدۇ، ناۋادا بىرەر يېرىڭگە زەخىم يېتىپ قالسا قانداق قىلىمىز.» دەپ ئۈستىباشلىرىمنى قېقىشتۇردى. بىردىنلا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ، چېكە تومۇرلىرىم كۆپۈشۈپ كەتتى. «ھەممىنى ئۆزى قىلىپ تۇرۇپ، يەنە يالغاندىن كۆيۈنگەن قىياپەتكە كىرىۋالغىنىنى» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە:

ــ ئىمانىمنى ئۇچۇرماي قويۇۋېتە. مۇشۇنداق بولارىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشقا بۇيرۇغان ئادەمسەن.

ئانام سەل خاپا بولۇپ، كايىدى:

ــ ئىچ ئاغرىتىۋاتسام سىلكىشلەۋاتقىنىنى، ياخشىلىق ياراشمايدىغان. بوينۇڭ قاتلىشىپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟

ــ ئۆلەتتىم شۇ. ئۆلۈپ سېنى خۇش قىلاتتىم. سەن جادىنىڭ گۇلقەقلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى.

شۇ چاغدا مەن ئون تۆتلەرنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان، ئانام دېمەتلىك بوي تارتقان يىگىت بولغاچ دېگەنلىرىم ئانامغا ھار كەلگەندى. ئۇ نەچچە سائەتكىچە ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتتى. كېيىن ئاتام بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ مېنى خېلى قاتتىق ئەدەپلىدى. كۆك شىۋىق بىلەن تۇنجى قېتىم راسا ساۋالدىم. شۇ ئىشتىن كېيىن خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە ئاتا ـ ئانامدىن نارازى بولۇپ يۈردۈم، ــ ئوسمان

ئەرشىنىڭ كۆز ياشلىرى گويا قاپاقتىن قۇيۇلۇۋاتقان سۇدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — ئاتا - ئانامدىنمۇ ئايرىلدىم. ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، باللىقمۇ بولدۇم. قىلغانلىرىم نەچچە رەت كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى. كونىلارنىڭ، «ئاناڭغا قىلساڭ، بالاڭدىن كۆرىسەن» دېگەنلىرىنىڭ تېگىگە يەتتىم. ئاتا - ئانامنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەنلىرىمگە مىڭ مەرتەم، ئونمىڭ مەرتەم پۇشايمان قىلدىم، بىراق ئورنىغا كەلمىدى. ئاتامنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي كاج مىجەزىمنى ئۆزگەرتمىگەنىنىڭ جاجىسىنى يېدىم. ئاچچىقچان، تەنتەكلىكىم مانا مۇشۇنداق كېسەلگە سەۋەب بولدى...

— بولدى، — سالى ئوسمان ئەرشىنىڭ گېپىنى بۆلدى، — بۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزلىرىنى تۈگەشتۈرۈۋالسىلا بولمايدۇ. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن بەندە. ئاز - تولا يېتەرسىزلىكنىڭ بولۇشى تەبىئىي.

— مېنى سۆزلىۋالغىلى قوي سالى. كۆڭلۈمدىكىنى ساڭا تۆكۈپ، ئىچىمنى بوشىتىۋالاي. گەپلىرىمدىن زېرىكىپ قالمىغان بولساڭلا، بىرئاز تەخىر قىل.

— ئىككىمىزنىڭ بۇنچىلىك ئەھۋاللاشمىغىنىمىزغا خېلى يىللار بوپتىكەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزلىرى باشقۇرغۇچى، پېقىر باشقۇرۇلغۇچى بولغاچ، ئارىمىزدا پەردىشەپ ساقلاپ كۆڭلىمىزدىكىنى ئېيتىشمىغان. قېنى قۇلىقىم ئۆزلىرىدە، سۆزلەۋەرسىلە.

— شۇنداق، شۇنداق، — ئوسمان ئەرشىنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا قىزىللىق تەپتى. نۇرسىز كۆزلىرى ۋىللىدە يورۇغاندەك بىردىنلا چاقناپ كەتتى. كۆلۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى، — بىز تەكەللۇپ سۆزىنى قويۇپ تۇرۇپ، سەن دەپلا ئاتىساق قانداق. ھېلى دەپ ئۆتكىنىمدەك، مىجەزىمنىڭ ئوساللىقىدىن بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمنى كەچۈرۈۋەت. گەرچە بىز بىر سىنىپتا، بىر پارتىدا ئولتۇرمىساقمۇ، بىر مەكتەپتە ئوقۇپ، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بىر كەسىپتە خىزمەتكە قاتناشتۇق. نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلاردا، بوران -

چاپقۇنلاردا تاۋلاندۇق، ئورتاق بىر نىشان بويىچە كۈرەشكە ئاتلاندۇق. ئۇلۇغۋار مەقسەتلەر يولىدا تىنىمسىز ئىزدەندۇق، ئەمما نىشانىمىز، غايىمىز بىر بولسىمۇ، مىجەزىمىزدىكى ئوخشاشماسلىق تۈپەيلى كۆپ قېتىم ئازازلىشىپ قالدۇق. مەن ساڭا كۆپ ئازارلارنى بەردىم. يۈز-خاتىر قىلمىدىم. خىزمەتنى دەپ مەكتەپداشلىق، كەسىپداشلىق، ئەل-ئاغىنىدارچىلىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويدۇم. قايرىغاندىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قايرىدىم. مەمۇرىي جەھەتتىن جازالىغاننى ئاز دەپ، ئازغىنا ئىشنى سىياسىيغا كۆتۈرۈپ، كىچىكنى چوڭايتتىم، قىلىدەك ئىشنى پىلدەك كۆرسىتىپ خەلقئالەم ئالدىدا يۈز - ئابرۇيىڭنى تۆكتۈم. تۆت كۆنلۈك ئالەمنىڭ كەم-كىملەردىن قالمىغانلىقىنى خىيالىمغا ئانچە كەلتۈرۈپ كەتمىدىم. قىلمىشلىرىمنى ئويلىسام ئۆز - ئۆزۈمنى قاتتىق كاچاتلىغۇم كېلىدۇ. مېنى كەچۈر ئاداش، — ئوسمان ئەرشى ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ سالى ئەر-ئايالنىڭ كۆزىدىنمۇ ياش ئەگىدى، — مېنى كەچۈر. ھەممىڭلار مېنى كەچۈرۈڭلار. ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىگەن ئەقىلسىزلىكىمنى؛ ئىنسانىي سۈپەتتىن چەتلىگەن نادان بەگباشلىقىمنى كەچۈرۈڭلار..

— بولدى، بولدى قىلىسىلا، ئۆزلىرىنى بىسۇۋالسىلا. ھېچكىمنىڭ ئۆزلىرىدىن ئاغرىنغان يېرى يوق. بىز ھېچقايسىمىز بىرەر نەرسىنى تالىشىپ ئازازلاشمىدۇق. شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ رەنجىشمىدۇق. توغرا، دەسلەپتە مېنىڭمۇ ئۆزلىرىدىن ئاغرىنغان تەرەپلىرىم بولغان، بىراق، ئۆزلىرى دوختۇرخانىغا كەتكەندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، «يامانىنىڭ ئوتى يامان» دېگەندەك، ۋاقتىنچە خاپا بولغان بولسامۇ، قىلغانلىرىنىڭ يەنىلا مائارىپىمىز ئۈچۈن، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكىنىمدە، ئاغرىنىشمىنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. شۇنداق بولغاچ مانا ئالدىلىرىدا بىر ئوبدان تۇرمامدىم. ھەممىسى خىزمەتنىڭ ئىشى. خىزمەت دېگەننى بىرىنى ئۇرۇق-تۇغقىنىم، يەنە بىرىنى ئەل-ئاغىنەم، يەنە بىرىنى

ساۋاقدىشىم دەپ ئىشلىسە، تەشكىلىنىڭ كۆتكىنىدىن قانداقمۇ چىققىلى بولسۇن؟ مۇشۇنداق دادىل ھەم كەسكىن ئىشلىمىگەن بولسىلا كىشىلەر ئۆزلىرىدىن رازى بولارمىدى. مانا ئاغرىپ يېتىپتىلە، ھەممە ئادەم قەدىر-قىممەتلىرىنى تونۇپ يەتتى. ھازىر ھەممە يەردە ئۆزلىرىنىڭ ياخشى گېپى، ئۆز ۋاقتىدا بىزار بولۇشقانلار، ئەمدىلىكتە ئارمانلىرىنى يەپ، ۋايىم يېيىشىۋاتىمادۇ. ئۆزلىرىنى پاتراق ساقىيىپ، قوشۇنغا قايتىسكەن، بىزگە باش بولسىكەن دېيىشىۋاتىدۇ. ئىش قىلغانىكەن، يا ئۇنداق، يا بۇنداق سەۋەنلىكىنىڭ ساقلىنىشى تەبىئىي، شۇڭا ئۇنچىلىك ئۇششاق ئىشلارنى دەپ ئۆزلىرىنى ئازابلاپ يۈرمىسىلە.

— شۇنداق، بىزگە ئوخشاش ھېچ ئىش قىلماي ئۆيدە ئولتۇرغانلارنىڭمۇ نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرى كۆرۈلىدىغان تۇرسا، سىلىدەك بىر يېزىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى دەپ يىگىرمە نەچچە يىل پاتىپاراق بولغان ئادەمدە قىسمەن يېتەرسىزلەرنىڭ بولۇشى نورمال گەپ، — دېدى ئايزۆھرە.

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ، ئەكرەم بىلەن زۇلھايات كىرىپ كەلدى.

— قېنى بۇياققا ئۆتۈڭلار. بىر بولسا ھېچكىم يوق، بىر بولسا قوشلاپ كەلگەن. «ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك، سالى ئىككىڭلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا كىرىپ كەلگىنىڭلارنى كۆرمەمدىغان، تەقدىر پېشانە دېگەن شۇ-دە، — دېدى ئوسمان ئەرشى كۈلۈپ تۇرۇپ. ئەكرەم بىلەن زۇلھايات ئۆيدىكىلەر بىلەن قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن ئوسمان ئەرشىدىن قايتىلاپ تىنچ-ئامانلىق سورىدى، ئاندىن داستىخانغا كېلىشتى. يەرىدەنىڭ تاماق ئاچقىش تەكلىپىنى، ئۆزلىرىنىڭ تاماق ئۈستىدىنلا كېلىشكەنلىكىنى ئېيتىپ رەت قىلىپ تۇرۇۋالغاندى، ئوسمان ئەرشى ئۈنىمىدى :

— مېھمان دېگەن قوينىڭ قوزىسىدەك بولۇشى، ساھىبخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك. بۇلارنىڭ ئاغزىغا قارىماي ئۆزۈڭلا بىلگەنچە سېلىپ ئېچقۇۋېرىڭلا ئېشىڭلىنى...

ئـۇلار تامـاقتىن كېيىنمـۇ خېلـى بىـر ۋاققىـچە پاراڭلاشـتى. ئوسـمان ئەرشى پاراڭ ئارىلىقىـدا ئەكـرەمگە ئۆزىنىـڭ سالىنىڭ ئېلىـپ تاشـلانغان مائاشـىنى ئەسـلىگە كەلتـۈرۈش توغرىـسىدا كـادىرلار ئىدارىـسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن خېلى بۇرۇنلا كۆرۈشۈپ قويغـان بولـسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تـۈپەيلى ئەمەلىيلىشىپ بولالمىغانلىقى، ھېلىھەممۇ يـول مېڭىپ بۇ ئىشنى پۈتكـۈزۈپ بېرىـشنى تاپىلىـدى. زۇلھاياتنىـڭ يېزىلىـق ھۆكۈمەتتىكى ئىشلىرىنى سورىدى، ئۇنىڭغا خىزمەتنىـڭ بەزى قائىـدە ـ پىرىنسىپلىرى ئۈستىدە خېلى كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى. زۇلھايات بىـلەن ئايزۆھرەمۇ بەھۇزۇر پاراڭلىـشىپ كۆڭلىـدىكى تۈگـۈننى يەشـتى. ئىلگـىرى بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈل ئازازلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلىشتى.

ئىككـى ئائىلە كىشىلىرى ئىغىـر ياتقۇ مەزگىلـى ئوسـمان ئەرشـى، پەرىدە بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتى. سالى باراڭ ئاستىغا توختىتىـپ قويغان موتوسـىكلىتنى ئەمـدىلا ئورنىـدىن قوزغىشىغا، ئەكـرەم چاقچـاق قىلدى:

ـــ ۋۇي، ئېشەك ھارۋىسىنى تاشلاپ، شەيتانغا مىنىۋاپتىلىغۇ ئەمدى؟!

ـــ زامانغا لايىق ياشايلى دېـدۇق شـۇ. يـايلاقلار ئېچىلىـپ، جانىۋارلارنىـڭ ماكـانى تارلاشـتى، تېرىيـدىغان يەر بولمىغانـدىكىن بىـر بـاغلام ئـوت ـ چۆپنىمۇ بىرمـۇنچە پۇلغـا سېتىۋېلىـشقا تـوغرا كېلىـدىكەن، جانىۋارلارنىـڭ بېقىلىش تەننەرخى مۇنۇ جانئـالغۇدىن ئېـشىپ كەتكەچكـە ئالماشتۇرۇشـقا مەجبۇر بولدۇق ـ دە.

ـــ گەپلىرىچە ئېشەك ھارۋىلىرىنى يوقىتىپلا ـ دە ؟

ـــ شۇنداق، ئېشەك ھارۋىسىنى مۇنۇ تۆمۈر ئېشەككە تېگىشتىم.

ـــ بۇ موتوسىكلىتنى سېتىۋالغىلى نەچچە يىل بوپتىكەن؟

ـــ ئۈچ ـ تـۆت يىـل بولغـان چېغـى. يېگىـسىنى ئـالاي دېـسەم، ئىقتىـسادتا قىينىلىـپ قـالغۇدەكمەن، ئالمـاي دېـسەم ئەسـلىي. يىـراق ـ يېقىنغـا ماڭىدىغانغا قاتناش يوق. قارىسام بـۇ كاساپەتمۇ بولىدىغانـدەك، ماڭـساق ماڭـدۇق، ماڭمىـساق توختىتىـپ قويـساق ئـاش ـ نـان تەلەپ

قىلمايدىكەن، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئەنسىرەپمۇ يۈرمەيدىكەنمىز، شۇڭا ئالماشتۇرۇۋەتتىم. كونا بولسىمۇ ھازىرچە ھاجەتكە راۋا بولۇۋاتىدۇ.

ـــ كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ ؟

ـــ بۇمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق خوي - پەيلى بار نەرسىكەن، بىر - ئىككى دورەم ئىچىپمۇ سالدى. ھازىر خېلى كۆنگەندەك قىلىدىغۇ.

پەرىدە مېھمانلارنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلار خوشلىشىپ قايتماق بولۇپ تۇرۇۋىدى، سالىنى چاقىردى:

ـــ سالى مۇئەللىم، سىلىگە دەيدىغانلىرىم بار ئىدى...

ـــ قېنى قانداقلىكى ئىش بولسا تارتىنماي ئېيتسىلا، باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقېتىشمىساق بولماس، ـــ سالى پەرىدەنىڭ گەپ ئەگىتىپ كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى دېيەلمەيۋاتقانلىقىنى پەملەپ شۇنداق دېدى.

ـــ ئوسمانغا يەرلىك ئۇسۇلدا دورا قىلىپ بېقىشنى ئويلاشقىنىمغا خېلى كۈنلەر بولغانىدى. ئۇنى يالغۇز تاشلاپ ئۆيدىن چىقالمىدىم، شۇڭا مۇشۇ ئىشتا بىر ياردەم قىلارمىكىن، دېگەن ئۈمىد بىلەن...

ـــ ئوبدان بوپتۇ، بۇنچىلىك ئىشقا ياردەمدە بولمىساق قانداق بولغىنى پەرىدە. قېنى راستىنى ئېيتسىلا، دوختۇرلار ئوسماننىڭ كېسىلىگە زادى نېمە دەپ دىياگنوز قويىدى؟

پەرىدەنىڭ كۆزى يەنە ياشلاندى.

ـــ سىلىدىن يوشۇرۇشنىڭمۇ ئورنى يوق. دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئوسمان ئاشقازان راكى بوپتۇدەك.

ـــ ئاشقازان راكى؟! بۇ مۇمكىنمۇ؟ ھازىرغىچە ئاشقازىنىم ئاغرىدى دېگىنىنى ئاڭلىمىغانىدۇق، بۇ قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن، دىياگنوز خاتا قويۇلغان بولمىسۇن يەنە...

سالى كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. ئوسمان ئەرشىنىڭ بۇنداق مەرەز كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىغا، دوختۇرلارنىڭ دىياگنوزىغا پەقەتلا ئىشەنگۈسى، ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى. ـــ «ياق، بۇنداق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، خاتا دىياگنوز قويۇلغىنى راست... » سالىنىڭ

خىيالىغا ھەر خىل ئويلار كەچتى:
«كېچىلىرى دەسسىمەيدىغان يەرگە دەسسەپ سالغان بولمىسۇن. ياق، ياق، ئۇنداق بولغاندا پۇت ـ قولىدىن كاشىلا چىقاتتى. بىرەرسى قەستلەپ، سۆيكۆچلەنگەن بىھالال نەرسىلەرنى يېگۈزۈۋەتتىمۇ ـ يا؟ ـــ ياق... ياق، ئوسماندەك ھاراق ـ شاراب ئىچىپ يۈرگەن كىشىگە ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ تەسىر قىلىشى مۇمكىنمۇ؟...»
خىيال قىلىۋېتىپ سالىنىڭ كۆڭلىگە بىر نەرسە كەچكەندەك بولۇۋىدى، كۆزلىرى يورۇپ كەتتى. كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەر يېشىلىپ، گۇمانىي تۈيغۇلىرى بىراقلا تارىدى.
«توغرا، بىر بولسا ئۆتكۈندە قالدى، بىر بولسا قايسىبىر نائەھلى تەرىپىدىن قەستلەندى. ئۇنداق بولمىغاندا نەچچە يىلنىڭياقى تالاي قېتىم تەكشۈرتۈپ چىقمىغان كېسەل تۈيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالسۇنمۇ ؟! ئوسمان ئۇزۇن يىلدىن بېرى يېزا مائارىپىغا باش بولۇپ كەلدى. دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان. پىچىقنىڭ ئالدىمۇ، كەينىمۇ كەستى. بۇ جەرياندا رازى بولغانلارمۇ، نارازى بولغانلارمۇ بار. ئەمەل دېگەن كىمگە ئاچچىق؟ كىمنىڭمۇ بۇنداق چوڭ يېزىدىكى يۈز نەچچە زىيالىيغا باش بولۇپ، نەچچە ئون مەكتەپنىڭ نەچچە مىڭ مو يېرى، ئىقتىسادىنى باشقۇرۇپ بەگدەك ياشىغۇسى يوق دەيسىز؟ بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ئەمەل ـ مەرتىۋىسىگە، مال ـ دۇنياسىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىش مودا بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق. كۆڭلى ئازار يېگەن ياكى ئەمەل تاماسىدا ئاچچىق يۇتۇپ يۈرگەنلەردىن بىرەرسىنىڭ قىلغان ئىشى بولسا كېرەك. كونىلارنىڭ: ‹غايىبتىن بولغان كېسەل بىلەن، قەستىنىڭ ئالامەتلىرى ھەر خىل بولىدۇ، قانچىلىك ئىلغار ئۈسكۈندە تەكشۈرسىمۇ دىياگنوزى ئېنىق بولمايدۇ› دېگەنلىرى ئاساسسىز بولمىسا كېرەك...»
سالى سەھەردىلا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ياتىقىنى چەكتى. ئۆزىنىڭ ئازراق جىددىي ئىشى چىقىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن موتوسىكلىتىنى مىنگىنىچە مەھەللىنىڭ كۈنپېتىش

تەرەپتىكى كۆز يەتكۈسىز قاقىر سايلىقنىڭ ئۇ چېتىدىكى بوزنىڭ ئۇچىغا جايلاشقان گۇمبەز مەھەللىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
زومچاق-زومچاق قەبرە توپىلىرى ۋە سىرلىق گۇمبەزلەر ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان توپا يولنىڭ قاسناقلىرىدا پىچان، قامغاق ۋە چاكاندىلار ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، كەچ كۈزنىڭ زەربىسىدىن سارغايغان يوپۇرماق ۋە غوللىرى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ئالتۇن رەڭگە كىرگەنىدى. يېپىنچا ئۆسۈملۈكتىن باشقا بىرەر توپ دەل-دەرەخ كۆزگە چېلىقمايدىغان بۇ زېمىن ئەسىرلەر مابەينىدە ئىنس-جىننىڭ ئايىغى تەگمىگەن ماكاندەك سىرلىق كۆرۈنەتتى. ساناپ تۈگەتكۈسىز كونا قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، قارىغان ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنەتتى. سالى موتوسىكلىتىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتقىنىچە، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ، ئېھتىيات بىلەن يۈرۈپ قەبرىگاھتىن كىسىپ ئۆتتى. خېلى بىرمەھەل يۈرگەندىن كېيىن قاقىر سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خىلۋەت ماكان گۇمبەز مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. قارىماققا ئەتراپى دەرەخ بىلەن قورشالغان نەچچە يۈز مو سالا ئېتىزدەكلا كۆرۈنىدىغان بۇ مەھەللىگە سالى ئىلگىرىمۇ بىر قېتىم ئاياغ باسقان. ئۇ چاغلاردا مەھەللە بوۋاقنىڭكىدەك يېشىللىقتا پۈركەنمىگەنىدى. ئىلگىرى يېگىدىن ئېچىلغان سالا ئېتىزلار ۋە يېڭىدىن بىنا قىلىنغان ئائىلە ئولتۇراقتىن باشقا ھېچقانداق بىر ئالاھىدىلىك يوق بولۇپ، ئائىلە ئولتۇراقمۇ كۆكۈلسىز تاقىر سايلىقتەك يېگانە چوقچىيىپ تۇراتتى. مېۋىگە كىرگەن نە بىرەر تۈپ ئۆجمە، جىگدىلەرمۇ يوق، ئېرىق - ئۆستەڭلىرىمۇ سۇنىڭ ئېقىشىغا چېپىلغاندەك ئەگرى - بۈگرى ئىدى. كىشىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى سولغۇن بولۇپ، چىرايلىرى ئاپتاپتا قاغجىراپ كەتكەن كونا جىگدىنىڭ قېرى كۆتىكىدەك نۇرسىز ھەم قاشا ئىدى...
سالى كۆز ئالدىدىكى مۆجىزىلەردىن ھەيرانۇھەس قالدى. قىسقىغىنا نەچچە يىل ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن دىلى سۆيۈندى. مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ سەرخىل سورتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان باغلار،

سۆپسۈزۈك سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق، بۇك- باراقسان دەرەخزارلىق، زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنغان سالا ئېتىزلاردا بەھۇزۇر ئوتلىشىپ يۈرگەن قوي، كالا پادىلىرى، توپ-توپى بىلەن بەس - بەستە سايرىشىپ، ئۇياقتىن-بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈشكەن قۇشلارغا قاراپ يۈرەكلىرى يايرىدى. مەھەللە يوللىرى رەتلىك بولۇپ، كۆۋرۈكلىرى مەزمۇت ئىدى. ئېرىق بويلىرىدا رەت تارتىپ ئۆسكەن ياۋا گۈللەرنىڭ قۇلاقلىرى ئاندا-ساندا سارغايغان بولسىمۇ، تېخى تولۇق تۆكۈلۈپ بولالمىغان غۇنچىلىرى ئالتۇن رەڭگە كىرگەن كۈز دالاسىغا باشقىچە ھۆسن قوشقانىدى.

«پاھ، مەنزىرىسى ئۆزگىچە بىر يۇرتقۇ بۇ!...»

سالى مەھەللە ئائىلە ئولتۇراق رايونىنىڭ ئالدىدىكى يول دوقمۇشىغا كەلگەندە، موتوسىكلىتتىن چۈشۈپ يىراق-يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. نەچچە يۈز قەدەم يىراقلىقتا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان تۆگە بوتىلاقلىرىغا قاراپ كۆڭلى تېخىمۇ سۆيۈندى. ھە، 70-يىللارنىڭ ئاخىرى، 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا كۈزلۈك يىغىم ئاخىرلىششى بىلەن نەچچە تاغارلاپ ئاشلىق يۈدىگەن تۆگە كارۋانلىرى رەت-رەت بولۇشۇپ، كولدۇرمىلىرىنى كولدۇرلاتقىنىچە يېزىغا قاراپ يولغا چىقىپ، دۆۋە- دۆۋە ئاشلىقلارنى يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىغا ئۆتكۈزەتتى. تۆگە كارۋانلىرى ۋە پىگىلو ھارۋىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىشقان دېھقان باللىرى، گاھ ھارۋىلارنىڭ شوتىسىغا سۆرەلسە، گاھ تۆگىلەرگە تاش-چالمىلارنى ئېتىشىپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىشقىنىچە خېلى يىراققىچە كېتىپ قالاتتى.

«ئاجايىپ مەنزىرىلەر ئىدى ئۇ... ئەتىگەندە بىر چىقىۋالساق، كۈن پاتقۇچە نەلەردە چېپىپ يۈرۈشەتتۇق، بىپايان كەڭ دالالارنى كېزەتتۇق، سۆپسۈزۈك سۇلارغا چۆمۈلەتتۇق. مۆكىمۆكىلەڭ، چالما جېڭى، ئېشەك ئويۇنى، خو، ۋاللەي دېگەندەك ئويۇنلىرىمىز ئاجايىپ قىزىپ كېتەتتى. ئات، ئېشەكلىرىمىزنى چاپتۇرۇشۇپ بەيگىگە چۈشۈشەتتۇق. قورسىقىمىز

ئاچسا باغ شورىلىرىنى بۇزۇپ مېۋىلەردىن ئۈزۈپ تويغۇچە يەيتتۇق. ئېتىز-ئىرگەنلەردە قوغۇن-تاۋۇزلار ساي تاشلىرىدەك يېتىپ كېتەتتى، بىرەر-ئىككىنى ئۈزۈپ يەپ سالغىنىمىزدا، تۇتۇلۇپ قالغان تەقدىردىمۇ بەك ئىزا-ئاھانەتكە قالمايتتۇق. تەتىل مەزگىللىرىدە بىكار قالمايتتۇق. ئۆيىدىكى ئىشلارغا ياردەملىشەتتۇق ياكى قۇرۇلۇشلاردا شوگۇڭ ئىشلەيتتۇق، يىلتىز كولاپ ساتاتتۇق. تاپقان پۇللىرىمىزنى يىغىپ، توپ-توپ بولۇپ شەھەرگە كىرىپ، باغچىلارنى، دۇكان-سارايلارنى ئارىلاپ كۆڭۈل ئېچىپ كۈن قارايغاندا يەنە مەھەللىمىزگە يېنىپ كېلىشەتتۇق. ئۆيلىرىمىزدە ھەممىمىزنىڭ دېگۈدەك قارايدىغان چارۋا ماللىرى بار ئىدى. ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ تاغاردىن بىرنى ئالاتتۇق-دە، جاڭگالغا چاپاتتۇق، ئوت-چۆپلەر بىلەن تاغارنى تولدۇرغاندىن كېيىن چارۋىلارنى ھەيدەپ يېنىپ كېلەتتۇق. بەزى كۈنلىرى كونا تاملارنىڭ تۆشۈكلىرىدىن، كۆز يەتكۈسىز ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدىن قۇشقاچ تۇتۇش مۇسابىقىسى قىلاتتۇق. دەرەخ ئۈستىگە گويا مايمۇندەك يامىشىپ چىقاتتۇق. ئىشقىلىپ، ھېچنېمىدىن قورقماي ئۆز جاسارىتىمىزنى نامايان قىلىپ، مەغرۇر ياشايتتۇق. ئەجېل-ئىناق ھالدا بەكمۇ خۇشال ئۆتەتتۇق، ئادەم ئالدايدىغان، بوزەك قىلىدىغانلارمۇ يوق ئىدى... تەرەققىياتنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ تۆگە كارۋانلىرى يوقالدى. پىگىلو ھارۋىلارنىڭ ئورنىنى ماشىنا، تىراكتورلار ئىگىلىدى. ئات-ئۇلاغ قېتىپ خامان ئالىدىغان، قول بىلەن ئورما ئورىدىغان ئىشلارمۇ ئاساسەن تۈگىدى. ئېتىز، خامانلاردىكى دېھقان ناخشىسىنىڭ ئورنىنى، ماشىنا، تىراكتور، كومباينلارنىڭ «كوت..كوت» ئاۋازى ئالدى. قاتناش ۋاستىلىرى زامانىۋىلىشىپ، ۋېلسىپىت، ئات، ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ ئورنىدا موتوسىكلىتلار چاپىدىغان بولدى. مەھەللە-كويلاردىكى ئات، ئېشەك، ئىت، مۈشۈكلەرنىڭ ھاڭراش، قاۋاشلىرى، مياڭلاشلىرى كۈندىن-كۈنگە ئازلاپ باردى. ھازىرقى باللار بۇرۇنقىلاردەك دەرەخ ئۇچىغا چىقىپ قۇشقاچ ئۇۋىسىنى بۇزۇشنى، ئېرىق-

ئۆستەڭ قاشلىرىدىن سۈندۈك، سۇ چاشقانلىرىنى تۇتۇشنى، ئات، ئېشەكلەرنى چاپتۇرۇپ بەيگىگە چۈشۈشنى بىلمەيدۇ. بىلىدۇ دېگەندىمۇ بۇرۇنقىدىن ئاز. بۇ هال يېزىلاردىمۇ ئېغىر. ئىلگىرى ئالتىنچى، يەتتىنچى ئايلاردا يامغۇر تەسىرىدىن ئېرىق-ئۆستەڭلەردە سۇ كۆپ كېلەتتى. چوڭلار كەلكۈننىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش بولۇپ كەتكىنى بىلەن، بىز باللار خۇش بولۇپ كېتەتتۇق. سەۋەبى، يامغۇر توختاپ ئېرىق-ئۆستەڭلەردىكى سۇلار تارتىلغاندىن كېيىن، خالتىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ زەيلىك ۋە ئېتىز - تېرگەنلەردىكى ئېرىقلارغا قاراپ چېپىشاتتۇق. سۈيى تارتىلغان ئېرىق ۋە زەيلىكلەردىكى پىلتىڭلاپ قالغان بېلىقلاردىن خالتا توشقۇچە ئېلىپ قايتىشاتتۇق. ئۇ چاغلاردا، هازىرقىدەك ئېگىز بىنالار، ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئېلىپ كەچكىچە گالۋاڭ قىلىدىغان تورخانىلار يوق ئىدى. نەچچە ئون، هەتتا يىگىرمە-ئوتتۇز باللار توپ-توپ بولۇپ ئوينىشاتتۇق. ئۆيلىرىمىزدىمۇ قىز-ئوغۇللارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئايرىم ئىدى. قىزلار تاماق ئېتىش، كىر-قات يۇيۇش، هويلا-ئارانلارنى تازىلاش، نان يېقىش، توخۇ بېقىش، تۇخۇم يىغىش دېگەندەك ئىشلارنى، ئوغۇللار كالا، قويلارنى بېقىش، ئوت - چۆپ ئەكېلىش، ئوتۇن يېرىش، سۇ تۇتۇش، مەشكە ئوت قالاش دېگەندەك ئىشلارنى قىلاتتۇق. هېچكىم بىزگە ئىش بۇيرۇپ ئولتۇرمايتتى. ئاسماندا توپ-توپى بىلەن ئۇچۇپ يۈرىدىغان كەپتەرلىرىمىز، سوقۇشتۇرۇشقا يارىغۇدەك قوشقار، خورازلىرىمىز، تالاشتۇرىدىغان ئىتلىرىمىز بار ئىدى. بەزى كۈنلىرى توخۇ، قوچقار سوقۇشتۇرۇپ، ئىتلارنى تالاشتۇراتتۇق. هېچكىم چېدىماسلىق قىلمايتتى، ئۇتۇۋالساق باغلاشقانغا كۆنەتتى. هازىرچۇ، هازىر تەبىئەت ئېكولوگىيەسى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، جاڭگاللار بۇزۇلۇپ، ئورمانلار قومۇرۇپ تاشلاندى، بەس - بەستە يەرلەر ئېچىلغاچ ئېرىق-ئۆستەڭلەردە سۇلار قۇرۇپ تۈگىدى. يايلاق بولمىغاچ قوتانلار بوش قالدى. تۇرمۇش رىتىمى كۈنسېرى تېزلىشىپ، هەممە ئادەم ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئوغرى - يالغان كۆپىيىپ، ئاتا - ئانىلار باللاردىن

ئەنسىرەيدىغان، سەللا كەچ قالسا ئىزدەپ-سورايدىغان، سۆزلەيدىغان بوپقالىدى. تورخانا، قاۋاقخانا، چايخانا، ئېلېكترونلۇق قىمارخانىلار كۆپىيىپ، بۇزۇقچىلىق ئاينىدى. بالىلارنىڭ روھىيىتىدە يېگىلەش، خاراكتېرىدە كەمتۈكلۈك كۆرۈلۈشكە باشلىدى...»

سالى مۇزدەك تاغ سۈيىدىن قانغۇچە ئىچتى، يۈز-كۆزلىرىنى ھۆزۈرلىنىپ يۇدى. تۇرۇپلا كىچىكىدە ئۆزى چوڭ بولغان مەھەللە ئېسىگە كەچتى.

ئۇ چاغلاردىكى ئېرىق-ئۆستەڭ سۇلىرى ساپ ھەم سۈزۈك ئىدى. ئۇششاق بالىلار جىنىدا، سۇغا سىيىدەك يامان بولىدۇ، دەپ بىر-بىرىنى ئەيىبلىشىپ، ھېچكىمنىڭ سۇنى بۇلغىشىغا يول قويمايتتى. يۇندى-چايقاللار ئېقىن سۇلارغا تۆكۈلمەيتتى... ئۇسساپ ھارغانلار ئېرىق-ئۆستەڭ قاشلىرىغا ئۆزىنى تاشلىغىنىچە زەمزەمدەك سۈزۈك سۇلاردىن قانغۇچە ئىچىشەتتى. ئۇ چاغلاردىكى سەھرالارنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، سۇلىرى ئەلۋەك، ئادەملىرى ئاق كۆڭۈل ئىدى...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — سالى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇن-تۈت، ئون بەشلەرنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر بالا قول قوۋۇشتۇرغىنىچە سالام بەجا كەلتۈرگەنىدى.

يىگىت بېشىغا بادام گۈللۈك قارا دوپپا كىيىۋالغان بولۇپ، بوي-بەستىگە خويمۇ ياراشقانىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — سالى يىگىتنىڭ ئەدەپ بىلەن قىلغان سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، — تىنچلىقمۇ ئىنىم، گۇمبەز مەھەللىسى مۇشۇ بولامدۇ ؟

— شۇنداق.

— ئەجەبمۇ كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ بۇ مەھەللە؟

يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— يېقىنقى يىللاردىن بېرى ناھىيە رەھبەرلىرى كۆپ كەلدى. قوشنا مەھەللىدىن يەنە بىرقانچە ئۆيلۈكنى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بوز يەر

ئېچىپ ئۆزلەشتۈرۈش، ئېتىز-ئېرىقلارنى رەتلەش، باغۋاراڭلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ھازىر مەھەللىمىزدە ئوتتۇز ئالتە ئائىلىلىك بار. سۇلىرىمىز مول، يەرلىرىمىز مۇنبەت، باغلىرىمىز سەرخىل، — يىگىت كۆز ئالدىدىكى سالا ئېتىز ۋە باغلارنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — يىللىق كىرىمىمىزمۇ ياخشى، ھەممە ئائىلىنىڭ دېگۈدەك بىرەردىن تىراكتور ۋە موتوسىكلىتى بار. ھە راست، ئۆزلىرى بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمۇ ؟

— ئالاھىدە بىر ئىشىمۇ يوق، شۇ سىلىنىڭ مەھەللىدىكى ئىمام ئاخۇنۇمنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. قارىسام بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەندەك، ئۆيىنىڭ قايسى ياقتا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— قايسى ئىمامنى دەيدىلا؟ سىيىتاخۇن قارىمىنىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئوغلى ھۆسەيىن قارىيىنىمۇ ؟

— ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر كەلگەنىدىم، ئۇ چاغدا ئاي ئايدىڭ بولسىمۇ، كېچە بولغاچ قايسى ئۆيلۈكى ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ. مۇشۇ دوقمۇشقا توغرا كېلىدىغان بىر قورۇغا كىرگەندەك قىلغان، بىراق، ھازىر بۇ يەردە ئۆي يوق ئىكەن.

— بۇ يەر كونا ئائىلىلىكلەر رايونى ئىدى. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئائىلىلىكلەر كۆچۈرۈلۈپ، ئەسلىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئورنى باغقا ئۆزگەرتىلدى. دوقمۇشتىكى ئۆي بولسا سىيىتاخۇن قارىھاجىمنىڭ ئۆيى. ئۇ كىشى ئۆتكەن يىلى تۈگەپ كەتتى، ئوغلىنىڭ ئۆيى يېڭى ئائىلىلىكلەر رايونىنىڭ ئۇ بېشىدا، مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ئۆي شۇ.

يىگىت نىشاننى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن يولىغا راۋان بولدى. سالى مەسچىت يېنىدىكى ھەشەمەتلىك قورۇ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، موتوسىكلىتنى قورۇ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئۈجمە دەرىخى يېنىغا توختاتتى.

قورۇ ئىچى كەڭرى ھەم پاكىز بولۇپ، ھويلىدا بىرقانچە تۈپ ئالما كۆچىتى ۋە تال قالىق بار ئىدى. ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان ئۆينىڭ

پېشايۋانلىرى ھاراق پەرمان نۇسخىسىدا چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا ساقاللىق بىر كىشى تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — سالى سالام بەجا كەلتۈرۈپ سۇپىغا يېقىنلاپ كەلدى. شۇ پەيتتە ئۆيدىن ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا چىقىپ كەلدى ۋە ساقاللىق كىشىگە قاراپ:

— ھۆسەيىن ئاتا، مەن قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ توپ ئويناپ كىرەي، — دېدى قولىدىكى توپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ، بالدۇرراق قايتىپ كىر ئوغلۇم، — ھۆسەيىن قارىم ئوغلىغا شۇنداق دەپ ئۇنى يولغا سالغاندىن كېيىن، سالىنىڭ سالىمىغا سالام قايتۇرۇپ ئۇنى تۆرگە تەكلىپ ئەتتى:

— قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە.

سالى سۇپىنىڭ قىرغىقىدىن ئورۇن ئېلىشىغا، قارىم گەپ ئاچتى:

— يولدا كەلگۈچە، بۇ كىشى راستلا بىر ئىشنى بىلەمدىغاندۇ، دەپ دېلىغۇل بوپتىلا. قارىغاندا بۇ ئۆينىمۇ باشقىلاردىن سوراپ يۈرۈپ تېپىپ كەلگەندەك.

«نېمە دەۋاتىدىغاندۇ بۇ ئادەم؟ بۇنداق ئىش بىلەن سەپەرگە چىققانلارنىڭ قايسىبىرى شۇنداق دەرگۇماندا بولمىسۇن. نەچچە ئون يىل ئاياغ باسمىغان، يەنە كېلىپ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئۆزگىرىش ياسىغان يەرگە كەلگەندە باشقىلاردىن سورىماي نە چارە... قارىغاندا ئادەمگە قوقاق سېلىپ، ئۆزىنى كاتتا چاغلايدىغانلاردىنمۇ نېمە...»

سالى ئۆز كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەنە چاندۇرماسلىققا تىرىشتى. قارىمنىڭ دېگەنلىرىگە ئۆز يولىدا جاۋاب قايتۇردى:

— شۇنداق، يۇرتتا كاتتا ئۆزگىرىش بولۇپ، ھەممە يەر يېڭىلىققا تولۇپ كېتىپتۇ. ئەسلىدىكى ئائىلىلىكلەر رايونىنىڭ ئورنى يۆتكەلگەچكە باشقىلاردىن سوراپ تاپتىم.

— دېمىدىممۇ، مەن بۇنى سىلى ئۆيگە ئاياغ بېسىشتىن بۇرۇنلا ھېس

قىلىپ بولغان، ـــ ھوسەيىن قارىم سالىغا مەمنۇنلىنىش تەرزدە قاراپ قويغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ـــ ئۆزلىرى بىرەر ئىش بىلەن كەلدىلىمىكىن. قارىسام كۆڭۈللىرىدە بىر تۈگۈچ باردەك. خوتۇن، بالا ياكى بىرەر ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەر ئۇچۇنمۇ- قانداق؟

ـــ شۇنداق، يېقىن بىر دوستۇم بولىدىغان، نەچچە ئاي بولدى بىتاب بولۇپ، زادىلا چېغى چىقمىدى، شۇڭا پال سالغۇزۇپ باقاي دېگەن ئوي بىلەن كېلىشىم ئىدى.

سالى بۇ كىشىنىڭ مەككارلىقىنى جەزم قىلغان بولسىمۇ، كەلگەن قەدىمىگە تۇشلۇق بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشمەستىن قۇرۇق قول قايتىپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمغاچ، سىلىق-سىپايىلىك بىلەن شۇنداق دېۋىدى، ھوسەيىن قارى ئۇندىمەستىن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە بىر غەلۋىر ياختا بىلەن بىر ئاپتۇۋا سۇنى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

ـــ چۆمگەك سېلىپ باقايلى، ـــ دېدى ۋە ياغاق چوڭلۇقىدىكى ياختىلارنىڭ ئۈچ قىسمىدىن ئازراق يىمىرىپ ئوتتۇز دانىچە چۆمگەك تەييارلىۋالغاندىن كېيىن سالىدىن سورىدى:

ـــ ئۇ كىشى نەچچە ياشتا ئۇكام؟

ـــ ئەللىك بەشلەردە .

داستىكى سۇغا ئايەت-ئەپسۇنلار بىلەن بىر - بىرلەپ سېلىنغان چۆمگەكلەرنىڭ بەزىلىرى سەل - پەل چۆكۈپ قىڭغىر ھالەتكە كەلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى سۇ يۈقىمىغاندەك بىر ھالەتتە بولۇپ، سۇ يۈزىدە ئاستا-ئاستا ھەرىكەتلىنەتتى. قارىم كۆزىنى يۇمغىنىچە بىرنىمىلەرنى ئوقۇپ، داسقا قايتىلاپ سۈپكۈچلىگەندىن كېيىن، كۆرپە ئاستىدىن دەپتەر، قەلەملىرىنى ئالدى. قەغەزگە بىرنىمىلەرنى جىجىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن جىددىي بىر قىياپەتتە سۆزىنى بايان قىلدى:

ـــ ئۇ كىشى خېلى دۇرۇس ئادەم ئىكەنتۇق، كۆز تەگكەندەك بىر ئىش بوپتۇ. قارىغاندا قىلىنغان قەست ئاز ئەمەستەك. ھەممە دەرد

كۆكرەك قىسمىغا يىغىلىپتۇ. ئىچ قىسمىدىن بىر يەرلىرى ئىچىشىپ ئاغرىيدىكەن. غىزالىنىشىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس. دوختۇرخانىغىمۇ كۆرۈنۈپتۇ. دوختۇرنىڭ دورىسى ئانچە - مۇنچە مەنپەئەت قىلغاندەك قىلىسمۇ، ئەمما ياخشى بولۇپ كېتەلمەيدۇ، بۇنداق كېسەلگە دوختۇرنىڭ دورىسى شىپا بولماس.

— ئۇنداقتا قانداق قىلساق بولار؟

— رەننامە، ئالا دۇئاسى ئوقۇيلى. قەستنى ياندۇرۇپ، ئاللادىن نىجاتلىق تىلەيلى، بىراق، — ھۆسەيىن قارىمنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— نېمىگە بىراق دەيلا قارىم؟ — ئالدىراپ سورىدى سالى.

— رەننامىنىڭ شۇنداق بىر خاسىيىتى باركى، كېسەلنى پاكلايدۇ. بۇ ئالەمدە بىلىپ- بىلمەي قىلغان- ئەتكەنلىرى ساقىت قىلىنىدۇ. خەتەرلىك يېرى شۇكى، كېسەل بىر بولسا ئىدىردىن ساق - سالامەت چىقىپ سەللامازا ساقىيىدۇ، بىر بولسا ئىدىر ئىچىدە جەھەننەمگە ئۈزايدۇ.

— بۇ راستمۇ ؟

— ئىشىنىش- ئىشەنمەسلىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشى. ئىمانى كامىل مۇسۇلمان بەندىلەر ئۈچۈن بۇ تەرەپلەر قاراڭغۇ ئەمەس. بىزدە، ئاللادىن بىسوراق قىل تەۋرىمەس دېگەن گەپ بار. بىز ئاللانىڭ بەندىلىرى سەۋەب قىلىمىز شۇ. كونىلار: «پالغا ئىشەنمە، پالسىز يۈرمە»، «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختار» دەپتىكەن، ئۆزلىرى ئويلىشىپ بىر ئىش قىلارلا، — ھۆسەيىن قارىم سۆزىنى تۈگىتىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، سالى ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئەللىك سوملۇق بىر قەغەز پۇلنى داستىخانغا قويدى.

— سەۋەب قىلىشقا ئۆزلىرىنىڭ چولىسى تېگەرمۇ؟ — سورىدى سالى دۇئادىن كېيىن، كۆزىنى مەھكەم يۇمغىنىچە ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ئولتۇرغان قارىمدىن بوشقىنا ئاۋازدا. ھۆسەيىن قارىم كۆزىنى يېرىم ئېچىپ جاۋاب بەردى:

— سەۋەبنى چارشەنبە چىققان، پەيشەنبە كىرگەن كۈنى قىلىمىز.

سىمىز، قىرقىلمىغان ئوغلاقتىن بىرى كىرەك بولىدۇ. دورىسىنى قىلىپ گۆشىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆپكىسىنى تۆكلۈكتىن چىقىرىپ يۇلتۇز كۆرسەتمىز. ئۇستىخانلىرىنى ئادەم ئايىغى تەگمەيدىغان پاكىز جايغا كۆمىمىز. تۆت - بەش ئادەم بولمىسا بىر ئادەم ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. سەۋەبكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرسەم ئۆزلىرى چاقىرسىلىمۇ ياكى ئۆزۈم خەۋەر قىلىپ بىللە ئالغاچ بارسامۇ بولىدۇ.

— ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرى بىللە ئاپارسىلا بولارمىكىن.

— مەيلى ئەمىسە. ھازىر بۇنداق ئىشلارنى بەك داۋراڭ سالغىلىمۇ بولمايدۇ. جاھان تارلىشىپ كەتتى. يۇرت ئاتلاپ سەۋەب قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. سىلى نىشانىنى دەپ بەرسىلە، چارشەنبە كۈنى ئەل ئايىغى بېسىققان پەيتتە يېتىپ بارايلى.

سالى ئوسمان ئەرشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىۋىدى، ھوسەيىن قارىمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— نېمە دېدىلە؟ ئوسمان مۇدىرمۇ؟

— شۇنداق.

— ۋوي، بۇنداق ئىشلارغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم ئىدىغۇ، قانداقسىگە...

— ئىشىنىش -ئىشەنمەسلىكىنى ئۆزى بىلمىسە، بىرەر يېرىگە پۈتۈلۈپ قالمىسا يا. تونۇگۈن كەچ يوقلاپ كىرىۋىدىم، ئايالى شۇ گەپنى قىلدى. ئارمىنى قالمىسۇن، دەپ سەھەردىلا ھوزۇرلىرىغا كېلىشىم.

— ئۆزىچۇ ؟ ئۆزى قانداق قارايدىغاندۇ بۇ ئىشقا ـ ھە ؟

— ئۆزى ئۇقسا قوشۇلماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئايالىنىڭ تەلپى بولغاچقا، تاڭلا بەش كۈندە ئالمادىس ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا داغدا قالمىسۇن، ھەسرەت چېكىۋالمىسۇن دەپ قىلىۋاتقان ئىش دېسىلە.

— ئۆزىنىڭ خەۋىرى بولماستىن، بىز چاپراقشىپ يۈرسەك كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇپ قالماس؟

— ئۇنداقمۇ بولماس. قارىغاندا ئوسمان مۇدىرنىڭ كېسىلىمۇ ئاخىرقى

باسقۇچقا بېرىپ قالغاندەك، مەيلى نېمىلا بولمىسۇن مۇسۇلمان بەندە بولغاندىكىن سەۋەب قىلىپ قويساق، شىپا قىلمىدى دېگەندىمۇ ياشلىقىغا ئېلىپ قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت بولۇپ قالار دېدىمىيا.

— ئۇ تەرەپلىرى بولسا مەيلى.

سالى ھوسەيىن قارىم بىلەن تەپسىلىي پاراڭلىشىپ ئىشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتى. يولبويى قارىمنىڭ دېگەنلىرى ھەققىدە خىيال سۈرۈپ كەلدى. باش-ئايىغى يوق گادىرماش خىياللار ئىلكىدە ئاچچىق تولغاندى...

## 2

ئوسمان ئەرشىنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. سەۋەب قىلىپ ھەپتە ئۆتكەندە تويۇقسىز قوزغالغان ئاغرىق ئازابى ئۇنى بىھوش ھالەتكە كەلتۈرگەن بولۇپ، توختىماي قەي قىلىپ ياندۇراتتى. يېگەن تائاملىرى زادىلا سىڭمەيتتى.

يولدىشىنىڭ بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئاجىز تېنىگە قاراپ كۆڭلى بۇزۇلغان پەرىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. ئۇ يولدىشىغا ئۆزىنى ئېتىپ ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە، ئۇنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈشىنى ئىلتىجا قىلاتتى:

— بۇنداق يېتىۋەرسىلە ئۆزلىرىنى تۈگەشتۈرۈپ قويىدىلا، دوختۇرخانىغا بارايلى.

— قايسى پۇلغا داۋالىنىدىغان گەپ. ھېلىمۇ ئۆيدە بار - يوق بىساتلارنى ئاساسەن خەج قىلىپ بولدۇق. قالدى - قاتقان ئازغىنا پۇلنى ساقايماس كېسەلگە سەرپ قىلىۋەتسەك، كېيىن سىلى قانداق قىلىسىلەر؟ باللارنى ئوقۇتىدىغان، ئۆي-ئوچاقلىق قىلىدىغاننىڭ ھەممىسىگە پۇل بولمىسا بولماس؟

— ھازىرقى جاھاندا قايسىبىر ئادەم ئاچ-يالىڭاچ قاپتۇ. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان دەپتىكەن، سىلىنىڭ ھاياتىڭلا مۇھىممۇ

ياكى... ، — پەرىدە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. بىرھازادىن كېيىن، پەسكويغا چۈشتى. يولدىشىنىڭ ياشلار ئەگىپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، يىلىنىشلىق ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سالامەتلىكىڭلارنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ھەممىدىن مۇھىم. بالا دېگەن بىر كۈندە چوڭ بولمايدۇ. بىزگىمۇ ئاتا-بوۋىمىزدىن ھېچنېمە قالمىغان، ئۆز تىرىشچانلىقىمىز بەدىلىگە يامان ئەمەس كۈن كۆردۇققۇ. بالىغا مال-دۇنيا ئەمەس، مۇھىمى ئەقىل-ئىدراك قالدۇرۇش كېرەكقۇ. ئۆزلىرى شۇنداق دەيتتىلىغۇ، دادىسى، ئەمدىلىكتە نېمە بولدى سىلىگە؟ مېنى مۇشۇنداقلا قاقشال بولسۇن دەمدىلا يا؟...

ئەر - ئايال بىر-بىرىگە تاشلانغىنىچە بىرمەھەل كۆز يېشى قىلىشتى.

— ھېلىمۇ ئاز سەۋەب قىلمىدۇق، — ئوسمان ئەرشى ئايالىنىڭ مەڭزىگە سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى،— ھېلىمۇ كۆپ جۇۋىدىڭلار. ھوسەيىن قارىملارنىڭ كېلىپ-كەتكىنىگە تېخى ئەمدىلا بىر ھەپتە بولدى. قىرىق بىر كۈن ئىدىر ئۆتۈپ كەتسىلا سەللىمازا بولۇپ كېتىدىلا دېگەن، بۇنى سىلىمۇ ئاڭلىدىڭلىغۇ خوتۇن.

پەرىدە ئېسەدەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، شۇنداق دېگەن، ئەمما بۇ خىل كېسەلگە دۇئا شىپا بولۇشى...

— يەنە بىر ئاز ساقلايلى، — دېدى ئوسمان ئەرشى ئايالىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ئايالى:

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن كېسەللىرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتامدۇ مانا، — دېگىنىچە كۆزىنى يەنە ياشلىدى.

— ئۇنداق ئەمەس، تېنىم خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك تۇرىمەن.

— جاھىللىق قىلمىسىلا ئوسمان، ئۆي-بىساتنى سېتىپ بولسىمۇ سىلىنى داۋالىتىمەن. ئۈرۈمچىگە ياكى ئىچكىرىدىكى دوختۇرخانىلارغا بارايلى. سىلى تېخى ياش، چوقۇم ساقىيىپ كېتىدىلا.

— مېنى بىرى ساقايمايدۇ دېگەنمىدى؟

— ئۇسسىدىلىمۇ، ئازراق چاي ئەكىلىپ بېرەي، — ئوسماننىڭ تۇيۇقسىز سورىغانلىرى پەرىدەنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويغانلىقتىن، ئۇ گەپنى دەرھال باشقا ياققا بۇرىغانىدى.

ئوسمان پەرىدەنىڭ ئۇسسۇزلۇق ئەكىلىشنى رەت قىلىپ، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى سورىغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇزۇن يىللىق قەدىناسىنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى تاتىلاپ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئازابقا مۇپتىلا قىلغۇسى كەلمىدى.

«مېنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىم راستكەن-دە. ئاللار مېنى روھىي جەھەتتىن ئازابلانمىسۇن، دەپ يوشۇرۇپ كېلىۋاتسا كېرەك...»

ئوسمان ئەرشى ئۆز پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى جەزم قىلىۋاتقان پەيتتە پەرىدەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سىلى ياخشى كۆرىدىغان چايدىن دەملەپ كەلدىم، قېنىپ بىر ئىچسىلە، — پەرىدەنىڭ غۇنچە بويىغا ياراشقان گۈللۈك دۇخاۋا كۆڭلىكى، تېقىمىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان قاپقارا، تومۇ، ئۆرۈمە چېچى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىۋەتكەنىدى. ئوسمان ئەرشى ئايالىغا خۇددى تۇنجى رەت كۆرۈشكەن چېغىدىكىدەك تىكىلدى. ئىچىدە بولسا «خېلى قاملاشقان ئايالسەن-دە» دېگەننى پىچىرلىدى. ئۇنىڭ نەزىرى ئايالىنىڭ بىلەكتەك تومۇ، قاپقارا ھەم ئۇزۇن چاچلىرىغا چۈشۈشى بىلەن دىلى سۆيۈنۈپ كەتتى.

— سەنلا مېنىڭ خۇي-پەيلىم، مىجەزىم، قىزىقىشىمنى تولۇق چۈشىنسەن جۇمۇ، — دېدى ئۇ ئۆتكۈنچى خىيالدىن كېيىن ئايالىنىڭ قولىدىن چاينى ئېلىۋېتىپ.

— شۇنچە يىل بىر ئۆيدە تۇرۇپ بىر-بىرىنى چۈشەنمىگەن ئەر-خوتۇننى قانداقمۇ ئەر-خوتۇن دېگىلى بولسۇن. سىلىزە مېنى ھېچنېمىنى چۈشەنمەس، گالۋاڭ چاغلاپ قالمىغانلا-ھە.

— ياقەي، شۇنداقلا دەپ قويدۇم شۇ.

ئوسمان ئەرشى چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپلا يۆتىلىپ كەتتى. پەردە يولدىشىنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ داستىخان ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن دەرھال لۆڭگە ۋە داس تەييارلىدى.

— مانا كۆرمىدىڭمۇ، ئەھۋالىڭىزى مۇشۇنداق ناچار تۇرسا يەنە دوختۇرغا بارمايمەن دەيدىلا، — پەردە ئېرىنىڭ ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ شۇنداق دېدى ۋە ئېرىنى يۆلەشتۈرۈپ جەنگە يۆلەپ ئولتۇرغازغاندىن كېيىن، — ئەمدى كەيىنگە سۆرەۋەرمىسىلە. داۋالاش كېنىشكىسىغا داۋالانغىلى بولغاندىكىن، ئۆزىمىزدىن ئانچە كۆپ ئىقتىسادمۇ سەرپ بولمايدۇ. قوتاندىكى چارۋا ماللارنى ساتساقمۇ خېلى پۇلغا يارايدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق، دوختۇرخانا ئالمىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرمەك ئانچە ئاسان ئەمەس، ئالتە تۆشۈككە ئۇسۇپ ئاۋارە بولۇپ قالىسەن. تەرتىپ بويىچە ماڭمىساق ئاتچوت قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ پىشىپ قالغان كېسەلگە پۇلنى بۇزۇپ ئولتۇرمايلى دەيمىنا.

— كىم سىلىنى ساقايمايدۇ دەيدۇ؟ چوقۇم ساقىيىدىلا.

—....

ئوسمان ئەرشى شۇ ئولتۇرغىنىچە،ئۆزىنىڭ ئەللىك نەچچە يىللىق ھايات مۇساپىسىدىكى ئەسلىمىلىرىگە غەرق بولغانىدى.

ئۇ، ئاتىسىدىن ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا يېتىم قالدى. ئانىسى تۆرلۈك قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، دۇنيالىقتا تىكەندەك بىرلا پەرزەنتىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلدى، كوپىراتسىيەنىڭ ئېغىر ئەمگىكلىرىگە چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ بەرداشلىق بەردى، ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشلاردىنمۇ باش تارتمىدى. ئوسمان ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بىر يىللىق قايتا تەربىيەنى تاماملاپ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. بىر يىل ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەش جەھەتتىكى تالانتىنى نامايان قىلىپ، تەشكىلنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى... ئوتتۇز يىلچە

ۋاقتىنىڭ بىر يىلىنى دەرس مۇنبەردە ئۆتكۈزگەندىن باشقا، قالغان ۋاقتى باشقۇرۇش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى. كەينى - كەينىدىن بولغا قويۇلغان ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى، ساپا مائارىپى، يېڭى دەرس ئىسلاھاتى، ئىككى ئاساسەن خىزمەتلىرىنى تەشكىللىنىڭ تەلەپلىرى بويىچە ئورۇنلاپ، يېزا مائارىپىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلدى. ھەتتا ئانىسى ئېغىر كېسەل بىلەن يېتىپ قالغان كۈنلەردىمۇ خىزمەتنى دەپ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدى. خىزمەتنى دەپ نۇرغۇن پېشقەدەم مائارىپچىلار ۋە يېزا-كەنت كادىرلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەردى، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە ئېتىبار بېرىپ بولالمىدى، كۆڭلىدىكىدەك تەربىيەلەپ كېتەلمىدى. كېچىنى كېچە دېمەي ئىشلىدى...

تۆھپە ئىشلىگەنلەرگە مەنسۇپ بولغىنىدەك، سەۋەنلىكمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سادىر قىلغانلارغا تەئەللۇقتۇر، ئەلۋەتتە. ئوسمان ئەرشى پۈتكۈل ھاياتىنى خەلق مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دادىل ئىشلەپ كەلدى، بولۇپمۇ مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە مەيدانلىرى ۋە تىرىلغۇ بازىلىرىنى كېڭەيتىش ئىشىدا ئاز كۈچ چىقارمىدى. يېزا، كەنت بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ مەكتەپ پاسىلىدىكى دېھقان يەرلىرىنى مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانى ئۈچۈن ئاجرىتىش ۋە مەكتەپكە يېقىن بولغان، ئۇنۇمدارلىقى يۇقىرى يەرلەردىن ھەربىر مەكتەپكە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يۈز مودىن كەم بولمىغان ئاساستا يەر ھەل قىلىپ، مەكتەپنىڭ مەڭگۈلۈك ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىنى ئوبدان پۈتكۈزدى. ھەربىر قەدىمىدە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەكىتلەپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئۈسكۈنە-ئەسلىھەلىرىنى سەپلەش خىزمىتىنى بوشاشتۇرمىدى، ئوقۇتقۇچىلارنى كەسىپي ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيەلىشىگە ئەھمىيەت بەردى، ئۆزلۈكىدىن بىلىم ئاشۇرغانلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى قەرەلىدە ئاتچوت

قىلىپ، ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملىشىغا مەدەت بەردى. قىيىنچىلىقى بار ئوقۇتقۇچىلارغا ۋاقىتلىق قەرز بېرىش ۋە ئىئانە تويلاش قاتارلىق تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن يار - يۆلەكتە بولدى. تۈرلۈك خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى...بىر يولىدىلا ساناپ تۈگەتكۈسىز تۆھپىلەرنى ياراتتى، شۇنداقلا ئۆز ئەجىر-مېھنىتىگە ماس ھالدا يەنە ئاز بولمىغان سەۋەنلىكلەرنىمۇ سادىر قىلدى. خىزمەتتىكى ئىشلارنى دەپ باشقىلار بىلەن ئۆچەكىشىپ قالغان، شۇ ۋەجىلىك ئۇلارنى ئورۇنسىزلا باشقا مەكتەپلەرگە يۆتكەپ، ئىللىق ئائىلىسى، باللىرىدىن ئايرىلىپ ياشاشقا مەجبۇر قىلغان، ھەتتا بەزىلەرگە ھەسسىلەپ جەرىمانە قويۇپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن زەربە بەرگەن، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇش ئىستىكىدە بولغان يەرلىرىمۇ، ۋاي دەپ كەلگەنلەرنى شارائىتى ياخشىراق مەكتەپكە تەگشەپ، كارى بولمىغانلارنى چەترەك مەكتەپكە بېرىشقا مەجبۇر قىلغان يەرلىرىمۇ، يېقىنلىرىنى ئىلغارلىق كۆرسەتكۈچى بىلەن تەمىنلەپ، مەرتىۋىسىنى كۆتۈرسە، چىشىغا تەگكەنلىرىنى ھەرباب بىلەن قامالاپ يۈزىنى چۈشۈرگەن يەرلىرىمۇ بولغانىدى. گەرچە چوڭ جەھەتتىن ياخشى ئىشلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەنە شۇنداق قىسمەن يېتەرسىزلىكلەردىن تامامەن خالىي بولۇپ كېتەلمىگەچ، زور كۆپ ساندىكىلەر ياخشى گېپىنى قىلسىمۇ، يەنە بىر قىسمىلار ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى. بۈگۈنكىدەك كۈندە تېخىمۇ شۇنداق. ئادەم ئەمەل كۇرسىدا ئولتۇرغىنىدا كىمنىڭ ھەقىقىي دوست، كىمنىڭ ساختىلىقىنى پەرق ئەتمىكى مۈشكۈل. ئەمىلىدىن قالغاندىچۇ؟ ئۇ چاغدا ساختا بىلەن چىننى ئايرىپ ئولتۇرۇشقا باش قاتۇرمىسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن مانا مەن دەپلا ئايرىلىدىغان گەپ، — ئوسمان شۇلارنى ئويلاۋېتىپ، چوڭقۇر بىرنى ئۇھسىندى. ئىغىر-ئىغىر نەپەسلەردىن كېيىن، يېقىنقى بىرقانچە ئاي ئىچىدە ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ سىيماسىنى كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزدى.

يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ۋاقتىدا ئانچە بەك ۋاي دېيىشىپ كەتمىگەنلەردىن ئىدى. مەنسەپتە ئولتۇرغان چېغىدا ئىغىز-بۇرۇن يالىشىپ، يېقىن ئۆتتۈشكەنلەردىن يوقلاپ كەلگەنلەر ساناقلىقلا. قىزىق ئىشتە بۇ. بەلكىم ئۇلار يېگى ھەمسۆھبەتدىشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى يۆگۈر - يېتىم ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ۋاقىت چىقىرالمىغاندۇ. بۆگۈن كەلمىسە، ئەتە كېلەر، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن، ھېچبولمىغاندا ئاخىرەتكە ئۇزىتىش پەيتىدە بولسىمۇ كېلەر...

ئوسمان ئەرشى ئۆز-ئۆزىگە شۇلارنى پىچىرلاپ، ئارقىسىدىن پىسىڭگىدە كۈلۈۋەتتى. قازان-قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ كىرىپ كەلگەن پەرىدە يولدىشىنىڭ تۇيۇقسىز كۈلكىسىدىن ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمىگە كۈلىدىلا ؟ بىرەر ئىشلىرى يادىلىرىغا كېچىپ قالدىمۇ قانداق ؟

— ھېچ ئىش يوق.

— ھېچ ئىش يوق. جىم تۇرۇپ كۈلىدىغانغا جىن چاپلىشىپ قالمىغاندۇ-ھە؟

— توۋا دەگىلا. جىن چاپلاشسىمۇ سىلىدەك ساق، بېجىرىم ئادەمگە چاپلاشماي، مەندەك بىر كېسەلمەن رودۇپايغا چاپلىشارمۇ؟

— كېسەلمەن جىن بولۇپ قالسا دەيمىنا.

ئەر-ئايال تەڭلا كۈلۈشتى...

## 3

ئوسمان ئەرشى ئايالىنىڭ دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا سەپەر تەييارلىقىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، پەرىدەنىڭ بىر قورساق سىڭلىسى پاتىمەنى ئۆيگە قاراپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى، باللارغا تاپىلايدىغاننى تاپىلاپ، ئايالىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىقىپ بىر

كېچىدىلا مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. سەھەر سۈبھى بىلەن بىكەت ئىچىگە كىرىپ كەلگەن ئاپتوبۇس يان تەرەپتىكى كەڭرى بوشلۇققا كىلىپ تورمۇزلاندى.

«ئەجەبمۇ تېز كىلىپ بولدىيا. ئاخشام كەچلىك تاماقتىن كېيىن ماڭغان، مانا ئەمدى ئەتىگەنلىك تاماققا ئۇلتۇرۇپ بولغۇچە كەپقالدى. ئىلگىرى ئىككى-ئۈچ كۈندە كىلەتتى. ھەي، نېمىلا دىگەنبىلەن يول ياخشى، ماشىنىلار نوچى-دە...»

— يېتىپ كەلدۇق. ئۇخلاپ قالغانلارنى ئويغىتىۋېتىڭلار، — شوپۇرنىڭ تەكرار توۋلاشلىرى پەرىدەنى سەگىتتى، نەرسە-كېرەكلىرىنى تېزلا يىغىشتۇرۇپ، يولدىشىنى يۆلەشتۈرگىنىچە ئاپتوبۇستىن چۈشتى.

— ئاچا، نەگە بارىسلەر؟ مەن ئاپىرىپ قوياي، — يىگىرمە ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى كىلىشكەن بىر يىگىت پەرىدەگە شۇنداق دەپلا سومكىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. يىگىتنىڭ قەدەملىرى تېز بولۇپ، پەرىدەگە سومكىنى كۆتۈرگىنىچە قېچىپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بەرگەنىدى.

— ھەي ئۇكام، سومكىنى نەگە ئاپىرىسىز؟ — پەرىدە توۋلىغىنىچە يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ كىلىۋاتاتتى، — توختاپ تۇرۇڭ، بىزنىڭ ئادەم يېتىشىۋالسۇن.

يىگىت بىكەت چىقىش دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىگە توختىتىپ قويغان كىرا ماشىنىسى يېنىغا كەلگەندىلا قەدىمىنى توختاتتى، سومكىنى ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، پەرىدەلەرنىڭ يېتىپ كىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. شۇ ئەسنادا پەرىدە يولدىشىنى يۆلەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى ۋە يولغا قاراپ تۇرغان شوپۇر يىگىتكە قاراپ دىدى:

— خۇددى قاچىدىغاندەك، ئەجەبمۇ تېز ماڭىپ كەتتىڭىز.

— شۇنداق جىددىيلەشكەنمىتىلە ھەدە، — يىگىت سۇسقىنا كۈلدى، — تېز بولمىساق قاتناش ساقچىلىرى كىلىپ قالسا جەرىمانە قويىدۇ دىسىلە. «ئالتاي ئاتقان پاختام بىر دوغا يارىماپتۇ» دىگەندەك، كېچىچە كىرىپ قاقماي تاپقان ـ تەرگىنىمىز قۇدۇققا چۈشۈپ كىتىدۇ.

— جەرىمانە ؟ يولدا ماشىنا توختاتقانغىمۇ؟

— شۇنداق. بەلگىلىمە بار، ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن ئورۇندىن باشقا يەرگە ماشىنا توختاتساق بولمايدۇ. ئەممازە، خېرىدارلار بۇنىڭغا زادىلا كۆنمىدى. ماشىنىنى بىر ئوبدان سېرىق سىزىق سىزىپ قويغان يەردە تۇرۇپ توسماي، ئۇدۇل كەلگەن يەردە توسىدۇ. توختىمايلى دېسەك ئەسلىي، توختاتساق ئەسلىي. ھەي، كۈن ئالماق تەس بوپ كەتتى. لېكىنزە خېرىدارنىڭ مىلىنى ئەپقاچىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز، ئۇنداق قىلساق يەۋاتقان ئىشىمىزغا ئۆزىمىز توپا سالغاندەك ئىش قىلغان بولىمىز دېسىلە، — ماشىنا يول دوقمۇشىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، يىگىت ئالدى ئورۇندۇقىغا جايلىشىپ ئولتۇرغان ئوسمان ئەرشىدىن سورىدى، — ئاكا، نەگە ھەيدەيمەن؟

— يىشۆيەنگە[①] ئۇكام.

ماشىنا تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

— ئاسمان-پەلەك بىنالار ئەجەب جىقكىنا بۇ شەھەردە، — دېدى يەرىدە ماشىنا رامىدىن بېشىنى سەل چىقىرىپ، يول بويىلاپ قەد كۆتەرگەن كۆز يەتكۈسىز ئېگىز بىنالارغا ھەيرانلىق ئىلكىدە سەپسېلىۋېتىپ.

— سەنزە، — ئوسمان ئەرشى ئايالىنىڭ دېگەنلىرىگە رەددىيە بەرمەكچى بولدى-يۇ، يەنە ئۇنىڭ ۋىلايەت ئاتلاپ سىرتقا چىقىپ باقمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىنى ئىچىگە يۇتتى. ماشىنا ئەينىكىدىن سىرتقا قارىدى.

ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر مەنزىرىسى ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى: ئېگىز قەد كۆتۈرگەن ھەر خىل پاسوندىكى رەت-رەت بىنالار، چاراقلاپ تۇرغان رەڭگارەڭ چىراغلار ۋە ياپيېشىل چىمەنلىكتە ئايلانغان ئازادە ھەم پاكىز كوچىلار، توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار ۋە ئادەملەر توپى، شەھەر

[①] يىشۆيەن — تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى

— جەرىمانە ؟ يولدا ماشىنا توختاتقانغىمۇ؟

— شۇنداق. بەلگىلىمە بار، ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن ئورۇندىن باشقا يەرگە ماشىنا توختاتساق بولمايدۇ. ئەمما زە، خېرىدارلار بۇنىڭغا زادىلا كۆنمىدى. ماشىنىنى بىر ئوبدان سىيرىق سىزىق سىزىپ قويغان يەردە تۇرۇپ توسماي، ئۇدۇل كەلگەن يەردە توسىدۇ. توختىمايلى دېسەك ئەسلىي، توختاتساق ئەسلىي. ھەي، كۆن ئالماق تەس بوپ كەتتى. لېكىنزە خېرىدارنىڭ مىلىنى ئەپقاچىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز، ئۇنداق قىلساق يەۋاتقان ئىشىمىزغا ئۆزىمىز توپا سالغاندەك ئىش قىلغان بولىمىز دېسلە، — ماشىنا يول دوقمۇشىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، يىگىت ئالدى ئورۇندۇقتا جايلىشىپ ئولتۇرغان ئوسمان ئەرشىدىن سورىدى، — ئاكا، نەگە ھەيدەيمەن؟

— يىشۆيەنگە[1] ئۇكام.

ماشىنا تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

— ئاسمان-پەلەك بىنالار ئەجەب جىققىنا بۇ شەھەردە، — دېدى يەردە ماشىنا رامىدىن بېشىنى سەل چىقىرىپ، يول بويلاپ قەد كۆتەرگەن كۆز يەتكۈسىز ئېگىز بىنالارغا ھەيرانلىق ئىلكىدە سەپسېلىۋېتىپ.

— سەنزە،— ئوسمان ئەرشى ئايالىنىڭ دېگەنلىرىگە رەددىيە بەرمەكچى بولدى-يۇ، يەنە ئۇنىڭ ۋىلايەت ئاتلاپ سىرتقا چىقىپ باقمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىنى ئىچىگە يۇتتى. ماشىنا ئەينىكىدىن سىرتقا قارىدى.

ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر مەنزىرىسى ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى: ئېگىز قەد كۆتۈرگەن ھەر خىل پاسوندىكى رەت-رەت بىنالار، چاراقلاپ تۇرغان رەڭگارەڭ چىراغلار ۋە ياپيېشىل چىمەنلىكلەر ئايلانغان ئازادە ھەم پاكىز كوچىلار، توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار ۋە ئادەملەر توپى، شەھەر

---

[1] يىشۆيەن — تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى

مەنزىرىسىگە ھەشەمەتلىك تۇس ئاتا قىلغان ئىستىرىئولۇق ئۆتۈشمە يوللار...

ئوسمان ئەرشى بۇ شەھەرگە ئىلگىرىمۇ نەچچە قېتىم كەلگەن بولۇپ، ئوي-چوڭقۇرىنى ئوبدانلا بىلگەچكە، تېزىمەيلا مەنزىلىنى تېپىپ باردى. شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ياتاققا ئورۇنلاشتى. پەرىدەگە بىر دانە قاتلىما سىم كارىۋاتنى ئىجارىگە ئالدى. پەرىدە ئاخشىمى سىم كارىۋاتنى ئوسمان ئەرشى ياتقان كارىۋاتنىڭ ئايىغىدىكى بوشلۇققا جايلاشتۇرۇپ، تاڭ يورۇغاندا قاتلاپ يىغىشتۇرۇپ كارىدورنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يىغىپ قويۇپ يېتىپ-قوپۇپ يۈردى. كارىۋات تار بولغاچ دېگەندەك بەھۇزۇر ئۇخلاپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. لېكىن، ئارىلىقتا بىر-ئىككى كۈن ئۇچ كىشىلىك بۇ كېسەلخانىنىڭ بىرەر كارىۋىتى بوش قالغان چاغلىرىمۇ بولدى. پەرىدە كەم قالغان ئۇيقۇسىنى مۇشۇ كۈنلەردە تولۇقلىغانىدى.

بىر ھەپتە مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ، دەسلەپكى دىياگنوز نەتىجىسى چىقتى.

— تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىغا سۇندۇق. ئۇلار ئىنتېرنېت تورى ۋە تېلېفون ئالاقىسى ئارقىلىق، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى داڭلىق مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرىدۇ، — دېدى مەسئۇل دوختۇر ئەتىگەنلىك تەكشۈرۈشتىن كېيىن پەرىدەنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ.

ئانچە خەيرلىك ئېيتىلمىغان بۇ سۆز پەرىدەنى ساراسىمىگە سېلىپ قويغانىدى. ئۇ سەل - پەل دۇدۇقلاپراق سورىدى:

— قارىغاندا كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر ئوخشامدۇ؟

— راستىنى دېسەم، بۇنداق كېسەلدىن ئونى بولسا توققۇزى ساقىيالمايدۇ، بىرەرى ساقىيىپ قالغىنىنىڭ ئۆزى مۆجىزە. لېكىن، ھازىرچە شۇ خىل كېسەلمۇ - ئەمەس، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس، شۇڭا بەك قورقۇپ كەتمىسىلە. ئىلاھىم باشقىچە بىر كېسەل بولۇپ قالار، — دوختۇر كومپيۇتېر ئېكرانىدىن نەزىرىنى ئۈزۈپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، پەرىدەگە

قاراپ كۆلۈمسىرىگىنىچە، — بەك جىددىيلىشىپ كەتمەڭ ھەدە، — دېدى.

پەردە كېسەلخانىغا كىرىپ تۇرۇشىغا، سېسترا قىز ئالدىنقى كۈندىكى ھېسابات قەغىزىنى ئەكىردى ۋە:

— تاپشۇرغان پۇلۇڭلار تۈگەپتۇ، — دەپ يەنە پۇل تۆلەشنى ئەسكەرتىپ چىقىپ كەتتى.

— ئەجەب تېز تۈگەپتىيا...

— تېخى بۈرناكۈن تاپشۇرغان پۇل تۈگەپتىمۇ؟ — ئوسمان ئەرشى ئايالىنىڭ ۋايساشلىرىدىن كۆزىنى ئېچىپ شۇنداق دېۋىدى، پەردە بىرئاز قايناپ قالدى:

— بىر ھەپتىدىن بېرى كۈندە بىر قاپاق سۇنى ئېسىپ، تۈزۈك داۋالاش قىلمىغان تۇرۇقلۇق 12 مىڭ يۈەن پۇل تۈگەپ بولدى دېسە.

ياتاقتىكىلەرمۇ پەردىگە ئەگىشىپ غۇدۇراشتى:

— شۇ ئەمەسمۇ، ئۇرغان ئوكۇلنىڭ تايىنى يوق، تولا تەكشۈرۈپلا يانچۇقنى قۇرۇقدايدىكەن بۇلار.

— دوختۇرخانا دېگەندە، قاپاق پۇل ئەمەس، بارلىق پۇل، دېگەندەك ئاسقان دورىسىنىڭ تايىنى يوق، تەكشۈرتۈشى كۆپ ئىكەن.

— مۇناسىۋەتسىز كېسەل بولسىمۇ ھەممە ئۈسكۈنىسىگە سېلىپ، يانچۇقتىكى پۇلنى سۇغارمىسا، نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغان ئۈسكۈنىلىرىنى توپا بېسىپ قالىدۇ-دە،...

پەقەت ئوسمان ئەرشىلا بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەستىن ھېسابات قەغىزىگە تىكىلگىنىچە سۈكۈتكە پاتقانىدى. شۇ تاپ ئۇ، مۇشۇنداق چوڭ بىر دوختۇرخانىدا بىر ھەپتە تەكشۈرۈپمۇ دىياگنوزى ئېنىق بولمىغان كېسەلنىڭ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى كېسەل ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرمەكتە، ئۆز ئويىنىڭ قىلچىمۇ خاتا ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئايالىنىڭ كېسىلىنى ئىنچىل يوشۇرۇپ كەلگەنلىكىدىن خاپا بولماقتا ئىدى.

«ئادەم ھامىنى ئۆلىدۇ. ئۆلۈمنىڭ قېرى - ياش بولمىغىنىدەك،

ئۆلۈم پەيتىنىڭمۇ ۋاقىت-سائىتى ئېنىق بولمايدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۆلۈم ۋاقتىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۆلۈم چۈشەنچىسى ئېنىق بولۇشى، يا ئۇنداق، يا بۇنداق، ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ ئاھ ئۇرۇپ زارلىنىش بەدىلىگە ئەتراپىدىكىلەرنى پاراكەندە قىلىشۇەتمەسلىكى كېرەك. ئاقىل ئىنسان ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ نېمە كېسەل بىلەن ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكمۇ بىر ئازاب. شۇڭا، ئۇ مېنىڭ كېسىلىمنى يوشۇرماي ئەينەن ئېيتسىلا بولمىدىمۇ. شۇنچە دېسەم دېگىلى ئۇنىمىدى. ھامان ئۆلىدىغان جانغا بۇنچە قىلىپ يورۇشىنىڭ نېمە ھاجىتى. ھەي، بۇنداق كېسەل نەگىلا بارسا ئوخشاش چىقىدۇ. ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداق. ئەجەل كەلگەنلەر ئۆلىدۇ، تىرىكلەر يەنە ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن...»

— دوختۇر نېمە دەيدۇ؟ — سورىدى ئوسمان ئەرشى خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆزىگە قاراپ جىممىدە ئولتۇرغان ئايالىدىن.

— ئۇلار شۇ، قارىماققا ئانچە ئېغىر ئەمەسكەن، شۇنداقتىمۇ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقماقچى دېدى.

— زادى نېمە كېسەلكەن. دەرد ئاشقازاندىمىكەن ياكى ئۆتتە؟

— ئۆتتىمۇ، ئاشقازاندىمۇ ئانچە - مۇنچە بار ئوخشايدۇ.

— كېسەل دېگەن بىر كۈندە ياخشىلانمايدۇ، قورۇق سۇغا گۈل بولۇپ يېتىشۋەرگىچە يۇرتقا قايتىپ، يەرلىك دورا بىلەن داۋالانسامۇ بولاتتى. سەنزە تولا يىغلاپ يۈرۈپ ئاخىر دېگىنىڭنى قىلدىڭ، — دېدى ئوسمان ئەرشى. پەرىدە لام - جىم دېمەستىن بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئوسمان ئەرشى ئايالىنىڭ تۇرقىدىن، كېچىدىن ئۇيقۇسى چالا قالغان بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىپ يەنە سۆز ئالدى، — چاي بولسا بىر پىيالە كەلتۈرۈۋېتىپ، كارىۋاتنىڭ ئايىغىدا بىردەم كۆزۈڭلىنى يۇمۇۋېلىڭلار.

شۇ ئەسنادا قوشنا كارىۋاتتا ياتقان بىمارنىڭ ئايالى بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

قوشنا كارىۋاتتىكى بىمار تاكسى ھەيدەيدىغان ئۈرۈمچىلىك كىشى بولۇپ، كەم سۆز، ئېغىر-بېسىق ئادەم ئىدى. خىزمەت ئورنى ۋە مۇقىم بىر كەسپى بولمىغان بۇ ئايال ئېرىنىڭ ئەكسىچە، توختىماي سۆزلەپلا تۇرىدىغان بولۇپ، زامانىۋى شەھەرنىڭ مودا ئاياللىرىغا خاس كىيىنگەنىدى، ئۆزىنى ئوبدانلا تۈزەشتۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇ ئېرى ياتاققا ئېلىنغاندىن بېرى كۈندە بىر ۋاقىلىق تامىقىنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن باشقا، بەزەر كۈنمۇ ئېرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ھاجىتىدىن چىقىپ باقمىغانىدى. ھەر قېتىم كەلگىنىدە قىزىقارلىق گەپلىرى بىلەن ياتاقتىكىلەرنى ئۇچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلدۈرۈۋېتەتتى. بىرەر سائەتچە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئېرىنى گويا كىچىك باللارنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلىتىپ قويۇپ غايىب بولاتتى.

ئەر بەش كۈن ئاۋۋال تۇيۇقسىز قان قۇسۇش بىلەن ياتاققا ئېلىنغان بولۇپ، ئاشقازان ئۈن ئىككى بارماق يارىسى دېگەن دىياگنوزغا ئاساسەن داۋالىنىۋاتاتتى.

— مانا قەدرلىكىم، ئۆزىڭىزگە بۇيرۇغان تائامنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى ئايال تاماق قاچىسىنى كارىۋات بېشىدىكى تومپۇچكىغا جايلاشتۇرۇۋېتىپ. باللار ئانىسىنىڭ يېنىغا ئولىشىپ ئەھۋال سورىدى:

— دادا، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— ئوبدان تۇردۇم قىزلىرىم. ئۆزۈڭلەرچۇ، مەكتەپتە ئوبدان ئوقۇۋاتامسىلەر؟ — سورىدى ئاتا باللىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— تۈنۈگۈن ئىمتىھان ئالغان، مەن 95 نومۇر ئالدىم.

— سىزچۇ قىزىم، سىلەردىن ئىمتىھان ئالمىدىمۇ؟ — ئاتا، ھەدىسىنىڭ گېپى بىلەن ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن كىچىك قىزىغا قاراپ شۇنداق دېۋىدى، كەنجى قىز تۇمشۇقىنىڭ ئىچىدىلا جاۋاب بەردى:

— بىزدىن ئۆگۈنلۈككە ئالىدۇ.

— ئۈلۈشكۈن قوشۇمچە سىناقتا ئەللىك ئىككى نومۇر ئاپتۇ، — دېدى قىزنىڭ چوڭى. كەنجى قىزنىڭ چىرايلىرى ھۆپپىدە قىزارغان

بولۇپ، ئاتىسىغا لاپپىدە بىر قاراپلا ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.

— سەلىمە، قىزىم سەلىمە، — تولۇلدى ئانا قىزىنىڭ ئارقىسىدىن كارىدورغا چىقىۋېتىپ، — يىراققا كەتمەڭ-ھە، مەن ھازىرلا چۈشىمەن، — ئانا قايتىپ كىرىپ چوڭ قىزىغا كايىدى:

— سەنزە دائىم ئىمتىھاندا ئالغان تۆت توك-توك نومۇرۇڭنى كۆز-كۆز قىلىپ، سىڭلىڭنى رەنجىتىسەن. نېمە قىلاتتىڭ ئۇنى خىجىل قىلىپ؟

— راست بولغاندىكىن دەپ قويدۇم شۇ، — قىز ئانىسىغا قاراپ دومسايدى، — سەن شۇنداق ئۆگەتتىڭ. ھە دېگەندە چاپان يېپىپلا تۇرىسەن. ئۆگىنىش قىلمىسمۇ پەقەت كارىڭ يوق.

— سارالڭ قىلامتىڭ ئۇنى. چوڭ بولغانچە ئۆگىنىدۇ. خۇددى ھەممىنى بىر كۈندە ئۆگىنىپ بولىدىغاندەك دەپ كەتكىنىڭنى قارا.

— مۇشۇنداق قىلساڭ ئاخىر ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان بىكار تەلەپ بولۇپ چىقىدۇ.

— بولدى-بولدى تەگەشمەڭلار، — دېدى ئەر ئايالىغا ئاچچىقلىنىپ، — سىزمىچۇ سەلىمەنى يامان ئۆگىتىپ قويدىڭىز. ئوقۇغۇچى بولغاندىكىن كۈندىلىك تاپشۇرۇقنى كۈندە ئىشلەپ ماڭمىسا دەرسلەرنى قانداق ئۆزلەشتۈرىدۇ؟ كېيىن ئالىي مەكتەپكە قانداق ئۆتىدۇ؟

— ئوھۇش، دەپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ. ئالىي مەكتەپنىڭ گېپىنىلا قىلىدىكەنسىز. خۇددى ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزمىگەن ئادەم جاھاندا ياشىيالمايدىغاندەك. بالا تېخى كىچىك، چوڭ بولغانچە كىرىشمەمدۇ ئۆگىنىشكە، — ئايال تاماقنى پىيالىگە بۆلۈۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز. قوشنىمىزنىڭ ئوغلىمۇ ئىچكىرىدىكى بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپتىكەن، ئىككى يىلچە بولدى خىزمەت تاپالماي يۈرمەمدۇ ئەنە. خەۋىرىڭىزدە بار، ئۆتكەن يىلى تىجارەت قىلىمەن، دەپ ئاتىسىنىڭ يېمەي-ئىچمەي يىغىپ قويغان ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلىنى دەسمايە قىلىپ بىر شىركەت قۇردى. ئىككى كۈندىن بېرى

بىكار دەسسەپ يۈرىدۇ. بايىلا بىنا ئالدىدا ئاپىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىسام، يىغلاپ كەتتى، ئېيتىشىچە: شىركەتكە سالغان دەسمايىنى يوق قىلىش بىلەن بىللە، يەنە نەچچە يۈز مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپتىمىش. تۆنۈگۈن بانكىدىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنى باھالاپ كېتىپتۇ. قارىغاندا ئۆي بىساتىدىنمۇ ئايرىلىدىغان ئوخشايدۇ ئۇ بىچارىلەر.

— شۇڭا دەيمەن، بالىنى كىچىكىدىن ئوبدان تەربىيەلەش كېرەك. دەرەخمۇ كىچىكىدىن ۋاقتى-ۋاقتىدا چاتاپ، سۇغىرىپ، تۈۋىنى يۇمشىتىپ ئوبدان پەرۋىش قىلىنسا، ماتېرىيال سۈپەتلىك بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئېتىلا دەرەخ بولۇپ، ئانچە ياخشى ماتېرىيال بولمايدۇ. پەرۋىشى ياخشى قىلىنغىنى 10 يىلدا يارامىلىق ماتېرىيال بولسا، پەرۋىشى ياخشى قىلىنمىغىنى ئون بەش يىل، ھەتتا يىگىرمە يىلدىمۇ جانغا ئەسقاتقۇدەك ماتېرىيال بولالىشى ناتايىن. بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. مەكتەپتە ياخشى تەربىيەلەنمىسە، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ بىرەر كەسىپتە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئىمتىھان ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزدى دېگەن بىلەنمۇ ئاساسى پۇختا بولمىسا، قوشنىمىزنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، دىپلومنى كۆتۈرۈپ ئاۋارە بولۇپ يۈرىدىغان گەپ.

— بولدى... بولدى، بۇ گەپلەرگە كاللىڭىزنى ئۇپراتماي، ئېشىڭىزنى ئىچىپ، كېسىلىڭىزنىڭ دەردىنى تارتىڭە.

— ھەي سانىيە، سەنزە بىر ئىشنى بەك ئاددىي ئويلايسەن جۇمۇ،— دېدى ئەر.

— سىز بار ئەمەسمۇ، — دېدى سانىيە كۆزلىرىنى ئويناقلىتىپ تۇرۇپ، — ھەر ئىككىلىمىز بەك قاتتىق بولۇپ كەتسەك، بالىلارنىڭ يۈرىكى مىجىلىپ كەتمىسۇن دەيمىنا. ھى...ھى...ھى...

ياتاق ئىچى تىمتاسلىققا چۆمۈلدى. كۆڭۈلسىز ئاياغلاشقان سۆھبەت

ئوسمان ئەرشىنىڭ خىيالىنى چۇلغىغان بولۇپ، شوپۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى رېئالنى ئەمەلىيەت بىلەن باغلىماقتا. ئۆزىنىڭمۇ نەچچە ئون يىل ئاۋۋال مۇشۇنچىلىك بىر ئىشنى توغرا ھېس قىلىپ، باللارنى قاتتىق باشقۇرۇپ تەربىيەلىگەن بولسا بۈگۈنكىدەك ئاقىۋەتنىڭ يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى جەزم قىلماقتا، پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا، ئوغلى تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىكى مۇنداق بىر ئىش كەچتى:

دەرس قوڭغۇرىقىنىڭ چېلىنىشى بىلەن سىنىپقا كىرىپ كەلگەن ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى يوقلىما قىلماق بولۇپ مۇنبەر ئۈستىدىكى يوقلىمىنى ئاۋايلاپ ئاچتى. يوقلىما ئارىسىدا بىر پارچە خەت قىستۇرۇقلۇق ئىدى. مۇئەللىم خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ ھەيران قالدى. خەتتە: «ھوشۇڭنى تاپ، ئەدەپكە قايت. ئەڭ ياخشىسى مەندىن سىناق ئالىمەن دېمەي ئېشىكىڭنى باق، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن...» دېگەندەك بىمەنە سۆزلەر يېزىلغانىدى.

— بۇ خەتنى قايسىڭلار يازدىڭلار؟ — توۋلىدى ئوقۇتقۇچى غەزەپ بىلەن.

سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق خەتنى ئوسمان ئەرشىنىڭ ئوغلى قۇدرەتنىڭ يازغانلىقى ئايدىڭلاشتى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ئۇكام. ئوقۇمۇشلۇق ئادەمنىڭ بالىسى مۇشۇنداق ئىشنى قىلسا باشقىلار قانداق قىلىدۇ؟ بۇنداق سۆزلەرنى يېزىپ يۈرگىچە، مەندىن سىناق ئالمىسۇن، دەپ مەكتەپكە ئىلتىماس يازسىڭىزلا بولاتتىغۇ...

— نېمە قىلالايتتىڭ! — دەپ توۋلىدى قۇدرەت مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاخىرلاشماستىنلا.

— ماڭ، ئاتاڭنىڭ قېشىغا ئاچىقاي سېنى، — مۇئەللىم قۇدرەتنىڭ چاپىنىنى پېشىدىن سۆرىگىنىچە سىنىپتىن ئېلىپ چىقتى.

بۇ دەل، ئوسمان ئەرشى مەكتەپ مەسئۇللىرىغا يىغىن ئېچىۋاتقان جىددىي پەيت ئىدى .

— ۋۇ ئۆلمىگۈر توڭگۇز، قاتىل! — يىغىن ئەھلى بار كۈچى بىلەن جار سېلىپ كىرىپ كەلگەن ئوسمان ئەرشىنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق بەگزادىسىگە قاراشقىنىچە داڭ قېتىشقانىدى.

— نېمە بولۇشتۇڭ، — تولۇلدى ئوسمان ئەرشى ئوغلىنى ئالدىغا سېلىپ كىرىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىغا قاراپ، — نېمە... نېمە ئىش بۇ، ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ ئوقۇغۇچىنى ئۇرساڭ بولامدۇ؟!

— ئوسمان مۇدىر، ئىش ئەسلىي...

— چىقە ماڭە يىغىننى بۇزماي، گەپ بولسا مەكتىپىڭگە كىرگەندە ئېيت، — ئوسمان ئەرشى ئوقۇتقۇچىنى ئىشخانىدىن قوغلىدى. ئوغلىغا ئۆيگە كىرىپ كېتىشنى بۇيرۇغاندىن كېيىن يىغىننى داۋاملاشتۇردى. كەچتە ئۆيگە كىرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ بىر ئىزىدا چۆرگىلەپ كەتتى.

— ماڭا ھاقارەت قىلغۇچە بوپتۇمۇ ئۇ سېرىق تۆك. خەپ توختاپ تۇر...

ئوسمان ئەرشى ئەتىسى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ ئەھۋالنى مەكتەپ مۇدىرىغا ئېيتقاندىن كېيىن، ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى، مەكتەپ بويىچە بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئوغلىغا ناماقۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسى مەخسۇس خادىم ئاجرىتىپ ئىشنىڭ بارلىق جەريانىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، ئەھۋالنى تولۇقى بويىچە ئوسمان ئەرشىگە يازما دوكلات قىلغانىدى. بىراق، ئوسمان ئەرشى يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ تەلىپى ئورۇنسىز ئىدى. سەۋەنلىك ئوغلىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇتقۇچىغا بېسىم ئىشلىتىشى ئەقىلگە ئۇيغۇن بولمىغانىدى. بۇ ئەھۋال ئاخىر ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىگىچە يېتىپ باردى. مائارىپ ئىدارىسى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشكە مەخسۇس خادىم ئاجرىتىپ، ئەھۋالنى ئەينەن ئېنىقلاپ كۆرگەن، مەسىلىنىڭ ئوسمان ئەرشىنىڭ ئوغلى قۇدرەتتە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن بولسىمۇ، تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلماقتا يوق، ئوسمان

ئەرشى بىلەن كۆڭلى يېقىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، زىخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان بىر چارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. سەۋەنلىك ئوقۇغۇچىدىن ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ قول تەگكۈزگىنى مائارىپ قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ، شۇڭا ئۇ ئوقۇتقۇچىغا بىر ئايلىق ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، يىل ئاخىرىدا مۇنەۋۋەر باھالانمايدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. بۇنداق خورلۇققا چىداپ بولالمىغان ئوقۇتقۇچى ئاخىر ئىش تاشلاپ ئۆيىگە كەتكەنىدى. ئىش شۇنىڭ بىلەن تەلتۆكۈس ھەل بولغانىدى...

ئوسمان ئەرشى ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىلا كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشىنىپ يەتتى. ئەسلىي شۇ قېتىمدا ئوقۇتقۇچىغا ئەمەس، ئوغلىغا تېگىش قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوبدان تەربىيە ـ نەسىھەت قىلغان بولسا، ئۇمۇ بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى تاشلاپ، ئوبدان ئوقۇغان بولاتتى. ھازىرقىدەك ئاتا ـ ئانىسىغا ياندىغان بەڭباش ئادەممۇ بولۇپ قالمايتتى، ئەلۋەتتە... ئوسمان ئەرشىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش سىرغىدى. شۇ تاپ ئۆز قىلمىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان، ئۆكۈنۈش قىلغانىدى...

— ھەدە، سىرتلارغا ئاچقىپ ئايلاندۇرۇپ كېرەي، — دېدى سانىيە پەرىدەگە قاراپ.

— بولدى، مەن چىقماي، — دېدى پەرىدە باش ياغلىقىنى ئوڭشاپ چىگىۋېتىپ.

— چىقىپ كىرىڭلار بولمىسا، — ئوسمان ئەرشى قىزغىن كەيپىياتتا شۇنداق دېدى.

— مەن سىرتقا چىقىپ كەتسەم، سىلە قانداق قىلىسىلەر؟

— ۋاي-ۋۇي، نېمىدىن شۇنچە ئەندىشە قىلىدىلا ھەدە؟ — گەپ قىستۇردى شوپۇر، — ئوكۇلنى دوختۇر سالىدۇ، مىدىرلاپ كەتمەي يېتىپلا بەرسە چۈشىۋېرىدۇ دېسىلە. ئەنسىرەيدىغانغا يوگەك بالىسى بولمىسا يا.

— ئالىمادىس تەرىتى قىستاپ قالسا دەيمىنا.

— بۇ تەرەپلىرىدىن ئەنسىرەپ قالسىلا، ھازىر ئەكىرىپ بولىدى دېگۈچە بىر توسۇپ چىقمامدىلا، ھا... ھا... ھا... — سانىيە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىۋىدى، قالغانلارمۇ ئۇنىڭ كۈلكىسىگە جور بولۇشتى. سانىيە كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئوسمان ئەرشىگە يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. ئوسمان ئەرشىنىڭ چېھرىدە كۈلكە جىلۋىلەنگەنىدى، سانىيە ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە خۇرۇچلىرىدىن مەمنۇنلانغاندەك بىر قىياپەتتە پەرىدەگە قاراپ دېدى:

— قارىسام نەچچە كۈندىن بېرى ھېچ يەرگە چىقمىدىلا، ئۈرۈمچىگە تۇنجى كېلىشىم دەۋاتقانتىلە، يۇرسىلە ئايلاندۇرۇپ كىرەي.

— شۇنداق قىلىڭلار. ئۈرۈمچىگە يەنە بىر ئاياغ بېسىش قاچانلاردا نېسىپ بولىدۇ، — دېدى ئوسمان ئەرشى ئايالىنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى پەم ئېتىپ.

ئۇلار پەسكە چۈشكەندە، سەلىمە ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈك رېشاتكىسى يېنىدا ئانىسىنى ساقلاپ تۇرغانىدى. پەرىدە سانىيە ئانا ـ بالىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تاكسى بىلەن شەھەر مەركىزىگە يېتىپ كەلدى. ئاۋات رەستىلەرنى، دۇكان ـ سارايلارنى ئارىلىدى، يولدىشىغا ئىچ كىيىم، پايپاق قاتارلىقلارنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، سانىيە ئانا ـ بالا بىلەن خوشلاشتى.

سانىيە پەرىدەنى تاكسىدا يولغا سېلىپ قويغانىدى. ئارىدىكى نەچچە سائەتلا ۋاقىت پەرىدە ئۈچۈن نەچچە كۈندەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ياتاققا پاتراق يېتىپ بېرىش تەقەززاسى ھەسسىلەپ ئاشقانىدى. شۇنداق بولغاچ تاكسىنىڭ يول دوقمۇشلىرىدىكى قىزىل چىراغدا نەچچە ئون دەقىقە توختاپ قېلىشى ئۇنىڭ ئىچىنى تىت ـ تىت قىلاتتى.

ئۇ، لىفىت ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتمەستىنلا پەلەمپەي بىلەن يۇقىرى چىقىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— ئوسمان! ئۇ قېنى؟ — پەرىدە قۇپقۇرۇق تۇرغان كارىۋاتقا قاراپ ۋارقىرىۋەتكەنىدى، يەنە بىر كارىۋاتتىكى كۆزى ئۇيقۇغا بېرىپ قالغان بىمار ئويغىنىپ كەتتى.

— ۋوي! نېمىگە بۇنچە ئالاقزادە بولىسەن؟ — ئوسمان ئەرشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — مانا مەن، قولۇمنى يۇيۇۋالاي دەپ خالاغا كىرگەن، — ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن بولۇپ، تېگى-تېگىدىن سارغىيىپ كەتكەنىدى.
— چىرايىڭىز سارغىيىپ كېتىپتىغۇ؟ بىرەر ئىش بولدىمۇ نېمە؟
— ياقەي، — ئوسمان ئەرشى ئايالىدىن ئۆزىنى ئەپقاچتى. پەرىدە خالاغا كىرىپلا ئەندىكىشلىك تووۋلىدى:
— قان، قان تۇرىدىغۇ؟ قان قۇسۇپسىز-دە؟
— ئەنسىرىگۈدەك ئانچە كۆپ ئەمەس.
يانفون مۇزىكىسىنىڭ جىددىي رىتىمى سۆھبەتنى ئۈزدى. تېلېفون ئائىشەدىن كەلگەنىدى.
— ئاي قىزىم، ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟
— ئوبدان دادا، ئۆزىڭىزچۇ؟ كېسىلىڭىز ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟
تېلېفوندىكى ئاۋازلار ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پەرىدە يولدىشىغا چاپلىشىپ دېگۈدەك يېقىنلاپ گەپ تىڭشىدى.
— ياخشى، پات ئارىدا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىمەن قىزىم، ئاچىڭىز ئۆيگە كىرىۋاتامدۇ؟
— ھەئە، ئاچام ھەر كۈنى كەچتە ئۆيگە كىرىپ، بىزگە تاماق ئېتىپ بەردى.
— ئاكىڭىزچۇ قىزىم؟
— ئاكام ھازىر سىرتقا چىقمايدۇ، كۈندە ئۆيدىلا ئولتۇرىدۇ دادا.
— بەك ئوبدان بوپتۇ قىزىم. ئاكىڭىزغا، پاتىمە ئاپىڭىزغا جاپا سالماڭ، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلاڭ، گەپ ياندۇرماڭ.
— ماقۇل، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن. ئاپامچۇ، يېنىڭىزدا بارمۇ؟
پەرىدە تېلېفوننى ئېلىپلا يىغلاپ كەتتى:
— جېنىم بالام، كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭ.
— قاچان يېنىپ كېلىسىز ئاپا؟
پەرىدە مىكىير تەستە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— خۇدايىم بۇيرۇسا پات ئارىدا يېتىپ بارىمىز قىزىم .
— ئاپا، ئۇرۇمچى چىرايلىقمىكەن؟
— چىرايلىقكەن، چىرايلىقكەن قىزىم.
— مەنمۇ چوڭ بولغاندا ئۇرۇمچىدە ئوقۇيمەن.
— ياخشى، چوقۇم شۇنداق قىلىڭ قىزىم.
— ماقۇل، تېلېفوننى ئاكامغا بېرەي، — تېلېفوندىن قۇدرەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ئانا، ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟ ئاتامنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟
— ئاتاڭمۇ ياخشى تۇردى بالام. ئۆزۈڭچۇ؟ ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن؟
— ئوبدان تۇردۇم. ئاتامغا ئېيتىپ قوي، مەندىن ئەنسىرىمىسۇن ئانا! مەن ئەمدى سىلەرنى ھەرگىز ئەنسىرەتمەيمەن.
پەرىدە باللار بىلەن بىر - بىرلەپ پاراڭلىشىپ چىقتى، ئاخىرىدا سىڭلىسى پاتىمە بىلەن پاراڭلاشتى. پاتىمەگە قىزى ئائىشەگە ئوبدان قاراشنى، بولۇپمۇ تاماقنى قەرەلىدە يېگۈزۈپ، مەكتەپكە ۋاقتىدا يولغا سېلىشنى ئالاھىدە تاپىلىدى.
— ئوغلىمىز قۇدرەتجاننىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ دادىسى؟ — دېدى پەرىدە ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.
— ھەئە، ئاڭلىدىم. خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساب بەرسۇن.
ئەر-ئايال بىر-بىرىگە قاراشقىنچە يەنە سۈكۈتكە پاتتى. شۇ ئارىدا مەسئۇل دوختۇر كىرىپ كەلدى:
— ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ — سورىدى ئۇ ئىشىك تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ياتقان بىماردىن.
— خېلى ياخشى، پۇتۇم ئازراق ئاغرىپ تۇرىدۇ.
— ئىسسىقراق كىيىنىڭ، سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن، — دوختۇر بىمارنىڭ پۇتىنى بېسىپ كۆرۈپ شۇنداق دېدى ۋە ياندىكى كارىۋاتقا قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ماۋۇ كارىۋاتتىكى بىمارچۇ، قاياققا چىقىپ كەتتى؟

— ھېلى بار ئىدى.

— قايتىپ كىرگەندە دەپ قويۇڭ، ئىشخانامغا كىرسۇن، كۆرۈشىدىغان ئىش بار، — دوختۇر بىمارغا ئىش تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن ئوسمان ئەرشى ياتقان كارىۋاتقا يېقىنلاپ كەلدى ۋە ئوسمان ئەرشىدىن سورىدى:

— ئوسمىنىكا، ئۆزىڭىزچۇ؟ مىجەزىڭىز قانداقراق؟

— ھەرھالدا ياخشى ئۇكام، شۇغىنىسى كېسەلنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئىچىم تىت-تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئاشقازان كېسلى، — دېدى دوختۇر خالتىنىڭ يانچۇقىدىن ئىككى ۋاراق قەغەزنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ پەردەگە سۇنغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مانا ماۋۇ ئوپېراتسىيەدىن بۇرۇنقى توختام قەغىزى. ئالاھىدە ئەھۋال بولمىغاندا، ئۆگۈنلۈككە ئوپېراتسىيە قىلىمىز. باشقىچە پىكرىڭلار بولمىسا توختامغا ئىمزا قويۇپ، ئەتە سەھەردىلا ئىشخانامغا يەتكۈزۈپ بېرىڭلار.

دوختۇر ئىشىك تۈۋىگە يېقىنلاپ بارغاندىن كېيىن، بىرەر نەرسىنى ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك تېز رىتىمدا ئارقىسىغا ئۆرۈلدى-دە، ئوسمان ئەرشىگە قاراپ جىددىي كەيپىيات بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— چوڭ-كىچىك تەرەت، نەپەس جايىدىمۇ؟ يۆتەل يوقتۇ؟

— بۈگۈن كۆپ يۆتەلمىدىم، تەرەتمۇ جايىدا، بىراق، ھېلىتىن ئازراق بەلغەم بىلەن قان كەلدى.

— ھە، ئەتە يەنە تەكشۈرىمىز. قايناق سۇنى كۆپرەك ئىچىپ بەرسىلە. كەچتە دېرىزىنى يېپىۋەتسۇن، زۇكام تېگىپ قالسا ئوبدان بولمايدۇ، — دوختۇر قايتماق بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئوسمان ئەرشى ئېغىز ئاچتى:

— دوختۇر، مەن زادى نېمە كېسەلكەنمەن؟

— ئاشقازان يارىسى دېدىمغۇ.

— شۇنچە ئېغىرمۇ؟

— بىر نېمە دېمەك تەس. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئوپېراتسىيە قىلىشنى قارار قىلدى. شۇڭا، تەييارلىق كۆرمىسىڭىز بولمايدۇ، — دوختۇر

ئىشكتىن چىقىپ بولۇپ، يەنە ئارقىغا يېنىپ كىردى، ـــ ھە راست، ئەته ئالدى بىلەن پۇل تۆلەڭ.

ـــ قانچە پۇل ؟

ـــ 50 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا.

ـــ 50 مىڭ يۈەن...

ئوسمان ئەرشىنىڭ ئاخىرقى سۆزى جاۋابسىز قالدى. دوختۇرخانىلارنىڭ داۋالاش خىراجىتى يۇقىرى بولغاچقا، ھەرقانداق بىر بىمار پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىنىدا نارازى بولماي قالمايدۇ: تىبخى ئۆلۈشكۈن تاپشۇرغان نەچچە مىڭ سوم پۇلنىڭ شۇنچە تېز تۈگەپ كەتكەنلىكىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىشىدۇ. كۆڭلىدىكى چىقىم تالونىغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق قارىشىدۇ. بۇ تەرەپلەر دوختۇرغا بەش قولدەك ئايان بولغاچ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، ياتاقتىن ئايرىلغانىدى. ئوسمان ئەرشىنىڭ كاللىسىدىن تۈتۈن چىققاندەك بولدى.

ـــ بولدى، ئوپېراتسىيە دەپ ساق تەننى پارچىلىتىپ، يەنە نۇرغۇن پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيغانىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئەتىلا رەسمىيەت ئۆتەپ، ئۆيگە قايتىپ كېتەيلى.

ـــ بۇ...، ـــ پەرىدە گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتتى. چۈنكى، داۋالىنىشقا نەق پۇل بولمىسا زادىلا بولمايتتى. داۋالىنىش خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇلمۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئاندىن ھەل بولاتتى. خىراجەت ئاتچوت قىلىنىشتىن ئاۋۋالقى بارلىق داۋالىنىش راسخوتىنى بىمار تەقلەشكە توغرا كېلەتتى. پەرىدە ئېرىنىڭ گېپىگە چىش يېرىپ بىرنېمە دېمەك بولغان بولسىمۇ، دەرھال ئۆتكۈزىدىغانغا پۇل بولمىغاچقا دېمەكچى بولغانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى نەدىن تېپىشنىڭ غېمىدە ئىدى. شۇنداق، ئۆلارنىڭ نەچچە ئون يىل تىرىشىش ئارقىلىق توپلىغان ئىقتىسادىنىڭ بىر قىسمى ئالدىنقى يىلى چوڭ قىزىنى ياتلىق قىلغاندا چىقىم قىلىنغان بولسا، قالدى-قاتتىسى دوختۇرخانا ۋە يەرلىك تېۋىپلاردا

داۋالىنىش ئۈچۈن سەرپ ئېتىلدى. ھازىرقى قالدۇق ئىقتىسادىنى يىغقاندا بۇنچىلىك كۆپ پۇلنىڭ چىقىشى ناتايىن... بىرەركىمدىن ئۆتنە ئېلىپ تەقلىمەكمۇ بەسىي مۇشكۈل ئىدى. مۇشۇنداق بىر ھالەتتە كىممۇ ئۇلار ئۈچۈن پۇل بېرىپ تۇرسۇن. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېتىشنىڭ ئەسلا ئورنى يوق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟...

— سەن چىقىپ دوختۇرغا ئېيتىپ قوي، ئوپېراتسىيە قىلدۇرمايمەن. مۇمكىن بولسا ھېسابلىشىپ چىق، ئەتە سەھەردىلا يولغا چىقايلى.

پەرىدە خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ يولدىشىغا تىكىلدى. ئوسمان ئەرشىنىڭ چىشلىرى كىرىشكەن بولۇپ، زاڭاق گۆشلىرى توختىماي لىپىلدايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاچچىقلانغانلىقىنىڭ بېشارىتى بولغاچ، پەرىدە يەنە ئارتۇق ئەزمىلەپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى پەم ئېتىپ، لام- جىم دېمەي ئولتۇرۇۋېدى، ئوسمان ئەرشى سۆزىنى تەكرارلىدى:

— ئاڭلاۋاتامسىلەر، دوختۇر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئوپېراتسىيە قىلدۇرمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇڭلار، مۇمكىن بولسا ھېساباتنى ئۈزۈپ چىقىڭلار دەۋاتىمەن.

— ماقۇل، — پەرىدە رايىشلىق بىلەن شۇنداق دېدى-دە، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ چىقىپ كەتتى...

## 4

كېچە. دېرىزىدىن چۈشكەن سۇس چىراغ يورۇقى پېشايۋان ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتنىڭ بىر تەرىپىنى خىرە يورۇتقان بولۇپ،گويا سەھنىلەرگە توغرىلاپ قويۇلغان چىراغلاردەك،كارىۋاتنىڭ يان ياغىچىغا يۆلەنگىنىچە بېشىنى قاماللاپ سۈكۈتكە پاتقان قۇدرەتنىڭ سىيماسىنى يورۇتۇپ تۇرغانىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ تۇرقى سەھنىلەردە رول ئېلىۋاتقان ئارتىسنىڭ ئۆزى ئىدى.

«تېخى ئاتمىشقا ئاياغ باسماستىنلا ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ ئەجەبمۇ شۇنداق

تۇيۇقسىز ئاغرىدى. ئاغرىغاندىمۇ ئامال قىلغىلى بولماس مەرەز كېسەل بىلەن ئاغرىدى. باشقىراق بىر كېسەل بولغان بولسىمۇ، قانچىلىك ئىقتىساد كېتىشتىن قەتئىينەزەر بىر ئامال قىلىپ باققان بولاتتىم، بىراق، ئۇنىڭ قېرىشقاندەك ئاشقازان راكىغا گىرىپتار بولغىنىنى كۆرمەمدىغان...

ھەي، مىنى شۇنچە ئەزىزلەپ بېقىپ، چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇۋىدى، ئەجىر-مېھنىتىگە تۇشلۇق ھىممەت قايتۇرالمايدىغان بولدۇم. نەچچە ئاي، نەچچە كۈنلەپ دوختۇرخانىدا ياتسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر تىيىن ياردەم قىلالمىدىم. ئەكسىچە، ئۇ ئۆز ئازابىنى ئەمەس، مېنىڭ خاتىرجەملىكىمنىڭ غېمىنى يەپ ياتتى...ئۆز ۋاقتىدا نەسىھەتىگە ئوبدان قۇلاق سېلىپ ياخشى ئوقۇغان بولسام، تىرىكچىلىكنىڭ بىرەر يولىنى قىلغان بولسام، ئاز-تولا ياردەم قىلالىغان، مۇھىمى ئاخىرقى تىنىقىدا خاتىرجەم يېتىشىغا تۆرتكە بولالىغان بولاتتىم...»

— دادا...دادا...كۆزىڭىزنى ئېچىڭ دادا!

ئائىشەنىڭ ۋەھىملىك تووۋلاشلىرى قۇدرەتنى چۆچۈتتى. ئۇ، ئورنىدىن قوزغىلىۋاتقان پەيتتە ئۆيئىچىدە يىغا - زار كۆتۈرۈلگەنىدى.

— ئوسمان...ئوسمان، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ ئوسمان...

ئوسمان ئەرشى كۆزىنى خىرە ئاچقىنىچە، ئاغزىنى ئۆمەللەيتتى. قۇدرەت ئاتىسىنىڭ ئاغزىغا قۇلىقىنى يېقىن ئاپىرىپ، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى ئاڭقىرىماق بولغان بولسىمۇ، ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى...

ئالاھازەل ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئەنە شۇنداق ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتتى. قولۇم-قوشنىلاردىن بىرقانچىسى چاقىرتىلدى. يىراق - يېقىندىكى تۇغقانلارغا خەۋەر قىلىنىپ، يەرلىك كولاشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

— بۇنى يۇتتۇۋەتسىلە ئوسمان، — پەرىدە قايسىبىر چاغلاردا تەييارلىتىپ قويغان ئايەت سۈيىنى يولدىشىنىڭ ئاغزىغا قوشۇق بىلەن تېمىتاتتى، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ، يولدىشىنىڭ پانىي ئالەمدە بىلىپ-بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھى - كىچىرلىرىدىن خالاس بولۇشىنى، ئۇ ئالەمگە پاك ھالەتتە سەپەر قىلىشىنى ئاللادىن تىلەيتتى، دۇئا، قەسىدىلەر ئوقۇيتتى...

ئاسمان گۈمبىزى ئەمدىلا سۈزۈلگەن پەيتتە، خورازلار بەس - بەستە قىچقىرىشىپ، ئىتلار قاۋاشتى، كېچىدىن دەرەخ ئۈستىدە تۈنەشكەن تۈلەك قاغىلار پالاقشىغىنىچە نەلەرگىدۇر ئۇچۇشتى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق تىۋىشلىرى، موتوسىكلىتلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى پەيدىنپەي كۈچەيدى...

ئوسمان ئەرشىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقانلار تەرەپ-تەرەپتىن كېلىشمەكتە ئىدى.

بامدات نامىزىغا قىچقىرىلغان ئەرزان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئۈچىنچى تۇۋلاشتا ئوسمان ئەرشىنىڭ كۆزى پاللىدە يورىدى.

— ئاتا!

— ئوسمان... ئوسمان... — پەرىدە يولدىشىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىملىغىنىچە تەكرار تۇۋلايتتى، ھاياجان ياشلىرىنى تۆكەتتى، — ئاخىر ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز، كۆزىڭىزنى ئاچتىڭىز...

— سا...سالى... — ئوسمان ئەرشىنىڭ جانسىز ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ ئىدى. ئۇ ئەتراپقا تەكشى كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئايالى ۋە بالىلىرىنى تىلغا ئالدى، — ئائىشە، ئايگۈزەل، پەرىدە، قۇ...قۇ...قۇدرەت.

ئاتىسىغا مىختەك قادىلىپ تۇرغان بالىلار ئىسمى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن ئاتىسىغا تاشلىنىپ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئوسمان ئەرشىنىڭ كۆزىدىمۇ ياشلار تارام بولدى.

— كۆكلۈكنى بۇزما ئاداش، — سالى ئوسمان ئەرشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېۋىدى، ئوسمان ئەرشىنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى. چوڭقۇر نەپەستىن كېيىن ئاستا شىۋىرلىدى:

— ماۋۇ گېپىڭ دۇرۇس، بىز ئەزەلدىنلا ئاداش، دوست. كۆكلۈكتە ئاداۋەت تۇتماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

— خاتىرجەم بول، مەن سەندىن ھەرگىزمۇ ئاغرىنمايمەن. ئارائۆستەڭ خەلقى سەندىن ئاغرىنمايدۇ،... — سالىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تۈگىمەستىنلا ئوسمان ئەرشىنىڭ كۆزى يۇمۇلدى.

مەھەللە ئاسمىنىنى يىغا-زار قاپلىدى...

ھازىدار قوشۇن ھۆن تارتىپ كېلىپ جىنازىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى...

# ئونىنچى باب

# غايىب بولۇش

## 1

ئوسمان ئەرشى ۋاپات بولۇپ يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جۇرۇپ بىلەن سامساقلارمۇ بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى. سالى جۇرۇپنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كۈنى تېتىر يېزىسىغا بېرىپ، جۇرۇپنىڭ ئۈچ نەزىرىسى تۈگىگەنگە قەدەر، نەزىر-چىراغنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بولدى.

تېتىردىمۇ ئۆزگىرىشلەر زور بولۇپ، ماكچىيىپ كەتكەن كونا تاملارنىڭ ئورنىغا پىششىق خىشتىن چىداملىق ئۆيلەر سېلىنغان، كەنت بىلەن كەنت، مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى يوللارغا ماي ياتقۇزۇلغان، دېھقان ئۆيلىرىگە تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزۈلۈپ، توك راۋانلاشتۇرۇلغانىدى. سۇ سىگمەس ئۆستەڭلەردە شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك سۇلار، ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان سالا ئېتىزلاردا ئوخشىغان زىرائەتلەر، دېھقان چېھرىدىكى خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپ دىلنى سۆيۈندۈرەتتى.

باغباراڭلاشتۇرۇش خىزمىتى ياخشى تۇتۇلۇپ، ھويلا-ئارانلار مېۋىلىك كۆچەتلەر ۋە گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغانىدى...

ھەممە يەردىكى يېڭىچە كەيپىيات، ئۆزگىرىش سالىنىڭ كۆڭۈل ھەسرىتىنى تىنچلاندۇرۇپ، خۇشاللىق ھېسلىرىنى بىخلاتقان، ۋۇجۇدى لەرزىگە تولۇپ، ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللانغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ خۇشاللىقى — كۆڭۈل تىنچلىقى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. دەرۋەقە، يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى سالىنىڭ كۆڭۈل ئەندىشىسى ئېشىپ بارماقتا، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغىنىدا، خۇددى جېنى ھازىرلا چىقىپ كېتىپ، قىلۋاتقان ئىشى يېرىم يولدا تاشلىنىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇ بىلەن ۋەسۋەسىگە چۈشىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرى، كۈتۈلمىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. سالىنىڭ كۆڭلى ئازار يەپ، ھەسرەت-نادامىتى ھەسسىلەپ ئاشتى، يۈرىكى لەختە بولۇپ، ئاھۇزار پەلەككە يەتتى.

باللارنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، سالىنىڭ بېشىدىكى غەم - ئەندىشىمۇ كۆپەيگەنىدى، بولۇپمۇ سەمەر تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىش باشقىچە بولدى. غەم-ئەندىشىسى ھەسسىلەپ ئاشتى. سەمى بولسا كېسەلمەن. تولۇقسىزغا چىققان يىلى، تۇيۇقسىز قوزغالغان كېسەل بىلەن يىقىلىپ چۈشتى. نەچچە يىلچە داۋالىنىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن ئائىلىدە ئايزوھرەنىڭ بىر قوللۇق كۈتۈشىگە قالغانىدى.

سەمەرنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، سالىنىڭ خىيال چەشمىلىرى كۈنسايىن كۆپەيدى:

«ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتسىغۇ ياخشى بولاتتى، ئەكسىچە ئۆتەلمەي قالسا بىرەر ئىشنىڭ پېشىگە ئېسىلامدۇ-يوق. بىر كىشىلىك مائاش بىلەن بىر ئائىلىنى قامداش نىسبەتەن مۇشكۈل، يەنە كېلىپ چوپچوڭلا بولۇپ قالغان بىر كىشىنىڭ ھېچقانداق بىر ئىش قىلماي لاغايلاپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى ئەمەس...»

سالى كۆپ ئويلىنىشتىن كېيىن، ھەر ئىشنىڭ غېمىنى ئالدىن قىلماقنى نىيەت قىلىپ، باش ئەتىيازدىلا مەكتەپنىڭ ئاتمىش مو مېۋىلىك بېغىنى ھۆددىگە ئالدى.

باغدا نەشپۈت، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىق مېۋىلىك كۆچەتلەر بار بولۇپ، تېخى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قويۇلغان كۆچەتلەر ئانچە قاراڭغۇلىشىپ كەتمىگەچكە، كۆچەت ئارىلىقىنى تېرىپ پايدىلىنىشقا بولاتتى.

سەمەر ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە كېۋەز مايسىلىرى ئۈچ تارتىپ خېلىلا قاراڭغۇلىشىپ قالغان، ئۆرۈكلەرنىڭ ئالدى سارغايغانىدى. رەڭ ئالغان ئۆرۈكلەرگە قارىغان كىشىنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ يىغىلاتتى. باغنىڭ غەرب تەرىپى مەھەللىدىن تېرىلغۇ يەرگە ئۆزارغان يولغا تۇتاش بولغاچقا، ئىش-ئەمگەككە ماڭغان ۋە ئېتىز-ئېرىقتىن ھېرىپ-ئېچىپ قايتقانلار باغنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، قەدەملىرىنى توختىتىپ كۆزنى لال قىلىدىغان ئۆرۈكلەرگە قاراپ ئاغزىنى چاكىلدىتىشاتتى. قۇممەت ۋە كىشمىش ئۆرۈكلەر كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان بۇ مەھەللە ئۈچۈن، بۇ باغنىڭ ئۆرۈكلىرىگە ئېغىز تېگىش ھەقىقەتەن ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى...

— سالى مۇئەللىم، ئۆرۈكلەردىن تېتىپ كۆرمەيمىزمۇ؟ — كەتمىنىنى مۈرىسىگە ئارتقىنىچە ئېتىزلىقتىن قايتىپ كەلگەن كەنت بوغالتىرىنىڭ ئايالى نۇسرەتخان سالىغا قاراپ شۇنداق دېدى ۋە جاۋاب كۈتمەستىنلا باغ چىتلىقىنىڭ ئارىچىدىن ئۆتۈپ يېقىنلاپ كەلدى.

سالى ئىشتىن چۈشۈپلا باغقا ئاياغ باسقان بولۇپ، كېۋەزلەرنىڭ ئوتىنى ئېلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

— ئېتىزدىن كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — سورىدى سالى ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگەن نۇسرەتخاندىن.

— شۇنداق، كېۋەزنىڭ ئوتىنى ئېلىپ كەلدىم. قارىسام ئۆرۈكلەر سارغىيىپ كېتىپتۇ، شۇڭا، — نۇسرەتخان قول يەتكەن يېرىدىن بىر تال ئۆرۈكنى ئۈزۈپ ئالدى-دە، كاپىلا قىلىپ ئاغزىغا سالدى. ئۆرۈكنى چايناپ

تۇرۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى، — ئۆزلىرى يالغۇز ئىشلەپ كېتىپلىغۇ مۇئەللىم، ئايزۆھرە ھەدەم ئۆيدە يوقمۇ نېمە؟

— ئۆيدە بار، مەن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن تاماق ئەتكىلى كىرىپ كەتتى.

— ۋوي، سەمەرجان قايتىپ كەلگەنمۇ نېمە؟

— ھەئە، بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى تۈگىتىپلا قايتىپ كەلگەن. ئەتىگەندىن بېرى باغنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولدى، ھېلىراقتا ئاپىسىغا ياردەملەشكىلى كىرىپ كەتتى، — سالى كەتمەننى تاشلاپ ساتما يېنىدىكى ئۆرۈك تۈۋىگە يېتىپ كەلدى، ئۆرۈك تۈپىگە يۆلەپ قويغان خادا تاياقنى ئېلىپ ئۆرۈكلەردىن قاقتى.

نۇسرەتخان ئۆرۈكلەرنى ئېتەكلىرىگە تېرىۋاتقان پەيتتە سەمەر بىلەن ئايزۆھرە چىقىپ كەلدى.

— ۋوي، نۇسرەتخانغۇ بۇ، پىشمىغان تۇڭ غورىغا سېزىك بولۇپ قالدىلىمۇ نېمە؟

— ياقەي، — نۇسرەتخان ھۇپپىدە قىزارغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئېتەكلىرىدىكى ئۆرۈكلەر يەرگە تۆكۈلدى.

— ئاپام جاپا تارتىپ ئىشلىسە، سەن نەدىكى بىركىملەرگە خۇشامەت قىلىپ...

سەمەرنىڭ تېتىقسىز گەپلىرى سالىنىڭ زىتىغا تەگدى:

— نېمە دەۋاتىسەن، تۆت تۈپ ـ تۈپ ئۆرۈكنىڭ ئىشىغا بۇنچىۋالا سېسىق گەپ قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ مەكتەپتە نېمىنى ئوقۇغانسەن ـ ھە، ئادىمىيلىكنىڭ شۇنچىلىك ئاددىي ساۋاتىنى بىلمىگىنىڭنى قارا ! بۇ يا ئاشنىڭ ئورنىدا يەيدىغان نەرسە بولمىسا.

— تېخى بىز ئېغىز تەگمەستىنلا بۇ ناينافقا خۇشامەت قىلىپ كەتكىنىڭنى قارا !

— تىلىڭنى تارت، كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ — سالى سەمەرگە قاراپ زەردە بىلەن شۇنداق دېۋىدى، ئايزۆھرە سەتلا

بىرنى ئالايدى. ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كىتىۋاتقان نۇسرەتخاننىڭ ئارقىسىدىن تىل سالدى.

ــــ ۋۇي ئۆزىنى بىلمەيدىغان پاسكىنا، تۇفى... ــــ ئايزۆھرە شالاقىدە بىرنى تۈكۈردى .

ــ نىمە قىلغىنىڭ بۇ. قاراپ تۇرۇپلا بىر كىشىنىڭ غورۇرىغا تەگسەڭ قانداق بولىدۇ ـ ھە ! ــ سالى نۇسرەتخاننىڭ ئارقىسىدىن ھۇرپىيىپ قاراپ تۇرغان ئايالىغا قاراپ شۇنداق دېدى، ــــ بىر ئېتەك ئۆرۈككە ئاسمان بىسىۋالامتى سېنى.

ــــ ئۆرۈك، ھا...ھا...ھا...، بۇ ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. ئەجەب بىز بار چاغدا يېمىگەن ئۆرۈكنى سەن بار چاغدا يېگۈسى كېلىپ كىتىپتا ئۇ پاسكىنىنىڭ، ــــ ئايزۆھرە قاش ـ قاپاقلىرىنى سوزغىنىچە چىڭقىلىپ سۆزلەيتتى، ــــ كىم بىلمەيدۇ قىلىۋاتقىنىڭنى...

ــ سەن، ــ سالى ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى، ــ ئاغزىڭنى چايقاپ گەپ قىل.

ــــ مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك، دېگەندەك قىلغۇلۇقنى قىلىپ، سەكرەپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان. كىم بىلمەيدۇ سەن بۇزۇقنى.

ــ ھەي، ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈمە دەيمەن، ــ سالى قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېۋىدى، ئايزۆھرە ھەپشەرىگىنىچە سالىنىڭ ئالدىغا دالجىپ كەلدى:

ــ كېلە قېنى، نوچى بولساڭ كەلمەمسەن؟ ئۆلسەم خۇش بولسەن...

سالى قولىنى شۇنداقلا كۆتۈرۈشىگە، قولاق تۈۋىگە قاتتىق تەگكەن بىر مۇشتنىڭ زەربىسىدىن گوپپىدە قىلىپ يەرگە يىقىلدى. ۋايىسىغىنىچە دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۆزىگە ھومىيىپ قاراپ تۇرغان سەمەرگە قاراپ ئەلەم بىلەن ۋارقىرىدى:

ــــ ۋۇ نائەھلى تۈزكور. ماڭا مۇشت ئېتىۋاتامسىنا، ــــ سالىنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تارام بولدى. بىلىنى تۇتقىنىچە قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرغان ئايزۆھرەگە قاراپ داۋام قىلدى، ــ قارا ! ماۋۇ نائەھلىگە

قارا، يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ چوڭ قىلساق، ئەمدىلىكتە مۇشت كۆتۈرگۈدەك بوپتۇ بۇ...

سالى ئايالىنىڭ سەمەرنى ئەيىبلەپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، كۆڭلىدە، «ئانا بولۇش سۆيۈپتى بىلەن، بالىنىڭ ئاتىسىغا مۇشت كۆتۈرۈشىنى گۇناھ ھېسابلاپ، سەمەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ...» دېگەنلەر ئىدى، بىراق، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئايزۆھرە سەمەرنى ئەيىبلىمەكتە يوق، ئۇنىڭ ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ پۈۋلەشكە كىرىشكەنىدى:

— قولۇڭ ئاغرىپ كەتتىمۇ بالام ؟

— بولدى، بولدى، كىچىك بالىغىلا ئوخشىتىدىكەنسەن ئادەمنى، — سەمەر ئانىسىنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى، ئاندىن ئاتىسىغا قاراپ چالۋاقىدى، — ئاپامنى ئون نەچچە يىل ئازابلاپسەن، ئۇرۇپ-تىللاپ سالغان خورلۇقلىرىڭغا ئادەم بالىسى چىداپ بولالمايدۇ، ئەمدىلىكتە بولسىمۇ زومىگەرلىكىڭنى، پوخۇرلۇقۇڭنى تاشلا. بالىلىرىڭنىڭ ساقلىڭغا تاقاشقىنىنى ھېس قىل. سەمىگە قارا، ئۇنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىغا كىمنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەت...

— سەن، سەن نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ — سالى ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى، ھەيرانلىق ئىلكىدە بىردە سەمىگە، بىر ئايزۆھرەگە قارايتتى، — ئۆزۈڭنىڭ كىم بىلەن تاكاللىشىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن-ھە ؟! — سالى ئوغلىغا قاراپ ئېتىلىشىغا، ئايزۆھرە ھەپىشەرىگىنىچە ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشتى:

— ئۇرساڭ مېنى ئۇر، بالىغا قول تەگكۈزگۈچى بولما...

شۇ ئاردا ئۆزىنى سەل نېرىسىغا ئەپقاچقان سەمەرنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى:

— مەن ھەممىنى بىلدىم. كونىلارنىڭ: «ئەر قىلسا بالىغا، ئايال قىلسا ئەرگە» دېگەن ھېكمىتىنىڭ تېگىگە يەتتىم. بۇ قانداقتۇر قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئېيتىلىپ قالغان ئەمەس. بۇنى سەن مەندىن ئوبدانراق بىلىسەن.

سەمەر ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئايزۆھرە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ نەچچە دەقىقە تۇرۇشتىن كېيىن، سالىغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىغىنىچە ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.

«گۆدەك بالىنىڭ قەلبىگە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى چاچقۇچە ئەقىل ـ ئىدراك ئۆگەتسەڭ بولماسمىدى. خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگىنى راست ئوخشىمامدۇ. ئەي خۇدا ! مۇنۇ تەڭسىزلىكنى كۆرۈۋاتامدىغانسەن ـ ھە !... بۇ نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە ئۈچۈن ؟...»

سالى ئۆز ـ ئۆزىگە كايىدى. نېمە ئۈچۈن؟ دېگەننى تەكرار تىلغا ئېلىپ، قايتا ـ قايتا ئويلاندى. دەرد ـ ئەلەمنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— ئاھ خۇدا ! كۆرۈۋاتامدىغانسەن؟ كۇپۇرلۇققۇ بۇ. تەڭرىم، تۇز بەرگەن تۇزلۇقنى چاققان نەدە بار؟!

## 2

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چاقىرىق قەغەزلىرى كېلىشكە باشلىدى. سەمەرگە ئىچكىرىدىكى بىر ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس كۇرس سىنىپىنىڭ چاقىرىقى كەلدى. چاقىرىقتا ئوقۇش مۇددىتىنىڭ تۆت يىل ئىكەنلىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتى، ياتاق، تاماق ھەقسىز بولىدىغانلىقى، ئوقۇغۇچىلار ئالاھىدە ئىش ئورنى بويىچە تەربىيەلىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مائارىپ سىستېمىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقى يېزىلغانىدى.

سالى چاقىرىقتىن بەكلا سۆيۈندى. بىر كىشىلىك مائاش بىلەن بىر ئائىلىنى ئاران قامداپ كېتىۋاتقاندا ئوقۇش خىراجىتى، بولۇپمۇ تاماق خىراجىتىنىڭ ھەقسىز بولۇشى ئۇنى سۆيۈندۈرگەنىدى.

— دۆلەت ئوقۇش، ياتاق خىراجەتلىرىنى كۆتۈرۈپلا قالماي، يەنە نىشانلىق تەربىيەلەيدىكەن، مەكتەپنى پۈتكۈزسىلا خىزمەت بار دېگەن گەپ، — چۈشەندۈرەتتى سالى ئايزۆھرە ئانا ـ بالا ئىككىيلەنگە.

دەسلىپىدە، ئالىي تېخنىكومدا ئوقۇسا قانداق بولغىنى، دەپ نارازىلىق كەيپىياتتا بولغان ئايزۆھرەمۇ ئاخىر چۈشىنىپ يەتتى، ئوقۇش پۈتكۈزسىلا خىزمەتنىڭ تەييارلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئوغلىغا مۇشۇنداق ئوبدان بىر مەكتەپتىن چاقىرىق كەلگەنلىكىدىن رازى بولدى. ئەمما، سەمەرنىڭ ئويى باشقىچە بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاسپىرانتلىقنى پۈتكۈزۈپ ئىش تاپالماي يۈرۈۋاتقانلارنىڭ سانى كۆرمىلىك بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ئالىي تېخنىكومدا ئوقۇغاننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى. بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىدە ئوقۇغاننىڭ ئۆزىنى ئەخمەقلىق ھېسابلايتتى. «جاپا تارتىپ تۆت يىل ئوقۇپ، جەمئىيەتكە چىققاندا ئەپەندى بولغاننىڭ نېمە پايدىسى؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

— ئۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا بارمايمەن، — دەپ گۆلەيدى سەمەر.

— نېمىشقا، نېمىشقا ئەمدى؟ ئوقۇش خىراجىتىڭدىن تارتىپ ياتاق، تاماقتىچە ھەقسىز ئىكەن، يەنە كېلىپ ئوقۇش پۈتكۈزسەڭلا خىزمەت تەييار. بۇنىڭدىن ئېسىل يەنە قانداق مەكتەپ بولسا بولاتتى؟

— ئالىي تېخنىكومكەن، يەنە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى تۇرسا، — دېدى سەمەر ئاتىسىنىڭ دېگەنلىرىگە جاۋابەن.

— ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بولسا نېمە بوپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا نىشانىڭمۇ شۇ ئىدىغۇ؟

— ئۇ چاغ دېگەن ئۇ چاغ. كىچىكلىكتە قايسى كەسىپنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمەيدىغان گەپكەن. ھازىر كىممۇ ئوقۇتقۇچىلىقنى خالايدۇ دەيسەن. ئازغىنا تۆت تۇك ـ تۇك ئىش ھەققىدىن باشقا قوشۇمچە كىرىمى بولمىسا ـ يا.

— باشقا كەسىپنىڭ كىرىمى بارمىكەن؟

— بار ـ يوقلۇقى ئۆزۈڭگە ئايان...

سالى ئوغلىغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى، ھەتتا ئاۋۋال ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن چاقىرىق كەلگەن مەكتەپكە جاھان كەزگەچ بېرىپ بېقىش، سەمەرنىڭ رايىغا ياقسا ئوقۇش، بولمىسا قايتىپ كېلىش تەكلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپ يالۋۇردى، بىراق، بۇلارنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمىدى. سەمەر ئاتىسىنىڭ دېگەنلىرىنى قەتئىي رەت قىلىپ، «ئوقۇتقۇچى بولىدىغان كەسپتە ئوقۇمايمەن، يەنە كېلىپ مەخسۇس كۇرس ئىكەن. ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى پۈتكۈزگەنلەر خىزمەت تاپالماي يۈرگەن يەردە، مەخسۇس كۇرسنى تاماملىغان ئادەمگە قانچىلىك يەردىن خىزمەت چىقماقچىدى؟ خىزمەت تېپىلدى دېگەندىمۇ ئەڭ چەت، نامرات يەردىن تېپىلىدۇ...» دېگەندەك قۇرۇق گەپلەرنى تولا قىلىپ تۇرىۋالدى. قايتا ئوقۇماقچى بولدى. ئەر ـ ئايال ئىككىيلەنگە ئەمدى ئوغلىنىڭ تاللىشىغا كۆنمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغانغا بىر ئايدىن ئاشقاندى. سەمەر ئەسلىدىكى مەكتەپتە ئوقۇشنى رەت قىلىپ، باشقا مەكتەپكە تىزىملىتىشنى تەلەپ قىلدى. سالى ئۆز مەكتىپىدە قايتا ئوقۇسا بىرسىم بولۇپ قالىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆندى. شەھەردىكى نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرىغا بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن 2000 يۈەن پۇل تاپشۇرۇپ تىزىملىتىپ قايتىپ كەلدى. سالى ئوغلىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىسىمۇ رازى ئىدى. بىز ئوقۇيالمىغاننى ئوقۇسۇن، تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەپ ئوبدان ئادەم بولسۇن دېگەننىلا ئويلايتتى. ئوغلىدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. بىراق، سەمەرنىڭ يېڭى مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەكتەپتىن چېكىنىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى ئەسلا خىيال قىلمىغانىدى. سەمەرنىڭ تۇيۇقسىز سادىر قىلغان بۇ ئەخمىقانە قىلمىشى سالىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى...

ئۇلار ئۆزئارا تاپا ـ تەنە قىلىشتى. نېمىلا قىلمىسۇن ئۆتكەن ئىش ئورنىغا كەلمەيتتى. بوغۇزغا كۆنمىگەن جانىۋارنى مىڭ قىلغان بىلەنمۇ

بىكار-دە! ئادەم دېگەن ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان قىزىقىش ئاساسىدا ئىش-پائالىيەت قىلمىسا، باشقىلار زورلاپ قىلدۇرغان ئىشنىڭ قانچىلىك ئۈنۈمى بولماقچىدى؟ سالىمۇ كۆپ چالۋاقاپ، ھېرىپ-چارچاشتىن كېيىن، كۆڭلىدىكى ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئىشلارنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيدىغان، تىلغا ئالمايدىغان بولدى.

سەمەر كۆنبويى ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە لاغايلاپ يۈردى. شۇ تەرىقىدە بىر ئايچە ئۆتكەن بىر كۈنى كەچتە ئايزۆھرە سالىغا ئېغىز ئاچتى:

— دادىسى، سەمەر ئۆيلەنسەم دەيدۇ.

سالىنىڭ ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشقۇسى، سەمەر توغرىسىدىكى گەپ-سۆزنى ئەسلا ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى. ئۇ، ئايالىغا شۇنداقلا قاراپ قويغاندىن كېيىن پەرۋاسىز ھالدا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان كىشىدەك، تېخى ئەمدىلا باشلىغان پىنسىيە ئىلتىماسىنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىۋەردى.

— ھوي، قۇلاقلىرى پۈتۈپ قالدىمۇ سىلىنىڭ، — قايتىلاپ سورىدى ئايزۆھرە شىرە ئۈستىدىكى ئىش قەغەزنى شارتتىدە تارتىپ. سالى ئايالىغا سوغۇق تەرزدە لاپپىدە بىر قاراپلا نەزىرىنى باشقا ياققا بۇرىدى، — بالا ئۆيلەنسەم دەيدۇ، — دەپ ئەزمىلىدى ئايزۆھرە.

— ھازىر دېگەن قايسى زامان. ئەمدىلا ئون توققۇزنىڭ قارىسىنى ئالغان تۇرۇقلۇق ئۆيلىنىپ نېمە كەپتۇ ئۇنىڭغا. مەكتەپتىن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چېكىنىپتىكەنمۇ ؟... — سالى خېلى كۆپ كايىشتىن كېيىن سۇغا چۆشكەن تاشتەك جىمىپ قالدى. بىرھازادىن كېيىن، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ، ئايزۆھرەدىن سورىدى، — سەن نېمە دېدىڭ؟

— مەن...مەن نېمە دەيتتىم، ئۆيلىنەي دېگەن بولساڭ بوپتۇ، دېدىم شۇ، — دېدى ئايزۆھرە سالىنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسىغا قاراپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە. ئۇ بىر پەستىن كېيىن، — سىلى نېمە دېسىلە شۇ بولسۇن، — دېگەنلەرنى قوشۇپ قويدى.

— بالا دېگەنچۇ، ئاتا-ئانىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمىغاندىكىنلا تاپتىن چىقىدۇ، بۇنى بىلەمسەن؟ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ گېپىنى

قىلسام، ماناڭ چىشلىۋالغان ئادەمدەك بىر ئېغىز گەپ قىلمىدىڭ، بالىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ مەكتەپتە ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلمىدىڭ، ــــ سالى گەزلەشكەن لەۋلىرىنى يالاپ، تولكۇرۇكنى غۇرتتىدە يۇتقاندىن كېيىن سەل مۇلايىمراق بىر ئاھاڭدا سۆزىنى داۋام ئەتتى، ــ تېرىيدۇ دەيدىغانغا بىرەر يېرىم مو يەر بولمىسا ـ يا. ھۈنىرى ئەسلا يوق. مۇشۇ ھالىتىدە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولسا قانداقمۇ جېنىنى جان ئېتەلەيدۇ؟ بۇنداق بىكار تەلەپكە كىممۇ تېگەر ـ ھە !

ــــ لايىقى بارمىش.

ــــ نېمە، لايىقى بار ئىكەن دېدىڭمۇ؟

ــــ شۇنداق.

ئايزۆھرەنىڭ دېگەنلىرىدىن ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ گەپنى بىر قىلىپ بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. سالى قايتىلاپ پىكىر قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى جەزم قىلدى. شۇنداق، سالى بۇ ئىشنى دەپ يەنە خاپىلىق تارتىۋىلىشنى خالىمىدى. ئۆرۈك ۋەقەسى بولۇپ ھازىرغىچە بولغان يېرىم يىلچە ۋاقىتتىن بېرى سالىنىڭ كۆڭۈل جاراھەتلىرى مىسقال يېنىكلىگىنى يوق، بۇ جەرياندا سەمەر ئۇنىڭ ئالدىدا نەچچە قېتىم تىزلىنىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىغان، ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، سالىنىڭ ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇيالىغىنى يوق ئىدى. كۆڭلىگە شۇ ئىشلار غىل ـ پال كېلىۋىدى، يۈرەكلىرى ئېچىشقاندەك بولدى. دەسلەپ ئوغلىنىڭ نادانلىقىدىن ئۆكۈندى، ئارقىدىن بىر زىيالىي تۇرۇپ ئۆز پەرزەنتىنى ئوبدان تەربىيەلەپ كېتەلمىگەنلىكىدىن پۇشايمان يېدى. باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەشلىرىنىڭ ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈردى.

«پەرزەنتىنى يارامىلىق تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىغان ئاتا ـ ئانىنى قانداقمۇ لاياقەتلىك ئادەم دېگىلى بولسۇن...» سالى شۇنداق ئويلىغاچ، ئۆزىنى بۇ دۇنيادا ئارتۇقچە تۆرىلىپ قالغان، جەمئىيەت ئۈچۈن ھېچقانداق بىر قەدىر ـ قىممىتى بولمىغان كېرەكسىز ئادەم دەپ

ئەيىبلىدى، «مەندەك كىرەكسىز ئادەمنىڭ داۋاملىق ياشاۋېرىشى جەمئىيەت ئۈچۈن يوق. ئۆز ئائىلىسىدە ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەن بىرىنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇنداقلار قانچە كۆپەيگەنسېرى جەمئىيەت تەرەققىياتى شۇنچە چېكىنىدۇ...»

بۇنداق خىياللارنى قانچە قېتىملاپ قىلغانلىقىغا سالى ئۆزىمۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنكى يەنە بىر كۈنلۈك ھاياتلىق پائالىيىتى داۋاملاشقۇچە بولغان نەچچە ئون سائەت ۋاقىت ئەنە شۇنداق تېگى يوق خىياللار بىلەن ئۆتىدۇ. ئوغلىنىڭ بەڭباشلىقتا قىلغانلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇنى كۆرسىلا جۇدۇنى ئۆرلەپ، يۈرەكلىرى جىغىلدايدۇ، تىلى تۇتۇلۇپ، قولىقى پۈتۈپ قالىدۇ. ئۆز ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش قىلىشنى نومۇس بىلگەچ، ھەرقانچە قىلىپمۇ سۆزلىشىشكە رايى بارمايدۇ. بەلكىم ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق ئىرادىلىك بولۇپ باقمىغان بولسا كېرەك...

بۇ بىر كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەتىگەنلىك ناشتا مەزگىلىدە ئايزۆھرە توي توغرىسىدا يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئوغلىمىز دادام قوشۇلمىسا ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسامۇ مەيلى، دەيدۇ، — دېدى ئايزۆھرە ئەمدىلا ناشتىلىققا ئولتۇرغان سالىغا لىقلاپ چاي قۇيۇلغان پىيالىنى سۇنۇۋېتىپ.

— ھە، ئۇنداق ئويلىغان بولسا بوپتۇ. ناۋادا بەك توي قىلغۇسى كېلىپ كەتكەن بولسا ئۇنىڭغىمۇ مەيلى. ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش، پەقەتلا شۇ ئاتا قەرزىنى ئادا قىلىشنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك پەرقى بار،— سالى بىر پىيالە چاينى بىر قېتىمدىلا ئوتلىۋەتكەندىن كېيىن بىر بۇردا ناننى ئاغزىغا سالدى، كۆپ چاينىماستىنلا يۇتتى-دە، ھورى ئۆچكەن بىر ئىستاكان سۇتنى غورتۇلدىتىپ ئىچتى. ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ئايالىغا، — بۇ ئىشتا يەنىلا سېنىڭ دېگىنىڭ ھېساب بولسۇن، — دېدى.

— نېمە، مېنىڭ دېگىنىم ھېساب بولامدۇ؟

— ...

سالى گويا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان كىشىدەك پەرۋاسىز ھالدا مەكتەپ مەيدانىغا قاراپ كېتىپ باراتتى. ئايزۆھرە سالى كەتكەن تەرەپكە قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. ھەئە، شۇ تاپ ئۇ ئىرىنىڭ بۇنچە تېز ئىنىدەككە كەلگىنىدىن بەكمۇ ھەيران ئىدى.

«توۋا ! ماۋۇ ئادەم بىر كېچىدىلا 180 گرادۇس ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ دېسە. ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق رايىش، مۇلايىم بولغان بولسا نەچچە يىل سوقۇشۇپ نېمە قىلار ئىدىم. ئازراقلا زىيان بولسا چىدىمىغان، بىرەر ئىش دىتىغا سىغمىدىمۇ، بار ئاۋازى بىلەن كاركىرىغان، بالىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، بىر كۈنى كىيىنىشىڭ بولماپتۇ دېسە، بىر كۈنى يۈرۈشۈڭ بولمىدى، گەپ-سۆزۈڭ مەدەنىي ئەمەس دەۋاتقان، خۇددى ھەممە ئىش بىر ئادەمنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدىغاندەك. بىر ئائىلە دېگەندە نەدىمۇ بىر كىشىنىڭ خاھىشى بويىچە بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسۇن. ئائىلە ئەزالىرىدا ئورتاقلىق، ئۆزئارا پىكىر بىرلىكى بولمىسا، ئىختىلاپ كېلىپچىقماي قانداق بولاتتى؟...»

ئايزۆھرە ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللانغاندەك بولدى. چىنە-قاچىلارنى دەستىلەپ قويۇپلا سەمەرنىڭ ھۇجرىسىغا چاپتى.

## 3

ئەتىگەندە قىز تەرەپكە كەتكەن ئەلچىلەر چۈشتىن سەل ئاشقاندا قايتىپ كېلىشىپ، قىز مېلىنىڭ يىگىرمە مىڭ يۈەنگە تايىن تاپقانلىقىنى، ئۇن، گۆش، گۈرۈچ، ماي ۋە يەل-يېمىشلەرنىڭ خۇنىغا ھېسابلاپ ئۆتكۈزىدىغان 5000 يۈەننى قوشقاندا، قىز تەرەپكە 25 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بۇ قىممەتلىك ئەلچى ماگدۇرۇش ئىشى، دەسلەپتىكى سۆزنى بىلىپ بېقىش بولغاچقا سالى

ئەر-ئايال بارمىغانىدى. سالى ئۆزلىرى تەرەپتىكى توينىڭ چىقىمى، كەچلىك ۋىچىركىسى ۋە تويغا ئىشلىتىشىپ بەرگەن، ۋىچىركىدا ئۇسسۇل ئوينىغانلارغا تارتۇقلاپ قويىدىغان لازىمەتلىكلەر، سىن ئېلىش چىقىمى، دېگەندەك چىقىملارنى ھېسابلاپ چىقتى.25 مىڭغا ئەڭ كېمىدىمۇ يەنە 10 مىڭ يۈەن ياندىشىمىسا بولمايتتى. ئوتتۇز بەش مىڭ يۈەن پۇلنى بىر يولىدىلا تەخلەش بۇ ئائىلە ئۈچۈن ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. سالى پاختا تالونلىرىنى تەخلەپ، تالوننى نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن پاختا زاۋۇتىغا چاپتى. يازدىن قۇرۇتۇپ تەييارلىغان ئۈرۈك قاقلىرىغا خېرىدار ئۇقتۇرۇپ سېتىپ سۇ قىلدى. كەملەپ قالغان قىسمىغا مەكتەپ مالىيەسىدىن ئىش ھەققىگە ھېسابلاپ ئالدىن ئالتە مىڭ يۈەن قەرز ئالدى. جىددىي تۇتۇش قىلىش ئارقىلىق، ئۈچ كۈن ئىچىدىلا توي تەييارلىقىنى پۈتكۈزدى. تەييارلىق پۈتكەن كۈننىڭ ئەتىسى چۈشتە، ئەر-ئايال ئىككى نەپەر توي ئەلچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

قۇدا بولغۇچى تەرەپ ھال-كۈنى ئوبدانلاردىن بولۇپ، يۈز-ئابرۇي، مەرتىۋىگە ئىگە، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن ئىدى. سالى ئۈچۈن بۇنداق مۆتىۋەر ئائىلە بىلەن قۇدىلىشىشنىڭ ئۆزى ياخشى ئىش بولسىمۇ، ئەمما كېلىن بولغۇچىنىڭ تەق-تۇرقى، يۈرۈش-تۇرۇش، گەپ-سۆزلىرى ئۆز كۆڭلىدىكىنىڭ ئەكسىچە بولغاچقا، بۇ تويغا ئانچە رايى تارتىپ كەتمىدى.

ياش قۇرامى جەھەتتىن سەمەردىن ئىككى-ئۈچ ياش چوڭ بولغان بۇ قىز، كىچىكىدىنلا ئەتىۋارلىنىپ چوڭ قىلىنغاچقىمۇ قائىدە-يوسۇن دېگەنگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيتتى. چوڭلارنىڭ پاراڭلىرىغا پات-پاتلا لوقما سېلىپمۇ تۇراتتى.

سالى قىز مېلىنى ئۆتكۈزگەن كۈنى كېچىچە تولۇقكرەك ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولغۇسى كېلىنىنىڭ توختىماي ۋىتىلداپ تۇرىدىغان جاۋىلداق ھالىتى، چوڭلارنىڭ گېپىگە ھە دېسىلا لوقما سېلىپ، ئۆز

پىكرىنى يورغىلىتىشلىرى، كېلەڭسىز ھالەتتە سۇنايلىنىپ يېتىشلىرى ئىدى.

مۇشۇنداق بىر قىزنى كېلىن قىلىپ كىرگەندە، ئايزۆھرە بىلەن نەچچە كۈن ئەپلىشىپ ئۆتەر، سەمەرچۇ؟ باي-باياشاتچىلىق ئىچىدە، توققۇزى تەل، قولىنى سۇغا تىقماي چوڭ بولغان بۇ كېلىنچەك سەمەر ۋە ئايزۆھرەنىڭ باشقۇرۇشلىرىغا كۆنۈپ كېتەلەرمۇ؟ يەنە كېلىپ سەمەردە بۇ قىزنى يېتەكلەپ كەتكۈدەك ئىقتىدار بارمۇ؟... سالى ئوغلىنىڭ بىر ئائىلىنى باشقۇرۇپ كېتەلىشىگە تازا ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەيتتى-يۇ، يەنە مۇقەددەس پەرز ئالدىدا باش تارتىشقا ئاجىز ئىدى. بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈنلۈككە، ھامان بىر كۈنى ئۆي-ئوچاقلىق قىلىدىغان گەپ. نىكاھ غايىب دېگەن شۇ. بولدىلا، نېمە بولسا بولسۇن، يەنە بىرقانچە يىل تەخىر قىلىپ تۇرۇشقا چىدىمىغاندىكىن تارتقۇلۇقى بولسا ئۆزىگە...

سالى ئاخىر بىر قارارغا كەلدى. يېڭى يىلنىڭ ھارپا كۈنىنى توغرىلاپ، ئوغلى سەمەر بىلەن گۈلىستاننىڭ قۇتلۇق توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

توي يېزا مەركىزىدىكى رېستوراندا ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. گەرچە سالى تەرەپتىن كەلگەنلەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، قىز تەرەپتىن كەلگەنلەر ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. يەنە كېلىپ يېزىنىڭ بازار كۈنىگە توغرىلانغاچقا، كىرىپ-چىقىۋاتقانلارنىڭ سانىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە توينى مۇبارەكلەپ كەلگەنلەرمۇ، بازارغا كېلىپ ھېرىپ-ئاچقاندا داخىل بولغانلارمۇ بار ئىدى. كىمنىڭ توي مېھمىنى، كىملەرنىڭ خۇدايى مېھمانلىقىنى پەرق ئەتمەكمۇ مۈشكۈل ئىدى. بۇنىڭسىزمۇ جوزىغا كېلىپ ئولتۇرغانلاردىن ئۆزلىرىنىڭ تويغا كەلگەن ياكى تاماق يېيىشكە ئولتۇرغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ئەسلا ئورنى يوقتە. شۇنداق قىلىپ ئوغۇل تەرەپ بىر كۈندە ئۈچ داش قازان پولۇ ئېتىشكە مەجبۇر بولدى.

كەچلىك ئولتۇرۇشمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ ئۆتتى. بىكارلىق ئويۇن تاماشىدا يۈرۈشكەن نوچىلارنى كۆتۈش بىلەن ئاخىرلاشتى...

تۈنىنىڭ پاتپاراقچىلىقى بېسىقىپ، ھەپتە ئۆتكەن بىر يەكشەنبىسى سەھەردە، سالى ئۆيدىن ئەمدىلا بوسۇغا ئاتلاپ چىقىشى، گۈلىستاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— دادا، بىر ياققا ماڭدىلىمۇ؟ — گۈلىستان ئىچ كىيىم بىلەنلا يۈگۈرۈپ چىققانىدى. سالى كىلىنىدىن كۆزىنى ئەپقېچىپ، تام تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— شۇنداق، مەھەللىدىكى ئۆيگە ماڭدىم. يېقىندا يېڭى يېزا قۇرۇش ئۆلچىمى بويىچە كونا ئۆينى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ئاڭلىسام ھۆكۈمەتتىن خېلى كۆپ ياردەم قىلىغۇدەك. ئىشنىڭ بىسمىللاسىدا ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن كونا ئۆينى چېقىپ، يېڭىدىن بىر يۈرۈش ئۆي سالساقمىكىن دەيمەن. تۈنۈگۈن كەنت مۇدىرى بىلەن بىرقانچە دېھقاننى كونا ئۆينى بۇزۇشقا ياردەملەشتۈرۈشكە پۈتۈشۈپ قويغانىدىم، شۇ ئىش بىلەن ئالدىراپ مېڭىشىم. قانداق قىزىم، بىرەر گەپ-سۆزىڭىز بارمىدى؟

— بۈگۈن ناھىيە بازىرى، سەمەر بىلەن شەھەرگە كىرىپ كېلەيلىكمىكىن دېگەن، شۇڭا، ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى دەپ...

— سەمەرچۇ ؟ ئۆزى قېنى؟

— تېخى ئورنىدىن تۇرمىدى.

— ۋوي، شۇ كەمگىچە ئورنىدىن تۇرمىدىمۇ؟

— ئاخشام بىر دوستۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈشكە قاتناشقانىدۇق، كۆپرەك ئىچىپ قويۇپتىكەن، شۇڭا...

— بارساڭلار بېرىپ كېلىڭلار.

سالى يانچۇقىدىن يۈز يۈەنلىكتىن ئىككى ۋاراقنى سۇغۇرۇپ كېلىنىگە تۇتقازغاندىن كېيىن يولىغا راۋان بولدى.

# 4

سامسىپەز ۋە كاۋاپچىلارنىڭ ئۈنلۈك ۋارقىراشلىرى، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان شورپىلارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كىشىنى ھەردەم ئۆزىگە رام قىلىپ تۇرىدىغان قايناق رەستە ھاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى.

سەمەر ئەر - ئاياللىنىڭ بازارغا كېلىپ تۇنجى قىلغان ئىشى، ئۇندا ئېتىلگەن دېھقان لەگىيۈگىغا ئېغىز تېگىش بولدى. لەگىيۈڭ غالتىكىدىن ئايرىلىپ نەچچە ئون قەدەم مېڭىپ تۇرۇشىغا، رەت - رەت تىزىلغان كاۋاپدانلار ئارقىسىدىكى لاتا بىلەن ئايلاندۇرۇپ توسۇلغان، قايسىدۇر بىر ئورۇندىن بىرىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سەمەر...ھوي سەمەر...

قوشنا مەھەللىدىكى سەمەتنىڭ گەۋدىسى لاتا توسۇقتىن غىل-پال كۆرۈنگەندەك بولدى. سەمەر سەمەتنىڭ گەۋدىسى كۆرۈنگەن توسۇقنى نىشانلاپ ماڭماق بولۇپ تۇرۇشىغا، سەمەت چىقىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

— قانداق دوستۇم، بارمۇ سەن. ئاڭلىسام يېقىندا ئۆيلىنىۋاپسەن. بىر تەخسە پولۇدىن قىزغىنىپ توپۇڭغىمۇ ئېيتمىغىنىڭنى قارا؟

— نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن. ئادرېسىڭ ئېنىق بولمىغاچقا ئېيتالمىدۇق،— سەمەر دوستىنىڭ سالام يۈزىسىدىن ئۇزاتقان قولىنى قوش قوللاپ تۇتقىنىچە يېنىك سىلكىدى، — ھە، ئۆزۈڭنى نەلەردىن سورايمىز؟

— نەدە بولاتتى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇشۇ ئانا تۇپراقتىن سورايسەن-دە.

— گېپىڭلارچە ئىچكىرىدىن يېنىپ چىققان ئوخشىمامسىلەر؟

— شۇنداق، كونىلارنىڭ: «كىشى يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ئۆز يۇرتۇڭدا

ئۇلتان بول» دېگىنى توغرىكەن ئاداش. ئۆز ۋاقتىدا ئىچكىرى دېگەن ئانداق گۈزەل، مۇنداق ئوبدان، پۇل تاپماق شۇنچە ئاسان دېسە، ھەممە نەرسە ئاسماندىن تۆكۈلىدىغاندەك، چۈشۈپ قالغان دوپپىمىزغا قارىماي چىپىپتۇق. ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆتكەن، ئىشلىمىسەڭ بىكارغا ئاش يوق. ھالال كۈن كەچۈرىدىغانغا قولدا بىرەر ھۈنەر بولمىغاچقا، باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ، خەقنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدىغان، ئىتنىڭ كۈنىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان گەپكەن. قانۇنغا خىلاپلىق قىلساڭ سورىقى ئاندىن يامان. شىنجاڭلىقنىڭ نامىنى ساتقۇچە قوغنى غىت قىسايلى دېدىم شۇ، — سەمەت سوغۇق تەرزدە كۈلۈپ قويدى، — قارىسام ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدىڭ، يەڭگىمىز نېمە دەپ قالار دېمەستىنلا چاقىرىشىم. ماڭ، بىردەم-يېرىمدەم ئەھۋاللىشىمىز.

— بۇ...

— ۋاي-ۋۇي، نېمە ئىتتى-پىتتى قىلىسەن؟ — سەمەت سەمەرنى سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدى، — ماڭ...ماڭ، يەنە باشقا ساۋاقداشلارمۇ بار.

سەمەر سەمەت بىلەن باشلانغۇچتىكى ساۋاقداش. سەمەت تولۇقسىزنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئىككى ئايچە ئوقۇغاندىن كېيىن ئوقۇشتىن چېكىنگەن، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىلگىرى يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن باللارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتكەن، شۇ چىققانچە بىر يىلدىن كېيىن پەيدا بولغانىدى. سەمەت بىر يىلدىن كېيىن يۇرتتا پەيدا بولغىنىدا، سەمەر قاتارىدىكى ئون نەچچە ساۋاقداش ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە كۈن بىللە يۈرۈپ ئويۇن-تاماشا قىلىشقانىدى. شۇ چاغدا سەمەت قانداقتۇر تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇش يېشىدىكى گۆدەك بالا بولماستىن، جاھاننىڭ خېلى بىر يەرلىرىگىچە ئايلىنىپ چىققان، ئىش كۆرگەن، يىگىرمە- يىگىرمە بەش ياشلاردىكى نەۋقىران يىگىتلەرگە خاس سالاپەت ھازىرلىغانىدى. قارىماققا كاتتا سودىگەرنىڭ بايۋەچچىسىدەك كۆرۈنگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پات - پاتلا ئۇچرىشىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى سەمەر مەكتەپتىن چېكىنگەندىن

كېيىن تېخىمۇ قويۇقلاشقان بولۇپ، نەچچە يەردە بىللە ئولتۇرۇشقان، قانغۇچە ئىچىشىپ، كۆڭۈل ئىزھارىمۇ قىلىشقانىدى. بىراق، ئۇلار يېقىنقى ئىككى ئاي ئىچىدە ئۇچراشمىغانىدى. سەمەر دوستى سەمەتنى يەنە ئىچكىرىگە چىقىپ كەتكەن بولۇشى ياكى بولمىسا بۇ قېتىمقى چوڭ زەربە بېرىشتە تۇرمىگە كىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. چۈنكى، يېقىنقى ئىككى-ئۈچ ئاي ئىچىدە جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ ئەتكەسچىلىك، ئوغرىلىق جىنايەت شايكىلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، بالا سودىگەرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تازىلاش ھەرىكەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلغانىدى. سەمەرنىڭ نەزىرىدىكى سەمەت دەل شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە بالا ئالداپ ئاچىقىپ، سېتىپ جان باقىدىغانلاردىن ئىدى. سەمەتنىڭ ئۇچراپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى چاقىرىلمىغان مېھماننىڭ سورۇنغا كېلىپ قالغىنىدەك ياكى تەرەت قىستىغاندا بىرى گەپكە تۇتقاندەك بىر ئىش بولدى...

«خوتۇن بىلەن ئەمدىلا بازارغا ئاياغ بېسىشىمغا ما ئاداشنىڭ ئۇچراپ قالغىنىنى، يەنە كېلىپ يېڭىلا توي قىلغان تۇرسام. بارمىسام ئەسلى سەت تۇرسا، باراي دېسەم ئوڭايلىقچە قۇتۇلغىلى بولماي...كۆپ ئىچىپ مەست بولۇپ قالسام... بولدىلا، بۇلارنى ئويلاپ نېمە قىلاي. خوتۇننى ئېلىشتىن بۇرۇن تونۇشقان، كىچىكلىكتە بىللە ئويناپ، بىر توغرام زاغرىنى تەڭ يەپ چوڭ بولغان قەدىناس ئەل - ئاغىنىلەر بولغاندىكىن، ئاۋۋال بىر كۆرۈشۈپ باقاي، قالدى گەپنى ئەھۋالغا قاراپ بىر نېمە دېمەمدىم. ياق، ئۇياقتىن توي قىلىپلا بۇياقتىن ھاراقتا دۈم چۈشسەم، خوتۇننى بازاردا يالغۇز تاشلاپ قويسام ئوبدان بولمايدۇ. توي قىلغىلى نەچچە كۈن بولۇپ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويسام، ئالىمادىس بۇ ئىشلارنى ئاتام ئۇققۇپ قالسا...»

— ئاغىنىڭىز بولغاندىكىن كەچكىچە تېپىشىپ تۇرماي، كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقمامسىز سەمەر، — گۈلىستاننىڭ ئاۋازى سەمەرنىڭ خىيالىنى بۇزۇۋەتتى. سەمەر ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، گۈلىستانغا تىكىلگىنىچە

ھاڭۋېقىپ قالغانىدى.

— كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقىڭ، ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىدىغانغىمۇ ئادەم لازىم...

گۈلىستاننىڭ ئىپتىقانلىرى سەمەرنىڭ كۆڭۈل تۇيغۇلىرىنى بىراقلا يەشتى. شۇنداق، بىر ياستۇققا باش قويغان بىلەن، مېھمانلىق ئايىغى تېخى توپا باسمىغان جۇپتىنىڭ ئىپتىقانلىرىنى رەت قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئەركەكچىلىكتىن چەتلىگەنلىك. ناۋادا ئۇ ئايالىنىڭ رايىنى ياندۇرسا، كۆڭلىگە ئازار بەرگەندەك بىر ھېسسىيات بىلەن نەچچە كۈنگىچە دىلى غەشلىكتە ئۆتىدۇ...

— ئۇنداقتا سىزچۇ؟ سىز قانداق قىلىسىز؟ يالغۇز تاشلاپ قويسام قانداق بولىدۇ؟ — دېدى سەمەر ئايالىغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك بىر تەلەپپۇزدا.

— مەندىن ئەنسىرىمەڭ. يېتىپ كېتىدىغانغا كىچىك بالا بولمىغاندىكىن، بازار ئايلىنىپ تۇراي، بىرقانچە سائەتتىن كېيىن مۇشۇ يەردە كۆرۈشەيلى.

گۈلىستان سەمەرگە شۇلارنى دەپ، كىشىلەر توپى ئىچىگە شۇڭغۇدى...

ساۋاقداشلار يىغىلىشى ئاددىي - ساددا بولسىمۇ، باشقا ھەشەمەتلىك سورۇنغا قارىغاندا يەنىلا كۆڭۈللۈك. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان گەپ-سۆزلىرى، ساۋاقداشلىق ئەسلىملىرى بار. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئىزھارلىرى تۈگىمەيلا قالماستىن، ئىچىدىغانلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە...

لىقلاپ تولدۇرۇلغان رومكىلار كەينى-كەينىدىن ئايلانماقتا ئىدى. كاۋاپ، قوي پاچىقى، ئۆپكە-ھېسىپلار بىلەن قۇراشتۇرۇلغان سورۇن ئاددىي بولغىنى بىلەن كەيپىيات قىزغىن ئىدى. ئارىلاپ-ئارىلاپ ئېيتىلىپ تۇرىدىغان يۇمۇر ۋە ناخشىلار سورۇن كەيپىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرگەن بولۇپ، ھېچكىمنىڭ قايتىش توغرۇلۇق ئىجازەت سوراشقا تىلى بارمايتتى.

سەمەر خېلى كۆپ ئىچتى، باشلىرى قېيىپ، كۆزلىرى تورلاشتى. نەچچە قېتىملاپ دوستلىرى بىلەن خوشلىشىشقا تايىن تاپتى-يۇ، يەنە ئېغىز ئاچالمىدى. شۇ تاپ ئۇ گۈلىستاننىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشىنى، ئۆزىنى چاقىرىپ ئۆيگە قايتىش تەكلىپىنى بېرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنى سەمەرگە قاراڭغۇ، ئۇ پەقەت ئەتراپ گۇگۇم پەردىسىگە ئورىلىپ، بازار ئەھلى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆيگە قايتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقان بىر پەيتتىلا ئۆز ئەسلىگە يانغاندەك بولدى. ئەمدى ئۆيگە قايتمىسا، ئايالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايتتى. بەلكىم ئەتىدىن بېرى ئۇنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغان ئايالى بۇ چاغقىچە ئۆيگە يېتىپ بارغاندۇ. ئەھۋالنى ئاتىسىغا ئېيتىپ، كۆزىنى ياشلاپ ئولتۇرغاندۇ...

ئەل ياتقۇ بىلەن ئۆيگە يېتىپ كەلگەن سەمەر پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھۇجرا ئۆيگە كىردى. ئۇ ئايالىنىڭ ياشلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ: «قەدىرلىكىم، بۈگۈنكى ئىشلىرىمنى كەچۈرۈۋېتىڭ. بۈنىڭدىن كېيىن كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ سىزنى يېرىم يولدا يالغۇز قويىدىغان ئىشنى ھەرگىزمۇ سادىر قىلمايمەن. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايمەن» دېمەكچى، ئايالىنى بەزلەپ كۆڭلىنى ئالماقچى ئىدى، بىراق، ئۆيئىچى تىمتاس. گۈلىستاندىن ئەسلا ئەسەر يوق ئىدى.

سەمەر ھەممە ئۆيلەرگە، دالان، باغلارغا چىقىپ گۈلىستانىنى ئىزدىدى. بەلكىم ئاتا-ئانامنىڭ قېشىدىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. شۇندىلا ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. سالى تولىمۇ سولغۇن ھالدا كىرىپ كەلگەن ئوغلىغا قاراپ سورىدى:

— نېمە، ئۆزۈڭ يالغۇز قايتىپ كەپسەنغۇ ؟

— گۈلىستان ئۇ، — سەمەرنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى. ئۆزىنى مىڭبىر تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ كېكەچلىگىنىچە داۋام قىلاتتى، —

گۇ...گۇ...گۇلستان ئۇ...ئۇ...ئۆيدە يوقمۇ؟
— نېمە دەۋاتىسەن؟ ئەتىگەندە سەن بىلەن بازارغا كەتمىدىمۇ؟ ئۆيدە يوقمۇ دېگىنىڭ نېمىسى ـ ھە؟
سەمەر ئارقىسىغا ياتماق بولۇپ تۇرۇشىغا، ئايزۆھرە ئېغىز ئاچتى:
— ۋۇي بالام، خوتۇنۇڭ بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ قالمىغانسەن ـ ھە؟
— ياق.
— ئۇنداقتا بازاردىن بىللە يېنىپ كەلمەي نېمە دەپ...
— ۋاي ـ ۋۇي، ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئىش يوق. بىرقانچە ساۋاقداشلار ئۇچراپ قېلىپ شۇ...
— سەن ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن، گۇلستان ئۆزى يالغۇز دېگىنە، شۇنداقمۇ ؟
— ....
سەمەر ئۆيدىن چىقىپ چوڭ يول دوقمۇشىغا يېتىپ كەلدى. ئات، ئېشەك، كالا ھارۋىلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈچ تارتىشىپ ئالدىراش رىتىمدا ئۆيلىرىگە قاراپ چېپىشماقتا، موتوسىكلىت، تىراكتور ۋە ماشىنىلارنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازىدىكى يېقىمسىز سىگناللىرى، تار مەھەللە يولىدىكى ئۇلاغ ھارۋىلىرىنىڭ رىتىمنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك قىلاتتى. سەمەر كۆز ئالدىدىكى ھەربىر مەنزىرىگە دىققەت بىلەن قارىماقتا، ئاشۇ ناتونۇش، ئەمما بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان چىرايلار ئىچىدىن ئۆز مەشۇقىنى — گۇلستاننى ئىزدىمەكتە ئىدى.
توۋا ! شۇنچە كىچىككىنە بىر يېزا بازىرىدىمۇ بىر ئادەمنىڭ دېرىكىنى ئالماق نېمانداق تەس ـ ھە ! ئامال قانچە، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن ئايالىمنى كۆردىڭىزمۇ، دەپ سوراشنىڭ ئورنى بولمىسا... سۈكۈت ئىچىدە كۈتۈشتىن باشقا نە چارە... سەمەر شۇ تەرىقىدە بازار ئەھلىنىڭ ئايىغى بېسىقىپ، ئەل ئۇيقۇغا غەرق بولغۇچە تاقەت ئىچىدە كۈتتى.
بىر كۈن... ئىككى كۈن... ئۈچ كۈن كۈتتى، ئۈچ كۈن ئۈچ يىلدەك

تۇيۇلدى، خىلمۇخىل ئوي بىلەن تەگسىز خىياللار قايىنىمىغا چۆكتى.

## 5

گۈلىستان توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر مەھەللە-كويلارغا پۇر كەتتى. ئەنە شۇ ئىش تۇپەيلى قۇدا-باجىلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلار كۆرۈلۈپ، سالى ئۈچۈن ئاز بولمىغان باش قېتىنچىلىقى بولدى.

گۈلىستانىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سالى ئائىلىسىگە كېلىپ، بىر ھەپتە ئىچىدە قىزىنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ بەرمىسە، ئۇلار ئۆستىدىن سوتقا ئەرز سۇنىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سېلىشتى. «ئاتىسى لايغەزەلنىڭ بالىسى لامەزەل» دېگەندەك بولمىغۇر سۆزلەر بىلەن سالىغا ھاقارەت قىلىغانمۇ بولدى.

سالى كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىدە يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرى، ئەتىگەندە سەمەر پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە توپتوغرا ئالتە كۈن بولغان بولۇپ، گۈلىستانىنىڭ دېرىكىنى قىلىش بىلەن، قوشنا كەنت، يېزا ۋە ناھىيە بازارلىرىغىچە چېپىپ، تىڭتىڭلاپ يۈرگەنىدى.

— ئاتا، گۈلىستانىنىڭ دېرىكىنى قىلدىم، — دېدى سەمەر بوسۇغا ئاتلاپلا.

سەمەرنىڭ گەپلىرى سالىغا ئانچە خۇشياقمىغاچ، ئېرەن قىلماستىن ئولتۇردى. نېمە ۋەجدىندۇر نەچچە دەقىقە ئۆتمەستىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ دەم ئۇنىڭ خىيالىغا گۈلىستان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دېگەنلىرى كەچكەنىدى:

«قىزىمنى مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە تېپىپ كەلمىسلە، سوتقا ئەرز سۇنىمەن. ئوغۇللىرىدا چوقۇم بىر گەپ بار، بولمىسا قىزىم بىكاردىن - بىكارغا يوقاپ كەتمەس. بىر خوتۇنغا ئىگە بولالمىغان ئادەمنى ئەر كىشى دېگىلى بولسۇنمۇ...»

سالىنىڭ ئىچى ئاچچىق بولدى. دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ سەمەرگە ئېغىز ئاچتى:

— نېمە...نېمە دېدىڭ ؟

— گۈلىستاننىڭ دېرىكى تېپىلدى.

— نەدىكەن؟

— شەھەردە، سەمەت دېگەن گۇي بىلەن كېتىپتۇ، — سەمەرنىڭ مۇشتۇملىرى تۈگۈلۈپ، چىشلىرى كىرىشكەندى. شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، شۇ كۈنى سورۇن تازا ئەۋجىگە چىققان بىر پەيتتە سەمەتنىڭ كىملەر بىلەن، نېمىلەرنىدۇر ئىشارەت قىلىشىپ چىقىپ كەتكەنلىكى غىل-پال پەيدا بولۇۋىدى، غەزىپى تاشقىنلاندى، — شوۋنچى قاسماقنى تېپىۋالسام، ئۇگە - ئۇگىلىرىنى سۇندۇرۇپ، پۇت-قوللىرىنى چېقىپ، قولىغا تۇتقۇزۇپ قويمىسام ھېساب ئەمەس.

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال. مەن قۇدا-باجىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋال يورۇتۇپ قوياي، سەن ئاناڭ بىلەن شەھەرگە كىرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ تۇر، — سالى ئايىغىنى كىيىۋېتىپ شۇنداق دېدى. چاپىنىنى دولىسىغا ئارتىپ سىرتقا ماڭماق بولدى-يۇ، ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئۆزىگە ھاڭغىيىپ قاراپ تۇرغان سەمەرگە قاراپ تەئەججۈپلەندى ۋە ئوغلىنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ سىلكىپ تۇرۇپ تەكرارلىدى، — دېگىنىمنى چۈشەندىڭمۇ ؟ گۈلىستاننىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆيىمىزگە كېلىپ كۆپ غوۋغا كۆتۈردى، خەلقئالەمگە يېيىپ، يۈزىمىزنى پوق قىلدى. ئەمدى بىز شەھەرگە كىرىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلمىساق بولمايدۇ.

سالىنىڭ ئېيتقانلىرى ئوغلىنىڭ كۆڭلىگە قاراڭغۇ. سەمەرنىڭ خىيالىدا، شەھەرگە كىرىپ ئايالىنى ئىزدەش، ئۇنى تاپقاندىن كېيىن پۇخادىن چىققۇچە دومبالاش ئىدى. بىراق، سالىنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. تاياق-توقماق بىلەن ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە، تۆكۈلگەن يۈزنىڭ ئەسلىي ئوبرازىنى تىكلەش. گۈلىستان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە

كەلتۈرگەن ھاقارەتكە تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرۇش ئىدى.

سالى گۈلىستان ئائىلىسىگە قانچە تېز بارغان بولسا شۇنچە تېز قايتىپ كەلدى. خېلى يىللاردىن بېرى، يوق دەپ ساقلاپ كەلگەن 500 يۈەن پۇلنى كىتاب ئىشكاپىدىكى ماتېرىيال قېتىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، ئايزۆھرەنىڭ «تېخى تەييارلىق پۈتمىدى» دەپ ۋايىساشلىرىغا پىسەنت قىلماستىن يولغا چىقتى. سەمەرگە، ئىنىسى سەمىنى قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە ئەپكىرىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئارقىسىدىن يېتىششنى جېكىلىدى.

— دادىسى، كېلىننى ئوغلىمىز ئۆزى تېپىپ كەلسىمۇ بولاتتىغۇ، بىز ئىككىمىز بېرىپ نېمە قىلارمىز؟

ئايزۆھرە كەنتتىن يېزىغىچە بولغان بەش چاقىرىمدىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ بولغۇچە، ئۆز كۆڭلىدە نەچچە ئون رەت ئۆتكۈزۈپ، قانچە قېتىملاپ ئېغىزدىن چىقارماق بولۇپمۇ چىقىرالمىغان يۈرەك سۆزىنى ئاخىرى ئېيتتى. ئۇ، ئەمدى ئېيتمىسا كېچىكىدىغانلىقىنى پەم قىلىپ، ناھايىتى جىددىي تەلەپپۇز بىلەن شۇنداق دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق جىددىيلىشىگە ئاپتوبۇسنىڭ دۈدۈك ئاۋازى سەۋەب بولغانىدى، ئەلۋەتتە.

— نېمە؟ نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ گۈلىستاننى تېپىپ كەلسەڭلا ئىش پۈتەمدۇ؟

سالىنىڭ كۆپۈشكەن گۈرەن تومۇرلىرى ناھايىتى كۈچلۈك سوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئايزۆھرە ئاۋۋال ئېرىنىڭ قىزارغان مەڭزىگە، ئاندىن خۇددى ھازىرلا چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچەيگەن كۆزلىرىگە، تومۇرلىرى كۆپۈشكەن بويۇنلىرىغا قاراپ بېشىنى لاسسىدە يەرگە تاشلاپ جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭغا شۇنداق قىلماقتىن باشقا نە چارە، ناۋادا مۇشۇ تۇرقىدا يەنە گەپ قاتىدىغان بولسا سالىنىڭ تەرسالىقى ئېشىپ، جاھانىنى بېشىغا كىيىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. بۇنچە كۆپ يولۇچىلار توپلاشقان ئورۇندا غوۋغا چىقسا ھەر ئىككىلىسىگە ياخشى ئەمەس. ھېلىمۇ يۇرتتا بولۇۋاتقان سۆز - چۆچەكلەر

ئاز ئەمەس...

ئاپتوبۇسنىڭ قاتتىق تورمۇزى ئايزۆھرەنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ يولبويى سەمەر توغرىسىدىكى ئەنسىز خىيال قاينىمىغا غەرق بولغانىدى: گۈلىستان بىللە قايتىشقا كۆنەرمۇ؟ كۆنسىغۇ ئوبدان بولغىنى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بەرسەك، توي چىقىمىنى كېلىشىۋالساقلا بولىدىغان گەپ. ناۋادا كۆنمىسچۇ؟ سەمەر گۈلىستاننىڭ بىر يەرلىرىنى ئۇرۇپ چېقىۋېتەرمۇ ؟ ئىككى ئائىلە ئارىسىدا قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىك يۈز بېرەرمۇ ؟...

ئىش ئايزۆھرەنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە ئىدى. سالى ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا تاكسى توستى ۋە ئۆزلىرىنى گېزىتخانىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتى. ئايزۆھرە شۇ چاغدىلا سالىنىڭ شەھەرگە كىرىشىدىكى مەقسىتى، گۈلىستاننى ئىزدەش بولماستىن، باشقىچە بىر ئوي بىلەن تولغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى ۋە ئۆز پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماق بولۇپ، سورىدى:

— گېزىتكە ئېلان بېرىمىزمۇ؟

— كاللاڭ ئانچە-مۇنچە ئىشلەپ قويىدۇ جۇمۇ سىېنىڭ، بىر...

ئايزۆھرەنىڭ ئېيتقانلىرى سالىنىڭ كۆڭلىگە ياققاچ، چىرايىغا سەل-پەل كۈلكە يۈگۈرتۈپ شۇنداق دېيىشى، سەمەر گەپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— مېنى نېمە قىلاي دەيسەن. پۈتكۈل جاھانغا جار سېلىپ، تەگتۇشلار ئارىسىدا باش كۆتۈرمەس قىلاي، دەپ ئويلىغان ئوخشىمامسەن-ھە؟!

— نېمىگە باش كۆتۈرەلمەي قالاتتىڭ؟

— ئويلاپ باقمامسەن. گېزىتكە، سەمەر سالىنىڭ ئايالى گۈلىستان باشقىلار بىلەن قېچىپ كەتكەن ياكى يېزا بازىرىدا يوقاپ كەتكەن دەپ ئېلان بەرسەك، ئۆزىمىزگە — ماڭا سەت بولمامدۇ. خەقلەر سالى ئەپەندىنىڭ كېلىنى باشقىلار بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ، يوقاپ كېتىپتۇ... دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقىلى تۇرسا ئۆزۈڭگىمۇ سەت بولار، — ئاتىسىنىڭ سەتلا ئالىيىپ قارىشىدىن سەمەرنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇردى. بوغۇزىغا كەلگەننى يۇتماستىن ئۇدۇللا ئېيتتى، — سەنغۇ

نىمىنىڭ سەت بولىدىغانلىقىنى ئانچە ئاڭقىرىپ ئولتۇرمايسەن.

— نېمە دېمەكچىسەن؟ — سالىنىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچۇپ، سەپرايى ئۆرلىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. شۇ تۇرقىدا ئەتراپىدا ئۆتۈشۈپ تۇرغانلاردىن تەپ تارتمىغان بولسا، ئوغلىغا قول تەگكۈزۈشى تۇرغانلا گەپ، — ۋۇ لايغەزەل، يۇمشاقباش، ئۆزۈڭنىڭ لاتىللىقىدىن شۇنداق بولىدى. قارا ئەپتىڭگە، مۇشۇ تۇرقۇڭدا سېنى قانداقمۇ ئوغۇل بالا سانىغىلى بولسۇن؟...

«جاڭگىدە» تەگكەن قاتتىق مۇشت بىلەن بېشى ئايلانغان سالى ئېگەكىدىگىنىچە جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ بېشى قايغاندەك قىلاتتى.

— سەن، تۇزكور، ئاتاڭغا قول تەگكۈزگۈدەك بولدۇڭمۇ؟ — سالى ئورنىدىن سەنتۈرۈلۈپ تۇرۇشى ئايزۆھرەنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— ئۆزلىرىگە ھاي بەرسىلە. ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان بالىغا شۇنداقمۇ قوپال تەگكەن بارمۇ. قارىسىلا ئاغزىلىرىدىن چىققان گەپكە. ئاتا بولغۇچىنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق تېتىقسىز گەپلەر چىقسا، بالا بولغۇچى قانداق قىلماقچى ئەمدى؟ «چوڭ باشنى ئاچسا كىچىكى قوڭنى ئېچىپتۇ» دېگەن شۇ-دە...

سالى ئۇچۇن يەنە گەپ تەگىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا ئائىلى بىلەن تازا بىر قەپەس ئېتىشىپ، بازار ئەھلىگە بىر مەيدان ھەقسىز ئويۇن قويۇشى تۇرغانلا گەپ.

سالى ئۆزىدىن نەچچە قەدەم نېرىسىدا، رەقىبى بىلەن سوقۇشۇش ئالدىدا تۇرغان خورازدەك ھۈرپىيىپ تۇرغان ئوغلى سەمەرگە قارىغىنىدا ۋۇجۇدىدا يىغا قايىندى. مۇشۇنداق بىر ئىنسابسىز بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىدىن بەكمۇ ئۆكۈنۈپ، ئىچ-ئىچىدىن ھەسرەتلەندى. ئاللاغا زارلىنىپ، «بۇ تۇزكورنىڭ جاجىسىنى ياراتقۇچى ئىگەم ئۆزى بەرگەي» دېگەنلەرنى تەكرار تىلىغا ئالدى. ئويىچە، ئەمدى بۇلار بىلەن بىللە ياشاش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھارام. بۇ ئۆيدە خورلۇق تارتىپ تۇرۇۋېرىشنىڭ

ئورنى يوق...

سالى كىشىلەر توپى ئىچىگە شۇڭغۇپ، گەۋدىسى پەيدىنپەي خىرەلىشىۋاتقان شۇ دەقىقە، ئايزۆھرە بىلەن سەمەر ئۇ كەتكەن چەكسىز بوشلۇققا قاراپ سۈكۈتكە پاتقاندى. ھەئە، ئۇلار نىمە خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان كىشىدەك، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە ئۆزىنى تىڭشاپ تۇرۇشقاندى. قانداق قىلىشىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

كۆڭۈلسىز ئاياغلاشقان سۆھبەت كىشى كۆڭلىنى غەش قىلىپ، غەمگە مۇپتىلا قىلىدۇ. ھەرقانداق ئادەم قەلبى ئازار يېگەنلىك بەدىلىگە كۆن - كۆنلەپ ئاچچىق ئىزتىراپ چېكىدۇ، بۇ نىمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئالنى چۆرىدەپ باش - ئايىغى يوق خىياللار قاينىمىغا غەرق بولىدۇ. ئادەتتىكىدەك بولغاندا شۇنداق، ناۋادا شۇ كىشىنىڭ تەقدىرى ۋە ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى بىرەر مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان، تولىمۇ چاكىنا ۋە رەزىل سۆزلەر بىلەن تۈگەللەنگىنىدە ئۇنىڭ ئادەم ئۈچۈن ئېلىپ كېلىدىغان قايغۇ-ھەسرىتى تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. سالى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنداقلار ھاياتنىڭ بۇنداق رەھىمسىز قانۇنىيەتلىرىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈشى، ئۆزىنى بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئارتۇقچە يارىلىپ قالغان ئادەمدەك ھېس قىلىشى، ھەتتا ياشاشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئويلىمىغان بىر ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبكار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۆلگۈرمەك ئۇنچە ئاسان بولمىسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

سالى شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكى، قاچان، قايسى چاغلاردا قايتىپ كېلىدىغانلىقى ھېچكىمگە ئايدىڭ ئەمەس. بۇ ھەقتە سالى ئۆزىمۇ بىرنىمە ئويلىمىغان ھەم ئويلاشنىمۇ راۋا كۆرمىگەندى...

نىشانسىز ماڭغان قەدەمنىڭ چېكى بولمايدۇ. بار دېگەندىمۇ شۇ يولنى باسقۇچى ئۆزى ئاخىرقى چەككە يېتىپ كەلگەنلىكىنى جەزم قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ چېكىنى بىلگىلى بولىدۇ. باسقان قەدەم ھاياتلىق

ھەرىكىتى، كەلگۈسى پارلاق مەنزىلى ئۈچۈن بولغىنىدا شۇنداق، ئۇنداق بولمىغىنىدا، تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، باسقان قەدەم ھاياتلىق سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، ھاياتلىق سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىنغان بولىدۇ، خالاس.

سالىنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقى مۇشۇ بىر قېتىملىق ئىش تۈپەيلى ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئىلگىرىمۇ كۆپ قېتىم ئۆزىنى بەزلىگەن، سۈكۈت ئىچىدە تەخىر قىلىپ، ھەممە ئىشلارنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن، ئاشۇ كۈتۈشلەر ئىچىدە ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى بولغۇدەك بىرەر مۆجىزىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى تالاي قېتىملاپ ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى سەمەردە بولۇپ، ئۆز خۇشاللىقىنى ئوغلى سەمەرگە بېغىشلىغانىدى. سەمەرنىڭ ئۆز پۇشتى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى-يۇ، يەنە ئۇنداق قارىمايتتى، ئۇنى ئۆگەيلىمەيتتى. ئەكسىچە، ئۆز جانجىگىرى قاتارىدا ئەتىۋارلاپ، پەپىلەيتتى، يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيگۈزەتتى. يارامىلىق بىر ئادەم بولسىدى، دېگەننى ھەر دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى... بىراق، رېئاللىق پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئويىنىڭ ئەكسىچە بولدى. سەمەرنىڭ تولىمۇ بوشاڭ ۋە مۇشتۇمزور بولۇپ قېلىشى سالى ئۈچۈن پۈتمەس-تۈگىمەس ئازاب-ئوقۇبەت ئىدى. ئۇ، كۆپ ئويلىنىشتىن كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبكار ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى. ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ تولىمۇ قابىلىيەتسىزلىكىدىن ئاغرىندى، ئۆز-ئۆزىگە لەنەتلەر ياغدۇرۇپ، كۆڭۈل ئازابلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىدى...

نىشانسىز يول، ئۇنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت بىلەن لەختە - لەختە بولغان، قان زەردابى ئىچىدە جانسىز تېپىرلىغان پىغانلىق يۈرىكىنىڭ نىجات يۇلتۇزى، قۇتۇلۇش يولى ئىدى. ئۇ ھەممىدىن بىراقلا قۇتۇلماقچى. ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ پىنھان بولغان بىر مۇھىتنى كۆزلەپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى...

سالىنىڭ نىشانسىز ئاتلانغان يولىنىڭ قايسى ياقلارغا تايىن تاپقانلىقى ھەممە ئۈچۈن قاراڭغۇ، مەڭگۈ يېشىپ بولالماس سىر ئىدى...

# خاتىمە

سالىنىڭ غايىب بولغىنىغا ئاز كەم ئىككى يىلچە بولۇپ قالدى. سەمەر يۇرتتىن قاڭقىپ چىقىپ كەتكەن بىر يىلچە ۋاقىتتىن بۇيان، ئايزۆھرە سەمى بىلەن باققۇچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قەپەستىكى قۇشتەك تەشۋىش، ئىنتىلىش ۋە زارلىنىش ئىچىدە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى...

يېرىم كېچە بىلەن ئۇيقۇسى بۇزۇلغان ئايزۆھرە ياستۇق ئاستىدىن قولچىرىغىنى سوغۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى.

قولچىرىغىنىڭ ئاجىز نۇرى ئۆز دائىرىسىدىكى مەلۇم نىشانىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئايزۆھرە قولچىرىغىنى كۆتۈرگىنىچە ياندىكى ئەسكى-تۈسكىلەر تاشلانغان دالان ئۆيگە كىرىپ كەلدى. نەچچە كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئىشىك ئارقىسىدىن تارتىپ، ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكىنىدىن گويا بىرى تىك تۇرۇۋالغاندەك بىلىنىدىغان مورا ئورنى، ھەتتا كاڭنىڭ ئاياغ تىقىپ قويىدىغان تاپىسىغىچە قويماي قاراپ چىقتى. ئۈمىد-ئىستەكلىرى كۆپۈككە ئايلانغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىلا، چوڭقۇر ئۇھسىنىش ئىچىدە، ئۆيئىچىگە ئاخىرقى رەت نەزەر تاشلاپ قايتىپ چىقتى.

بۇ ئايزۆھرە ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس. سالى غايىب بولغاندىن بۇيانقى تالاي كېچىلەردە ئۇ بۇ ئۆيگە كىرىپ مۇشۇ تەرىقىدە ئاختۇرۇش قىلىپ كەلدى. سالىنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن مىراس قالغان بۇ بىر ئېغىزلىق تاشلاندۇقخانا ئايزۆھرە ئۈچۈن تەسەللى ئىدى. بۇ ئۆيدىن سالىنىڭ ئوبرازىنى ئىزدەش ئۇنىڭغا ئۇدۇم. ھەئە، سالى كونا ئۆينى ئۆزگەرتىپ

سپلىشتا مۇشۇ بىر ئىغىزلىق ئۆينى تەۋررۈك ئورنىدا قالدۇرۇپ قويغان. ئەمدىلىكتە بولسا بۇ بىر ئىغىزلىق كونا ئۆي ئايزۆھرە ئۆچۈن سالىنى كۈتۈش، ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈشىدىكى ئۆتەك ئىدى. ئايزۆھرە مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ سالىنىڭ دېرىكىنى قىلىش بىلەن كۆڭۈل ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ. ھامان بىر كۈنى سالىنىڭ مۇشۇ ئۆيدە پەيدا بولۇپ قېلىشىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىدۇ. ئۇ شۇنداق ئويلايدۇ. شۇنداق بولغاچ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر- ئىككى دورەم بۇ ئۆيگە ئاياغ باسىدۇ...

قۇياش ئەمدىلا ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن پەيتتە ئايزۆھرە مەھەللە يولىنى بويلاپ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى.

ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا سېلىنىپ، قېنىق قىزىل رەڭدە سىرلانغان ئوقۇتۇش بىناسى قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىشكە باشلىغانىدى. توپ - توپى بىلەن چۇرقىرىشىپ ئوينىشىۋاتقان باللار خۇددى يېڭى سىنىپلىرىنى تەنتەنە قىلىشىۋاتقاندەك سەكرىشەتتى، ناخشا، قوشاق ئېيتىشاتتى.

ئايزۆھرەنىڭ كۆز نۇرى ئېگىز قەد كۆتۈرگەن بىنا بىلەن بويى تالىشىپ ئۆسكەن دەرەخلەر ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىققان قۇياش نۇرىغا تىكىلەنگەنىدى، كۆز ئالدى گىرىمسەنلەشتى. غەلىتە ئىش، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولغىنى سالىنىڭ سىيماسى ئىدى.

مەزمۇت قەدەملەر تاشلاپ كېلىۋاتقان سالى گويا كۆز ئالدىدىكى نەچچە ئون يىللىق ھەمراھى، كۆڭلىدىكى مەشۇقىنى كۆرمەي قالغاندەك ئېپادىسىز ھەم پەرۋاسىز ئىدى.

سالىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى ئايزۆھرەنىڭ ئەندىشىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. «يەنە چالۋاقاپ سالارمۇ ؟ باللار قېنى؟ ئۇلارنى نېمىشقا مەكتەپكە ۋاقتىدا يولغا سالمىدىڭ، دەپ كايىپ كېتەرمۇ؟...»

— ھەدە، سالى مۇئەللىمدىن خەۋەر بارمۇ؟

ئايزۆھرە چۆچۈپ كەتتى. نېمە قىلارىنى، قانداق جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي گەڭگىرىدى. تىرناقلىرىنى تاتىلىغىنىچە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى. بىرھازادىن كېيىن، بوش ئاۋاز بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— سالى... سالىدىن خەۋەر يوق.

ئايزۆھرە بېشىنى شۇنداقلا كۆتۈردى-يۇ، يۈزىنى ئالىقانلىغىنىچە ھۆكرەپ يىغلاپ سالدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، قانداقتۇر بىرى سوئال نەزىرىدە تىكىلگەن ئەمەس، ھېلىتىن كۆز نۇرىنى گىرىمسەنلەشتۈرگەن قۇياش نۇرىمۇ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى...

**图书在版编目(CIP)数据**

命运:维吾尔文/卡合尔曼·吐木尔著.—乌鲁木齐:新疆大学出版社, 2015.5

ISBN 978-7-5631-2826-6

Ⅰ.①命…Ⅱ.①卡…Ⅲ. ①长篇小说-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第095926号

责任编辑:合力力·买买提
责任校对:阿布都热依木·阿不力米提
封面设计:努尔买买提·吾买尔

# 命 运

(长篇小说)

卡合尔曼·吐木尔 著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路666号 邮编:830046)
新华书店经销
北京顺诚彩色印刷有限公司印刷
880毫米×1230毫米 1/32 印张:14.75
2015年5月第1版 2015年9月第1次印刷

ISBN 978-7-5631-2826-6
定价:55.00元